مۇھەممەتجان سادىق



# كېيىن ئوقۇلغان نىكاھ

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
CHISO

كېيىن ئوقۇلغان نىكاھ
CHISO
شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

كېيىن ئوقۇلغان نىكاھ

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5371-9861-5
9 787537 198615 >
باھاسى: 48.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ئۇيغۇر ئالىمى مەۋلانا يۈسۈف سەككاكي

(غالىب شاھ سىزمىسى)

مۇھەممەتجان سادىق

# كېچىدە ئوقۇلغان نىكاھ



( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

**كېچىدە ئوقۇلغان نىكاھ**

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: **مۇھەممەتجان سادىق**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 17
2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5371 – 9861 – 5
سانى: 1 — 3000
باھاسى: 48.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



مۇھەممەتجان سادىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كۆكەرگەن تۆپىلىكتە ........................ 1

ئىككىنچى باب مۇھەببەت نەمۇنىسى ........................ 40

ئۈچىنچى باب سەككاكىينىڭ يۈرىكى ........................ 70

تۆتىنچى باب ئىككى ئەڭگۈشتەر ........................ 110

بەشىنچى باب ئاقتۆپە يېزىسىدا ........................ 150

ئالتىنچى باب سەككاكىينىڭ بالاساغۇن سەپىرى ..... 192

يەتتىنچى باب ھۆرىگۈلنىڭ ئۆلۈمى ........................ 228

سەككىزىنچى باب ئامىدنىڭ ھىيلىسى ........................ 266

توققۇزىنچى باب كۈنسۈلۈنىڭ يۈرىكىدە ئوت .......... 306

ئونىنچى باب تاغ تۈرادا توي ........................ 351

ئون بىرىنچى باب دۆلەت ئۇستازى ........................ 399

ئون ئىككىنچى باب تۈلكىنىڭ بېشىغا چىققىنى
چىرايلىق تېرىسى ........................ 441

ئون ئۈچىنچى باب كېچىدە ئوقۇلغان نىكاھ ............ 479

خاتىمە ئاكا ـ سىڭىلنىڭ ئۆلۈمى ........................ 524

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# كۆكەرگەن تۆپىلىكتە

مىلادىيە 1219 - يىلى كۆكلەمدە «يېڭىلمەس ھۆكۈمران، تەڭرىنىڭ كۆزى چۈشكەن خاقان» دەپ ئاتالغان چىڭگىزخان 230 مىڭ كىشىلىك موڭغۇل - تاتار، ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ، خارەزىمگە قارشى ئاتلاندى. «تەڭرى ئەۋەتكەن»[①] موڭغۇل خانىنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقى يوللارغا پاتماي كېتىۋاتقان زور قوشۇن ئۈستىدە لەپىلدەيتتى...

توختىماي يول بېسىپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولغان قوشۇن ئايدالادا ئېغىر ھاسىراپ كېتىپ باراتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ مىڭبېشىلارنىڭ توۋلىغان ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ياڭراپ، بۇ كۆز يەتكۈسىز تۇزلەڭلىكنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى. تالاي - تالاي قانلىق ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن چېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئارا ئاستا پاراڭلىشىپ، بەزىلىرى خىيال بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلىرى قۇياش نۇرىدا چاقناپ، «ۋال - ۋۇل» نۇر قايتۇراتتى...

① چىڭگىزخان دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى.

چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ قورقمايدىغان باتۇر قوشۇنى خارەزىم دۆلىتىگە يېقىنلاپ كەلدى. «قۇياش زېمىنى» دېگەن بۇ ئەلنىڭ كوچىلىرىدا قىزىل قان قىيان بولۇپ ئاقىدىغان كۈنلەر قاش ـ كىرپىك ئارىسىدىلا قالدى...

ئېغىر ـ بېسىق، ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ بىرنېمە دېمەيدىغان چىڭگىزخاننىڭ يىلپىزنىڭكىدەك كۆزلىرى چەكچىيىپ، غەزىپى خۇددى يانار تاغ پارتلىغاندەك تاشقىنلاپ كەتكەنىدى. بۇ ئىش شىر يۈرەك، رەھىمسىز ھۆكۈمران خارەزىمگە قارشى قوشۇن تارتقان يىلىنىڭ ئالدىنقى يىلى يۈز بەردى. ئوترار شەھىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە چىڭگىزخاننى ئۆمرىدە ئەڭ قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ھۆكۈمراننىڭ چىرايى دەھشەتلىك قارىيىپ، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق بوران سوققان چىناردەك سىلكىنەتتى. ئۇ سۆزلىيەلمەي بىرھازا ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدى...

ــ ياق!ــ ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئىچى تەۋرەپ كەتتى،ــ خارەزىملىك مۇتتەھەمنىڭ قىلغىنىنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ!...

كېيىنكى چاغلاردا چىڭگىزخان باشقا مەملىكەتلەردىن كېلىپ ـ كېتىۋاتقان سودىگەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇرۇش بىلەن بىللە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. ھەتتا ئۇ، چەت ئەللەردىن كېلىۋاتقان سودىگەرلەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سودىسىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇ يىلى خارەزىمدىن بىر چوڭ سودا كارۋىنى كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋەتلىك ئاق كىگىز ئۆيىگە كىرىپ سالام بەردى. باشقا ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن

خاقان، باش مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي، كاتىپى تاتاتۇڭالار بىلەن كېڭىشىپ، چەت ئەللەرگە سودا كارۋىنى تەشكىللەشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خارەزىم بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىش نىيىتىدە سودا كارۋىنى تەشكىللىدى...

باش مەسلىھەتچى ياللۇغ چۇساي ئەسلىدە جىن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق قىتان بولۇپ، چىڭگىزخان سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ قىلغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرىدە ئەسىرگە چۈشكەن. ئۆزىگە مەسلىھەت بېرەلەيدىغان ئوقۇمۇشلۇق دانالارغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان موڭغۇل خاقانى ئۇنى ئوردىسىدا ئەيىبلىمەي، بىر مەھەل كۆزەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە باش مەسلىھەتچى قىلىپ تاللىغانىدى.

ئۇيغۇر تاتاتۇڭامۇ ئەسلىدە نايمان خانلىقىنىڭ باش بىتىكچىسى[1] بولۇپ، خانلىقنىڭ تامغىسىنى تۇتاتتى. يەنە خانلىقنىڭ كىرىم - چىقىمى، بارلىق ئاشلىق - ئامبار ھېساباتىنى باشقۇراتتى. تايانخان بەشبالىقلىق باخشىدىن خانلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا مەسلىھەتمۇ ئالاتتى. تەڭرى ئەركىسى چىڭگىزخان نايمان خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بۇ دانىشمەنمۇ موڭغۇللارغا ئەسىر چۈشۈپ، چىڭگىزخانغا يېقىن قىلىپ، ئۇنىڭ كاتىپى بولدى. ئۇ يەنە موڭغۇل ئوردىسىدا بىتىكچى، تامغىچى، خانزادىلەرنى ئوقۇتىدىغان باخشى بولدى...

تەشكىللەنگەن سودا كارۋىنىدا 450 ئادەم، 500 تۆگە بولۇپ، موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇھەممەد

---

① باش بىتىكچى — باش كاتىپ دېگەن مەنىدە.

خارەزىمى، ئۆمەر، يۇسۇپ ئىسىملىك ئۈچ مۇسۇلمان موڭغۇل خاقانىنىڭ ئەلچىلىكىگە تەيىنلەندى. تاتاتوڭا چىڭگىزخان نامىدىن خارەزىم سۇلتانى مۇھەممەد ئەلا ئىددىنىگە قارىتىپ مەكتۇپ يازدى ۋە ئۇنىڭغا موڭغۇل خانلىقىنىڭ قىزىل تامغىسى بېسىلدى. چىڭگىزخان ئەلچىلەرگە بۇ مەكتۇپنى خارەزىم سۇلتانىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇشنى جېكىلىدى.

مىلادىيە 1218 ـ يىلى (توشقان يىلى) كۆزدە سودا كارۋىنى ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئۇترار شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى فاراب بولۇپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇناسىر فارابى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. ئۇترار ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، خارەزىم چېگراسىدىكى ئاۋات شەھەر ھېسابلىناتتى. ھاكىمى غايىرخان خارەزىم سۇلتانى مۇھەممەدنىڭ ئانىسى تۈركەن خاتۇننىڭ ئىنىسى بولۇپ، شاھنىڭ تاغىسى بولاتتى.

تەكەببۇر ۋە ئاچچىقى يامان غايىرخان چىڭگىزخاننىڭ مەكتۇپىنى يىرتىپ تاشلاپ، كەلگەن سودىگەرلەرنى سۇلتانغا «جاسۇسلار» دەپ مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

چىڭگىزخان بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال تەييارلىق قىلىپ، خارەزىمگە قوشۇن تارتماقچى بولدى. ياللۇغ چۇساي بىلەن تاتاتوڭا ئۇنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ: «خارەزىم سۇلتانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچى ۋە سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلايلى» دېدى. سۇلتان مۇھەممەد كەلگەن ئەلچىلەردىن چىڭگىزخاننىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ قاتتىق

غەزەپلەندى: «ئۆز تاغام غايىرخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرەمدىكەنمەن؟!» دەپ باش ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قالغانلىرىنى قامچىلاپ قوغلىۋەتتى...

خارەزىم سۇلتانى 100 مىڭ كىشىلىك ئەرەب بىرلەشمە قوشۇننى دېھرىگان دەرياسى بويىدا[①] يەڭگەن قىتانلارنى يەڭدى. ئۇ يەنە «ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇستۇنلۇك ۋە يېتەكچىلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇددىئاسىدا ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ باغداد خەلىپىسى بىلەن دەسلەپتە رىقابەتلىشىپ، كېيىن دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئىككى مەملىكەتنىڭ چېگراسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرنەچچە قېتىملىق توقۇنۇشلاردا خارەزىم قوشۇنى خەلىپىنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇ ۋەجىدىن سۇلتان مۇھەممەد ئۆزىنى خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەييندەك تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ھېسابلاپ، چىڭگىزخاننىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى...»[②]

— ئىككى قېتىم سودىگەر ۋە ئەلچىلىرىمنى ئۆلتۈرگەن مەنمەنچى خارەزىم سۇلتانىغا قوشۇن تارتماي

---

① مىلادىيە 1141 – يىلى قىتان قوشۇنلىرى سالجۇقىلار خانىدانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغاندا، سالجۇقىلارنىڭ سۇلتانى سانجارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تېز ئارىدىلا 100 مىڭ كىشىلىك ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنى تەشكىللەندى. دېھرىگان دەرياسى بويىدا 100 مىڭ كىشىلىك ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن قارا قىتان قوشۇنلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك جەڭ بولدى. ئىككى تەرەپتىن 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، جەڭ ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. قىتان قوشۇنلىرى غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىگە بېسىپ كىرىپ، نىشاپۇر، مەرۋى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى.

دېھرىگان دەرياسى بەدەخشان ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ھازىر بۇ دەريا «كوكچا دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

② پەرھات جىلان، «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»، 296 – بەت...

بولدى قىلسام، مېنى ئۇستۇمدە تۇرغان كۆك تەڭرىم كەچۈرەرمۇ؟! ياق!— چىڭگىزخان ئاقارغان ئۆرۈمە چېچىنى سىقىملىغانچە كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچقىنىچە ۋارقىرىدى،— مەن بىگۇناھ ئۆلگەنلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، چوقۇم خارەزىمگە قوشۇن تارتىمەن!

تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈك ۋە قاۋۇل ئاتلارغا مىنگەن چاپارمەنلەر ئەۋەتىلىپ، بۇ جەڭگە ئۇيغۇر، قىرغىز، تاتار ۋە جۇرجىتلارنىڭ قوشۇن چىقىرىشى تەلەپ قىلىندى. ئىدىقۇت تەڭرىقۇتى بارچۇق ئارت تېگىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئېرتىش ۋادىسىغا كەلدى. بۇ يەردە موڭغۇل، تاتار، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قوشۇنلىرى توپلىنىپ خارەزىمگە ئاتلاندى...

كۈنپېتىش ئۇپۇقى خۇددى ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيەتتى. ئاسمانىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە تۇرغان ئاق بۇلۇتلار قىپقىزىل قانغا چىلانغان ئاق پاختىلاردەك جۇلالىناتتى. باش - ئايغى كۆرۈنمەي كېلىۋاتقان چىڭگىزخاننىڭ لەك - لەك قوشۇنلىرىمۇ چوغ رەڭلىك شەپەق بىلەن بويىلىپ، ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي قوشۇندەك خارەزىم چېگراسىغا يېقىنلاپ كەلدى.

توختىماي يول بېسىۋاتقان قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ئون ئالتە ئات قوشۇلغان ئىنتايىن چوڭ ھارۋا ئۇستىدە ئاق كىگىز ئۆي تۇراتتى. يەرۇئاسمان، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار قىزىل شەپەق بىلەن بويالغان چاغدا، كېتىۋاتقان ھارۋا ئۇستىدىكى ئاق ئۆي يالقۇنلاۋاتقان سېھىرلىك ئۆيگە ئوخشايتتى. بۇ ئۆيدە چىڭگىزخان ئېلىپ ماڭغان مەركىتلىك ياش توقلى قۇلان بىلەن كېچىنى بىللە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ كۈندۈزى

ئايرىم ئادەملەر بىلەن سۆھبەتلىشەتتى يا سەردارلىرى بىلەن ئۇرۇش ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. شەپەق كۆيۈۋاتقان شۇ مەھەلدە، چوغدەك يالقۇنلاۋاتقان ئۆيىنىڭ ئالدىدا يوغان ۋە بەستلىك چىڭگىزخان موڭغۇللارنىڭ جەڭ تەگرىسى سۇلدىنىڭ سۇرى بىلەن خارەزىم تەرەپكە قارايتتى. ئۇنىڭ مەغرۇر تۇرقىدىن ئېگىلمەيدىغان ئىرادە، تەۋرەنمەيدىغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.

※ ※ ※

نۇرغۇن قانلىق جەڭلەر بىلەن تارقاق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن تېمۇچىن مىلادىيە 1206 ـ يىلى 55 يېشىدا ئۇنان دەرياسى بويىدا ئېچىلغان قۇرۇلتايدا يېڭىدىن قۇرۇلغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ «چىڭگىزخان» دەپ ئاتالغان خانى بولدى. ئۇ كېيىنكى 3 يىلدىمۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلدى. 58 ياشلىق ئەقىللىك ھەم قەيسەر سەركەردە خارەزىمگە قوشۇن تارتىپ كېتىۋېتىپمۇ، بۇ ناتونۇش، سىرلىق دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنەتتى. كېيىنكى چاغلاردا موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان خارەزىملىكلەردىن سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ئەسكىرىي كۈچ، جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى، قوشۇنلىرىنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى ۋە جەڭدىكى باتۇرلۇقى قاتارلىق تەرەپلىرىنى توختىماي سورايتتى.

خارەزىم ئامۇ دەريا ۋادىسىدىكى بىر دۆلەت بولۇپ، 13 ـ ئەسىردە ئۇنىڭغا ئارال دېڭىزىدىن تارتىپ ئىران قولتۇقىغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ زېمىن قارايتتى.

www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخان يۇرۇش قىلىپ كېتىۋېتىپ، موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان خارەزىملىكلەرنى ئۆرگەنچكە① ئەۋەتىپ، بۇ باي ۋە قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەيتتى...

كېچە خارەزىمدىن كەلگەن مەھمۇد يالاۋاچ② ناشتىدىن كېيىنلا ئالدىراپ چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ھارۋا ئۈستىدىكى كىگىز ئۆيگە كىرىپ كېتىپ تېخىچە چىقمىدى.

ناشتىلىقنى قىلىپ بولغان قوشۇن يەنە ئاتلاندى. يوغان قارا ئارغىماق ئېتىنى يۈگۈرتۈپ كەلگەن چاغاتاي ھارۋا يېنىدا كېتىۋاتقان مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرىنىڭ يېنىغا يانداپ كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنى تونۇغان ياش مۇھاپىزەتچى جىددىيلىشىپ كەتتى.

— دادامنىڭ يېنىغا كىرگەن مۇسۇلمان خارەزىملىك چىقىپ كەتتىمۇ؟ — سورىدى چاغاتاي يوغان كۆزلىرىنى تىكىپ.

— مەھمۇد يالاۋاچ دېگەن كىشى ئەتىگەنلا كىرىپ كېتىۋېدى، تېخى خاقاننىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقمىدى، — دېدى ئىنچىكە بۇرۇتلۇق، قارىمۇتۇق كەلگەن يىگىت ھۆرمەت بىلەن چاغاتايغا قاراپ.

ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، قارامتۇل چىرايىدىن مەنمەنلىك بىلەن جاھىل ـ تەرسالىقى چىقىپ تۇرغان

① ئۆرگەنچ — خارەزىمنىڭ پايتەختى. بۇرۇن «گۇرگەنچ» دېيىلىدىغان ئامۇ دەريا بويىدىكى شەھەر چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن «ئۆرگەنچ» دەپ ئاتالدى.

② يالاۋاچ — ئەلچى دېگەن مەنىدە.

چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى يا كېتىشنى، يا چوڭ ھارۋا بىلەن بىللە مېڭىۋېرىشنى بىلەلمەي خىيال سۇرۇپ قالدى. بېشىنى سىلىپ بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، مەھمۇد يالاۋاچنىڭ چىقمىغانلىقىدىن تاقىتى تاق بولۇپ، كېتىش نىيىتىگە كەلگەندەك ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئاخىرقى قېتىم تىكىلدى. سىرلانغان ۋە نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىك ھىم يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇ بىر چوڭقۇر خورسىنىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئۆز قوشۇنى تەرەپكە ماڭاي دېيىشىگە، ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىپ قەددى - قامەتلىك مەھمۇد يالاۋاچ چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر خارەزىملىك سودىگەر بولۇپ، ھازىر چىڭگىزخان ئوردىسىنىڭ ئابرۇيلۇق ئەمەلدارى ئىدى. ئۇستىگە قىزىل تون، ئايىغىغا گۇل چىقىرىپ تىكىلگەن ئۆتۇك كىيگەن، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان يالاۋاچ چوڭ ھارۋىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان چاغاتاينىڭ ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۇپ ھەيران بولدى.

مەھمۇد خارەزىمنىڭ ماللىرى ئارتىلغان كارۋان بىلەن بىرقانچە قېتىم موڭغۇل دالاسىغا سودىگەرچىلىك قىلىپ كېلىپ، چىڭگىزخان بىلەن تونۇشۇپ قالدى. دەل بۇ كۇنلەردە چىڭگىزخان سودا - سېتىق ئىشلىرىغا كۆڭۇل بۆلۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. مەھمۇد چىڭگىزخانغا، چىڭگىزخان مەھمۇدقا يېقىپ قېلىپ، ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ موڭغۇل خانىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، سودىگەرچىلىكنى تاشلاپ، موڭغۇل ئوردىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ئەمەلدارى بولدى. چىڭگىزخان

ئۇنى بىرقانچە قېتىم ماۋارەئۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئەلچىسى قىلىۋالدى. مەھمۇدمۇ سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ موغۇل خانلىقىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەھمۇد «يالاۋاچ» دەپ ئاتالدى.

مەھمۇد بىر چەتكە چىقىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان، كۆمتۈرۈلگەن بەش ـ ئالتە كۇنلۇك ھىلال ئايسىمان بۇرۇتى بار چاغاتايىنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى. شۇ چاغدا مەھمۇدنىڭ مۇھاپىزەتچى ئوغلانىمۇ ئۇنىڭ ئاق قاشقىلىق جەرەن يورغىسىنى يېتىلەپ كەلدى.

— سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى! — دېدى چاغاتاي يالاۋاچنىڭ سالىمىغا بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب قايتۇرۇپ، — بىر چەتكە چىقىپ پاراڭلاشساق بوپتىكەن.

— بولىدۇ. سۆزىڭىزنى ئاڭلاشقا، ھۆرمەتلىك شاھزادەم، دائىم تەييارمەن! — دېدى قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، كۆزلىرى مۆلايىم، ئىسسىق چىراي مەھمۇد موغۇل خانلىقىنىڭ جاساق[1] ۋە قانۇنلىرىغا مەسئۇل بولغان چاغاتايغا قاراپ، ئۇ ئارقىدىن مۇھاپىزەتچى يىگىتكە بۇرالدى:

— سەن خان ھارۋىسىنىڭ يېنىدا مېڭىپ تۇرغىن، مەن شاھزادەم بىلەن بولىدىغان پاراڭنى تۈگىتىپ كېلىمەن...

يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ، مەھمۇدنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆزىگە بېرىپ، ئېتىنى دېۋەتىپ خان

---

① جاساق — ئەنئەنىۋى قانۇنلار دەستۇرى.

هارۋىسىنىڭ يېنىغا كەتتى. ئالدىدا چاغاتاي، كەينىدىن يالاۋاچ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كۆرۈنگەن پاكار تۆپىلىككە قاراپ يول ئالدى.

※ ※ ※

قۇياش چۈشكە يېقىنلاپ باراتتى. ئۇ يەر - بۇ يېرى كۆكىرىشكە باشلىغان بوز بارغانسېرى ئىسسىپ، باياتىن يېنىك ئۇچقان شامالمۇ توختاپ، ھاۋا تىنچىپ قالدى.

چاغاتاي بىلەن مەھمۇد ئانچە ئېگىز بولمىغان تۆپىلىككە چىقىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. يالاۋاچ ئۆز ئېتىنىڭ ئېگىرىگە سېلىنغان قارا چىبەرقۇت كۆرپىنى ئېلىپ، ئېتىنى چاغاتاي قارا ئارغىمىقىنى باغلىغان، قاچانلاردىدۇر ئۆرۈلگەن قارىياغاچنىڭ يەردە ياتقان غولىغا باغلىدى. ئۇ ئاتلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆپىلىكنىڭ سەل كۆكەرگەن يېرىگە ئات كۆرپىسىنى سېلىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان چاغاتايىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھازىرلا تېرىكمىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىدىغان قېنى قىزىق، ئاغزى ئىتتىك چاغاتاي كۆرپىنىڭ بىر چېتىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ مەھمۇدقا قارىدى. مەھمۇد كۆرپىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ، دائىم جۈجى بىلەن جېدەللىشىپلا يۈرىدىغان شاھزادىگە تىكىلدى. ئۇ ئۆتكەندە چاغاتايىنىڭ جۈجى بىلەن بىر - بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇ ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ شۇ چاغدا ئۆز ئاكىسى جۈجىغا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى:

چاغاتاي كۆكەرمىلىك بىلەن: «سەن كۆك بۆرىنىڭ نەسلى ئەمەس، مەركىتلىكنىڭ پۇشتى، شۇڭلاشقا ئاتام ساڭا: ‹جۇجى› (مېھمان) دەپ ئات قويغان!» دېدى جۇجىغا ھۇرپەيگەن خورازدەك ئېتىلىپ.

كۆزلىرى يولۋاسنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان، قامچىسىدىن قان تامچىغان رەھىمسىز جۇجى شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى، چاغاتاينىڭ قىلىچىنى بىر ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. تەمتىرەپ قالغان چاغاتاي ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئاكىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي چەكچىيىپ تۇرغاندا، سۇبۇتاي باتۇر كېلىپ قېلىپ، جۇجىنى تۇتۇۋالدى...

تەقدىرمۇ ئاجايىپ. يەسۇكەي باتۇر بىر قېتىملىق جەڭدە چىڭگىزخاننىڭ ئانىسىنى مەركىتلىكلەردىن تارتىۋېلىپ، ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋالدى. مەركىتلىك چوكان يەسۇكەيگە خوتۇن بولۇشتىن بۇرۇن مەركىتلىك بىر يىگىت بىلەن توي قىلىپ، بىرقانچە كۈن بىللە ئۆتتى. كېيىن مەركىتلىك ئايال يەسۇكەيگە خوتۇن بولغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننى تۇغدى. يەسۇكەي باتۇر چىڭگىزخان تۇغۇلغاندا، باشقىلارغا دېمىسىمۇ، ئۆز كۆڭلىدە گۇمانلانغان. كېيىن بۇ ۋەقەنى چىڭگىزخان ئاڭلاپ: «مەن كۆك بۆرىنىڭ ئەۋلادى!» دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى...

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، شۇنداق ۋەقە تېمۇرچىننىڭ بېشىغا كەلدى. ياش چىڭگىزخاننىڭ توي قىلغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان سۆيۈملۈك ئايالى بۆرتەنى مەركىتلىكلەر بۇلاپ كەتتى. تېمۇرچىننىڭ

ئادىمى ئاز بولغانلىقتىن مەركىتلىكلەرگە قارشى تۇرالمىدى. بۆرتەنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. ئۇ بىرقانچە ئادىمىدىن ئايرىلىپ، بورخان خالدۇن تېغىغا چىقىۋالدى. چىڭگىزخان بىرقانچە ئايدىن كېيىن مەركىتلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۆرتەنى قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا سۆيۈملۈك ئايالى بۆرتەنىڭ قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغانىدى. جۇجى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «بۇ مېنىڭ بالاممۇ ياكى مەركىتلىكلەرنىڭ كۈچۈكىمۇ؟» دېگەن گۇماندا بولۇپ قالدى.

چاغاتاي قىرىقلاردىن ھالقىغان مەھمۇدنىڭ ئۆزىگە قاراپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. لېكىن، ئۇ بۇ كەيپىياتىنى سەزدۇرمەي، ئۆزىنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان يالاۋاچقا قارىدى.

— ئاتام بىلەن، — دەپ سۆز باشلىدى شاھزادە مەھمۇدقا قاراپ ئولتۇرۇپ، — ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كەتتىڭىز. خېلى ئۇزاق ساقلاپ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرغىنىمدا چىقىپ قالدىڭىز. ئەگەر چىقمىغان بولسىڭىز كېتىپ، كېيىن كېلەي دەپ ئويلىۋىدىم...

— ئۆرگەنچكە بېرىپ كېچە كېلىۋىدىم، ئاتىڭىزنىڭ ئۆرگەنچنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك؟ مەن ئۆرگەنچتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى ئاتىڭىزغا تولۇق دەپ بەرگۈچە ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتتى، — دېدى يالاۋاچ چاغاتايغا: «مېنى نېمىگە ئىزدەپ كەلگەندۇ» دېگەن ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ.

— ئاكا، كۆڭلۈمگە كەلگەن بىر ئوي ماڭا ئارام بەرمەي

ئاخىر ئالدىڭىزغا ئەكەلدى. مەن سىزنى سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىشەنچلىك ئادەم دەپ بىلىمەن. ئاتامۇ بىزگە سىزنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشىمىزنى جېكىپ كەلدى. ئەمدى ئاكا، سىزگە دېمەكچى بولۇپ كەلگەن، ماڭا ئارام بەرمىگەن ئويۇمنى دەي: ئۇلۇغ ئاتام دائىم بىزگە: «ئىگىلىگەن زېمىنلىرىمنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن. سىلەر چوڭ خانلىق ئاستىدا، ئۆزۈڭلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنلاردا كىچىك خانلىقلارنى قۇرۇپ باشقۇرىسىلەر. ھازىردىن باشلاپ بۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار» دەپ كەلدى. سىز، ئاكا، ئۇلۇغ ئاتامنىڭ قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى بىلىسىز! ئۇرۇشلار تۈگىگەندە، ئۇ ئىگىلىگەن زېمىنلىرىنى بىز تۆت ئوغلىغا① بۆلۈپ بېرىدىغانلىقى چوقۇم. مېنىڭ پەرىزىم: خارەزىم ئۇرۇشى تۈگىگەندىن كېيىن، ئاتام بىزگە زېمىن بۆلۈپ بەرسە كېرەك،— چاغاتاي خىيال سۈرگەن ھالدا سۆزىدىن توختىدى. ئۇنىڭ ئاق پاختىسى يوغان، ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چاقناپ، ئەمدى دەيدىغانلىرىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

چاغاتاي يېقىندىن بۇيان بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇيغۇر تىلىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئاڭلاپ چۈشىنەتتى. ئاتىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ

① تۆت ئوغلى: جوچى، چاغاتاي، ئۆگەداي، تولى.

ئىشلەۋاتقان تاتاتوڭادەك بىر ئۇيغۇر دانىشمىنىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋېلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ئىككىنچى شاھزادە مەھمۇد يالاۋاچنى يادىغا ئالدى.

«ئۇنىڭغا بۇ ئويۇمنى ئېيتىپ قويغىنىم ياخشى. خارەزىم ئۇرۇشى جەريانىدا شۇنداق بىر دانىشمەن ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىغان چاغاتاي، مەھمۇد بىلەن تېزرەك كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— تاتاتوڭا ھەقىقەتەن دانا باخشى! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شاھزادە مەھمۇدقا ئوچۇق چىراي قاراپ، — بۇ دانىشمەننىڭ ياردىمىدە يېزىقلىق بولۇپ قالدۇق، ئاتامغا جەڭ قىلىش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشتا يالغۇز چوساي بىلەن تاتاتوڭا ئىككى دانىشمەن ئۆز بىلىمى ۋە مەسلىھەتلىرى بىلەن يېقىندىن ياردەم بەرمەكتە. مېنىڭمۇ تاتاتوڭادەك بىر دانىشمەن مەسلىھەتچىم بولغان بولسا، ئۇلۇغ ئاتام ماڭا بۆلۈپ بېرىدىغان زېمىندا راستلا بەختىم ئېچىلاتتى! — چاغاتاي سەل ھاياجانلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلىسىز، مېنىڭ قېنىم قىزىق، مىجەزىم ئىتتىك، يېنىمدا ئەقىل ئۆگىتىپ، چاقماقتەك تېز چاقىدىغان مىجەزىمنى بېسىپ تۇرىدىغان بىر دانا بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. شۇنداق بولسىلا ئەتىكى خانلىقىمدا ئىشلىرىممۇ يۈرۈشۈپ كېتەتتى. ئاكا، مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلىرىمدىن بىلگەنسىز. ماڭا تاتاتوڭادەك بىر دانانى تېپىپ بېرەلمەسسىزمۇ؟!

— يېنىڭىزدا قۇتبىدىن خاباش ئامىد بارغۇ؟! ئۇ خېلىدىن بېرى سىزگە ئەگىشىپ، سىزگە خىزمەت

قىلىۋاتىدىغۇ؟ — دېدى يالاۋاچ چاغاتاينىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— ئامىدقۇ بار! — دېدى شاھزادە كۆڭلىدىكى گېپىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆز تاپالمىغاندەك مۇرىسىنى قىسىپ، — نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ ئادەم ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدۇ. ئۆزىغۇ يامان ئەمەس، لېكىن، يالىلۇغ چۇساي، تاتاتوڭالاردەك ياخشى مەسلىھەتچى بولالمايدۇ.

چاغاتاي مەھمۇد يالاۋاچقا ئۈمىد بىلەن قارىدى. شاھزادىنىڭ ئۆزىنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تولۇق بىلگەن مەھمۇد چىڭگىزخاننىڭ بۇ ئەقىللىك، لېكىن مىجەزى ئوسال ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ، خارەزىمدىكى دانالارنى بىر - بىرلەپ ئەسلىدى. بىردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قەددى - قامەتلىك، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان سەمەرقەندتىكى مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي كەلدى. «بۇ ئادەم بولىدۇ! — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، — خارەزىمدىكى داڭقى چىققان خېلى - خېلى دانىشمەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.» تېزلا چاغاتايغا مەسلىھەتچى بولالايدىغان مەۋلانا يۈسۈفنى تاپقانلىقىدىن خۇشال بولغان مەھمۇد چاغاتايغا خۇش چىراي قارىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە چوقۇم بىر دانا مەسلىھەتچى تېپىپ بېرىمەن! — ئۇ مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى، — ئالدىدا خارەزىمگە بارايلى! خارەزىمگە بارغاندىن كېيىن سىزگە قىلغان ۋەدەمنى يۈزدەيۈز ئورۇنلاپ، سىزنى رازى قىلىدىغىنىمغا ئىشىنىڭ!

— رەھمەت! — دېدى چاغاتاي خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ

چىرايىغا يېنىك تەبەسسۇم يۈگۈردى،— ئاكا، سىزگە ئىشەنچىم كامىل.

ئىككىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، قۇياش چۈشتىن قايرىلىپ، خېلىلا ئۆزاقلاپ كەتكەن چوڭ قوشۇننىڭ توختاپ، دەل ـ دەرەخسىز كەڭ دالادا چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىككىسى ئاتلىرىغا مىنىپ، قوشۇن توختىغان يەرگە قاراپ چېپىپ كەتتى...

※ ※ ※

كۈنچىقىش ئۇپۇقىغا چىققان قۇياش خېلىلا ئېگىز ئۆرلەپ، بىپايان دالادا بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئىككى تەرەپتىكى بىھېساب قوشۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزغۇچ چىرايى بىردىنلا سارغىيىپ، ئىچىدە ئاھ ئۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇ بىر نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يامغۇر سۈيىدىن باشقا سۇ كۆرمەي قاغجىراپ ياتقان بوزنىڭ ئادەملەرنىڭ قىزىل قېنى بىلەن سۇغىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن ئازابلاندى...

ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا قارا پۆپۈكلۈك ئۇزۇن نەيزە تۇتقان، ئۇستىگە دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيگەن چىڭگىزخان ئاتلىق تۇراتتى. شالاڭ، ئاق ئارىلاشقان، قوڭۇر ساقال ـ بۇرۇتلۇق بۇ موڭغۇل ھۆكۈمرانى خارەزىم زېمىنىغا كىرىپ، ئۆزى سىرىنى بىلمەيدىغان مەملىكەت بىلەن بولىدىغان تۇنجى جەڭنىڭ دۇمبىقىنىڭ چېلىنىشىنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى چاقناپ، ھەرقانداق چاغدا چىراي ۋە ۋۇجۇدىدا كۆرۈنىدىغان

تاغدەك ئىرادە، تولۇق ئىشەنچ بىلەن جەڭ بولىدىغان جەڭگاھقا قارايتتى.

قېرىپ قالغان، ساقال ـ بۇرۇتى ئاقارغان، سېمىزلىكىدىن ھاسىراپ تۇرىدىغان خارەزىم سۇلتانى تولۇق جەڭ كىيىمى كىيىپ، موڭغۇل قوشۇنىنى ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا موڭغۇل قوشۇنلىرىغا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى بوز ئايغىر قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئۇستىدىكى ئىگىسى گۈللۈك ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى بىلەن بىقىنىنى بىر نىقتىسىلا ئۇچىدىغاندەك تۇراتتى.

كەڭ دالانى جەڭ دۇمباقلىرى ۋە ناغرا ـ سۇنايىنىڭ ياڭراق ساداسى قاپلىدى. موڭغۇل ۋە خارەزىم قوشۇنلىرى قىيقاس ـ چۇقان بىلەن بىر ـ بىرىگە ئېتىلىپ، دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشنى باشلىۋەتتى. توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ، ئۇرۇش مەيدانى ئاق سېرىق تۇمان ئىچىدە قالغاندەك بولدى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئۆلۈمنىمۇ ئېسىدىن چىقارغان ئادەملەرنىڭ غەزەپلىك ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرى، يارىدارلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرى، قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ جاڭ ـ جۇڭلىرى توپا ـ چاڭ قاپلىغان جەڭگاھنىڭ خورىدەك ياڭراتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى قىزىل قان بىلەن بويالدى. بىردەمدىلا بۇ دالا قىزىل قىيامەتكە ئايلاندى. ئاخىر كۆرەڭ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قوشۇنلىرى يىراقتىن كەلگەن موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىدى...

كەڭ دالاغا قاپقارا چاچلىرىنى يېيىپ كېچە پەرىسى كېلىۋاتاتتى. جەڭدە ئۆلگەن ئۆز ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈپ بولۇپ، يېقىلغان گۈلخانلار

چۆرىسىدە ئولتۇرغان چېرىكلەر بولۇپ ئۆتكەن جەڭ ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانلاردىن ئۇچۇۋاتقان ئۇچقۇنلار خۇددى كېپەك ئالتۇنلاردەك قاراڭغۇلۇقتا چېچىلاتتى...

چىڭگىزخان چوڭ ھارۋا ئۈستىدىكى ئاق كىگىز ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدە قوش قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى، ئالدىدىكى تۆت پۇتلۇق شىرەدە يېنىۋاتقان پانار ئۆي ئىچىنى يورۇتاتتى. خاننىڭ يېنىدا ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان قاپقارا چېچىغا ئالتۇندىن ياسالغان چاچ قىسقۇچلارنى قىسىپ، پېشانىسىگە بىرنەچچە تىزىق مەرۋايىت ئېسىپ، گۇللۇك قىزىل تاۋاردىن ئۆرە ياقىلىق تون كىيگەن، قۇلاقلىرىغا ئالتۇن ھالقا، قوللىرىغا قوش ـ قوش بىلەزۈك سېلىۋالغان ساھىبجامال قۇلان ئېرىگە قاراپ ناز ـ خۇلقى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى...

ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۆيگە خىزمەتچى ئاغۋاتلاردىن بىرى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا تىك تۇرۇپ، مەھمۇد يالاۋاچنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— ئىجازەت! — دېدى چىڭگىزخان ئېغىر پۇشۇلداپ.

خىزمەتچى ئوغلان چىقىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي مەھمۇد يالاۋاچ كىرىپ كەلدى. ئېگىز بوي، قەددى ـ قامەتلىك مەھمۇد ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، قول باغلاپ سالام قىلدى.

— كەل! — دېدى يالاڭباشتاق ئولتۇرغان چىڭگىزخان شىرەنىڭ يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ. خاقاننىڭ ئىككىگە ئايرىلغان، خېلىلا ئاق ئارىلىغان، ئوخشاش

ئىككىگە ئۆرۈلگەن كالتە چېچى مۈرىسىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى، چېچىنىڭ ئۇچى قىزىل يۇڭ يىپتا باغلانغان بولۇپ، پانار يورۇقىدا چاقناپ كۆرۈنەتتى. تومپايغان ئىككى مەڭزى چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرغان خانىنىڭ ئۇستىدە گۈللۈك سېرىق[①] تاۋاردىن تىكىلگەن پەشمەت، بېلىدە پەشمىتىنىڭ رەڭگىدىكى بەلباغ، كەڭ بەلباغنىڭ ئوڭ تەرىپىدە غىلاپى چىرايلىق موڭغۇل پىچىقى ئېسىقلىق تۇراتتى.

ئۇستىگە قىزىل تون كىيىپ، بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن، قونچىغا گۈل كەشتىلەنگەن ئۆتۈك كىيگەن، ئۆسكىلەڭ قېشى بىلەن مۇلايىم كۆزىنىڭ ئارىلىقى يېقىن، بۇرۇتى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، ئۇچلۇق ئېڭىكىدىكى ساقىلى بىر ئوچۇم كېلىدىغان يالاۋاچ چىڭگىزخان كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ھۆكۈمرانغا قارىدى.

— قۇلان! — دېدى كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان موڭغۇل خانى يېنىدىكى چىرايلىق توقىلىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، — دېگىن، مەھمۇد يالاۋاچقا قىمىز ئەكەلسۇن!

ئېگىز، زىلۋا بويلۇق چوكان ئورنىدىن تۇرۇپ، چوغ رەڭلىك گىلەم سېلىنغان سۇپىدىن چۈشۈپ ئىشىككە قاراپ يول ئالدى.

چىڭگىزخان شالاڭ، قوڭۇر ساقىلىنى سىلاپ، ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان يالاۋاچقا جىددىي تىكىلدى.

— بۈگۈن كۆك تەڭرى قوللاپ، خارەزمىلىكلەر بىلەن

---

① موڭغۇللار سېرىق رەڭنى «خانلىق ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى» دەپ قارىغاچقا، بۇ رەڭدىكى چاپانلارنى خان ۋە خانىنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەن ئىناقچىخان ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەرلا كىيسە بولاتتى.

بولغان تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ بىزدىن يېڭىلىپ پايتەختىگە قاچقان خارەزىم شاھىنىڭ ئەھۋالىنى شۇنچىلىك بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. يەنە سېنى، مەھمۇد، ئۈرگەنچكە ئەۋەتىشنى ئويلاۋاتىمەن. سەنلا مېنىڭ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىش تەشنالىقىمنى قاندۇرالايسەن! يالاۋاچ، بۈگۈن كېچىلەپ يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ كەلسەڭ! مەن سېنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن. سېنىڭ ئىگىلەپ كەلگەن ئەھۋاللىرىڭغا قاراپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭلەرنى ئورۇنلاشتۇرىمەن...

«چىڭگىزخان چاقىرىۋاتىدۇ!» دېگەندىلا ئۆزىنى يەنە ئۈرگەنچكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان مەھمۇد، خاقاننىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنچىلىك ھەيران بولۇپ كەتمىدى. ئەقىللىق، ئەھۋالنى ئوبدان ئىگىلىمەي تۇرۇپ جەڭ قىلمايدىغان بۇ ھۆكۈمران، سىرلىق دۆلەت خارەزىمنىڭ چېرىك كۈچى ئۆزىنىڭ چېرىك كۈچىدىن ئۈستۈنلۈكىنى، شۇنداقلا بۇ مەملىكەتنىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەربىر قەدىمىنى «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» بويىچە بېسىپ كېلىۋاتاتتى ۋە جەڭ قىلىۋاتاتتى. دانا سەركەردە بۈگۈنكى ئۇرۇشتىن كېيىنكى خارەزىم شاھىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەي تۇرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېيىنكى جەڭلەرنى قىلمايتتى.

مەھمۇد جاۋاب بېرىشكە ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇ خارەزىمگە بىر بېرىپ كەلگەندىن بېرى، موڭغۇللارغا قىلىۋاتقان خىزمىتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. «مەن — دەپ ئويلىدى ئۇ چىڭگىزخان ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى

بولۇپ قالغىنىنى ئويلاپ ئىچىم سىقىلدى، — سودىگەرلىكىمنى تاشلاپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان چېغىمدا ئەتراپلىق ئويلىماپتىمەن. ھۆرمەتلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىم ئۆتكەن، ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خارەزىمگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان موڭغۇللارنىڭ ئادىمى بولۇپ قالىدىغىنىمنى بىلمەپتىمەن. مەن ۋە مېنىڭ ئەجدادىم خارەزىمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، نېنىنى يېدۇق. بۈگۈن خارەزىمگە قارشى قوشۇن تارتىپ كەلگەن موڭغۇللارغا خىزمەت قىلسام، قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن؟! توغرا، خارەزىم شاھى توغرا قىلمىدى، مەنمەنچى غايىرخان توغرا قىلمىدى. سودا قىلغىلى كەلگەن موڭغۇل خانلىقىنىڭ سودىگەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قاتىللىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن باش ئەلچىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. موڭغۇللارنىڭ كېلىپ قىساس ئېلىشىنى خاتا دېگىلى بولامدۇ؟! موڭغۇللارنىڭ قىساس ئېلىشى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمغا قارشى ھەرىكەت قىلسام قانداق بولىدۇ؟! ئەتىكى تارىخ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋىجدان ۋە ئار ـ نومۇسىغا باھا بېرىدۇ! ئۇ چاغدا خارەزىمگە يۈز كېلەلمەيدىغان قارا يۈز بولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن؟!...»

شۇ تاپتا يالاۋاچنىڭ كۆڭلىگە بۇ ئويلار كېلىۋېلىپ، ئاغزىنى ئاچقۇزمايۋاتاتتى.

«ئىش بۇ دەرىجىگە يېتىپ، — دەپ پىكىر قىلاتتى ئىچىدە مەھمۇد، — بارمايمەن دېسەم بولامدۇ؟! بۇ قېتىم باراي! بارمىسام موڭغۇللار مېنى ئامان قويامدۇ؟! كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە ئويدان ئويلىنارمەن...»

— چارچاپ قالدىم. بىر ئاز كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن يولغا چىقاي!— دېدى يالاۋاچ چىڭگىزخانغا قاراپ،— سىزگە قايسى تەرەپتىكى ئەھۋاللار كېرەككىن؟!

چىڭگىزخان كۆزلىرىدىن خىيال چېچىپ مەھمۇدقا قارىدى:

— خارەزىم شاھى يېڭىلىپ كەتكەندىن كېيىن نېمە قىلىشۋاتىدۇ؟ بىزگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قانداق ھەربىي كېڭەشلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قانداق جەڭ پىلانىنى تۈزدى؟ ئۇ ئۆزگەنچكە چېرىك يۆتكەپ كېلەمدىكەن؟ ئىشقىلىپ، سۇلتان مۇھەممەدنىڭ نېمە قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلىپ كەلسەڭ بولاتتى.

— بولىدۇ...— دېدى مەھمۇد تۇرۇشقا تەمشىلىپ،— مەن چىقاي!

— توختا! قۇلان قىمىزغا چىقىپ كەتكەن، كىرسۇن. قىمىز ئىچىپ ئاندىن چىققىن!— چىڭگىزخان ئىشىك تەرەپكە قاراپ بىرىنى چاقىراي دەپ تۇرۇشىغا، ئالدىدا قۇلان، كەينىدىن خىزمەتچى ئايال قىمىز كۆتۈرۈپ كىردى...

مەھمۇد پەرىشان ھالدا قىمىزنى زەھەر ئىچكەندەك ئىچىپ، چىڭگىزخان بىلەن خوشلىشىپ تالاغا چىقتى.

ئاسماندا يورۇق يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. گۈلخانىلار تېخىچە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرى ئاستىدىكى زېمىن شىۋىرلاپ ئۆزىنى قارىلاۋاتقاندەك بىر ھېسسىيات مەھمۇدنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن سوغۇق تىترەك ئۆرلىتىپ، بىردىنلا بويىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى...

※ ※ ※

مەھمۇد خارەزىمدىن كېلىپ، چىڭگىزخانغا ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنى يەتكۈزدى. ئۇ:

— ئۆرگەنچ قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ، سىپىللاردا كېچە - كۈندۈز سانجاق - ئەسكەر تۇرۇۋېتىپتۇ. شەھەرگە كىرگەن - چىققان ھەربىر ئادەمنى قاتتىق تەكشۈرىدىكەن. ئازراقلا گۇمانلىق يىپ ئۇچى تېپىۋالسا قولغا ئالىدىكەن. ئەگەر بىرقانچە تۆگىگە مال ئارتىپ، يىراق ئەلدىن قايتقان سودىگەر قىياپىتىدە بارمىغان بولسام، مېنى تۇتۇپ جەزمەن زىندانغا تاشلايتتىكەن... — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

چىڭگىزخان مەھمۇدنىڭ دېگەنلىرىدىن ئۆرگەنچكە ھۇجۇم قىلماي، بۇخارا ۋە سەمەرقەندلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مەھمۇد چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يالغۇز قالغان رەھىمسىز ھۆكۈمران ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، قىزىل چىرايىدىن ئالدىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— «تەييارلىق قىلىۋالغان پايتەختنى ئېلىش ئەلۋەتتە قىيىن، مېنىڭ بىلەن كەڭ دالادا بىر قېتىم كۈچ سىناشقان سۇلتان، مېنى چوقۇم ئۆرگەنچكە ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ ئويلاپ تەييارلىق قىلىۋالدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆرگەنچنى تاشلاپ، خارەزىمنىڭ باي شەھەرلىرى بۇخارا بىلەن سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلسام، تېزرەك ئالالايمەن. ھازىر خارەزىمدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەربىرى

بىر چاشقان ئۆۋىسى، ھەربىر ئۆۋىدىكى چاشقان ئۆز غېمى بىلەنلا، ئۇلار باشقىلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ...» خىيال قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، موڭغۇل خاقانى مەھمۇد يالۋاچنىڭ بىر سۆزىنى يادىغا ئالدى: «سۇلتان مۇھەممەد پۈتۈن لەشكىرىي كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرمەي، ئايرىم - ئايرىم بۆلۈپ باشقۇرىدۇ. ئۇ: ‹ھەربىر بۆلەك قوشۇنۇم ئۆزى بىلەنلا ھالاك بولسا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىمۇ باستۇرۇشقا ئاسان بولىدۇ› دەپ قارايدۇ. توغرا!— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلگەن ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل چىڭگىزخان،— ئۆرگەنچنى تاشلاپ، بۇخارا ۋە سەمەرقەندلەرگە ھۇجۇم قىلسام، باشقا شەھەرلەردىن ياردەمگە لەشكەر كېلىشىدىن ئەنسىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق!»

چىڭگىزخان ئۆرگەنچكە ھۇجۇم قىلماي توپتوغرا بۇخاراغا قاراپ ئاتلاندى. بۇخارا ئۇرۇشى قاتتىق بولدى. موڭغۇللار ئىككى ھەپتىدىن ئوشۇق ھۇجۇم قىلىپ، بۇ قەدىمىي، مۇستەھكەم شەھەرنى ئالالمىدى. غەزەپلەنگەن ھۆكۈمران ئوبدان تەييارلىق قىلىپ، يېڭى ھۇجۇم باشلىدى. ئېغىر پالاقمانلاردىن ئېتىلغان يوغان تاشلار سېپىل دەرۋازىلىرىنى سۇندۇرۇپ، موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشىگە يول ئاچتى. شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخان مىلادىيە 1220 - يىلى 2 - ئايدا بۇخارانى ئېلىپ شەھەرنى قانغا بويىۋەتتى...

نۆۋەت سەمەرقەندكە كەلدى، سەمەرقەند ئۇرۇشىغا موڭغۇللارنىڭ تەرەپ - تەرەپلەرگە كەتكەن قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى قايتىپ كېلىپ قاتناشتى. چاغاتايمۇ ئىنىسى ئۆگەداي بىلەن ئوترارنى ئېلىپ،

ساراڭدەك بولۇپ قالغان غايىرخاننى ئالدىغا سېلىپ، بۇ مەشھۇر شەھەر جېڭگە ئۇلگۇرۇپ كەلدى. سەمەرقەند ئۇرۇشى بۇخارا ئۇرۇشىدىنمۇ قاتتىق بولدى. بۇخارادىكى خارەزىم چېرىكلىرىنىڭ سانى 20 مىڭ ئەتراپىدا بولسا، بۇ شەھەردىكى چېرىكلەرنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كېتەتتى. موڭغۇل قوشۇنلىرى سەمەرقەندنى قورشاپ يېتىپ، ئاخىر تۇيۇقسىز، دەھشەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار سەمەرقەندنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى قىرىپ تاشلىدى...

چىڭگىزخان سەمەرقەندنىڭ ئېلىنغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، چىرايى ئېچىلىپ، يۈزلىرى قورۇلۇپ، شالاڭ، قوڭۇر بۇرۇتى چۈشۈپ تۇرغان كالپۇكلىرى قىيسايدى. ئۇ ئارقىدىن تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى ئالىقىنى بىلەن ئۇرۇپ تاغ گۈلدۈرمامىسىدەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. يوغان ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى ئاق ئۆيدە ئولتۇرغان مەھمۇد يالاۋاچ، تاش يۈرەك ھۆكۈمراننىڭ كۈلكىسىدىن يۈرىكىگە تۆمەننىڭ يىڭنە سانجىلغاندەك ئاستا ئىڭرىدى. ئۇ قاتتىق ئازابلىنىۋېتىپ، كۆڭلىدە مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى ئەسلەپ: «ئۇلۇغ شەھەردىمىكىن يا سىرتلارغا چىقىپ كەتكەنمىكىن؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

※ ※ ※

شەھەر ئېلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناشتىنى ئالدىراپ قىلغان مەھمۇد مۇھاپىزەتچى يىگىتنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى...

سەمەرقەند مىلادىيەدىن بۇرۇنلا مەشھۇر شەھەرلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇرۇن ماراكەند دەپ ئاتىلىپ، قەدىمىي شەھەرلەر ئىچىدىكى مەشھۇرلىرىدىن دەپ قارىلاتتى. بۇ شەھەر ئۆز دەۋرىدىمۇ ئەڭ چوڭ، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئاۋات شەھەر دېيىلەتتى.

سەمەرقەندنىڭ كوچىلىرى دەل ـ دەرەخلىك بولۇپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە توختىماي سۇ ئاقاتتى. ھەممە ھويلىلارنىڭ باغلىرى بولۇشتىن تاشقىرى، شەھەر ئەتراپىدا نەچچە چاقىرىم يەرگىچە چوڭ باغلار بولۇپ، بەكمۇ مەنزىرىلىك كۆرۈنەتتى. سەمەرقەندتە ھۆل ـ يېغىن ئاز بولغانلىقتىن، بۇ باغلاردىكى ئۈزۈم ـ ئانار قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەر بەكمۇ شېرىن پىشاتتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپى ھويلا ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى باغ ـ ۋارانلىرىنى خاس مۇلازىملارغا قارىتاتتى.

سەمەرقەند يەنە ئۆز دەۋرىدىكى چوڭ سودا شەھىرى ھېسابلىنىپ، كوچا ـ رەستىلىرىدە دۇكانلار كۆپ بولاتتى. بۇ بازار ۋە دۇكانلاردا سېتىلىدىغان ماللارنىڭ كۆپى ئۆزىدىن چىقىپلا قالماي، يەنە چەت ئەللەرنىڭ ماللىرىمۇ نۇرغۇن سېتىلاتتى. چەت ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى سەمەرقەندتە ئايلاپ ـ يىللاپ تۇرۇپ سودا قىلاتتى. بۇ شەھەرگە كېلىپ ـ كېتىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى...

سەمەرقەند — ئاھالىسى زىچ شەھەرلەردىن ھېسابلىناتتى. بۇ شەھەردە خارەزىملىكلەردىن باشقا، ئۇيغۇرلارمۇ ئاھالىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك مۇستەھكەم ۋە بەلگە ئورنىتىلغان دۆلەت چېگرالىرى ئايرىلمىغانلىقتىن،

خەلقلەرنىڭ بىر خانلىقتىن يەنە بىر خانلىققا بېرىپ - كېلىش ياكى ئولتۇراقلىششى چوڭ مەسىلە ھېسابلانمايتتى. خارەزىم ۋە خارەزىمنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىلا ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن خانلىقلاردا ئۇيغۇرلار ياشايتتى...

قەدىمدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خوتەن، يەكەن، قەشقەر رايونلىرىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، ماسساگېتلار، سوغدىلار، توخارلار ۋە ساكلار بىلەن ئادىتى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىدە كۆپلىگەن ئورتاقلىقلار بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە زىچ ئىدى.»① ئۆز ئارا نىكاھلىنىشىنىڭ بولغانلىقى تەبىئىي ئۇلارنىڭ ئارىلىشىپ ياشىشىمۇ، ئۆرپ - ئادەت، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىدا ياشاپ كەلگىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىمۇ ئۇيغۇرلار رايونلىرىدا ياشاپ كەلدى...

مەھمۇد ئىككى تەرىپى چىرايلىق قويۇلغان كۆملاچ تاملىق كوچىدا كېتىۋېتىپ، كۆڭلى توختىماي سانجىلىۋاتقان ئازاب نەشتەرلىرىدە قىپقىزىل قان بولاتتى. تۇنۇگۈنكى ئاۋات كوچىلار بۈگۈن چۆلدەرەپ ھۇۋۇلايتتى. ئىككى تەرەپتىكى ھويلىلارنىڭ ئىشىك ۋە دەرۋازىلىرىنىڭ سۇنغىنى سۇنۇپ يەردە ياتاتتى. سۇنمىغانلىرى ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇراتتى. ئوچۇق دەرۋازىدىن كۆرۈنگەن چىرايلىق ھويلىلاردا ئىنس - جىن

---

① «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دىن، 457 - بەت.

كۆرۈنمەيتتى. كوچا ۋە هويلىلاردا قىلىچ ياكى نەيزە سانجىلىپ ئۆلگەن ئەر - ئايال ۋە قىز - ئوغۇل باللارنىڭ جەسەتلىرى قەدەمدە بىر كۆرۈنەتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلماي، ئاسمانغا قاراپ تەڭرىگە ئەرز - شىكايەت ۋە نالە قىلىۋاتقاندەك ياتاتتى...

سەمەرقەند ئاھالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاياللىرىنىڭ ئىززەت - نومۇسىنى تۆكۈپ، مال - مۈلكىنى بۇلاپ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەن موڭغۇل چېرىكلىرى يەنىلا كوچىلاردا، هويلا - ئارانلاردا قاتراپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قان تولۇپ قىزارغان كۆزلىرى ۋالىلداپ چاقنايتتى...

يالاۋاچنىڭ بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەردىن يۈرىكى تىتىلىپ كەتمىسمۇ، پارە - پارە بولدى. ئۇ توختىماي ئېتىنىڭ بىقىنىنى ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى بىلەن نىقتاپ، نىشان قىلغان مەھەللىسىگە تېزرەك بېرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. مەھمۇد بۇخارادىلا هايات قالغان ئابرۇيلۇق ئادەملەردىن مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ سەمەرقەندتىكى تۇرالغۇسىنىڭ نەدىلىكىنى ئوبدان سورىۋالغانلىقتىن، تەمتىرىمەي ئۇدۇل كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ شەھەرگە سودا قىلىپ كۆپ قېتىم كەلگەنلىكىدىن، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى پىششىق بىلەتتى.

«قايسى قورۇدۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئىشىك ۋە دەرۋازىلىرى ئۆرۈلگەن ياكى هاڭغىرقاي ئوچۇق هويلىلار ئالدىدىن ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ ئۆتۈۋاتقان مەھمۇد، بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتالماي تىت - تىت بولاتتى. ئۇ شۇنداق كېتىۋېتىپ، بىر قانىتى سۇنۇپ، بىر قانىتى ساق قالغان دەرۋازىدىن چىققان دوپپىلىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. كۆزلىرى چەكچەيگەن بۇ ئادەم كوچىنىڭ ئىككى

تەرىپىگە چاقماق تېزلىكىدە قاراپ، كېلىۋاتقان يالاۋاچلارنى كۆردى ـ دە، غايىب بولدى. مەھمۇد ئېتىنى پۇتلىرى بىلەن نىقتاپ دېۋىتىپ، ئادەم كۆرۈنگەن ھويلا ئالدىدا ئېتىدىن چۈشۈپ، چۇلۋۇرىنى مۇھاپىزەتچى يىگىتكە بەردى.

چوڭ ھويلىغا ئالدىراپ كىرگەن يالاۋاچ بايا كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ قارىسىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

— ئۇكام!— توۋلىدى ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىك ۋە دېرىزىلىرى ئوچۇق تۇرغان پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ. لېكىن، ئۇنىڭ چاقىرىشىغا قايتۇرۇلغان جاۋاب بولمىدى. ئۇ خىشلىق پەلەمپەيلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان پېشايۋان ئۈستىگە چىقىپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىن ھەربىر ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆيلەردە ئاغزى بۇزۇلغان تۆگە ساندۇقلارنىڭ چۆرىسىدە كىيىم ـ كېچەك ۋە رەختلەر؛ پول، كىگىز، كونىراق گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە چىنە تاۋاق ۋە چىنىلەرنىڭ سۇنغان پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. موڭغۇللار ئالغانلىرىنى ئېلىپ، ئالمىغانلىرىنى بۇزۇپ ھەر تەرەپكە تاشلىۋەتكەنىدى.

— ئۇكام!— دەپ يەنە توۋلىدى يالاۋاچ،— مېنىڭدىن قورقماڭ! مەن سىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. ھۆرمەتلىك مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىيدىن ئەنسىرەپ، ئەھۋالنى بىلەي دەپ كېلىۋىدىم...

ئۇزۇن پېشايۋاننىڭ غەربىي چېتىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت قورققاندەك چىقىپ



www.uyghurkitap.com

ئىشىك ئالدىدىلا توختىدى. مەھمۇد ئىتتىك مېڭىپ، قويۇق، قارا بۇرۇتى بار يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!— دېدى سەمەرقەندلىك مەھمۇدنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە بىر قاراپ چىقىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!— دېدى يالاۋاچ يىگىتكە ئادەتتىكىدەك ئىسسىق چىراي بىلەن تىكىلىپ،— يۈسۈپ سەككاكىينىڭ ئۆيىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن!— دېدى يىگىت،— مۇشۇ ھويلا، مەن ئۇنىڭ چاكىرى. ھۆرمەتلىك غوجايىنىم بۇلتۇر كۈزدە قەشقەرگە كېتىشۈدى، تېخى قايتىپ كەلمىدى،— قارا، چىرايلىق بۇرۇتى بار يىگىت ئەمدى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىلەردىن ئازاد كۆرۈنەتتى،— ئايال غوجايىنىم موڭغۇللار بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا يېزىغا كېتىشۈدى، ھازىر شۇ يەردە، مەن قورۇ - جايغا قاراپ قېلىشۇدىم، لېكىن موڭغۇللارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن ساقلاپ قالالمىدىم. ئۇلار ھويلىغا بېسىپ كىرگەندە، پولنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ جېنىمنى ساقلاپ قالدىم.

مەھمۇدنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىينىڭ قەشقەرگە كېتىپ، بۇ بالا - قازادىن ئامان قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى. يالاۋاچ كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىشقا تەمشىلىپ بىرىپ توختاپ قالدى. ئۇ ئالىمنىڭ ئايالى چىقىپ كەتكەن يېزىغا بېرىپ، ئېرىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلىش، ھال - ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، خەتەرسىز بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئويىغا كېلىپ يىگىتكە قارىدى:

— مەۋلانامنىڭ جورىسى قايسى يېزىغا چىقىپ كېتىشۈدى؟!...

— ئاقبولاق يېزىسىغا!...

※ ※ ※

پېشايۋانغا چىقىدىغان توپىلىق پەلەمپەينىڭ سول تەرىپىدىكى پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرغان ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئايدىنمۇ، كۈندىنمۇ چىرايلىق، خۇددى چۆچەكلەردىكى ھۆر - پەرىلەرگىلا ئوخشايدىغان قىز، ئاكىسى باشلاپ كىرىۋاتقان سالاپەتلىك مېھماننى كۆرۈپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ سالام قىلدى. مەھمۇدمۇ قول باغلاپ بېشىنى ئەگدى. ساھىبجامال ئۈركۈگەن ئاھۇدەك كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قاپقارا ئىككى ئۆرۈمە چېچى تېقىمىدا پۇلاڭلايتتى.

يالاۋاچنى ھويلىغا يىگىرمە بىر - يىگىرمە ئىككى ياشلاردىكى قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىت باشلاپ كىردى. قاشلىرى قارا ۋە قوشۇما، كۆزلىرى لاچىنىنىڭ ئوت يېنىپ چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزىگە ئوخشايدىغان، قارا سىياھتا يېزىلغان بىر قۇر چىرايلىق ھۆسنخەتتەك بۇرۇتى بار يىگىت مەھمۇدنى ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ كۈتۈۋالدى. ئۇ كەلگەن مېھماننىڭ ئاتىسى مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ھويلا ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ئېتىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرگەن مەھمۇد پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى لاي سۇپىلىق پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە قارىدى. يالغۇز قاناتلىق

ئشكلەر ۋە قاپقاقسىز دېرىزىلەردىن يېزا ئۆيلىرىنىڭ ئاﻻھىدىلىكى كۆرۈنەتتى. ھويلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقىرىش ئالدىدا تۇراتتى...

سەمەرقەندتىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاقبۇلاق يېزىسى باغۇبوستانلىق، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئارام ئالىدىغان سەھرا ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە سەمەرقەندلىك باي ۋە قول ـ ئىلكىدە بار موللا ۋە ئالىملارنىڭ يازدا چىقىپ دەم ئالىدىغان ھويلا ـ ئارانلىرى بار ئىدى. سەككاكىيمۇ بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ باغلىق قورۇ ـ جاينى سېتىۋېلىپ تۈزەشتۈرۈپ، قىشنى شەھەردە، يازنى بۇ يەردە ئۆتكۈزىدىغان بولغانىدى.

يالاۋاچنى باشلاپ كىرگەن يىگىت ئالىمنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى. ئۇ يەكەنگە بارغىنىدا، يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن بىر ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە ئۇنىڭ مېھرى چۈشىدۇ. يۈز ـ قوللىرى مەينەت، كۆڭلەك ـ ئىشتانلىرى كونا ۋە يىرتىق، چاچلىرى ئۆسۈپ پاخپىلاشقان ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ياشلا ئۆلۈپ، ئىگە ـ چاقىسىز كوچىدا قالغانلىقىنى بىلگەن مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئۇنى بېقىۋالغۇسى كېلىدۇ. ئايالى تېخى تۇغمىغانلىقتىن، يۈركى بالىغا زار مۇتەپەككۇر بالىنىڭ قولىقىغا قايتىدىن ئەزان ئېيتىپ: «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇپ، ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالىدۇ. ھاممامدا پاكىز يۇيۇلغان، چاچلىرى چۈشۈرۈلگەن، بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن ئايتولدى ئادەمنىڭ

زوقىنى كەلتۈرىدىغان بالا بولدى. سەككاكىي بالىنى سەمەرقەندكە ئەكەلگەندىن كېيىن، ئايالى تىللاخان ئايتولدىغا پەرۋانە بولدى، خۇددى ئۆزى تۇغقاندەك: «بالام، بالام» دەپ ئايتولدىغا شۇنچىلىك ئامراق بولۇپ كەتتى. تىللاخان ئۈچ يىلدىن كېيىن تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، بىر قىز تۇغدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككى باللىق بولۇپ قالدى. يېشىغا توشقاندا سەككاكىي ئايتولدىنى مەدرىسەگە بېرىپ ئوقۇتتى، ئۆيدىمۇ ئۆزى ئالاھىدە ساۋاق بېرىپ ئايتولدىنىڭ بىلىمىنى كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. سەككاكىي ۋە ئايالى تىللاخاننىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى ۋە ئوقۇتۇشى نەتىجىسىدە، ئايتولدى ھۆسن ۋە ئەقىلگە تولۇپ، قىزلارنىڭ كۆزىنى تارتقۇدەك، ئەل ـ يۇرت ماختىغۇدەك يىگىت بولۇپ يېتىلدى...

يالاۋاچ ئاستىغا تولدۇرۇپ ئىران نۇسخىلىق چوغدەك گىلەملەر، تام ياقىلىتىپ تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان سارايغا كىرىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ كۆزى ئەڭ ئالدىدا قاتار ئېسىلغان سازلارغا چۈشتى. تۆر تەرەپتىكى گىلەمنىڭ باش تەرىپىگە قاتار ئېسىلغان دۇتار، تەمبۇر، راۋاب ۋە ساتارلارنى كۆرگەن يالاۋاچ ھەيران بولدى.

«مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي ناخشا ـ مۇزىكىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بەرگەن ئۇستا سازەندە ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن ئوي كۆڭلىگە كەلگەن مەھمۇد، بىرھازا سازلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. سازلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئۇستىخان قويۇپ زىننەتلىنىشى قەشقەردە ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

يالاۋاچ تۆرگە ئۆتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئىشىك

ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئايتولدىمۇ تەڭلا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ مېھمان بىللە بىللە دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن، ئېگىز بويلۇق، كۆكسى كەڭ ئايتولدى قول باغلاپ مەھمۇدقا خۇش چىراي تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا: «خۇش، نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟» دېگەن مەنە ئىپادىلىنەتتى.

— ئىسمىم مەھمۇد، سودىگەرچىلىك قىلىمەن، — دېدى يالاۋاچ يىگىتنىڭ تىكىلىشىدىكى مەنىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — سەمەرقەندتىكى ئۆيۈڭلارغا بېرىۋىدىم، ھويلا - ئارانغا قارايدىغان يىگىت، سەككاكىينىڭ بۇلتۇر كۈز قەشقەرگە كەتكەنلىكىنى، تېخى كەلمىگەنلىكىنى دېدى. سىلەرنىڭ بۇ يېزىدا ئىكەنلىكىڭلارنىمۇ شۇ ئوغۇلدىن بىلدىم. ئاتىڭىز بىلەن قىلىشىدىغان بىر مۇھىم پاراڭ بار ئىدى، قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى ئۆيۈڭلارغا كېلىۋىدىم.

— مەن تازا بىلمەيدىكەنمەن. سىلى ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئانامنى قىچقىرىپ چىقاي!...

ئايتولدى چىقىپ كەتتى. يالاۋاچ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېسىقلىق تۇرغان سازلارغا يەنە بىر قارىدى. ئۇ: «بۇ سازلارنى قەشقەردىن ئەكەپتۇ، ياسىلىشى ۋە زىننەتلىنىشى خارەزىم سازلىرىغا ئوخشمايدۇ» دەپ ئىچىدە ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يۇنان، ئەرەب، تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم - پەن، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت تەلىماتلىرىنى ئىجادىي ئۆگىنىپ، كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يازغان، مىڭلىغان تالىپلارغا تۈرلۈك - تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگەتكەن بىر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مۇزىكىغا بۇنچىلىك خۇشتار ئىكەنلىكىگە

بولغان ھەيرانلىقى تېخىچىلا بېسىلمىغانىدى. مەھمۇد: «مەۋلانام بىلەن چوقۇم بىر كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن چالغان سازىنى، ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلايمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈكتى...

ئۆيگە كەڭ ئېتەكلىك زەڭگەر دوخاۋا كۆڭلەك، ئۈستىگە چۆرىسىگە چىرايلىق گۈل كەشتىلەنگەن بېغىر رەڭ پىنجەك كىيگەن، ئەللىكلەرگە يېقىنلاپ قالغان، ئوتتۇرا بوي، قاش ـ كۆزى جايىدا، تولغان ئايال كىرىپ كەلدى. مەھمۇد ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى. سەككاكىنىڭ ئايالى ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلدى. ئىككىسى سالام ـ سەھەتتىن كېيىن قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

ـــ ئولتۇرسىلا! ئولتۇرسىلا، ـــ دېدى تىللاخان مەھمۇدنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ. ئۇنىڭ قولاقلىرىدا قەشقەرنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق سوقۇلغان پەيپەيزە ھالقىسى، ئۇششاق بارماقلىرىدا كۆزلۈك ۋە كۆزسىز ئالتۇن ئۈزۈكلىرى، بىلەكلىرىدە ئالتۇن بىلەزۈكلەر چاقنايتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن يەردە، ئوڭ تەرەپ يېنىدا ئولتۇرۇپ مېھمانغا تىكىلدى.

ـــ تازىمۇ ئەنسىز جاھان بولدى. ھېلىمۇ ياخشى سەمەرقەندتىن ئاقبۇلاقتا چىقىۋاپتۇق، بولمىسا موڭغۇللارنىڭ قىلىچ ـ نەيزىسىدە باقىي ئالەمگە ئۇزاتتۇقكەن! ـــ دېدى ئايالى ئېغىر خورسىنىپ.

ـــ شۇنداق، يېزىغا چىقىۋالغىنىڭلار جاھان ئىش بوپتۇ! ـــ دېدى يالاۋاچ گەپنى نەدىن، قانداق باشلاشنى ئويلىنىپ، ـــ مېنى مەھمۇد يالاۋاچ دېيىشىدۇ، كارۋان باشلاپ سودىگەرلىك قىلىمەن، ئۆزۈم خارەزىملىك، ـــ ئۇ

ئۆزىنى شۇنداق تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، بىردەم سۆزىدىن توختىدى،— مەۋلانام بىلەن كۆرۈشىدىغان بىر مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلەي دەپ كېلىۋىدىم.

— يازغىچە يېنىپ كېلىمەن دېۋىدى، تېخىچە كەلمىدى. ئەتىمالىم، ئىشى تۈگىمىدىمىكىن؟!...— دېدى ئايال. ئۇنىڭ يوغان، قارا كۆزلىرى يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سۆيۈملۈك ئېرى ھەققىدە گەپ قىلىۋېتىپ، يۈرىكىدىكى سېغىنىش يالقۇنلىرىنى كۆزىدىن چېچىۋاتقاندەك قىلاتتى،— بىزنىڭ ئادەم،— دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تىللاخان كەڭ، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى قارا كۆزلىرىنى ئېسىقلىق تۇرغان سازلارغا تىكىپ،— ناخشا - ساز بىلەنمۇ ھەپىلىشىدۇ. ئۇ ئاۋۇ ئېسىقلىق تۇرغان سازلارنىڭ ھەممىسىنى چالالايدۇ، چالغاندىمۇ تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدۇ. ئۇ بۇ سازلارنى قەشقەردىكى ئەڭ ياخشى ساز ياسايدىغان ئۇستىغا ياسىتىپ ئەكەلدى. ھەربىرىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. مەن سەمەرقەندتىكى ئۆيىمىزدىن بۇياققا چىقىشتا، خېلى پۇللۇق نەرسىلەرنىمۇ تاشلاپ، ئۇنىڭ سازلىرىنى ئېلىۋالدىم،— تىللاخان بىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئۆتكەن ئىككى - ئۈچ يىل جەريانىدا، ئەتە - ئاخشىمى ئېيتىشىپ يۈرۈپ بىر مۇقامنى ئىشلەپ چىقتى. ھەر كۈنى مەدرىسەدىن كېلىپ تامىقىنى يەپلا باغ تەرەپكە ئۆتىدۇ. ناماز بامداتتىن كېيىنمۇ شۇ ياققا كېتىدۇ. بالىلارنىڭ دادىسى گاھى ساتارنى، گاھى تەمبۇرنى، گاھى راۋاب، دۇتار چېلىپ، مەن ئاڭلاپ باقمىغان ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. ئۇ بىر

مۇقامنى ئىجاد قىلغان. بۇ مۇقامنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا قەشقەر تەرەپلەرگە ئىككى ـ ئۈچ بېرىپ كەلدى. بۇلتۇر بۇ مۇقامنى پۈتكۈزۈپ ئۇنىڭغا «بايات» دەپ ئات قويۇپ، يەكەن تەرەپتىكى مۇقامچىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش نىيىتىدە كەتكەن. ئۇ مېڭىش ئالدىدا: «يەكەنگىلا ئەمەس، ئەزىزانە قەشقەرگىمۇ بېرىپ، ئۇ شەھەرلەردىكى مۇقامچىلاردىن پىكىر ئالىمەن» دېۋىدى. شۇڭلاشقا، كېچىكىپ قالدىغۇ دەيمەن...

مەھمۇد مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي ئايالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە بىر قېتىم ئىسقىلىق تۇرغان قىممەتلىك سازلارغا قارىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئۇيغۇرلار راستىلا ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇلغا ئامراق خەلق.» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆلمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان بىر ئۇلۇغ ئالىمى ناخشا ـ سازلارغا بۇنچىلىك ئىشتىياق باغلىغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇردۇ. ئۇترار شەھىرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئالىمى ئەبۇناسىر فارابىمۇ① ناخشا ـ مۇزىكا ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي كىتابلارنى يازغان. ئۇ ئۇلۇغمۇ قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان؛ «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ

① فارابى (780 ـــ 950) مۇزىكىشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ «كىتابۇل مۇسقۇل كەبىد» (مۇزىكا ھەققىدە بۈيۈك كىتاب)، «كالامنى مۇسقۇل (مۇزىكا توغرىسىدا)، «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» (سازەندىلەر رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلغان. تەمبۇرنىمۇ فارابى ئىجاد قىلغان، دېگەن گەپ بار.[1] فارابىنىڭ سازلارنىمۇ قالتىس چالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىبنى خەللىكان ئۆزىنىڭ «تەتىممەشۋان ۋە ئەل ھېكمە» ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە: «فارابى ئولتۇرۇشتا ساز چېلىپ ئولتۇرغانلارنى ئاۋۋال كۈلدۈرگەن، كېيىن يىغلاتقان. ئارقىدىن ھەممىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئولتۇرۇشتىن چىقىپ كەتكەن» دەپ يازغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغۇدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىملىرى ناخشا ـ سازغا بۇنچىلىك ئىشتىياق باغلىغان يەردە، ئادەتتىكى ئادەملىرى ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇلدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئوخشايدۇ...

سارايغا ئايتولدى كىرىپ، تامغا يۆلەپ قويۇلغان دۇگىلەك شىرەنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى. بايا پېشايۋاندا تۇرغان پەرىزات خۇش چىراي كىرىپ، شىرەگە داستىخان سالدى.

— بۇ قىزىم، ئىسمى مەختۇمسۇلا!...

---

① «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» غا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

# مۇھەببەت نەمۇنىسى

مەھمۇد ئاقبۇلاق يېزىسىدىن قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى يېڭىلا ناشتا قىلىپ بولۇشىغا، ئاشپەزى كىرىپ ئېگىز بويلۇق بىر ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى...

ھايال بولماي ئۆيگە ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى، پېشانىسى ۋە يۈزى كەڭ، قاشلىرىنىڭ باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى قېلىن ۋە كۆتمەك، كۆزلىرى قاپقارا، بۇركۈت بۇرۇن، چىرايى قارىراق كەلگەن، قويۇق بۇرۇتى يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىنى بىر ئالغان، بىلىنەر - بىلىنمەس قورساق سالغان قامەتلىك ئادەم ئۆيگە قول باغلاپ سالام قىلىپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم يالقۇنلايتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى يالاڭباش ئولتۇرغان مەھمۇد ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھماننى كۆرپە سېلىنغلىق تۇرغان ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە باشلاپ. چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، تېخىچىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئادەم تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئىككىسى دۇئادىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ھال - ئەھۋال سوراشتى.

مېھماننىڭ بېشىدا قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن، ئاستى قىرىغا ئىككى ئىلىك قاما تۇتۇلغان تۇماق بولۇپ، مۇۋۇتتىن تىكىلگەن كالتە پەشمەت ـ شىم ئۇستىگە خوپ كەلگەن پۇتىدىكى قونچى گۆللۈك قارا خورۇم ئۆتۈك ئالاھىدە پارقىراپ تۇرغاندى. ئۆينىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى دېرىزە ئارىلىقىدا قوش قەۋەت كۆرپە ئۇستىدە ئولتۇرغان مەھمۇد يۇزىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان مېھمانغا قارىدى.

— بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى، ئامىد جانابلىرى، مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپ قاپتىغۇ!— دېدى يالاۋاچ يۈزىگە زورىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ.

— چاغاتاي ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ئىشنى ھاۋالە قىلغانىكەن، نەتىجىسىنى بىلىپ كېلىشكە پېقىرنى ئەۋەتىۋىدى،— دېدى ئامىد ئەمدى قوش قەۋەت كۆرپە ئۇستىدە باداشقان قۇرۇپ ئەركىن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تېخىچىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قارامتۇل چىرايىدا، ئۆزىنىڭ ئۇستىدە چاغاتايغا مەسلىھەتچى — ۋەزىر بولىدىغان يەنە بىر ئادەمنىڭ بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپلا تۇراتتى،— ھەقىقەتەنمۇ،— دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مېھمان ياسالما سۆزلىرىگە كۆڭلىدىكى خاھىشنى يوشۇرۇپ،— چىڭگىزخاننىڭ بۇ تەرسا ئوغلىغا بىر دانا مەسلىھەتچىنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر، بولمىسا بۇ مىجەزى ئوسال ئات ھارۋىنى ئەپقېچىپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ.

— سىلى بولغاندىكىن، قۇتىبىدىن خاباش ئامىد جانابلىرى،— مەھمۇد قارىشىدا ئولتۇرغان مېھماننىڭ تولۇق ئىسمىنى ئاتاپ سۆزىنى باشلىدى،— سىلى

www.uyghurkitap.com

بولغاندىكىن، يەنە مەسلىھەتچى ـ پەسلىھەتچى دېگەننىڭ نېمە كېرىكى. ئۆزلىرى چاغاتايغا باش مەسلىھەتچى بولالمايدىغان ئادەم ئەمەسقۇ؟ — دېدى. يالاۋاچ خاباشنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ.

قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلانغاندەك، بىر ئاز خىيال سۈرۈپ قالغان ئامىد يالاۋاچقا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ تەبەسسۇمىدا: «راست، مەن ئىقتىدارسىز ئەمەس، چاغاتاي ياراتمىسا مېنىڭ نېمە ئامالىم بار!» دېگەندەك بىچارىلىكمۇ ئىپادىلىنەتتى.

— چاغاتاي مېنى قاراپايىم بىر سودىگەر دەپلا بىلىدۇ، — دېدى چوڭقۇر بىر خورسىنغان ئامىد كۆڭۈل سىرىنى ئاشكارىلاپ.

سۇس يورۇقلۇق چېچىپ يانغان جىنچىراغ ئۆچكەندەك، خاباشنىڭ قارىراق چىرايىدىن تەبەسسۇم يوقاپ، ئاچچىق قارا ئىس كۆتۈرۈلدى. بۇرۇن تازا بىلىپ كەتمەيدىغان بۇ ئادەمنى دەسلەپكى قەدەمدە ئاز ـ تولا بىلگەندەك بولغان يالاۋاچ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋېرىشنى خالىماي قالدى. ئۇ خاباشقا بىلگىلى كەلگەن ئىشنى دەپ يولغا سېلىۋېتىشنى ئويلىدى. مەھمۇد ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى سول كۆزىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىسىپ ئاغزىنى ئاچتى.

— چاغاتاي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مەن سەمەرقەندتە ياشايدىغان بىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرىنى ئۇنىڭغا مەسلىھەتچىلىككە لايىق كۆرۈۋېدىم. لېكىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىشەرىپى توغرىسىدا چاغاتايغا ئېغىز ئاچمىدىم. مەن تونۇگۈن ناشتىدىن كېيىن مۇھاپىزەتچى يىگىتىمنى ئېلىپ تۇرار جايىغا باردىم. بىراق، مېنىڭ

چاغاتايغا مەسلىھەتچىلىككە لايىق كۆرگەن ئادىمىم بولتۇر قەشقەر تەرەپكە كېتىپ تېخى كەلمەپتۇ.

— ئۇ زات كىم ئىدى؟ — دەپ سورىدى بىلىشكە تاقەتسىزلەنگەن ئامىد يالاۋاچقا تىكىلىپ.

— مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي!

— مەۋلانامنى مەنمۇ بىلىمەن! بىر قېتىم سەمەرقەندكە كېلىپ ھوزۇرىدا بولۇۋىدىم. مەۋلانام كۆنسىلا، چاغاتايغا مەسلىھەتچىلىككە تازا باب كېلىدۇ. گەپ ـ سۆزىدىن دانالىقى بىلىنىپلا تۇرىدۇ، مەسلىھەتچى بولسىلا چاغاتاينىڭ گۈلى ئېچىلاتتى، — دېدى ئامىد سۆز ـ چىرايىدىن سەككاكىينىڭ چاغاتايغا مەسلىھەتچى بولىدىغانلىقىدىن ھەقىقەتەن خۇشال بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— مېنىڭ هازىرقى ئەندىشەم، مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي چاغاتايغا مەسلىھەتچى بولۇشقا كۆنمەسمىكىن، دېگەندىن ئىبارەت.

— ياق، مەۋلانام كۆنىدۇ. ئۆزلىرى كۆندۈرەلەيدىلا! ئۇ ئادەمنىڭ بىر مىجەزى: توغرا گەپ بولسىلا ئاڭلايدىكەن. ئەل ـ يۇرتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىش بولسىلا، ياق دېمەيدۇ قىلىدىكەن، — دېدى ئامىد كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن خىيال ئۇچاتتى. ئامىد شۇ تاپتا مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بىلەن بىللە چاغاتاي ئوردىسىدا ئىشلەۋاتقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ھوزۇرىدا ئۆتكەندە بىر قېتىم بولغاچقىمۇ مەۋلانا سەككاكىي ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى. ئۇ بىلمەيدىغان بىرىدىن سەككاكىينىڭ مەسلىھەتچى بولۇشىنى بىردىنلا خالاپ قالدى.

— مەن داۋاملىق سەككاكىي ئائىلىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىمەن، ئۇ دانا قەشقەردىن كېلىشى بىلەن كۆرۈشۈپ جاۋابىنى چاغاتايغا يەتكۈزىمەن. شاھزادە بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسۇن. مېنىڭ بۇ سۆزۈم بىلەن سالىمىمنى چاغاتايغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ!

— بولىدۇ. مەنمۇ پات ـ پات كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ تۇرارمەن.

— يەنە بىر مۇھىم ئىش بار. مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئائىلىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر كۈمۈش دەستەك① ھەل قىلىپ بەرگەن بولساق تولىمۇ ياخشى بولاتتى. ئامىد جانابلىرى، چاغاتايغا دەپ ھەل قىلىپ بېرەلمەمدىلا؟!...

يالاۋاچ سۆزدىن توختاپ، قۇتبىدىن خاباش ئامىدقا قارىدى.

— مەن شاھزادە بىلەن سۆزلىشىپ باقاي! مېنىڭچە، ھەل بولار دەيمەن!

ئىككىسى يەنە بىرھازا پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى يىگىتى بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن چىڭگىزخاننىڭ چاپارمىنى مەھمۇدقا چىڭگىزخاننىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. ئامىد مەھمۇد بىلەن خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇردى، يالاۋاچمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىلەنلا ئۆيدىن چىقتى...

※ ※ ※

چىڭگىزخاننىڭ خارەزىمنى ئىشغال قىلىشى بىرقانچە

① دەستەك — موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئەركىن يۈرۈش بەلگىسى.

ئايدىلا تۇگىمەي، تۆت يىلغا سوزۇلۇپ كەتتى. موڭغۇل خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىمۇ خېلىلا قېرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پات ـ پات كېسەل بولۇپ، سۆيۈملۈك يۇرتى بورخان خالدۇننى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى قارار قىلىپ، مىلادىيە 1224 ـ يىلى يازدا قوشۇنلىرى بىلەن ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا كەلدى. ئۇ ئۇزۇن يولدا بىر نەرسىنىلا ئويلاپ ماڭدى:

«دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمايدىكەن، ئەۋلىيا چاڭ چۇن جېنرېن:① ‹ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بۇرۇنمۇ بولمىغان. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ› دېدى. مەن قېرىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم، يەنە قانچىلىك ياشايمەن، بۇنى كۆك تەڭرىلا بىلىدۇ. مۇشۇنچىلىك ۋاقىتمدا ئىگىلىگەن يەرلىرىمنى تۆت ئوغلۇمغا بۆلۈپ بەرگىنىم جاھان ئىشتەك قىلىدۇ...»

مىلادىيە 1224 ـ يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ كەلگەن ۋاقتى ياز ئايلىرى بولۇپ، ئېرتىش ۋادىسى تازا گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ ياپيېشىل ئالەمنىڭ قۇچىقىدا يولدا ئويلىغانلىرىنى جاكارلايدىغان كۈننىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى...

---

① چىڭگىزخان شەندۇڭلۇق ئەۋلىيالارنىڭ پىرى چاڭ چۇن جېنرېننى ئەكېلىش ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرىنى يىگىرمە قورۇقچى بىلەن سەندۇڭغا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بۇ ئەۋلىيانى ئەكېلىشتىكى مەقسىتى، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئىدى.

يېشىل ئوتلاقتا سىلىنغان گىلەم ۋە كۆرپىلەردە ئولتۇرغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، قوشۇنلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك سەركەردىلىرى قاتار تىزىلىپ سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى. «يېڭىلمەس ھۆكۈمران» شىمال تەرەپتە ــ ئۆزىنىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان يۇمىلاق، كەڭ تەختە ئورۇندۇقىدا مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئىككى مۈرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن ئىككى ئۆرۈمە چېچى تېخىمۇ ئاقىرىپ، ئېگىسىنىڭ قىرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دۇنيانىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنى بويسۇندۇرغان بۇ ھۆكۈمراننىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىدا يەنىلا ئۇرۇش قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ توققۇز① قۇيرۇقلۇق بايرىقىنى دۇنيا ئۈستىدە لەپىلدىتىش ئارزۇ ــ ئىستىكى يالقۇنلايتتى.

قېرىپ قالسىمۇ يەنىلا تۇرقىدا ئىرادە ۋە ئىشەنچ جۇشقۇنلاپ تۇرغان خاقانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆت ئوغلى باداشقان قۇرۇپ، ھەربىي كىيىملىرىدە كۆكرەكلىرىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. مەيلى ئاتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان جۇجى بىلەن چاغاتاينىڭ كۆزلىرىدە بولسۇن، سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۇگەداي بىلەن تولۇينىڭ كۆزلىرىدە بولسۇن، ئوخشاش بىر نۇر ــ ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى سادىقلىق بىلەن داۋاملاشتۇرىدىغان كۈچلۈك نۇر يالقۇنلايتتى.

ئاسمان زەڭگەر رەڭدە، شەرق تەرەپتىن چىقىپ، خېلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىغا چۈمۈلگەن كۆكتە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى. دەريا تەرەپتىن

---

① توققۇز سانى موڭغۇللاردا مۇقەددەس سان ھېسابلىنىدۇ.

كېلىپ يېنىك ئۇچۇۋاتقان لەرزان شامال ئېگىز ئۆسكەن گۈل - گىياھلارنىڭ خۇش ھىدىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. چىرايلىرى سىڭىپ پىشقان پوم ناندەك قىزارغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەرنىڭ تاۋار - دۇردۇن، دۇخاۋا تونلىرى ۋە جەڭ كىيىملىرىدىن «ۋال - ۋۇل» نۇر قايناتتى.

موڭغۇللارنىڭ تىرىك سۇلدىسى[1] يۆتىلىپ سۆز قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى چاقناپ چىرايى يالقۇنلاپ كەتتى.

— بۈگۈن ئۇلۇغ خانلىقىمىزنىڭ يەنە بىر قۇرۇلتىيىنى ئېچىۋاتىمىز. مەن قۇرۇلتايدا ھەل قىلىدىغان مەسىلىنى دېيىشنىڭ ئالدىدا، سىلەرگە خارەزىم دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇش جەڭلىرىدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۇر بىلدۈرىمەن!

ئۇ سۆزدىن توختاپ بىردەم تۇرۇۋالدى، ھاياجىنىنى بېسىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازىدا قېرىپ قالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىش ئىپادىلىنەتتى.

— خارەزىمدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە بىر ئىشنى ئويلاپ كەلدىم. مەن مەڭگۈلۈك ئادەم ئەمەس، مەنمۇ ئۆلىمەن! ھازىر قېرىپ قالغىنىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن، كېسەلچانمۇ بولۇپ قالدىم. بۇرۇنقى جاسارەت ۋە جەسۇرلۇقلىرىم تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، يۈرىكىم قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە مۇڭلانماقتا. ئىز

---

[1] موڭغۇللارنىڭ جەڭ تەڭرىسىنىڭ ئىسمى — سۇلدى.

باسارىم خارەزىمگە مېڭىشنىڭ ئالدىدا بېكىتىلگەن بولسىمۇ، بىز ئىگىلىگەن بۇنچىۋالا چوڭ زېمىننى بىر خانلىق باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. مەن بىر چوڭ خانلىق ئاستىدا بىرقانچە كىچىك خانلىقلارنىڭ بولۇشىنى توغرا تاپتىم. رەسىم - قائىدە بويىچە بارلىق زېمىنىمنى تۆت ئوغلۇمغا بېرىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن زېمىندا خان بولۇپ، ئۆز خانلىقىنى باشقۇرىدۇ. بۇ كىچىك خانلىقلارغا باش موڭغۇل خانلىقى رەھبەرلىك قىلىدۇ. كىچىك خانلىقلارنىڭ خانلىرى چوڭ خانلىقنىڭ خانىغا بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدۇ. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ھەممىسى ئۆز قوشۇنلىرىنى چىقىرىپ، بىر مۇشتتەك ئۇيۇشۇپ جەڭگە قاتنىشىدۇ...

چىڭگىزخان چارچاپ قالغاندەك سۆزىدىن توختىدى. ئۇ ئالدىدىكى شىرەدە تۇرغان ياغاچ ساپتاياقتىكى قىمىزغا قول سوزۇۋىدى، كەينىدە تۇرغان ئوغلان دەرھال شىرە يېنىغا كېلىپ، ساپتاياقتىكى قىمىزنى يوغان ياغاچ قوشۇقتا سوروپ، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ، ئېگىلىپ خاقانغا تۇتتى. تومپىيىپ چىققان ئىككى مەڭزى ئانارەدەك قىزىرىپ تۇرغان ھۆكۈمران ياغاچ ساپتاياقنى قولىغا ئېلىپ قىمىزدىن بىرقانچە ئوتلام ئىچتى. ئۇ قاراپ تۇرغان ئوغلانغا ساپتاياقنى بېرىپ، چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن ئىگىلىگەن زېمىنلارنى تۆت ئوغلۇمغا تۆۋەندىكىدەك بۆلۈپ بېرىشنى ئويلىدىم. چوڭ ئوغلۇم جۇجىغا پۈتۈن قىپچاق دالاسى بېرىلىدۇ. ئىككىنچى ئوغلۇم چاغاتاي بالقاش كۆلى ئەتراپى، يەتتەسۇ رايونى،

ماۋرەئۈننەھر رايونى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىنى باشقۇرىدۇ. ئۈچىنچى ئوغلۇم ئۆگەداي پۈتۈن موڭغۇل خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار بۆلۈپ بېرىلىدۇ.[1] كىچىك ئوغلۇم تولى مىللىتىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە ئاتا ئۆيىگە ۋارىس بولىدۇ. ئۇ ئورخۇن، سېلېنگا، قاراقۇرۇم، بورخان خالدۇن ئەتراپلىرىدىكى موڭغۇل يايلاقلىرىنى باشقۇرىدۇ! مېنىڭ دەيدىغانلىرىم تۈگىدى. دېگەنلىرىم بويىچە بولسا بولامدۇ، يوق، مۇزاكىرە قىلىپ بىرلىككە كېلىشكىلارنى سورايمەن!

چىڭگىزخان سۆزدىن توختاپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان قۇرۇلتاي ئەھلىگە قارىدى.

چىڭگىزخاندىن كېيىن خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن بىرقانچىسى، ھەربىي سەركەردىلەردىنمۇ بىرقانچىسى سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ھۆكۈمراننىڭ ئىگىلىگەن زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىشىگە ۋە ئۇنىڭ بۆلگىنىگە قوشۇلدى.

※ ※ ※

ئىش ئوڭغا تارتسا چىگىچلەر ئاسانلا ھەل بولىدۇ.

---

[1] ئۆگەدايخان ئېمىلنى (ھازىرقى دۆربىلجىن ناھىيەسىنى) پايتەخت قىلىپ شۇ يەردە تۇردى. مىلادىيە 1310 ـ يىلى ئەتراپىدا ئۆگەداينىڭ نەۋرىسى قايدۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ زېمىن چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋېلىندى.

ئىش ئوڭغا تارتمىسا قىيىنلىشىپ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ ياكى ھەل بولمايدۇ. بۇ يەردە «ئوڭغا تارتمىسا» دېگىنى «ياخشىلىققا تارتسا» دېگەن مەنىنى، «تارتمىسا»، (سولغا تارتسا) دېگىنى، «يامانلىققا تارتسا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىدا: «جەننەت ئوڭ تەرەپتە، جەھەننەم سول تەرەپتە بولىدۇ» دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئوڭ تەرەپنى ئەتىۋارلاپ، ئوڭ پۇتىنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىدۇ، ئوڭ يېنى بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئوڭ قولى بىلەن ئىش قىلىدۇ... ئۇلار ئوڭنى — جەننەت تەرەپنى ياخشىلىقنىڭ، سولنى — جەھەننەم تەرەپنى يامانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىدۇ. ئوڭ ۋە سولنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ ئېلىشى، دەل ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى «ئوڭ تەرەپتە جەننەت، سول تەرەپ دوزاخ» دېگەن قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

چاغاتاي مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ ئىسمىنى مەھمۇد يالاۋاچتىن ئاڭلىغان كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. چاغاتاي سەككاكىينى تېپىپ، قۇرۇلىدىغان خانلىقنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ داناغا ئېرىشىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

چاغاتاي ئاتىسى چىڭگىزخان بىلەن بىللە خارەزمىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، ئامىدنى سەمەرقەندتە قالدۇرۇپ، قەشقەردىن كېلىشى بىلەن سەككاكىينى بىللە ئېلىپ بېرىشنى تاپىلىدى. لېكىن، ئامىد بىر ياز كۈتكەن بولسىمۇ، ئالىم قەشقەردىن يېنىپ كەلمىدى. ئۇ ئايالى تىللاخانىنىڭ قەشقەرلىق تونۇش سودىگەر ئۆز يۇرتىغا

www.uyghurkitap.com

قايتقاندا، ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرىنى بىلمەيتتى.

تىللاخان ئۆيىگە كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق، بومبا ساقاللىق سودىگەرگە داستىخان سېلىپ، تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن چاي قىلدى، سەككاكىي — سۆيۈملۈك ئېرىگە يەتكۈزىدىغان يۈرەك سۆزلىرىنى دېدى:

— مەھمۇد يالاۋاچ دېگىنىمۇ، قۇتبىدىن خاباش ئامىد دېگىنىمۇ بىرقانچە قېتىم بالىلارنىڭ دادىسىنى ئىزدەپ كەلدى. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئىككىلىسى موڭغۇللارغا خىزمەت قىلىدىكەن. ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى كىم بىلىدۇ؟! ئۇلارنىڭ بىرقانچە قېتىم بالىلارنىڭ دادىسىنى قەشقەردىن كەلدىمۇ دەپ سۈرۈشتۈرۈپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. نۇرغۇن ئۇلۇغلار موڭغۇللارنىڭ قىلىچىدا قانغا بويالدى. ياۋايىلار ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلەمدۇ؟! بالىلارنىڭ دادىسىنى بىر كۆڭلى قارا، كۆرەلمەس چاقىقان بولسا، ھېلىقى ئىككى تىلى شېكەر، دىلى زەھەرلەر ئالداپ ئاپىرىپ موڭغۇللارغا تۇتۇپ بېرەمدىكىن دەپ قورقۇپ قالدىم. ھازىرغىچە، ئەزىزىمنىڭ كەلمىگىنى ياخشى بولدى. سىلىگە دەيدىغىنىم، ئانا يۇرتقا بېرىپلا ئىزدەپ - تېپىپ مېنىڭ دېگەنلىرىمنى تولۇق يەتكۈزسىلە! ناۋادا، ئۆتۈشۈپ كەتمەي يولدا ئۇچراپ قالسا، يەكەنگە ياندۇرۇپ ئەكەتسىلە! يەنە بىر قىشنى ئەزىزىم يەكەندە ئۆتكۈزسۇن! كېلەر يىلى باھاردا خۇدايىم بۇيرۇسا يېنىپ كېلەر! — چىرايلىق ئايال سۆزدىن توختاپ، ئالدىدىكى تاۋلىنىپ قالغان چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— ناۋادا، بىرەر ئېنىق خەۋەر - خەتەر ياكى شۇم خەۋەر ئاڭلىسام، دەرھال يەكەنگە خەۋەر يەتكۈزىمەن. لايىق ئادەم

www.uyghurkitap.com

تاپالمىسام ئۆزۈم بارىمەن يا ئايتولدىنى ئەۋەتىمەن. كېلەر باھارغىچە يۇرتتا تۇرۇپ تۇرسۇن!— تىللاخان ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان مېھىر - مۇھەببەتتى بىلەن بەزى سۆزلەرنى يېنىش - يېنىش تەكىتلىدى...

بۇ ئەھۋالنى چاغاتاينىڭ پەرمانى بىلەن قەشقەردىن كېلىدىغان سەككاكىينى ئەكەتكىلى سەمەرقەندتە قالغان قۇتبىدىن خاباش ئامىد بىلمەيتتى.

ئامىد سەمەرقەندتە بىر ياز تۇردى. ئالىم قەشقەردىن يېنىپ كەلمىدى. ئۇ تىللاخاننىڭ يېنىغا نەچچە باردى. ۋاپادار ئايال ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ:

— مەنمۇ بىلمەيمەن، ئەنسىرەپ قالدىم. ئەسلىدە باھاردىلا كېلىشى كېرەكتى، ھازىر ياز چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. بىرەر خەۋىرىمۇ يوق. نىمە بولدىكىن، ئاغرىپ - تارتىپ قالدىمىكىن؟ ئۇ تەرەپلەرگە بارىدىغان ئادەملەرمۇ ئازلاپ كەتتى. كېلىدىغانلار يوق دېيەرلىك، ئۆتكەندە قەشقەردىن بىرەيلەن كېلىۋىدى، ئالاھىدە ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشتۇم. لېكىن، ئۇ ئادەم بالىلارنىڭ دادىسىنى بىلمەيدىكەن. ئىچىم قايغۇ - ھەسرەتكە تولۇپ يېنىپ كەلدىم،— دەپ غەم - ئەندىشە بىلەن سۆزلەپ ئامىدنى يولغا سالاتتى...

ياز تۈگەپ كۈز خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئالتۇندەك سارغايغان كەڭ دالانى ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ چوغدەك شەپىقى جۇلالاندۇرغان مەزگىلدە قۇتبىدىن خاباش ئامىد قايتىپ كەلدى. پېشانە ۋە يۈزى كەڭ، قامەتلىك بۇ ئادەم چاغاتاينىڭ ھەشەمەتلىك ئاق كىگىز ئۆيىگە كىرىپ، تاپسىدىلا قول باغلاپ بېشىنى ئېگىپ توختىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تەق - تۇرقى ۋە روھىي

هالىتىدىن كۆچلۈك خۇشامىتى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تۆرىدە قوش قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە، قوش ـ قوش تەكيىلەرگە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈۋاتقان غوجىسىغا سالام قىلغان ئامىد چاغاتاينىڭ ئاغزىغا قاراپ تاپىسىدا بىرھازا جىمجىت تۇرۇپ قالدى.

بىرئازدىن كېيىن ئامىدنىڭ كىرگەنلىكىنى ئەمدى سەزگەندەك، چاغاتاي ئېرەنسىزلىك بىلەن خاباش ئامىدقا قارىدى.

— قېنى، بۇياققا چىق! — دېدى چاغاتاي بۇيرۇق ئاھاڭى بىلەن ئۆزىگە ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قاراپ تۇرغان ئامىدقا تىكىلىپ.

ئامىد باغلانغان ئىككى قولىنى يېشىۋەتمەي، ئەگكەن بېشىنى تۈزلىمەي مېڭىپ، چاغاتايدىن خېلىلا بېرىدا يان تەرىپىدە ئولتۇردى.

— سەمەرقەندتىن ھازىرلا كېلىشىم! — دەپ سۆز باشلىدى ئامىد خانغا يۈز ـ كۆز، پۈتۈن تەق ـ تۇرقىدىن سادىقلىقىنى ئىزھار قىلغانچە، — دانىشمەنىنى بىر ياز كۈتتۈم، كەلمىدى. قەشقەر تەرەپكە بېرىشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن، سىز بىلەن بۇ ھەقتە كېلىشىۋالمىغانلىقىمدىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بېرىشنى خالىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئالدىلىرىغا يېنىپ كەلدىم. بۇياققا يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا مەھمۇد يالاۋاچنى تېپىپ ئۇنىڭغا جېكىلەپ قويدۇم. دانا قەشقەردىن يېنىپ كەلسىلا، — ئۇ سۆزدىن توختاپ، چاغاتاينىڭ ئىسمىغا خان سۆزىنى قوشۇپ دېيىشنى يادىغا ئالدى، — چاغاتاي خاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىڭ دەپ تاپىلاپ كەلدىم.

— سۆزلىرىڭگە ئىشىنىمەن! — دېدى چاغاتاي ئامىدقا

ئوچۇق چىراي قاراپ، بۇنىڭدىن ئامىدنىڭ يۈرىكى سۇ ئىچكەندەك يايراپ كەتتى، — بولدى، چىقىپ دەم ئالغىن. جاپا چەكتىڭ. دانا كەلسىلا مەھمۇد ئەكېلىدۇ. كەلمىسە يەنە بىر بارارسەن. مەن كۆرمەي تۇرۇپ تەرىپىنى ئاڭلاپ بۇ ئۇيغۇر داناسىغا قىزىقىپ قالدىم. چوقۇم قۇرۇلىدىغان ئۇلۇغ ئوردامغا ئەكېلىپ ئۆزۈمگە باش مەسلىھەتچى قىلىمەن!...

چاغاتاي، گەپ تۈگىدى دېگەندەك، ئۆز ئورنىدىلا سوزۇلۇپ يېنىچە ياتتى. ئامىد بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى بىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قول باغلاپ بېشىنى ئېگىپ، كەينىچە ئىشىك تەرەپكە يول ئالدى...

※ ※ ※

كۆيۈك ياز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، سالقىن تارتىۋاتقان كۈز ئايلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ ۋاپادار ئايالى ئېرىنى سېغىنىپ پىژغىرىم يازنى ئوغلى ئايتولدى، قىزى مەختۇمسۇلا بىلەن بىللە ئاقبۇلاقتا ئۆتكۈزدى...

سەمەرقەند بىر ئاز تىنچلانغاندىن كېيىن، تىللاخانلار كۆزگە يېقىن سەمەرقەندتىكى ھويلىسىغا قايتىپ كەلدى. ئادەم قانچىلىك قايغۇ ـ ھەسرەت چەكسۇن، ئاتا ـ ئانا، ئوغۇل ـ قىز، قوۋم ـ قېرىنداش، ئەڭ يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ يۈرەك باغرى پارە ـ پارە بولۇپ كەتسۇن، ئۇ يەنىلا ياشىشى، ئۆز ھاياتىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ تىرىكچىلىك قىلىشى كېرەككەن! بېشىدىن بىر قېتىملىق دەھشەتلىك

قىيامەتنى ئۆتكۈزگەن قەدىمىي شەھەر ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ھايات يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆز يولى بىلەن شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىشقا باشلىدى.

قۇتبىدىن خاباش كەتكىنىگە ئون نەچچە كۈن بولغاندا، سەمەرقەند تېرەكلىرى بېشىدا قىزىل شەپەق گۈلگۈنلىشىپ جۇلالانغاندا، مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. پېشايۋاندا پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، ئېرىنى سېغىنغان تىللاخان خىيال سۈرۈپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى چوغدەك قىزارغان بۇلۇتقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ جەرەن قاشقا يورغىسىدىن چۈشمەيلا، بىر قانىتى ئۇچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ئېرىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. پېشايۋاندىن ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان بەختلىك ئايال:

— ئايتولدى! مەختۇمسۇلا! ئاتاڭلار كەلدى! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر ۋاپادار ئايالنىڭ ئۇزاق ئايرىلغان ئېرى بىلەن دىدارلاشقاندىكى ھاياجان، خۇشاللىق، بەخت، مۇھەببەت قاتارلىق ئەڭ گۈزەل ھېسسىياتلىرى ئۇرغۇپ تاشاتتى.

ئۆيدىن ئېگىز بويلۇق، قۇندۇزدەك قارا بۇرۇتى بار، كۆزلىرى لاچىن كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان ئايتولدى بىلەن پەرىزاتتەك چىرايلىق مەختۇمسۇلا ئۇچقاندەك چىقتى. ئۇلار پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ، جەرەن قاشقىدىن چۈشۈۋاتقان ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايتولدى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوغۇللۇق مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تەمبۇرنىڭ تارىدەك تىترەپ چىقتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى تولۇق تەلەپپۇز بىلەن يەرگە چۈشۈپ بولغان ئالىم. چۆرىسىدە كۆزلىرىدىن ۋاپادارلىق يېشى ئېقىۋاتقان ئايالىغا، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايلىق قىزىغا ۋە قەددى - قامەتلىك ئوغلىغا ئاتىلىق مېھرى بىلەن تىكىلىپ.

سەككاكىي ئېگىز بويلۇق، مۇرىلىرى كەڭ، بەستلىك ئادەم بولۇپ، بېشىغا قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن، ئاستىغا ئىككىلىك كەشتىلىكتە قاما تۇتۇلغان تۇماق، ئۈستىگە قارا مۇۋۇت پەشمەت كىيىپ، بېلىنى قارا پوتىدا باغلىغان، پۇتىغا قونچى گۈللۈك قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى، سۆڭەكى سەل - پەل پۈلتىيىپ چىققان ئىككى مەڭزى، قارا ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى، ئالاھىدە بىر خاسىيەت، بىر سېھىر چاقناپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوپمۇئوخشايتتى. مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى. ئۇ قەشقەردىكى چېغىدا: «بۇخارا، سەمەرقەندتىكىلەر قىرىپ تاشلىنىپتۇ. بىرمۇ تىرىك جان قالماپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يىغلىۋەتتى. تاراملاپ ئاققان يېشى قاپقارا ساقىلىغا چۈشۈپ يەرگە تامدى. بۈگۈن ئۇ قەدىردان ئايالىنى، سۆيۈملۈك قىزىنى، كۆيۈمچان ئوغلىنى كۆرگەندە، تۆمۈردىن سوقۇلغان ئادەم بولسىمۇ، خۇشال بولماي تۇرالامدۇ؟!

ئايتولدى ئاتىسىنىڭ قولىدىن جەرەن قاشقىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ هويلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئېغىلغا يېتىلەپ كەتتى. ئۇ تېخى تەرى قۇرۇمىغان ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ، ئىككى بېشى تومپايغان ئېغىر گىلەم خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئايتولدى چىققاندا ئالىم ئايالى ۋە قىزى مەختۇمسۇلا بىلەن پېشايۋانغا چىقىپ، ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

دەل ـ دەرەخلەر ئالتۇن رەڭگىگە كىرىپ، كەچكى شەپەقتە چوغلىنىپ جۇلالىناتتى. كەچ كۇز باشلانغان بولسىمۇ، سەمەرقەند تېخى قىشتىن يىراقتەك كۆرۈنەتتى. ئەتە ـ ئاخشىمى هاۋا ئازراق سوۋۇسىمۇ، كۈندۈزى يەنىلا ئىسسىق ئىدى.

ئېڭىكىنىڭ ئىككى تەرىپىنى قاپلىغان قارا ساقىلىغا بېرىپ تۇتىشىدىغان قارا ۋە قويۇق بۇرۇتى سەككاكىينى تېخىمۇ هەيۋەتلىك ۋە غۇرۇرلۇق قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ دالان ئۆيگە كىرىپ، ئۇستىگە تولدۇرۇپ گىلەم، تام ياقىلىتىپ دۇخاۋا كۆرپىلەر سېلىنغان ياغاچ سۇپىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، شىمالىي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

تىللاخان قول باغلاپ ئېگىلىپ:

— تىنچ ـ ئامان كەلدىلىمۇ؟! — دەپ قىزغىن هال ـ ئەهۋال سورىدى. زىلۋا بويلۇق مەختۇمسۇلا ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاهۇنىڭ كۆزىدەك قاپقارا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ئاتىسىغا تويماي قارايتتى. ئوچۇق تۇرغان قوش قاناتلىق ئىشىكتىن ئايتولدى كىرىپ، خۇرجۇننى پەسكىلا، تامنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئىككى قولىنى يەنە بىر قېتىم باغلاپ هۆرمەتلىك ئاتىسىغا سالام ـ سەهەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئىناق ۋە بەختلىك ئائىلىنىڭ ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىز تۆت ئەزاسى تىنچ ـ ئامان دىدارلاشقانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىق ۋە بەختكە چۆمۈپ، كۆڭۈللىرىدە جۇشقۇنلانغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتلىرىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي، بىر ـ بىرىگە ھاياجان ئىچىدە قارىشاتتى...

※ ※ ※

ئاستىغا قارا قەلەيدىن ياسالغان «پەتنۇس» قويۇلغان سۇپىنىڭ قىرىدىكى تەكىيە مەش ئۆي ئىچىنى ئىسسىتىپ، ئالدىدىكى تۆشۈكلىرىدىن كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنىڭ يورۇقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

بېشىغا ئاق بۆك، ئاق كۆڭلىكى ئۈستىگە قارا پىنجەك كىيگەن مۇتەپەككۇر قوش قەۋەت كۆرپىدە، چىلان رەڭگىدىكى شىرە يېنىدا ئولتۇرۇپ، باش كۆتۈرمەي قومۇش قەلىمىنى ئاق قەغەز ئۈستىدە يورغىلىتىۋاتاتتى. ئۇ ئارىلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قارا ۋە ئۆسكىلەك قاشلىرى تېگىدىكى بىر خاسىيەت، بىر سېھىر باردەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن خىيال چېچىپ تۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى ۋە ئويلانغان قىياپەتتە تۇرۇش ھالىتىدىن تەپەككۇر تۈگمىنىنىڭ گۈرۈلدەپ تازا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە قومۇش قەلىمىنى ئاق قەغەز ئۈستىدە شىتىرلىتىپ چاپتۇرۇپ، بولاق سۈيىدەك قايناپ چىقىۋاتقان پىكىرلىرىنى يېزىشقا باشلىدى.

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېتىپ يېزىۋاتقان «معتاح العلوم» (مىفتاھۇل ئۇلۇم — ئىلىملەر ئاچقۇچى)[1] دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرى قالغانىدى. ئۇ يەكەندىن قايتىپ كېلىپ ئائىلە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، خاتىرجەم بولۇپ تۈگىمىگەن قىسمىنى يەنە يېزىشقا باشلىدى. ئۇ بۈگۈن ناشتىدىن كېيىن ھويلىدا بىردەم ئايلىنىپ، يازىدىغان قىسىمنىڭ مەزمۇنلىرىنى بېشىدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ ئۈستىدىكى پەشمىتىنى سېلىپ، شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەل - يۇرتىغا بولغان قايناق مۇھەببىتى بىلەن قومۇش قەلىمىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ تۈنۈگۈن كىتابىنىڭ «مەئانى (مەنىلەر توغرىسىدىكى ئىلىم) ھەققىدە» دېگەن ئونىنچى بابىنى يېزىشقا باشلاپ، بىرقانچە ۋارىقىنى ئەۋلادلارغا دەرس بولىدىغان[2] مەزمۇنلار بىلەن تولدۇرۇپ چىقتى[3].

تۈنۈگۈن يازغانلىرى تۆۋەندىكىدەك باشلىناتتى:

«‹مەئانى› شۇنداق ئىلىمدۇركى، بۇ ئىلىم گەپ - سۆزنى ئەھۋالغا تەتبىقلاپ، شارائىتقا ماسلاشتۇرۇپ، پاساھەتلىك سۆزلەشكە قادىر قىلىدۇ.

---

① بەزى كىتاب ۋە ماقالىلەردە «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى)، بەزىلىرىدە «مەتلىئىل ئۇلۇم» (ئىلىم مەنبەسى) دېيىلگەن.

② ئالىمنىڭ «مىفتاھۇل ئۇلۇم» دېگەن بۇ مەشھۇر كىتابى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدرىسەلىرىنىڭ ئاساسىي دەرسلىكى بولۇپ، 700 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى.

③ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! سىزنى سەككاكىي كىتابىنىڭ ئونىنچى بابى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئالىم، بۇ كىتاب ھەققىدە ئېنىق بىر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، رومانىمغا كۆچۈرۈپ ئالدىم.

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي مەئاننىڭ تۈپ نېگىزى ماقالە ـ تەمسىلنى ئەھۋالغا تەتبىقلاشتا زېھنىن (تەپەككۇر) نى خاتادىن ساقلاشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە ئەھۋالغا تەتبىقلاش دېگىنىمىز: گەپ ـ سۆزنى (ماقالە ـ تەمسىلنى) مۇقام (زامان، ماكان)نىڭ ھالىغا ماس، توغرا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر.

بۇ ئىلىمنىڭ تۈپ مەقسىتى: سۆزلىنىۋاتقان گەپ، يېزىلىۋاتقان ئەسەرنىڭ تىلى ئورۇنغا مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشتۇر. مەسىلەن: تەبرىكلەش ۋاقتىدا تەزىيە، تەرغىب قىلىش ۋاقتىدا قورقۇتۇش ياكى بولمىسا گۇمانلىنىشنىڭ ئورنىغا جەزملەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىش ئورنىغا ئىقبال توغرىسىدا سۆزلەش، مانا بۇلار ئىلمىي مەئانىغا خىلاپ بولۇپ، مەئانى بۇ خىل خاتا تەپەككۇردىن ساقلاپ قالىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولسۇنكى، ئۈچ خىل ئىلىم بولۇپ (ئىلمىي مەئانى، ئىلمىي بايان، ئىلمىي بەدىئىي) بۇ ئۈچىنى ئالىملار بالاغەت ئىلىملىرى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ ئۈچ خىل ئىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

ئىلمىي مەئانىنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئەسەرنىڭ ئەھۋالغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغان ياكى تەتبىقلانمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ.

ئىلمىي بايانىنىڭ ئالاھىدىلىكى — زاھىر مەنە (ئاشكارا، ئوچۇق مەئنا) دىن مۇراد بولغان مەنە (كەلگۈسىدىكى ئارزۇ ياكى ئۆتمۈشتىك قاراش)گە ئەقىل ـ تەپەككۇرنى يۆتكەيدۇ.

ئىلمىي بەدىئىينىڭ ئالاھىدىلىكى — مۇراد بولغان مەنىلەرنىڭ زىننەتلىرىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەرەب ئالىملىرىنىڭ پېشقەدەملىرى يۇقىرىقى «ئۈچ ئىلىمنىڭ مەقسىتى ئورتاق بولغاچقا، ئۇلاردا پەرق ــ تاپاۋەت يوق» دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا «پاساھەت بىلەن بالاغەت ئايرىم مەنىلىك ئىككى سۆز ئەمەس، بەلكى بىر سۆز» دەپ گۇمان قىلىدۇ.

ئەمما، كېيىنكى ئالىملار، مەسىلەن، سەككاكىي، سىراجى ئالىدىن قاتارلىقلار بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمايدۇ. ئۇلار ئىلمىي مەئانى ۋە ئىلمىي بايانىنى بالاغەتنىڭ سەنئەتلىرىدىن، ئىلمىي بەدىئىينى بولسا، بالاغەتنى تولۇقلاشقا دائىر بىلىم ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ پىكرى مۇنداق: بۇ ئۈچ ئىلىمدە پەرق بار. چۈنكى، يۇقىرىقى قائىدىلەرنى بىلىش ئىلمىي مەئانىنىڭ كۆرسەتمىسى بولسا، دالالەت قىلىش ــ ئىلمىي بايانىنىڭ، ماقالە ــ ئەسەرنى زىننەتلىك ۋە روشەن قىلىش ــ ئىلمىي بەدىئىينىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. بۇلا ئەمەس، يەنە پاساھەت بىلەن بالاغەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ روشەن پەرق ــ تاپاۋەت باردۇكى ــ بالاغەت مەئانىنىڭ سۈپىتى بولسا، پاساھەت لەۋزى (سۆز) نىڭ سۈپىتىدۇر.

بىلىڭكى، سۆزنىڭ چىرايلىق بولۇشى ئىككى خىلدۇر. بۇنىڭ بىرى، زاتى چىرايلىق؛ ئىككىنچىسى ئەرزى چىرايلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

زاتىدىكى چىرايلىق بولۇش پاساھەتلىك لەۋز (گەپ ــ سۆز) ۋە بالاغەتلىك مەنىلەر ماسلاشقاندىن ئىبارەت.

قانداق بولغاندا سۆز پاساھەتلىك بولىدۇ؟

گەپ ــ سۆزلەر، سوئال ــ جاۋابلار قائىدىگە مۇۋاپىق بولسا، ياۋايى (غەيرىي) سۆز ئىشلىتىلمىگەن بولسا ۋە ئۇ

سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەت كىتابىدىن ئاختۇرسا بىلگىلى، چۈشەنگىلى بولسا... مانا بۇنداق سۆزلەر پاساھەتلىك سۆزلەردۇر.

قانداق قىلغاندا سۆز بالاغىتىگە يەتكەن بولىدۇ؟

گەپ ـ سۆزلەر مەنە جەھەتتىن مەقسەت ـ مۇددىئاغا لايىق بولسا، ماكان ـ زامان (ئورۇن) غا مۇناسىپ بولسا... مانا بۇ بالاغەتلىك سۆزدۇر.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنى زاتى چىرايلىق سۆزلەرنىڭ سۈپىتى. ئەمدى ئەرزى چىرايلىق سۆزلەر توغرىسىدا يازىمىز.

ئەرزى چىرايلىق دىگەن نىمە؟

بۇ ماقالە ـ ئەسەردە ياخشى ۋە شىرىن سۆزلەرنى، مۇناسىپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە رىئايە قىلىش، جۈملىدىن، تىلىنىڭ سەنئەتلىرى (گۈزەللىكى)نى ئاشكارىلاش دىمەكتۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزىدە، ماقالە ـ ئەسىرىدە ھۆسن ۋە ھۆسنى ئەرزى (چىرايلىق ئاڭلىنىش) تەرپىگە بايە قىلىنغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ سۆزى پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك سۆز دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ.»

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي بۈگۈن ئاخشام يازغانلىرىنىڭ داۋامىنى يېزىۋاتاتتى. ئۇ گاھ يېزىپ، گاھ توختاپ ئويلىنىپ بىرىنچى ۋاراقتىن ئىككىنچى ۋاراققا، ئىككىنچى ۋاراقتىن ئۈچىنچى ۋاراققا، گويا دۆڭلەردىن دۆڭلەرگە ئۆتكەندەك ئۆتتى. ئەمدى مۇتەپەككۇر ئالىم تۆتىنچى ۋاراققا دىلىنى تىلى بىلەن چۈشۈرۈۋاتاتتى. تىل دەل دىلنىڭ ئۆزى، دىل قانداق بولسا، تىلمۇ شۇنداق بولىدۇ. تۆمۈردىن قىزىل قان،

بۇلاقتىن سۇزۇك سۇ چىققاندەك، قارا دىلدىن قارا سۆز، ئاق دىلدىن ئاق سۆز، بىلىملىك دىلدىن بىلىم، بىلىمسىز دىلدىن كېكىرىك چىقىدۇ. تىل شۇڭلاشقا دىلنىڭ ئىپادىسى.»

ئالىم يېزىۋەرسۇن! ئالدىنقى ئۈچ ۋارىقىدىن يازغانلىرىنى تۈنۈگۈن يازغانلىرىغا ئۇلايلى، تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن، ئەجدادلار تەجرىبە - ساۋاقلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە غەيرەت - شىجائىتى بىرلەشكەندىلا، ئاندىن يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

«ماقالە - ئەسەر تىلىنى پاساھەتلىك لەۋز ۋە بالاغەتلىك مەنىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان بۇنداق بىرقانچە خىل ئامىللار بار:

بىرىنچى، تەركىبنىڭ ئاجىزلىقى، يەنى، سۆزنى پاساھەت ھەم بالاغەت ئەمەللىرىگە خىلاپ كەلتۈرۈش. (پاساھەت ھەم بالاغەتكە زىت، نامۇۋاپىق ئىشلىتىش)

ئىككىنچى: سۆزگە خەلەل يەتكۈزۈش، يەنى نۇقسانلىق سۆز ئىشلىتىش. مەسىلەن، شائىر دېدى:

‹نەقدى بىھتەرزى نېسيەئى بىسىيار.›
(تولا نېسىدىن نەق ياخشى.)

بۇ مىسرادا خەلەل (نۇقسان) باركى، ئەسلىدە: ‹نەق ئاز بولسىمۇ، تولا نېسىدىن ياخشى›، دېيىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ‹تولا نېسى› دېگەن سۆز مەنە جەھەتتىن ‹ئاز› دېگەن ئىبارىنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن، شائىر مىسرانىڭ

تەلپىدىكى لەۋزىنى تەرك ئەتتىكى، بۇ شېئىر مىسراسىغا خەلەل (نۇقسان) يەتكۈزدى.

ئۈچىنچى: ماقالە ـ ئەسەردە نەپرەتلىك كەلىمىلەرنى قەستەن كەلتۈرۈش. مۇنداق كەلتۈرۈش پاساھەت ۋە بالاغەت ئىگىلىرىنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپتۇر. مەسىلەن، شائىر شۇنداق يازدى:

«ئان شاھى شوجائ گەربى كەشەد تىرۇ كامانرا،
ئەز يەك كېششەش شەش سەدۇ شەش شىر بىلەرزەد.»

(ئەگەر پادىشاھ ئوقياسىغا ئوق سېلىپ تارتسا، بىر تارتىشى بىلەن ئالتە يولۋاس تىترەيدۇ.)

بۇنداق يېزىش ئەمەلىيەتكە مۇخالىپتۇر.

تۆتىنچى: سۆزدىكى ئېغىرلىق، بۇنداق ئېغىرلىق كەلىمە (جۈملە) راۋانلىقىنى بۇزىدۇ ھەم پاساھەت بىلەن بالاغەتكە مۇخالىپتۇر. مەسىلەن: ئاۋۋالقى كەلىمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بىلەن ئىككىنچى كەلىمىنىڭ ئاۋۋالقى ھەرپى چاپلاش كەلسە (بۇ ئىككى ھەرپ بىر جىنسلىق بولسا) سۆزدىكى ئېغىرلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېيتايلۇق: «نەپئى ئىلىم» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا جىنسلىق ھەرپ پاسىلى يوق، شۇڭا ئىككى ئەيىن (غ) ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەچكە ئوقۇشقا ئەپلىشىپ بەرمەيدۇ.

بەشىنچى: تەئقىد (چىگىك، توقۇناق، يېشىلمىگەن) بۇ ئىككى خىلدۇر. بىرى: تەئقىد لەۋز (گەپ ـ سۆزدىكى چىگىكلىك)، يەنە بىرى تەئقىد مەنىۋى (مەنىدىكى چىگىكلىك).

تەئنقىد لەۋز (گەپتىكى چىگىكلىك) سۆزلىگۈچىنىڭ مۇرادىغا سۆزنىڭ دالالىتى روشەن بولمايدۇ، بۇ لەۋزنىڭ ئاشكارىسىدىكى خەلەل (نۇقسان)دۇر.

مەسىلەن: شەيخ ئىلى ئۆزىنىڭ بىر بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

‹ئىن سايەئى بەلەندزى سەرۋىي دىيازى كىست،
ئۆمرى دىرىن ھاۋاست پىرۋبال بىزەنەم.›
(بۇ ئالىي سايە كىمنىڭ بېغىنىڭ سەرۋىسىنىڭ سا ـ يەسىدۇر،
ئۆمۈرۋايەت بۇ ھاۋادا قانات ـ قۇيرۇقۇمنى قاقمەن).

بۇ بېيىتىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى ‹ئىست› (ھاۋاست ــ ئىست) دېگەن سۆزدە تەئنقىد بار . ئەگەر بۇ مىسرادىكى سۆزنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ: ‹ئۆمرى ئىست دەر ھاۋاش پىرۋبال بىزەنەم› دەپ يازغان بولسا تەئنقىد (چىگىچلىك) ئەيىبى بولماس ئىدى.

تەئنقىد مەنىۋى (مەنىدىكى چىگىچلىك) دېگىنىمىزنىڭ مەنىسىدە تەئنقىد ۋەقە بولىدۇ. مەسىلەن: جامى ئېيتىدۇ:

‹بى يەك جوبەش دوبا رەسەر نەسۇدە،
چامەد ھەرروز ئەز بورجى نەمۇدە.›
(يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىر ئىگىنىنى ئىككى قېتىم كىيمىدى، ئۇ ئايغا ئوخشاش بىر بۇرجىدىن كۆرۈندى.)

بۇ بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا مەنىۋى تەئنقىد

www.uyghurkitap.com

بار. چۈنكى، ئاي ھەر كۈنى بىر نۇقتىدىن تەۋەللۇت قىلمايدۇ (تۇغۇلمايدۇ)، بەلكى 28 مەنزىلدىن تەۋەللۇت قىلىدۇ. ئەگەر لەۋزى «بۇرجى» (دوقمۇش، بۇرجەك) دېگەنىنىڭ ئورنىغا لەۋز «مەنزىل» دېگەننى يازغان بولسىدى، بۇ ھالدا تەئقىد مەنىۋى بولمايتتى.

ئالتىنچى: بىر مىسرادا ياكى بىر پارچە ئۆزۈندىدە سۆزنىڭ تەكرار كېلىشى، بۇنداق تەكرارلىق كۈچەيتكۈچى مەنىلەرنى بېرىشكە پايدىلىق بولسا، ئۇ سەنئەت ۋە زىننەت جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن، جۈملىدە شۇنداق كەلتۈرىدۇ:

‹باز تىز پەرۋاز، شوق باز، دەر ھاۋايى سەيد كبوتران گىرىھ باز ئەۋجى ھاۋا گىرىپتە.›

(شوخ ئويناپ، تېز ئۇچقۇچى قارچىغا، يۇمىلاقلىشىپ ئۇچقۇچى كەپتەرلەرنى ئوۋ قىلىش ئىشقىدا ھاۋانىڭ قىنىغا ئۆرلىمەكنى ئىختىيار قىلدى.)

ئايانكى، بۇ يەردە تەكرارلانغان ‹جاز› سۆزى ‹ئويناپ›، ‹تېز›، ‹ئۆرلەش› قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، بىزگە تەكرار ياكى ئوشۇقچە ھېس قىلىنمايدۇ. ئەمدى تۆۋەندىكى تەكرارغا قاراپ باقايلى. جۈملىدە شۇنداق كەلتۈرىدۇ:

‹باز زەيدرابى پالانى خىزمەت نامىۋار كەردەم. ئەگەر باز خىيانەت كەرد باز مەئزۇل خۋا ھەم نەمۇدە.› (يەنى، زەيدنى پالانى خىزمەت بىلەن نامدار قىلدىم، ئەگەر زەيد يەنە خىيانەت قىلسا، خىزمىتىدىن يەنە قالدۇرۇۋېتىمەن.)

بۇ يەردە ‹باز› سۆزى قايتا ـ قايتا تەكرارلاندى ـ يۇ، لېكىن بىر خىللا مەنە بەردى. ئەكسىچە، ھەر خىل كۆچمە مەنە ئىپادىلىيەلمىدى. شۇڭا، جۈملىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىگە نۇقسان يەتكۈزدى.
يەتتىنچى: سۆزدە ئىزاھ (ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇش) نىڭ تەكرار بولۇشى. بۇ خىل تەكرارلىق جۈملە راۋانلىقىغا، چۈشىنىشلىك بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ئالدىرىتىپ قويىدۇ. مىسال ئۈچۈن بۇ جۈملىنى كۆرەيلى:

‹دەرباغى دىلھەزىر جەننەت نەزىر ئەمدى كەبىر مىرزا جاھانگىر رەپتەم...›
(ئەمىركە بىر مىرزا جاھانگىرنىڭ جەننەتتەك دىلىغا، يېقىملىق بېغىغا باردىم.)

سەككىزىنچى: سۆز ئارىسىغا ئارتۇقچە ھەرپلەرنى قىستۇرۇش. شائىرلارنىڭ سۆز ئارىسىغا ئارتۇق ھەرپلەرنى قىستۇرۇشتىكى مۇددىئاسى ۋەزىننى تەڭشەش (بوغۇمنى تولۇقلاش) ۋە شېئىر قاپىيەسىنى دۇرۇسلاش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن،
ئۇستاز رۇداكى شۇنداق يازىدۇ:

‹بۇ دەنى بۇد مەي بيار كىنۇن،
رەتلى پۇركۇن دىگەر مەگۇبى سىخۇن.›
(بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. دەرھال شاراب كەلتۈرۈپ كەمچىنى توشقۇزغىنىكى، باشقا گەپ قىلمىغىن.)

بۇ شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ‹سىخۇن›، سۆزىنىڭ ئەسلىي توغرىسى ‹سۇخەن›، (گەپ ـ پاراڭ) بولسىمۇ، بىرىنچى مىسرادىكى قاپىيەگە ماس كەلتۈرۈش جانىپىدىن سۆز ئارتۇقچە ھەرپلەر بىلەن تولۇقلىنىپ ئۆزگەرتىۋېتىلدى، (‹كىنۇن›غا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ‹سىخۇن› يېزىلدى.)

توققۇزىنچى: لۇغەت قىياسىغا خىلاپ بولغان سۆز.

بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بىر سۆزنىڭ ھەرپىنى ئىككىنچى سۆزنىڭ ھەرپىگە ئۆزگەرتىشتۇر. مۇنداق قىلىش يازغۇچىلىق (يېزىقچىلىق) قائىدىسىگە خىلاپتۇر. مىسال كەلتۈرەيلى:

‹ئاب ـ ئەنگۇرۇ ئاب نىلۇفەل،
شۇدمەرا ئەز ئەيرۇ مۇشكى بەدەل.›

(ئۈزۈم بىلەن نىلۇپەر سۈيى ئەنبەر بىلەن ئىپارنىڭ ئورۇنباسارى بولدى.)

بۇ يەردە شائىر دېمەكچىكى، ئىپار بىلەن ئەنبەر بولمىسىمۇ، ئۈزۈم سۈيى (شاراب) ۋە نىلۇپەر سۈيى ماڭا يېتەرلىك ۋە كۇپايىدۇر.

ئەمدى شائىر بۇ مىسرالىرىدا ئاشۇ مەزمۇننى ئىپادىلىمەكچىدى، ئەمما قاپىيە ئىزدەپ ‹نىلۇپەر› دېگەن سۆزنى بۇزۇپ (ھەرپىنى ئۆزگەرتىپ) ‹نىلۇفەل› قىلىۋەتتى: ‹نىلۇپەر›دىكى ‹ر› بىلەن ‹نىلۇفەل›دىكى ‹ل› قانداقمۇ ئوخشاشسۇن؟ بۇ قائىدىگە خىلاپتۇر.

ئونىنچى: ئىشلىتىشكە ۋە ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىغان سۆزلەرنى ئىستېمال قىلىش. بۇنداق قىلىش



www.uyghurkitap.com

ھاياسىزلىق، ئەدەپ دائىرىسىدىن چىققانلىقتۇر. مەسىلەن، شائىر مۇنداق يازىدۇ:

«مەرداراكىرۇ خايە زىنىنەت بەس.»
(ئەر كىشىگە ئىككى تاشاق بىلەن زەكەر زىنىنەتتۇر.)

ئىنسانلىق ئەدەپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق سۆزلەرنى يېزىش مۇخالىپتۇر.

ئون بىرىنچى: غارابەت، يەنى ماقالە ـ ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن سۆزدىن باشقا كىشىلەر (ئوقۇرمەنلەر) بەھرىمەن بولالمايدىغان، خەلق ئىچىدە ئۇنداق سۆزلەر ئىجرا بولمىغان (تونۇشلۇق ئەمەس) تۇرۇقلۇق، زورمۇزور ئىشلىتىش دېمەكتۇر.

يۇقىرىقى ئون بىر نۇقسان ماقالە ـ ئەسەر تىلىنى پاساھەتلىك لەۋز ۋە بالاغەتلىك مەنىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر.①»

مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي قومۇش قەلىمىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئىككى قولىنى يېيىپ تازا كېرىلدى. ئۇ ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، شىرە ئۈستىدىكى پايدىلانغان كىتاب ۋە ماتېرىياللىرىنى، يازغان ئارگىناللىرىنى رەتلەپ سارايغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ھايال بولماي ساراي ئۆيدىن چىقىپ، پېشايۋاندا تۇرۇپ ئوچۇق ئاسمانغا قارىدى. قۇياش چۈشكە يېقىنلاپ كېلەتتى. ئەتىگەنكى قارا سوغۇق يېنىپ، جاھان سەل ـ پەل ئىسسىپ قالغانىدى.

① داموللا ئابدۇۋەلى يۇسۇفنىڭ پارسچىدىن قىلغان تەرجىمىسىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## ئۈچىنچى باب

# سەككاكىنىڭ يۈركى

— كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ، — دېدى مەھمۇد يالاۋاچ سارايغا كىرىپ ئولتۇرۇپ. مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي بىلەن يەنە بىر قېتىم سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، قارشى تەرىپىدە — ئىككى دېرىزە ئارىلىقىدا ئولتۇرغان كەڭ پېشانىلىك مۇتەپەككۇرگە قاراپ.

— شۇنداق! بۇ قېتىم يەكەن، قەشقەرلەردە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدىم، — دېدى سەككاكىي بىر خاسىيەت، بىر سېھىر باردەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى چاقناپ، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىمۇ تېگى - تېگىدىن نۇر چىقىۋاتقاندەك پارقىرايتتى. مەھمۇد ئالىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئەيمەنگەندەك تىك قارىيالماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. «بۇ ئادەمنىڭ دائىم چاقناپ كۆرىدىغان كۆزلىرىدە بىر سېھىرلىك كۈچ - قۇدرەت باردەك كۆرۈنىدۇ، قارىغان ھەرقانداق ئادەمنى سۈر باسىدۇ. بىر قارىۋىدىم، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەيمىنىپ تېنىم شۈركۈنگەندەك بولدى» دەپ ئويلىغان يالاۋاچ خىيالىنى توختىتىپ ئاغزىنى ئاچتى:

— چىڭگىزخان قوشۇنلىرى خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، سىلىنىڭ بولمىغانلىقلىرى جاھان ئىش

بولدى، ياراتقان ئىگەم ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. بۇخارا، سەمەرقەندتە، ئۆرگەنچ، ئۇترار جەڭلىرىدە نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىلىدەك مۆتىۋەر زاتلاردىن خېلىسى بار،— مەھمۇد ئېغىر خورسىنىپ سۆزدىن توختىدى. ئۇنىڭ بۇ خورسىنىشىدا يەنىلا كۆڭلىدە ساقايماس جاراھەت باردەك قىلاتتى.

يالاۋاچ مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ ئۆيگە كەلگۇچە ئۆز كۆڭلىدىكى جاراھەتنى دېيىش - دېمەسلىكنى ئويلاپ كەلدى. ئۇ قانداق قىلىپ چىڭگىزخان بىلەن يېقىنلىشىپ، ئاخىر ئۇنىڭ خانلىقىدىكى بىر ئەمەلدار بولۇپ قالغانلىقىدىن باشلاپ، كېيىنكى لەنەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇتەپەككۇرگە بىر - بىرلەپ دېيىشنى دەسلەپتە توغرا تاپقان بولسىمۇ، كېيىن ئويلىنىپ قالدى. «بۇلارنى دېسەم، سەككاكىي ياندۇرۇپ ئۆزۈمگە: ‹ئۆزۈڭ ماڭغان لەنىتى يولغا مېنىمۇ باشلىماقچى بولدۇڭمۇ؟› دېسە، نېمە دەيمەن؟!» دەپ ئويلىغان مەھمۇد دېيىش نىيىتىدىن يېنىپ، چاغاتاينىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قالغانلىقىنىلا دەيدىغان بولدى.

— بۇگۇن، مەۋلانام، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردىن قايتىپ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، سالام بەرگىلى كەلدىم،— ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى مۇلايىم كۆزلىرى ئالىمغا ھۆرمەت بىلەن قارايتتى،— كېلىشىمدە يەنە بىر سەۋەبمۇ بار. بىر كۇنى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ماڭا، ئۆزىگە دانا مەسلىھەتچى تېپىپ بېرىشىمنى دېدى. ئۇ چاغدا كۆز ئالدىمغا بىرىنچى بولۇپ ئۆزلىرى كەلدىلا! ئۇياق ئۆزلىرىنىڭ شۆھرەتلىك تەرىپلىرىنى ئاڭلىغاندىن

كىيىن، ھەسەلگە يىپپىشقان ھەرىدەك سىلىگە يىپپىشىۋالدى. شاھزادە ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان باي سودىگەر قۇتبىدىن خاباش ئامىدىنى بۇلتۇر ياز سەمەرقەندتە قالدۇرۇپ سىلىنى كۈتكۈزدى. ئۆزلىرى كەلمىگەندىن كېيىن، خاباش قايتىپ كېتىش ئالدىدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، بۇ ئىشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى. ئۆزلىرى قۇرۇلىدىغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى چاغاتايغا باش مەسلىھەتچى بولۇشنى خالامدىلا، خالىمامدىلا، بۇنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت چاغاتاي بىلەن قۇتبىدىن خاباشقا قىلغان ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ ئالدىلىرىغا كەلدىم.

يالاۋاچ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تەستە تۈگەتتى، ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنى ئۆزى مېڭىپ قالغان لەنتى يولغا باشلاۋاتقاندەك بەكمۇ قىينىلىپ سۆزلىدى. مەھمۇدنىڭ بۇنچىلىك قىينىلىشى، مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ: «ئۆزۈڭ ماڭغان لەنتى يولغا مېنىمۇ باشلىماقچىمۇسەن؟!» دەپ تىللاپ كېتىشىدىن قورققانلىقىدىن بولدى.

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي مەھمۇدنى تىللاپ كەتمىدى. ئۇ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى سېھىرلىك كۆزلىرىنى چاقنىتىپ خىيال سۈرگەندەك ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى جىددىيلىشىپ، ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئالىم مەھمۇد يالاۋاچنىڭ سۆزلىرىنى بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سۆزنى باشلىدى.

— چاغاتايغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى خىل يولى

بار. بىرى، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان ـ دىل بىلەن كۆيۈنۈپ ئىشلەش؛ يەنە بىرى، چاغاتاينىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن ئادالەتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى يول، ئەل ـ يۇرتنىڭ نېمە بولۇشىدىن كارى بولماي، ئار ـ نومۇس، ۋىجدانىدىن كېچىپ چاغاتايغا خىزمەت قىلىش؛ كېيىنكى يول، ئەل ـ يۇرتنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، چاغاتايىنى ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ئۈندەش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. مەن: «چاغاتاينىڭ يېنىدا ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدىغان بىر دانا بولۇشى كېرەك» دەپ قارايمەن. ئەگەر مەن راستلا چاغاتاينىڭ يېنىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلسام، چوقۇم كېيىنكى يول بىلەن مېڭىپ، ئۆز يۇرتۇم، ئۆز خەلقىمنىڭ غېمىنى يېگەن بولاتتىم!

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي سەل ـ پەل ھاياجانلىنىپ، خاسىيەتلىك كۆزلىرىدىن يالقۇن چېچىلدى. چىرايىمۇ قىزىرىپ، خۇددى يېڭىدىن ئۆرلىگەن شەپەقتە ئوخشاپ قالدى.

— ئادەمدە مۇھەببەت ۋە نەپرەتتىن ئىبارەت قوشكېزەك ھېسسىيات بولۇشى كېرەك! ھەقىقىي مۇھەببەت بولمىغان ئادەمدە، ھەقىقىي نەپرەتمۇ بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ياخشى بىلەن يامانىنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، يۈزى يورۇق بولۇش بىلەن يۈزى قارا بولۇشنى ئايرىمايدۇ، ھەممىنى ئۆز پايدىسى بىلەن باھالايدۇ. ئۇلار ئۆز تەرىپىگە پايدىلىق بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى، پايدىلىق بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى يامان ھېسابلايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ياشاش

مەنتىقى ئەل ـ يۇرت بىلەن رىشتىلەنمەي، پەقەت ئۆزىگىلا باغلىنىدۇ. بۇنداق ئادەملەر مېنىڭ نەزىرىمدە چىۋىنگىلا ئوخشايدۇ: چىۋىن شىرنە بولسىمۇ يەيدۇ، گەندە بولسىمۇ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىككىسىنىڭ قىلچىلىك پەرقى يوق، ئىككىلىسىلا ئۇنىڭغا «شىرىن» يېمەكلىك بىلىنىدۇ. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدىن بۇ ئالەمدە ئادەملەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم بىرلا: ئۆز ۋەتىنى ئۇچۇن كۆيگەنلەر تىللاردا داستان بولىدۇ. ئۆز ئەل ـ يۇرتىغا يامانلىق قىلغانلار تىللاردا لەنەتلىنىدۇ. بۇنداقلارنى بۇگۇنمۇ، ئەتىمۇ كەچۈرمەيدۇ!ـــ چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي سۆزىنى تۆۋەندىكى ھېكمەت بىلەن خۇلاسىلىدى،ـــ ياخشى ئىشنى يامانغا ئايلاندۇرغىلى بولغاندەك، يامان ئىشنىمۇ ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن، چاغاتاينىڭ خىزمىتىنى قىلىش يامان ئىش بولسىمۇ، چاغاتاينى ئادالەتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈشكە يېتەكلىيەلىسە، يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرمامدۇ؟! بۇ يەردە ياخشى ـ ياماننى ئېنىق ئايرىۋاتقان ھېكمەت، ئەل ـ يۇرتىغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟!...

مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي بىردەم ئويلانغاندەك تۇرۇۋېلىپ، گويا دىيىلىشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم مەنىنى يادىغا ئالغاندەك، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ بەلكىم، چاغاتاي يېنىدا تۇرغان دانا چاغاتاينى ئادالەت يولىغا باشلىيالا، يا باشلىيالماس، ھەتتا باشلىيالماي زىندانغا تاشلانسىمۇ ياكى دارغا ئېسىلسىمۇ، ئۇ ئەل ـ يۇرتى مۇھەببىتىدە ئېچىلغان بىر خۇش پۇراق

گۈل بولۇپ قالامدۇ؟! بۇنداق ئادەمنى ئۆلدى دېگەندىن كۆرە، ئەزىز ئەل ـ يۇرتىنىڭ يۈرىكىدە ياشاۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك! چاغاتاي ئۆزىگە مەسلىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلسا، ئەلۋەتتە بارىمەن!...

يۇسۇف سەككاكىينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يالاۋاچ كۆڭلىنى غەش قىلىپ كېلىۋاتقان خىياللاردىن قۇتۇلۇپ، ماڭىدىغان توغرا يول تاپقاندەك خۇشاللىققا چۈمۈپ ئۆزىدە بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلغاندەك بولدى. «راست،― دەپ ئويلىدى مەھمۇد يالاۋاچ، ئالدىدا ئولتۇرغان يۇسۇف سەككاكىي ئۇنىڭغا بىر خىزىر بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى،― مەنمۇ داۋاملىق چىڭگىزخانغا خىزمەت قىلىپ، ئۇنى ئادالەت يولىغا يېتەكلىسەم، خارەزىم خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلسام بولمامدۇ؟!» ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويغانغان بۇ پىكىردىن كۆڭلىگە خۇددى قۇياش چىققاندەك بولدى...

ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى چاغلاردا بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق چوڭ ئايماقلار چوڭ ۋەزىر يالاۋاچ ۋە ئۇنىڭ سادىق ئوغلى مەسئۇدبەگنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، «ئۇلارنىڭ ئادىل يۇرت سورىشى بىلەن بۇ يەرلەرنىڭ ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېزلا ساقايغان.»، «يالاۋاچ ھاشار، چېرىكلىككە مەجبۇرىي ئادەم تۇتۇشنى ۋە ھەر خىل سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھەقچىلىكلەرنى تۈزەتكەن.»[①]

① بۇ بايان ليۇ بىڭشىڭنىڭ «دەسلەپكى مەزگىلدىكى چاغاتاي خانلىقى» دېگەن ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۆزۈندىلەر «تارىخى جاھان كۇشاي»، «جامىئۇت تەۋارىخ» لاردىن ئېلىنغان، كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق.

www.uyghurkitap.com

مەھمۇد يالاۋاچ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنى باشقۇرۇشقا يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئوغلى مەسئۇد ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق شەھەرلەرنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى...

سارايغا ئايتولدى يۇمىلاق شىرەنى دومىلىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا شىرەنى تاپىسىدا قويۇپ، ئىككى قولىنى باغلاپ مەھمۇدقا سالام قىلدى. يالاۋاچ ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، سۇمباتلىق يىگىتنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇردى. ئۇ ئەمدى ئېغىر قايغۇ - ھەسرەت يۈكىدىن قۇتۇلغاندەك كۆرۈنەتتى...

※ ※ ※

— ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ، — دېدى يالاۋاچ ناۋات سېلىنغان سىنچايىنى ئىچىۋېتىپ، — ئۆتكەندە بىر كېلىپ، مۇنۇ ئېسىقلىق تۇرغان ساز قوراللىرىنى كۆرۈپ، مەۋلانام بىلەن كۆرۈشكەن كۈنى سازنى بىر ئاڭلايمەن دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈۋىدىم، بۈگۈن شۇ كۈن كەلگەندەك تۇرىدۇ. ئۆز قوللىرىدىن سازلىرىنى، ئېغىزلىرىدىن ناخشىلىرىنى ئاڭلىسام تولىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم...

شىرەگە سېلىنغان گۈللىرى ئاق - كۆك داستىخان ئۈستىدە دەستىلەنگەن ۋە ئوشتۇلغان نانلار، خىلمۇخىل تاتلىق - تۈرۈم، ھەسەل ۋە ھەر خىل مۇراببالار تولۇپ تۇراتتى. شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان ئالىم بىلەن ياۋالاچ سىنچاي ئىچكەچ پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. مەھمۇد ئۆتكەندە كۆڭلىگە

پۈككەن ئۆيىنى يادىغا ئېلىپ مەۋلانا سەككاكىينىڭ بىر ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى.

مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، خەقنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمايدىغان مۇتەپەككۇر، قولىدىكى پىيالىنى شىرەگە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تۆر تەرەپتىكى گىلەم ئېسىلغان تامدا تۇرغان سازلاردىن نەقىشلىك ساتارنى ئېلىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ساتارنى بىر ئاز سازلىغاندىن كېيىن، ئۆيلىنىپ جىم تۇرۇپ قالدى.

مانا، سەككاكىينىڭ قوللىرى ھەرىكەتكە كەلدى. نەقىشلىك ساتار زۇۋانغا كىرىپ، ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ياسىداق ساراي ئىچىگە تاراتتى. بۇ ئاجايىپ تەسىرلىك كۈي ئاڭلىغۇچىنىڭ يۈرىكىنى تىلسىز مۇڭى بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى. مەھمۇدنىڭ مۆلايىم كۆزلىرى بىردىنلا ئۇچقۇنلانغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇمۇ قولىدىكى پىيالىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، مەۋلانا يۈسۈفنىڭ كۆزلىرىدەك سېھىرلىك ئاھاڭنىڭ قايناپ چىقىۋاتقان قاينىمىغا شۇڭغۇدى. ئۇ ئەمدى سەككاكىينىڭ كامانچىنى تارتىۋاتقان قوللىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۈينى ئاڭلايتتى. ئۇ گاھ چوڭقۇر خورسىنىپ قويسا، گاھ نەپەس ئېلىشنى ئۇنتۇغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ قارايتتى...

سەككاكىي ئۆزى ئىجاد قىلغان «بايات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئاھاڭ بىلەن سۆز بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ پانىيدىكى سۆيۈملۈك بېھىشىدىن ئايرىلغان سەرگەردانىنىڭ ھىجران ۋادىسىدا ئۆزىنىڭ قايغۇ ـ

www.uyghurkitap.com

ھەسرەت ۋە ئازابلىرىنى تۆكۈپ قىلىۋاتقان نالە ـ زارىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ مۇقامنىڭ سۆز ۋە ئاھاڭلىرىغا پاتماي تېشىپ چىقىۋاتقان ئانا يۇرت مۇھەببىتى رەڭگارەڭ ئاسماندىكى قۇياشنى يىغلىتىۋەتتى. يەر ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى بارچە دەل ـ دەرەخ، گۇل ـ گىياھلار چىدالماي قوزغالغان يامغۇرلۇق شامالدا گۇركىرەيتتى.

مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە نېمىمۇ تەڭ كېلەلەيدۇ؟! يەرۇئاسمان ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشەلەيدىغان نېمە بار؟! مۇھەببەت ئۇ يىغلىتالايدۇ، كۈلدۈرەلەيدۇ، غەزەپلەندۈرەلەيدۇ، نالە ـ پەرياد قىلدۇرالايدۇ. شۇ تاپتا ئانا يۇرتىدىن ئايرىلغان سەرگەردانىنىڭ مۇھەببەت زارى تاشلارنىمۇ ئېرىتىۋېتەتتى. ياپيېشىل گىياھلارنى سارغايتىۋېتەتتى...

ئاھ ! ئانا يۇرت! ئانا ۋەتەن! مەيلى باغرىڭدا ياشىغان، مەيلى سېنىڭدىن ئايرىلىپ سەرگەردانلىقتا قاقشىغان ۋاپادار پەرزەنتلىرىڭ يۈرىكىنى گۈپۈلدەتكەن مۇھەببەت سېنىڭ مۇھەببىتىڭ! سەن سادىق ئوغۇل ـ قىزلىرىڭ ئۈچۈن ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە ھەممىدىن سۆيۈملۈك، ھەممىدىن ئۇلۇغ! يەر يۈزىدىكى بارلىق بەخت ۋە خۇشاللىقلار پەقەت سېنىڭدىلا بولىدۇ!...

«ئېزىپ چىقىپ پانىيدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بىر بېھىشتىن،
جۇدا بولدۇم مۇھەببەتتەك تۇرلۇك ـ تۈمەن يەل ـ يېمىشتىن...
ئۆزگە يۇرتتا يۇرسەممۇ توققۇزىم تەل، ھەي يارەنلەر،
ئارتۇق بەخت بارمۇ ماڭا: ‹ئانجان يۇرت!› دېيىشتىن؟!
گادايلىقى مىڭ ياخشىتى جاندىن ئەزىز ئۆز ئېلىمنىڭ،

باشقا يۇرتنىڭ شاھى بولۇپ شاھانە تون ـ تاج كىيىشتىن!...
ئۆزگە خىيال مېنىڭدە يوق شۇ مۇقەددەس تەڭرىتېغىم،
ئۆز ئانامنىڭ جان دورىسى — ئاق سۈتىنى ئېمىشتىن!
قايسى قۇتلۇق كۈنى قايتىپ ئۆز مەككەمنىڭ زەمزىمىنى
ئىچەرمەن جان بىر قانغۇچە يەكەندىكى ئاق ئىدىشتىن!؟
بولمايتتىمۇ بادام دوپپام يەتتە قەۋەت كۆككە باھار،
سۆيۈنۈپ دىل ئۆز يۇرتۇمدا ئەتىۋارلاپ بىر كىيىشتىن!...
تۇغۇك ئېرۇر تۇغۇلغان يەر بىلگىن، سېنىڭ ھەي، سەككاكىي،
ئۈزمە ھەرگىز يۈزۈڭنى جان ئۈزگەندىمۇ كۈنچىقىشتىن!...»

مەھمۇدنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىدىن چىققان ئۈنچىدەك ياش ئۇنىڭ مەڭزىگە چۈشۈپ، ئۇزۇن بۇرۇتى ئۈستىدە چاقنايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. سەككاكىي بولمىسا ئاللىقاچان پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتكەن بولاتتى.

— رەھمەت! سىلىنىڭ چالغان ساتارلىرى بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى تاشنى ئېرىتىپ، تاش يۈرەكنىمۇ يىغلىتىدىكەن! سىلىدەك بىر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بۇنداق ئۇستا چالغۇچى، ناخشىسى يۈرەككە تېگىدىغان ناخشىچى ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ ئىشەندىم، بولمىسا ئىشەنمىگەن بولاتتىم. قول ۋە ئاۋازلىرىغا ياراتقان ئىگەم دەرد بەرمىسۇن!

يالاۋاچ مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ ساتارى بىلەن ناخشىسى توختىشىغىلا سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يىغا پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ، يۈرىكىنىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىدى. ئالىم يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىۋاتقان مەھمۇدقا قاراپ:

— رەھمەت! مېنى بەكمۇ ئاشۇرۇپ ماختىۋەتتىڭىز! — دەپ كۈلۈمسىرىدى...

※ ※ ※

شۇ كۈنلەردە مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئائىلىسى بىلەن ئاقبۇلاقتىكى ھويلىسىغا كۆچۈپ چىقىپ، پۈتۈن ئەقلى ۋە زېھنىي كۈچىنى يىغىپ، «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) كىتابىنىڭ قالغان قىسمىنى يېزىپ تاماملاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۈگۈن ناشتىدىن كېيىنلا ھويلا ۋە بېغىنى بىرپەس ئايلانغان مۇتەپەككۇر ساراي ئۆيگە كىرىپ، شىمالىي تام ئالدىدىكى قوش قەۋەت كۆرپە يېنىغا قويۇلغان شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى. داستىخان سېلىنغان يوغان دۈگىلەك شىرەنىڭ ئۈستىدە يىغىلمىغان سىياھدان، قومۇش قەلەم، يېزىلغان ۋە يېزىلمىغان قەغەزلەر، ئېچىق تۇرغان پايدىلىنىش كىتابلىرى تۇراتتى. بېشىغا ئاق دوپپا، ئۈستىگە كەڭ ۋە ئۇزۇن ئاق چۇنچە كۆڭلەك كىيگەن مەۋلانا يۈسۈف قەلەمنى قولىغا ئالماي، كېچە يازغانلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ئايرىم سۆزلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزەتتى.

مۇتەپەككۇر نەچچە كۈندىن بېرى ئۆز كىتابىنىڭ 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ بابلىرىنى تاماملاپ، 13 ـ بابىنىڭ ئىككىنچى پەسلى «شائىرنىڭ ھۆرمىتى ۋە شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى» دېگەن ماۋزۇغا كېلىپ توختىغانىدى. ئۇ بۇ ماۋزۇنى بېشىدا پىشۇرۇپ كىرگۈزىدىغان ئۈزۈندىلەرنى كىتاب ۋە ماتېرىياللاردىن تەييارلاپ قويغانىدى.

قومۇش قەلەمنى قولىغا ئالغان مەۋلانا يۈسۈف



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەككاكىي شىرە ئۈستىدىكى ئاق قەغەزگە: «شائىرنىڭ ھۆرمىتى ۋە شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى» دېگەن ماۋزۇنى ئالدىرىماي چىرايلىق يازدى. ئۇ قەلەمنى بىردەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋالدى. قەلەم قۇر بېشىدىن باشلاپ، ھەرپلەرنى ھەرپلەرگە ئۇلاپ سۆز، سۆزنى سۆزگە ئۇلاپ جۈملە يېزىپ، بىردەمدىلا قەغەزنىڭ يېرىمىنى تولدۇرۇۋەتتى. سۆز بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان چوڭقۇر پىكىرلەر دولقۇنغا ئۇلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك ئېقىندەك ئېقىشقا باشلىدى.

بەلكىم، بەزى كىشىلەر شان - شۆھرەت، ئابرۇي ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىدىغاندۇ؟! لېكىن، بۇنداق ئادەملەر كۆپ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلار شان - شۆھرەت تاجىنىمۇ كىيەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. قايسى «ئەقىللىك»نىڭ ئۆز غېمىدە ياققان چىرىغى ئىجادىيەت يولىنى يورۇتۇپ، باھار گۈللىرىگە پۈركىيەلىگەن؟! ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتتەك غىڭشىپ، كېتىۋاتقان ئۇلۇغ كارۋاننىڭ چاڭ - توپىسىدا قالمىدىمۇ؟! پەقەت قەلەمنى ئەل - يۇرتى ئۈچۈن تۇتقان ئادەملەرلا ئىجاد باھارىنى كۈلدۈرەلىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت دەپ بىلگەنلىكىدىن، جاھان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈپۈقىدا قۇياش بولۇپ پارلىدى.

مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي مەيلى ساتارىنى چالسۇن، مەيلى قەلەمنى چاپتۇرسۇن، جانجان ئەل - يۇرتىنى يۈرىكىنىڭ تەختىگە مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئۇ دائىم توغرا سۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئادالەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى.

«شېئىرىي سۆز، — دەپ باشلىندى مۇتەپەككۇر كىتابىنىڭ ئون ئۈچىنچى باب بىرىنچى پەسلىنى، — شېئىر ئەمەس سۆزدىن كۆپ ئۈستۈن ۋە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، شېئىرىي سۆزلەر ۋەزىنگە كەلتۈرۈپ، مىزانغا سېلىپ ئۆلچىنىپ ئېيتىلىدۇ. مىزانغا سېلىنغان سۆزلەر بىلەن مىزانغا سېلىنمىغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر ئاقىل كىشىلەرگە روشەن ۋە ئاشكارىدۇر.

ئايرىم كىشىلەر بەزى شائىرلارنى مۇشرىك بىلەن نىسبەتلەشتۈرىدۇ. ئۇلار ‹قۇرئان›دىكى بىر ئايەتنىڭ پەقەت ئالدىنقى يېرىمىنىلا پاكىت كەلتۈرىدۇ، ئەمما كېيىنكى يېرىمىغا كۆز يۇمىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ پۈتۈن مەنىسى مۇنداقتۇر: ‹ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈپ توغرا يولدىن ئازغانلار شائىرلارغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر ئىشەنگۈچىلەر توغرا يولغا ماڭغۇچى زاتلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچى شائىرلارغا ئەگەشكۈچىلەر بولسا، توغرا يولدىن ئازغانلار جۈملىسىگە كىرمەيدۇ.›

ئەگەر ئاشۇ ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغ زاتلار ھەم مىللىتىمىزنىڭ نامدار ئالىملىرى شائىرلارنى ئۇنداق بەك ھۆرمەتلىمىگەن، شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئۇنداق بەك ئىخلاس قىلمىغان بولاتتى ھەم ئۆزلىرىمۇ شائىرلىق قىلمىغان بولاتتى.

ئۇلۇغ كىشىلەر شائىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹شائىر راخماننىڭ شاگىرتلىرىدۇر. چۈنكى، ئۇنداق بولمىغاندا شائىرلار ئىلھامنى نەدىن تاپىدۇ؟...›

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

زامانلىرىدا ھەسەن ئىبنى سابىت ئىسىملىك بىر شائىر ئۆتكەنىدى. مەككىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش بولغاندا ھەسەن ئىبنى سابىت دۈشمەنلەرنى سۆككۈپ شېئىر يازدى. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئىيھا! ھەسەنگە قۇۋۋەت بەرگىن، تىلىنى گويا بۇلبۇلدەك دۈشمەن ۋە ئۆتكۈر قىلغىل! جەبرائىلنىڭ ھۆرمىتى، ئۇنى سۆزدە ئاجىز قىلما، غەلىبىلىك قىل!» دېدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلىرى شېئىرنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە شائىرنىڭ ھۆرمىتى توغرىسىدىكى ھۆججەت ۋە كۈچلۈك پاكىتتۇر.

پەرىدىن ئەتتار ئاتلىق كىشىنىڭ يازغان شېئىرىدا مۇنداق بىر مەزمۇن بار: «شائىرلىق ـــ پەيغەمبەرلىكنىڭ بىر پارچىسى دېمەكتۇر. ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچى جاھىللار شائىرلارنى مۇشرىكلىقتا نىسبەتەن ئېيتىدۇ...»

كېرەكسىز ۋە بىھۇدە سۆز قىلغۇچى، بىمەنە سايرىغۇچىلار ياخشى شائىرلار گۇرۇھى تەرىپىدىن قوغلانغۇچىلاردۇر. بىمەنە گەپ يورغىلاتقۇچىنىڭ نەسەبى ھەرقانچە ئالىي بولسىمۇ، ياخشىلار (خەلق)نىڭ خاتىرىسىگە مەقبۇل بولالمايدۇ.

سۆز دېگەن ئەڭ باھالىق گۆھەرگە تەقلىد قىلىنسا، تىل سۆزنىڭ مۇھىم ئەسۋاب (ماتېرىيال)لىرىدىن بىرىدۇر. تىلنى كېرەكسىز ئورۇنغا ئىشلىتىش ئەسلا توغرا ئەمەستۇر.

سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئادەم ھايۋاندىن ئەلا ۋە ياخشىراقتۇر. لېكىن، توغرا سۆز قىلمايدىغان ئىنساندىن ھايۋان ياخشىراقتۇر. شائىرلارغا يامان كۆز بىلەن قاراپ،

www.uyghurkitap.com

مۇشرىكلىقتا نىسبەتلەشتۈرگۈچى نادان ۋە جاھىللاردىن ئەلۋەتتە ھايۋان ياخشىراق ۋە مەقبۇلدۇر.[1]»

ئالىم ھەر قېتىم قەلىمىنى شىرگە قويۇپ، يېزىشنى توختاتقاندا قىلىدىغان ئادىتى بويىچە راسا بىر راھەتلىنىپ كېرىلدى. ئۇ شىرە ئۈستىدىكى يېزىلغان ماقالە قەغەزلىرىنى ۋە پايدىلانغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئىشىكتىن پېشايۋانغا چىققان مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئىللىق باھار ئاپتاپى ۋە گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇيى ھىدىغا تولغان ھاۋاسىدىن ھوزۇرلاندى. ئۇ ھال ۋە ئاپپاق چېچەكلەپ كەتكەن بېغىغا قاراپ ئاستا پىچىرلىدى: «باھار!...»

※ ※ ※

قارلىرى ئېرىگەن دالىلار يەنە ياشىرىپ رەڭمۇرەڭ گۈل ۋە يېشىل گىياھلار بىلەن بېزەلدى. باھارنىڭ ئاسمىنى ئوچۇق، ئىللىق ئاپتاپلىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، چاغاتاي ئۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە سەركەردىلىرىدىن بىرقانچىسىنى ھەمدە قوتىبىدىن خاباشنى باشلاپ ئۆزگە قارايدىغان مەملىكەت ۋە زېمىنلارنى كۆرۈش سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىشتا قۇرۇلىدىغان چاغاتاي خانلىقىغا مۇۋاپىق بىر پايتەخت

---

[1] «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نىڭ ئون ئۈچىنچى باب، ئىككىنچى پەسلى. داموللا ئابدۇۋەلى يۈسۈفنىڭ پارسچىدىن قىلغان تەرجىمىسىدىن ئېلىندى.

تېپىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىلان رەڭلىك ئارغىمىقىغا مىندى. ئۇ ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي نۇرغۇنلىغان يۇرت، شەھەر ۋە يېزىلارنى، تاغ ۋە ئوتلاقلارنى كۆرۈپ، ئاخىر ئاتىسى چىڭگىزخاننىڭ مىنگەن ئېتى مۇدۇرۇپ كېتىپ يىقىلغىلى تاس قالغان تەلكە داۋىنىغا كەلدى. خۇددى زەڭگەر ئاسماننىڭ بىر پارچىسى تاغلار ئارىسىغا چۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان سايرامنى تاماشا قىلىپ ئۆتكەن چاغاتاي ھەيۋەتلىك تەلكە داۋىنىدىن چۈشۈپ[①]، ئاجايىپ چىرايلىق كەڭسايدىن چىقىپ ئالمالىق شەھىرىگە كەلدى.

ئىلىنىڭ شىمالىدىكى تاغلارنىڭ غەربىي شىمال ئېتىكىدە بىر باغۇبوستانلىق شەھەر تۇراتتى. بۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلۇشقا باشلانغان، شۇ كۈنلەردە تازا گۈللەنگەن ۋە ئاۋاتلاشقان گۈزەل شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەردە ئالما كۆپ، ئالما ئوخشايدىغان بولغانلىقتىن ئالمىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئالمالىق شەھىرى ئىدى.[②] شەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى بەش كىلومېتىر، ئايلانمىسى يىگىرمە بەش

---

① چىڭگىزخان قوشۇن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېتىۋېتىپ، تەلكە داۋىنىغا كەلگەندە ئېتى مۇدۇرۇپ كېتىپ يىقىلغىلى تاس قالغان. ئۇنىڭ يېنىدىكى شامانلار يۈرۈشنى توختىتىپ، ياخشى پەيت كۈتۈشنى دېگەندە، ئۇ ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، تەلكە داۋىنىدىن چۈشكەن (خاتىرە دەپتىرىمدىن).

② چىڭگىزخان ۋە ئۇگەداي خان زامانىدىكى ۋەزىر ياللۇغ چۇساي (1190 ـ 1244) «غەربكە ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە ئالمالىق شەھىرى ئەتراپىدا قۇم ئالما كۆپ بولغاچقا، بۇ شەھەرگە «ئالمالىق» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ: «ئىلى دەرياسىدىن تالاس دەرياسىغىچە بولغان جايلاردا مېۋىلىك دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ، قۇز ئوردۇغا يېقىن ئالمالىقتا قۇم ئالمىنىڭ نامى بېرىلگەن...» («گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار»دىن 105 ـ، 106 ـ بەتلەر)

كىلومېتىر كېلەتتى. ئالمالىق شەھىرىنىڭ چۆرىسىنى ئېگىز، قېلىن ۋە ھەيۋەتلىك سېپىللار قورشاپ تۇراتتى. بۇ سېپىللار ئوتتۇرا ئاسىيا سېپىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلىدە بولۇپ، ئۈستىدە ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ بەھۇزۇر ماڭالايتتى. سوقما تاملىق بۇ سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت تۆمۈر دەرۋازىسى، ھەربىر بۇلۇڭىدا قاراۋۇل مۇنارى چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. بۇ مۇنارلار يۇمىلاق شەكلىدە بولۇپ، سېپىل تېمىدىكى قىسمى يېرىم شار شەكلىدە سېپىل بۇلۇڭىدىن سىرتىغا چىقىپ تۇراتتى. مۇنارلارنىڭ سېپىل تېمىغا تەگلەشكەن يېرىدىن باشلاپ كۆتۈرۈلگەن ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە ئاركىلىق پەنجىرىلىرىدىن قاراۋۇللارنىڭ يۇقىرى گەۋدىسى كۆرۈنەتتى. تۆمۈر دەرۋازىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى مۇنار، سېپىلنىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى مۇنارلاردىن چوڭ ھەم ئېگىز تۇراتتى. تۆمۈر دەرۋازىلارنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى يېنى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازىلارنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرسىتەتتى. قارا رەڭ بىلەن سىرلانغان دەرۋازىلار ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، تۆمۈرلىرىمۇ قېلىن، ئۈستىگە تارتىلغان چەمبەرلىرىگە قېقىلغان مىخلارنىڭ دۈگىلەك قالپاقلىرى چىقىپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ ھەربىر قانىتىنىڭ ئۈستۈنكى بۆلىكىدە، قانىتىنى يېپىپ شىددەت بىلەن ئۇچۇشقا تەييارلانغان يوغان بۈركۈتنىڭ قاپارتىپ چىقىرىلغان سۈرىتى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى.

ئالمالىق شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلار بولۇپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، قاتمۇقات، ھەيۋەتلىك تاغلارغا بېرىپ تۇتىشاتتى. بۇ ئۆز

دەۋرىدىكى چوڭ ۋە داڭلىق شەھەر شىمالدىكى تاغلاردىن ئېقىپ چىقىدىغان سۇيى بىلەن ئىلى ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇنبەت ئېتىزلىقلارنى سۇغىرىدىغان ئىككى دەريا — چوڭ - كىچىك كېگەن[1] دەريالىرىنىڭ ئارىسىدىكى يېشىل باغۇبوستاندەك كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ شەرق، جەنۇب ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلىقلار، باغۇبوستانلىق سەھرالار ۋە قورۇقلار كەلگەن گۈل - چېچەكلىك باھاردىن يايراپ ھاياجان ئىلكىدە نەپەسلىنەتتى.

چاغاتاي ئالمالىقتا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئالمالىق شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى تولۇق ئارىلاپ كۆردى. ئۇ يەنە ئالمالىقنىڭ شىمالىدىكى قارىغايلىق، ئاسماندەك زەڭگەر، سۇلىرى ئۈنچە - مارجان چېچىپ ئاقىدىغان، خۇددى پەرىزاتنىڭ جامالىدەك گۈزەل تاغلارنى ئارىلاپ، كۆزىنى ئۇزەلمەي قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرىدىغان بۇ جاھىل ھۆكۈمران ئالمالىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىللە بارغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە سەردارلىرى بىلەن ياسىداق سارايىنىڭ تۆر تەرەپتىكى ئالاھىدە سېلىنغان قوش قەۋەت دۇخاۋا كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئولتۇرۇپ بولۇشىنى كۈتتى. ئۇنىڭ

[1] مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «كېيگەن — قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئېتى. ئۇنىڭ بىرى، كىچىك كېيگەن دېيىلىدۇ، بۇ كىچىك. يەنە بىرى، ئۇلۇغ كېيگەن دېيىلىدۇ، بۇ چوڭدۇر» دەپ يازغان. كېيگەن دېگەن بۇ ئىسىم كېيىن ئۆزگىرىپ كېگەن بولغان. قاياس - قۇياس - كونا قورغاس، ھازىرقى قورغاس مازار.

www.uyghurkitap.com

قارىراق چىرايى ۋە مۈشۈك كۆزىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدىن ئاللىقاچان بىر پىكىرگە كېلىپ ئاخىرقى قارارىنى ئېلان قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنداقلا، چىراي ۋە روھىي ھالىتىدىن دائىم كەتمەيدىغان مەنمەنلىكىمۇ ئىپادىلىنەتتى.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ، ئەتىكى ئۆز خانىغا جىمجىت ۋە ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ، ئۇنىڭ دەيدىغانلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان قىياپەتتە بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەپەسلىنەتتى. چاغاتاي سول قولىنى سول يوتىسىغا قويۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ئۈستى تەرىپى تۇتاشقان، ئاستى تەرىپى خېلىلا ئايرىلغان قارا بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى بىر تولغاپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى. ئۇنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان كۆزلىرى چاقنايتتى.

ــ بىز بىرقانچە ئاي يول يۈرۈپ، ھۆكۈمرانلىقىمدىكى زېمىنلارنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق. ئاخىر ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ، ئالمالىق، قاياس، ئايىيارۇق① قاتارلىق شەھەرلىرىنى، يەنە ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى ئارىلاپ كۆردۇق. راستىمنى دېسەم، ئىلى ماڭا يېقىپ قالدى، مەن ئىلىدا تۇرۇش قارارىغا كەلدىم. قۇرۇلىدىغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمالىق شەھىرى بولىدۇ.

قۇرۇلىدىغان خانلىقنىڭ بۇ ئەقىللىك، لېكىن مىجەزى ئوسال خانى سۆزىدىن توختاپ، گويا ئۆزىگە قاراپ

---

① ئايىيارۇق، ئايىورۇق ــ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تورپانيۈزى يېزىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئېدىرلىقلار باغرىدىكى قەدىمكى شەھەر. ئۇ «قويلۇق»، «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغان («گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» دىن 14 ـ بەت).

تۇرغانلارنىڭ ئىنكاسىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئۇلارغا بىر باشتىن قاراپ چىقتى. ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئىپادىلىرىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئىلىدا تۇرۇپ، ماڭا قارايدىغان ئەللەرنى داروغا[1] ئەۋەتىپ داروغالىرىم ئارقىلىق باشقۇرىمەن. داروغالىرىم ماڭا ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقلىرىنى يىغىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ كېچىچە ئويلىنىپ كەلگەن قارارىم. پىكىرىڭلار بولسا، قېنى سۆزلەڭلار، بولمىسا، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولىدۇ!

ساراي ئىچىنى بىردەم جىمجىتلىق قاپلىدى. كېڭەشكە قاتناشقان مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ھەممىسى ئويلىنىۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، چاچ، ساقال - بۇرۇتلىرى چارلاشقان، تەمبەل، گەۋدىلىك بىر ئەمەلدار چاغاتايغا قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئىلى بىزگىمۇ يېقىپ قالدى. راست، ئىلىنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ كۆزى دېسەك زادىلا لاپ ئۇرغانلىق ياكى ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. چاغاتاينىڭ قارارى ئاقىلانە قارار بوپتۇ. ئالمالىقمۇ گۈزەل، ئاۋات شەھەر ئىكەن، ئەتىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولسا بولىدۇ!...

يۇزلىرى شەپەقتەك قىزارغان ئەمەلدارنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن، قالغانلار چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى...

---

① داروغا — باسقاق، ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار.

— بولدى، تىنچلىنىڭلار! بىرمۇ قارشى پىكىر بولمىدى. ئالمالىق ئەتىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولىدۇ!

يوغان سارايدا ياڭرىغان چاۋاك ساداسى ۋە خۇشاللىق قىيقاس ـ چۇقانلىرى ساراي ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكىلى تاس قالدى.

※ ※ ※

چاغاتاي ئۆز خانلىقىنى قۇرۇشقا ئالدىرايتتى. ئۇ ئالمالىقنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، قۇرۇلىدىغان خانلىقىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، مەسلىھەتچى ۋە ھەر دەرىجىلىك مۆلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى تاللاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يادىدىن مەھمۇد يالاۋاچ، قۇتبىددىن خاباش ئامىدلار تەرىپلىگەن مەۋلانا يۈسۈف ساككاكىي كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئۆزى دېگەندەك تاتاتوڭاغا ئوخشايدىغان بىر دانانى تېپىشنىڭ ئارمىنىدا كۆيەتتى.

ياز ئاخىرلىشىپ، تاغ ـ دالا، تال ـ تېرەكلەر ئالتۇن رەڭگە كىرىۋاتاتتى. پات ـ پات ئاسمان يىغلاپ، زېمىننى كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆلدەيتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ياشلىرى شارقىراپ ئېقىپ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە پاتماي قالاتتى.

چاغاتاي دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، تالادا يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن يامغۇرنىڭ يېغىشىنى تاماشا قىلىۋاتامدۇ ياكى چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. تاشقىرىقى ئۆيدە



uyghurkitap.com www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاڭلانغان ئاياغ ئاۋازلىرى چاغاتاينى ئىشىك تەرەپكە قاراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئەتكى ۋەزىرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان، شىمالىي تېمىغا يوغان، تورۇستىن ئۆينىڭ تېگىگە دېگۈدەك ئانار گۈللۈك گىلەم تارتىلغان ئۆيگە خىزمەتچى ئوغلان كىرىپ، ئۆزى چاقىرتقان خاباشنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— كىرسۇن! — دېدى بولغۇسى خان ئىشىك ئالدىدا ئەدەپ بىلەن تىك تۇرغان ياش موڭغۇل يىگىتكە قاراپ.

ئوغلان چىقىپ كېتىپ، هايال بولماي ئىككى قولىنى باغلاپ، بېشىنى سەل - پەل ئېگىپ، قەددى - قامەتلىك ئامىد كىرىپ سالام قىلدى.

— كەل! — دېدى ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كېلىپ قوش كۆرپىدە ئولتۇرغان چاغاتاي، قارىراق چىرايىدا خۇشامەت تەبەسسۇمى چاقناۋاتقان خاباشقا قاراپ، — ساڭا قاراپ ئولتۇراتتىم. قېنى، بۇياققا چىق!

يوغان سارايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دېرىزىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئامىد: «خۇش، نېمە گەپلىرى بار ئىدى. دېسىلە، قۇلىقىم سىلىدە!» دېگەندەك، مۇلايىم قىياپەتتە تىكىلدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى خۇشامەت تەبەسسۇمىنىڭ چىرىغى تېخىچە ياناتتى.

— كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ئامىد، ھېلىقى دانايىڭ خىيالىمدىن كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. مەھمۇد يالاۋاچ بىلەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ھېلىمۇ قۇلىقىمدا تۇرۇپتۇ. ماڭا، دەل شۇنداق دانا كېرەك! ئۇنى ئارزۇ - ئارمىنىمدىكىدەك ماڭا مەسلىھەتچى بولالايدىغان ئادەم

www.uyghurkitap.com

دەپ بىلىپ كېلىۋاتىمەن. كۆرمىگەن، بىر قېتىم سۆھبىتىدە بولمىغان بولسامۇ، كۆك تەڭرىم ماڭا تەقدىر قىلغاندەك، ئۇ دانانىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇنتۇيالمىدىم،— باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان چاغاتاي سول قولىنى سول تىزىغا قويۇپ، ئوڭ قولى بىلەن بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى بۇراپ قويدى،— خانلىقىم قۇرۇلىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى. قارا، خاباش، دەرھال تەييارلىق قىلىپ، سوۋغا ـ سالام ئېلىپ، بۈگۈن ـ ئەتىلا سەمەرقەندكە يولغا چىققىن! بۇ قېتىم نەدىن بولمىسۇن. ئۇ دانانى تېپىپ ئەكەلگىن! قەشقەردە بولسا، قەشقەرگە بارغىن! جاھاننىڭ قەيىرىدە بولسا، شۇ يەرگە بارغىن! بۇ قېتىم يالغۇز بىر ئۆزۈڭ كەلسەڭ سېنىڭدىن رەنجىيمەن!

چاغاتاي ھاياجان بىلەن تېخى ئۆزى بىر قېتىم كۆرۈپ باقمىغان مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ كېلىشىگە كۈچلۈك تەقەززا بولغان بىر روھىي ھالەتتە قۇتبىدىن خاباشقا قاراپ سۆزدىن توختىدى. ئۇ ئامىدىنىڭ: «ئەتىلا يولغا چىقاي!» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىنىلا كۈتەتتى. قۇتبىدىن ئوغلى ئىچىدە: «بۇ قېتىم سەككاكىينى ئېلىپ كەلمىسەم، چاغاتاي راستىلا مېنىڭدىن رەنجىيدۇ. شۇنچىلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل بەرگىنىمنىڭ يۈزىنى قىلماي، بۇ رەھىمسىز ھەتتا قوغلىۋېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە: «ئاللا! بۇ قېتىمقى سەپىرىمنى ئاق يوللۇق، سەككاكىينى ئەكېلىشىمنى تەقدىر قىلغايسەن!...» دېدى.

— بولىدۇ! مەن بىر ـ ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقاي! بۇ قېتىم مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى نەدىن

بولمىسۇن تېپىپ ئالدىڭىزغا چوقۇم ئەكېلىمەن! ماڭا ئىشىنىڭ!

— ئوردا قۇرۇلۇشى پات ئارىدا باشلىنىدۇ. سەنمۇ ئۇياقلاردا ئۇزاق تۇرۇپ قالمىغىن. قاراڭغۇ قىش كىرىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلگىن! خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ ئۇزاق قالمىدى. خانلىق قۇرۇلغاندا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ! سەن مېنىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرىم بولىسەن! — دېدى چاغاتاي يەنە بىر يەرگە بارىدىغاندەك ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنى ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇۋغا چىقماقچىدۇق. بىلىسەن، مەن بىرى، كۆڭۈللۈك ئوۋ تاماشىسىدىن؛ يەنە بىرى، نەغمە ـ ناۋا، بەزمە ـ زىياپەتتىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن! ئوۋ بىلەن بەزمە بۇ جاھاندا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان ئىككى ئىش!

چاغاتاي توختىماي سۆزلەپ ساراي ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن باغلانغان قوللىرىنى يېشتۈەتمىگەن، بېشى خېلىلا ئېگىلگەن قۇتبىدىن خاباشمۇ ماڭدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان هۆكۈمرانىنىڭ: «سىم ـ سىم يېغىۋاتقان يامغۇردا يول يۈرۈش كۆڭۈللۈك، ساپ هاۋا جېنىڭنى ياشارتىدۇ!» دېگەنلىرىنى ئاڭلىدى.

※ ※ ※

ئالمالىق پايتەخت قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، بىر كاتتا باغلىق قورۇنى سېتىۋېلىپ، چوڭ رېمونت قىلىپ، ئائىلىسىنى ئالمالىققا كۆچۈرۈپ كەلگەن قۇتبىدىن خاباش كۆز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى

www.uyghurkitap.com

سەمەرقەندكە ئاتلاندى. ئۇ بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن بىللە سەمەرقەندكە قۇرۇق بېرىشنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئاتىسى قۇتبىدىن ھايات چېغىدىلا، ئاتىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ سودا ـ سېتىققا پىشىپ كەتكەن ئامىد، ئون نەچچە تۆگىگە مال ئارتىپ رەسمىي سودا كارۋانلىرىدەك يولغا چىقتى.

ئادەم بېيىغانسېرى يەنىمۇ بېيىش كويىدا بولىدۇ، ئەمدى بولدى دەپ قولىدىكى بىساتى، مال ـ دۇنياسىغا قانائەت قىلىپ ئۆتمەيدۇ. قايسى باي، قايسى سودىگەر بايلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ، دۇنياغا ھېرىس كۆزلىرى ئۆلگۈچە مال ـ دۇنيادىن بېزىپ باققانمۇ؟! ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى پەقەت جان ئۈزۈپ يەر تېگىگە كىرگەندىلا، ئىككى سىقىم توپىغا تويىدۇ. ئاتىسىدىن بىھېساب، ئۆزىمۇ ئېنىقىنى بىلمەيدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا قالغان خاباش چاغاتايىنىڭ پەرمانى بىلەن سەمەرقەندكە بېرىپ مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى ئەكېلىدىغان بولۇپ، يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. بۇ كەلگەن پۇرسەتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىغان ئامىد، سودا كارۋىنىنى تەشكىللەپ ئاز ـ تولا پۇل تېپىش ئويى بىلەن يولغا ئاتلاندى...

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرى تۈگەپ، خېلىلا سالقىن تارتىپ قالغان كۈز كۈنلىرىدە يول مېڭىش ئۇنچىلىك «يول ئازابى، گۆر ئازابى» بولۇپ كەتمەيتتى. قۇتبىدىن ئوغلى باشلاپ ماڭغان چوڭ كارۋان توختىماي يول مېڭىپ سەمەرقەندكە يېقىنلاپ كېلەتتى. ئۇ قەھرىتان قىش كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشنى ئويلاپ تېز يول يۈردى...

سەمەرقەندكە كېلىپلا ئالدى بىلەن مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ قەشقەردىن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن سوراپ بىلدى. ئۇ مۇتەپەككۇرنىڭ بۇلتۇر كۈزدىلا، ئۆزى كېتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يەنە بىر قانچە كۈن كۈتۈپ تۇرمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئاخىر ئۇ: «بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» دەپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلىدى.

ئۇ كۈنلەردە مەۋلانا سەككاكىي ئاقبۇلاقتىكى هويلىسىدا تۇرۇۋاتاتتى. خاباش بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خېلى نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ئاقبۇلاققا ئاتلاندى.

ئۇلار كۈن چۈش بولمايلا ئاقبۇلاققا يېتىپ كەلدى. يېزىدىكىلەردىن مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆيىنى سوراپ، ئۇدۇل ئاق دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئوغلان مىنگەن ئاتنىڭ ئېگىرى كەينىگە باغلانغان گىلەم خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تولۇپ تۇراتتى.

ئېگىز بويلۇق، چاققان، خۇش چىراي ئوغلان ئېتىدىن چۈشۈپ ئاق دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى شاراقلاتتى. هايال بولماي ئاق دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ بىر يىگىت چىقتى، ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرغان سۆلەتلىك خاباشقا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى خاباش يىگىتكە سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ. ئۇ چىققان يىگىتنى چاكارمۇ يا مەۋلانا يۇسۇفنىڭ ئوغلىمۇ، قاراپ بىلەلمىدى. يىگىتمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئۆز ئادىمىدەك خېلىلا ئوبدان كىيىنگەنىدى.

— ئۇكام، مەۋلانام ئۆيدە بارمۇ؟!
— بار!
— بىز تولىمۇ يىراقتىن مەۋلانام بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدۇق، كىرىپ: «سىز بىلەن كۆرۈشكىلى قۇتبىدىن سودىگەرنىڭ ئوغلى خاباش كەپتىكەن» دەپ مەلۇم قىلغان بولسىڭىز.
— بولىدۇ، — دېدى يىگىت، كەينىگە بۇرۇلۇپ قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپ، ئانچە ھايال بولماي چىقتى. يىگىت بىلەن بىللە، قاشلىرى قارا ۋە قوشۇما، كۆزلىرى لاچىنىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان، بىر قۇر چىرايلىق ھۆسنخەتتەك بۇرۇتى بار ئايتولدى كۆرۈندى. ئامىد بۇ يىگىتنىڭ ئالىمنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! خاباش ئاكا، سىلىنى تەقدىرنىڭ شاملى قاياقتىن ئۇچۇرۇپ كەلدى؟! — دېدى ئايتولدى مېھمانىنىڭ ئېتى يېنىغا كېلىپ، — ئاتتىن چۈشمەي نېمىگە قاراپ تۇرىدىلا؟ قېنى، قولتۇقلىرىدىن تۇتۇپ ئۆزۈم ئاتتىن چۈشۈرۈپ قوياي!
— رەھمەت!...
ئالدىدا چىققان خىزمەتچى يىگىت كېلىپ، خاباشنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى. ئايتولدى دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىنى يوغان ئېچىپ، قورساق سالغان، قەددى ـ قامەتلىك ئامىدنى ئۆيگە باشلىدى...
بېشىغا ئاق بۆك، ئۇچىسىغا ئاق چۇنچەن پەشمەت ۋە شىم كىيگەن ئېگىز بويلۇق، بەستلىك ئالىم پېشايۋاننىڭ قىرىدا ئامىدقا قاراپ تۇراتتى. دەرۋازىدىن كىرگەن

خاباش پېشايۋان ئۈستىدە ئالىمنى كۆرۈپ، ئىتتىك يورغىلاپ پېشايۋان يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ پەستە، سەككاكىينىڭ ئالدىدا تۇرۇپلا قول باغلاپ سالام قىلدى. ئۇنىڭ سالىمىغا مۇتەپەككۇرمۇ سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، پېشايۋان پەلەمپىيىگە قاراپ مېڭىۋىدى، ئامىد:

— بولدى، چۈشمىسىلە!... — دەپ يورغىلاپ دېگۈدەك كېلىپ، پەلەمپەيگە ئاياغ تاشلىدى. ئۇ پېشايۋانغا ئىتتىك چىقىپ، يېقىنلاپ كەلگەن يۈسۈف سەككاكىينىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇزاق كۆرۈشۈپ بىر - بىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سوراشقان ئالىم بىلەن سودىگەر ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

ئامىد سارايغا كىرىپ، شىمال تەرەپتىكى يوغان گىلەم ئېسىلغان تامنىڭ يېنىغا كېلىپ، سېلىقلىق تۇرغان دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇ دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاپسىدىلا ئۆرە تۇرغان مۇتەپەككۇرگە يەنە بىر قېتىم سالام - سەھەت قىلىپ، ھال - ئەھۋال سورىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇتەپەككۇر خاباشنىڭ ئۇدۇلىدا — ئىككى دېرىزە ئارىلىقىدىكى كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئامىدقا قارىدى.

— سىلىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزاق بولدى، ھۆرمەتلىك ئاتىلىرى قۇتبىدىن باينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كۆرۈشمىدۇققۇ دەيمەن! بۈگۈن سىلىنى بۇ ئۆيگە تەقدىرنىڭ قانداق شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى يۈسۈف سەككاكىي مېھمانغا خۇش چىراي تىكىلىپ. ئۇنىڭ بىر خاسىيەت، بىر سېھىر بىلەن ئالاھىدە چاقناپ

كەتكەن كۆزلىرىدىن سەل ئەيمىنىپ سۇر باسقاندەك بولغان ئامىد، ئالىمدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ قىبلە تەرەپكە قارىۋالدى.

ئۇ دەمال گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بولتۇر كۈزگىچە سەمەرقەندتە تۇرۇپ يەكەندىن كېلىشىنى كۈتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەۋلانا يۇسۇف يەكەندىكى ئىشى تۈگىمەي ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، كەچ كۈزدە قايتىپ كەلگەنلىكىنى دېدى.

— مەن كېتىپ ئۇن نەچچە كۈندىن كېيىن كەپتىلا! — دېدى خاباش باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ قاشلىرى تېگىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى ئالىمغا تىكىپ. ئۇنىڭ قارىراق كەلگەن چىرايىدا تەبەسسۇم ئوينايتتى.

— مېنىڭدە بىر مۇھىم ئىشلىرى بارمىدى؟ — دېدى سەككاكىي گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ، — نەچچە قېتىم شەھەردىن ئاقبۇلاققا چىقىپ، كەلگەن - كەلمىگەنلىكىمنى سۈرۈشتۈرۈپلا!

— شۇنداق! بىر مۇھىم ئىش بىلەن كېلىپ سىلىنى ئىزدىدىم. بىلەمدىلىكىن، مەن ھازىر چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتىمەن. بۇنىڭغا بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى. چىڭگىزخان ئىرتىش ۋادىسىدا كاتتا قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئۆزى ئىگىلىگەن زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. چاغاتايغا تۈرك قوۋمى تۇرغان زېمىنلار تەگدى. ئۇ ھازىر ئۆز تەسەررۇپىدىكى زېمىندا چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلماقتا. شاھزادەم قۇرۇلىدىغان خانلىقنىڭ

پايتەختىنىمۇ بىكىتىپ بولدى. ئۇ ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۈتۈن زېمىننى ئايلىنىپ چىقىپ، ئىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئالمالىق شەھىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئالمالىق شەھىرى قۇرۇلىدىغان چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىلدى.

خاباش سۆزدىن توختاپ، ئۆز سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان ئالىمنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ ئالىمنىڭ چىرايىدىن ئۆز سۆزىدىن زېرىككەن ئىپادىنى كۆرمىگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. مەۋلانا يۈسۈپ خاباشنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلەتتى. ئۇ مەھمۇد يالاۋاچتىن ھەممىنى تولۇق ئاڭلاپ، كۆڭلىدە بىر ئويغا كېلىپ يۈرەتتى.

— مېنىڭدىن بۇرۇن چاغاتاي كۆڭلىگە كەلگەن بىر ئوينى مەھمۇد يالاۋاچقا دەپتىكەن. ئۇ ماڭا تاتاتوڭادەك بىر دانا مەسلىھەتچى بولغان بولسا دەپ، ئويلىغىنىدەك بىر دانانى تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتىكەن. مەھمۇد سىلىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى نەچچە كېلىپ كۆرۈشەلمەپتۇ. چاغاتايغا سىلىنى تەرىپلەپ باش مەسلىھەتچىلىككە ئەڭ لايىق ئادەم، ھەتتا يالاۋاچ سىلىنى تاتاتوڭادىنمۇ دانا دەپ تەرىپلەپ بېرىپتىكەن،— ئامىد كېيىنكى جۈملىنى مەھمۇد دېمىگەن بولسىمۇ، ئۆزى قوشۇپ قويدى. ئۇ مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىينىڭ مۇنداق ئۆزىنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى،— چاغاتاي مېنىڭدىنمۇ سورىدى، مەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلدىم. يالاۋاچ ئىككىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىمىزدىن، چاغاتاي ئۆزلىرىگە چىن كۆڭلىدىن قىزىقىپ قالدى. ئۇ: «مەن تېخى

كۆرمىگەن، بىر قېتىم پاراڭلاشمىغان بولسامىمۇ، ئىككىڭلارنىڭ سۆزىدىن مەن ئۇ دانانى راستتىنلا ياقتۇرۇپ قالدىم» دېدى. پايتەخت بېكىتىلىپ، خانلىققا كېرەكلىك ۋەزىر - ۋۇزرالار تاللىنىشقا باشلانغاندىن كېيىن، چاغاتاي سىلىنىڭ نامىشەرىپلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى. ئۇ ئاخىر چىدالماي مېنى چاقىرىپ: «خاباش، هازىر كۇز كېلىپ قالغان بولسىمۇ، سەمەرقەندكە قاراپ يولغا چىققىن! مەھمۇد ئىككىڭ تەرىپلىگەن دانانى ئەكەلگىن!» دەپ مېنى يولغا سالدى. ئۇ يەنە: «قەشقەردە بولسا قەشقەرگە بارغىن، قەيەردە بولسا شۇ يەردىن ئەكەلگىن!» دەپ ئەمىر قىلدى. سەمەرقەندكە كېلىپلا، ئۆزلىرىنىڭ يەكەندىن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردۈم، كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتماي قالدى...

ئۆيگە ئايتولدى كىرىپ، تامغا يۆلەپ قويۇلغان دۈگىلەك شىرەنى ئامىدىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، دېرىزىدە تۇرغان گۈلى ئاق، تېگى كۆك داستىخاننى ئېلىپ سالدى. ئۇ چىقىپ كېتىشىگە دەرۋازا ئېچىپ چىققان يىگىت مىس ئاپتۇۋا بىلەن مىس چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، مېھمان ۋە غوجايىنىنىڭ قولىغا ئەدەپ بىلەن سۇ ئالدى. ئايتولدى بىلەن چاكار يىگىت كەينى - كەينىدىن كىرىپ چىقىپ، بىردەمدىلا شىرەنىڭ ئۈستىنى دەستىلەنگەن مايلىق توقاچ، تاتلىق - تۈرۈم، پېچىنە، ھۆل مېۋە - چېۋە، ھەسەل ۋە مۇراببالار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئايتولدى پىيالىلەرگە قېنىق دەملەنگەن سىنچايدىن قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن خاباش ۋە ئاتىسىغا تۇتتى. ئۇلارنىڭ چىنىلىرىگە سېرىق ناۋات سېلىپ، چاي

ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئامىد بىلەن سەككاكىي چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇلۇپ قالغان پارىڭىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەۋلانام، بارىسلا! بىللە ئىشلەيمىز! سىلىنىڭ باش مەسلىھەتچى بولىدىغانلىقلىرىنى چاغاتايدىن ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئاتامنى كۆرگەن ئۆزلىرى ماڭىمۇ ئاتا يوللۇق ئۇستاز. سىلى بولسىلا، مەنمۇ قۇرۇلىدىغان چاغاتاي خانلىقىدا خاتىرجەم ۋە ئىشەنچلىك ئىشلىيەلەيتتىم، — دېدى ئامىد، ئەمما چاغاتايىنىڭ: «سەن مېنىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرىم بولىسەن!» دېگەن سۆزىنى يۇسۇف سەككاكىيغا ئېيتمىدى.

سەككاكىي خىيال سۈرۈپ مەھمۇد يالاۋاچقا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ: «ئەگەر چاغاتاي ئۆزىنى مەسلىھەتچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتسە، مەن بارىمەن!» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئالدى. ئۇ تەقدىرنىڭ ئۆز سۆزىنى بۇنداق تېز رېئاللىققا ئايلاندۇرغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، مەرھۇم قۇتبىدىن بايىنىڭ ئەركە ئوغلىغا قارىدى.

سۆز ئېغىزدىن چىقىدۇ. بىزدە: «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتمايدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك ماقالە بار. سۆز ئېغىزدىن شۇنداقلا چىقىپ كېتىدىغان قىممىتى يوق يەل ئەمەس! بەلكى ئۇ دىلدىن چىقىدىغان لەۋز. ئۆزى دەپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان موللىلارنى تولا كۆرگەن خەلق: «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەپ قاتتىق قامچىلىغانلىقى ھەممىگە ئايان. مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي توغرا سۆزلەش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوبدان بىلەتتى.

شۇنداقلا، ئۇ دېگەن سۆزىدىن ئاسانلا يېتىشۋالىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى دېگەن سۆزىگە يۈزدە يۈز ئەمەل قىلىدىغان ئالىيجانابلاردىن ھېسابلىناتتى.

— قېنى، چاي ئىچىڭ! — دېدى ئالىم مىس چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ، مېھماننىڭ چىنىسىگە چاي قۇيغىلى ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ. خاباشمۇ ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى قولى بىلەن پىيالىنى ساھىبخانىنىڭ چاي قۇيۇشىغا تۇتتى. سەككاكىي سول قولى بىلەن ئوڭ قولىدا تۇتقان چۆگۈننىڭ قاپقىقىنى تۇتۇپ، خاباش تۇتقان پىيالىنىڭ بىر چېتىدىن ئاۋايلاپ، ئاۋاز چىقارماي چاي قۇيدى.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن چاي قۇيۇشقىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار قانداق چاي قۇيۇشنىمۇ ئەخلاقنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلەتتى. شارقىرىتىپ قۇيۇش مېھمانغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك، ھەتتا بۇنداق چاي قۇيۇشنى ھايۋاننىڭ قىلىقى دەپ ھېسابلايتتى.

— مەھمۇدمۇ بىرنەچچە قېتىم كەپتۇ، سىزمۇ بىرنەچچە قېتىم كەپسىز. سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى قىلىپ بارمىسام بولامدۇ؟! — دېدى ئالىم ئامىدقا چاي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ، — مەن مەھمۇد يالاۋاچقا بارىدىغانلىقىمنى دېگەنىدىم. ماڭا چاغاتاي ئەمەس، ئەل - يۇرتۇم تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان چاغدا بارمىسام بولامدۇ؟! مەن سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئالدىغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان كۆڭلىرىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن قانچىلىك خۇشال بولۇۋاتقانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز! مېنىڭ ياشىشىم،

قىلىۋاتقان ئىشلىرىم... ھەممە - ھەممىسى ئاشۇ جانىجان ئەل - يۇرتۇم ئۇچۇنغۇ!... مەن چوقۇم بارىمەن!— ھاياجانلىنىپ كەتكەن مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن دېگەن سۆزلىرىنى مەھمۇد بولسا چۈشىنىپ قاتتىق تەسىرلەنگەن بولاتتى. لېكىن، كۆزلىرىدە ھېچقانداق ھاياجان كۆرۈنمىگەن خاباش ئالىمنىڭ خۇشاللىق سىرىنى بىلەلمەي، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئولتۇراتتى. بىر - بىرىگە قارىشىپ نازۇ نېمەتلىك بىر داستىخان ئۇستىدە ئولتۇرغان بۇ ئىككى ئادەم، قانچىلىك ئارىلاشتۇرسىمۇ قېنى قوشۇلمايدىغانلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ رەڭگىرويى، قەددى - قامىتى ئوخشىمايلا قالماستىن، ئىچكى دۇنياسىمۇ ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرقلىنەتتى.

— مەن چوقۇم بارىمەن!— دېدى مۇتەپەككۇر، ئۇنىڭ چىراي ۋە روھىي ھالىتىدىن ئىشەنچ، ئىرادە ۋە قەتئىيلىك كۆرۈنەتتى،— ئاللا خالىسا، كېلەر يىلى باھارغىچە سەمەرقەندتىكى مۇناسىۋەتلىرىمنى تولۇق ئۈزۈپ، ئائىلەمنى كۆچۈرۈپ بىراقلا بارىمەن!...

يەنە يالغۇز بارسا، چاغاتاينىڭ ئۆزىدىن رەنجىيدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئامىد ئالىمنىڭ سۆزى تۈگىمىگىلا سۆزلەپ كەتتى:

— بارىكاللا، بارىكاللا! ئائىلىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىشتىن ئاۋۋال، مېنىڭ بىلەن بىللە بېرىپ، چاغاتاي بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسىلە بېشىمىز كۆككە يەتكەن بولاتتى. ئۇ يوللىرىغا تۆت كۆزى بىلەن قاراپ قالدى.

— سىلى بىلەن بىللە بارسام، يەنە بېنىپ كېلىدىغان گەپ! ئۇنىڭدىن بۇ يەردىكى ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىپ، كېلەر باھاردا خاتىرجەم بارسام ياخشى ئەمەسمۇ؟!

— دېگەنلىرىڭىز مەۋلانام، توغرا! لېكىن، چاغاتاي ماڭا: «بۇ قېتىم دانانى جەزمەن ئەكېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرگىن! ئەكېلەلمىسەڭ سېنىڭدىن رەنجىيمەن!» دېدى. شاھزادەمنىڭ مىجەزى چۇسراق، ئاچچىقى شۇنداق تېز كېلىدۇكى، بىردەمدىلا ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدۇ.

سەككاكىي دەرھال بىرنېمە دېمەي ئويلىنىپ قالدى.

※ ※ ※

قوياش نامازدىگەرگە يېقىنلاپ باراتتى. چاغاتاينىڭ بولغۇسى باش مەسلىھەتچىسى بىلەن ۋەزىرى باغ ئايلىنىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي خاباش بىلەن بىللە بېرىپ، چاغاتايغا كۆرۈنۈپ كېلىدىغان بولدى. ئالىمغا دېمىگەن ئالمالىقتىن ئەكەلگەن ماللىرىنى ئامىد تېخى سېتىپ بولمىغانىدى. ئۇ ماللىرىنى ساتماي سەمەرقەندتىن ئايرىلالمايتتى. خاباش سەمەرقەندتە چاغاتاي تاپشۇرغان بىرقانچە كۆنۈلۈك ئىشنى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئالمالىققا قاچان ماڭىدىغانلىقىنى ئايرىم كېلىپ ئۇقتۇرىدىغان بولدى.

ئىككىسى ئەمدىلا باغدىن ھويلىغا چىقىشىغا دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قايتقان مەختۇمسۇلا چۆچەكلەردىكى گۈزەل پەرىزاتلاردەك كىرىپ كەلدى.

ئۇچىسىغا تېگى ئاق، يوللىرى چىلان رەڭگىدىكى

ئەتلەستىن تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك، ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان قاپقارا چاچلىرىنىڭ ئۈستىگە قەشقەرنىڭ چىمەن دوپپىسىنى كىيگەن پەرىزات خۇددى نۇرانە قۇياش ۋە تولۇن ئايدەك ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ يېگانە ھۆرى ئىدى. زىلۋا، ئېگىز بويلۇق، تازا ئۆزىگە تولۇپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ھىلال ئايدەك قاشلىرى، تۆكۈلۈپ تۇرغان قاپقارا، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ئاھۇنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان قاپقارا كۆزلىرى ئامىدنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، ئەقىل ـ ھوشىنى ئېلىپ، ئۇنى كەلگەن ئورنىدا قاتقاندەك تۇرغۇزۇپ قويدى. گۈزەل مەختۇمسۇلانىڭ لېۋىنىڭ سول تەرەپ ئۈستىدىكى نوقۇتتەك بىر تال قارا مېڭى ئۇچۇپ چىقىپ، خاباشىنىڭ يۈرىكىگە تەگكەندەك بولدى. غۇنچىدىن بوي ئالغان، بۇلبۇلدىن خۇي ئالغان قىز دادىسى بىلەن بىللە باغدىن چىقىۋاتقان مېھماننى كۆرۈپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— بۇ مېنىڭ قىزىم مەختۇمسۇلا،— دېدى سەككاكىي ئامىدنىڭ قىزىغا تىكىلىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھە... شۇنداقمۇ!؟... ئىگەم... قۇت مۇيەسسەر قىلغاي...

خاباشىنىڭ ھودۇقۇپ قىلغان سۆزلىرىدىن سەككاكىينىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. مەختۇمسۇلامۇ مېھماننىڭ ئاچ بۆرىدەك تىكىلىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، ئىتتىك پېشايۋانغا قاراپ ماڭدى. گۈزەلنىڭ ئىككىگە ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلىرى تېقىمىدا پۇلاڭلايتتى. ئامىد يېنىدا تۇرغان مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىمۇ ئۇنتۇپ، قىزنىڭ ئارقىسىدىن ھاڭۋېقىپ

www.uyghurkitap.com

قاراپلا قالدى. مەختۇمسۇلا پېشايۋانغا چىقىپ، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە كىرىپ، خاباشنىڭ كۆزىدىن يوقالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ قاتتىق بىر خورسىنىپ يېنىغا قارىدى. ئالىم يېنىدا كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۇيالماي، پېشايۋان تەرەپكە ماڭدى. مۇتەپەككۇر قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا پېشايۋان ئۈستىدە خاباشقا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئالىم پېشايۋان ئۈستىگە چىققۇچە ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى. خاباش مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي يېنىغا كېلىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ئالىمغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدى.

— قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن راستلا ھەيران قالدىم. دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن سىلىنىڭ قىزلىرى ئەمەس، بىر پەرىزاتتەك بىلىندى. مېنىڭمۇ كۈنسۈلۈ ئىسىملىك بىر سىڭلىم بار. مەن كۈنسۈلۈنى گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دەپ يۈرەتتىم. بۈگۈن سىلىنىڭ مەختۇمسۇلانى كۆرۈپ، مېنىڭ سىڭلىم سىلىنىڭ قىزلىرىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئىنسان پۇشتىدىن بولغان قىزمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق بولىدىكەن دەپ قاراپ قالدىم. بۇنىڭدىن مېنى باشقىچە چۈشىنىپ قالمىغايلا، كۆڭلۈمدە قىلچىلىك يامان نىيىتىم يوق!

ئالىم ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ، ئالىمنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىنى ئېچىشقا ئۇرۇناتتى. سەككاكىي ئاق كۆڭۈل، ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىدەك دەپ بىلىدىغان، ئاچچىقى تېز كېلىپ، تېز كېتىدىغان بولغانلىقتىن، خاباشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىرايى ئېچىلدى.

※ ※ ※

ئامىد[1] مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە نەچچە قېتىم ئۆيلەندى. ئۇنىڭ ئاشنىلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئېنىق سانىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خوي - پەيلىنى ئوبدان بىلىدىغان چاغاتاي، ئاتىسى چىڭگىزخان خارەزىم شاھىنىڭ ئىككى قىزىنى ئۆزىگە ئىنئام قىلغاندا، بۇ قىزلاردىن بىرىنى ئامىدقا ھەدىيە قىلغانىدى.

قۇتبىدىن بىرقانچە قىز، بىر ئوغۇل يۈزى كۆردى. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇ ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ، نېمە دېسە قىلىپ بېرىپ، تولىمۇ ئەركە ئۆستۈردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەركە ئوغۇل ئاتىسىنىڭ تۈگىمەس ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنياسىغا ئىشىنىپ، ئەيش - ئىشرەت، ئويۇن - تاماشا ئىچىدە چوڭ بولدى. ئۇ پۇل بولسىلا ئاسماندىكى ئاينىمۇ ئۇزۇۋالغىلى بولىدۇ دەپ بىلىپ، ئۆزى تەر تۆكۈپ تاپمىغان ئاتىسىنىڭ بايلىقىنى خالىغىنىچە بۇزۇپ چاچتى. ئۇ قانچىلىك بۇزۇپ چاچسا سورىقى بولمىدى. ئامىد بۆۋەكلىكتە شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇنىڭ يېنىغا بىر توپ بىكار تەلەپ ئاغىنىلىرى توپلىنىپ خەجلەيتتى.

---

① تارىخىي شەخس. بەزى كىتابلاردا ئابىد دەپ ئېلىنغان. «جامىئۇت تەۋارىخ» تا ئۇنى ئۇتىرارلىق دېگەن. جامال قارشى ئامىدنى بۇخارانىڭ يېنىدىكى كارمىنا دېگەن يەردىن دەپ يازىدۇ. نەسەۋى «سۇلتان جالالىدىننىڭ تەرجىمىھالى»دا، ئۇنى خۇراساندىكى ئۇستۇۋ دېگەن يەردىن دەيدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى قۇتبىدىن ھەبەش ئامىد مۇلك «موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن چاغدىكى تۈركىستان»نىڭ بەشىنچى باب قولىيازمىسىدا ھەبەش ئامىد ئىزچىل جەيش ئامىد دېيىلگەن. كېيىن بارتولد ھەبەش ئامىد دەپ تۈزەتكەن. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ 2006 - يىلى 2 - سانىغا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى نەۋرە كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتكەن ئاتىسى ئۇنى بىر باينىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويدى. تەگكەن قىز خېلىلا ئەدەپ ـ قائىدە بىلىدىغان هايالىق قىز بولۇپ، خاباشىنىڭ هاكاۋۇرلۇقىنى ۋە ئۆزىنى خارلىشىنى كۆتۈرەلمەي ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇ بىر ئايغىمۇ يەتمەي يەنە بىر قىز ئالدى. توي بولۇپ يېرىم يىلغا يەتمەي ئاتىسى بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى. ئامىد يىغلاپ ـ قاقشاپ ئاتىسىنى يەرلىككە قويۇپ، نەزىر ـ چىراغلىرىنى كاتتا ئۆتكۈزدى.

ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ يىغا ـ زارى بىلەن كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتتىن ئۆزىنى بىرئاز تارتقان بولسىمۇ، «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيتۇ» دېگەندەك، ئىشرەتخورلۇقتىن تولۇق قول ئۈزەلمىدى. بولۇپمۇ ئۇ خوتۇنبازلىق قىلىقىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يىل نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن، ئەمرىدىكى خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، كۆزى چۈشكەن بىر چوكاننىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ ئەمرىگە ئالدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن، بۇ چوكاندىنمۇ سوۋۇپ، يىغا ـ زارىغا قارىماي قويۇۋەتتى. ئۇ يەنە كاتتا توي قىلىپ بىر قىزغا ئۆيلەندى.

ئامىد هازىرقى يېشىغا كەلگۈچە بىرقانچە قىز ۋە چوكان ئېلىپ، ئاخىر ئىككىسى بىلەن توختىدى. ئۇنىڭ بىرى چاغاتاي تەقدىم قىلغان خارەزىم شاھىنىڭ قىزى ئىدى.

خاباش ئوخشىغان پولۇغا تويۇپ، خىزمەتچى ئوغلانى بىلەن كەچتە چۈشكەن سارايغا قايتىپ كەلدى. ئۇ سەمەرقەندكە كەلگەندىن كېيىن، ياسىداق بىر ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ ئورۇنغا كىرىپ

يېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدىن سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان سەككاكىنىڭ گۈزەل قىزى مەختۇمسۇلا زادىلا نېرى كەتمىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭ قانداقلىقىنى بىلگەندەك بولدى. نىكاھىغا كۆرۈپ ۋە كۆرمەي ئالغان قىز ـ چوكانلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىپادىلىمىگەن بىر خىل ئازابلىق ھېسسىيات ئۇنىڭ ئىچ باغرىنى قىيناپتتى.

«تو ۋا... توۋا!؟!ــ دەپ پىچىرلايتتى خاباش، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆيۈۋاتقان يۈرەك باغرىنىڭ يالقۇنلىرى ئۆرلەيتتى، ــ ئادەم بالىسىمۇ بۇنداق چىرايلىق بولامدۇ؟! ئۇنى ئالىدىغان يىگىتنىڭ بېشى راستلا ئاسمانغا يېتەر! چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلارمۇ، جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەرمۇ بۇ قىزدەك گۈزەل ئەمەستۇ؟! ئاھ خۇدا! يىگىرمە ياشلاردىكى چاغلىرىم بولسا، ئەتىلا سەككاكىيغا ئەلچى كىرگۈزگەن بولاتتىم. ھازىر ئوتتۇزدىن ئېشىپ قىرىققا قاراپ كېتىۋاتىمەن. ئاتىسى مېنى قېرى كۆرۈپ قىزىنى بەرمەيدۇ! بۇنداق خېرىدارى كۆپ گۈزەل پەرىزاتمۇ ماڭا تېگىشنى خالىمايدۇ. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ھەسرىتىدە ئاھ ئۇرۇپ تۇگىشىدىغان بولدۇم. ئاھ خۇدا! ئەمدى قانداق قىلارمەن!؟»

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىكى سوغۇق چاينى ئىچىپ، گويا كۆيۈۋاتقان باغرىنى ئۆچۈرەلمىدى.

«قېنى، ئالمالىققا كۆچۈپ بارسۇن!ــ دېدى ئامىد يەنە يوتقانغا كىرىپ يېتىپ، ــ شۇ چاغدا بىر گەپ بولار...»

ئۇ مەختۇمسۇلانى ئويلاپ يېتىپ، قايسى چاغدا ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب

# ئىككى ئەڭگۈشتەر

مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي ئالمالىقتا كېلىپ چاغاتاي بىلەن كۆرۈشتى. ئالىمنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئوغلىنى تېخىمۇ قايىل قىلىپ ئۆزىگە باغلىۋالدى. ئۇنىڭغا ئالىم خېلى ئوبدانلا يېقىپ قالدى. «قار چۈشمەي سەمەرقەندكە يېتىۋالاي. باھار چېچەكلەپ، يەر - جاھان ئىپار پۇرىقىغا چۆمۈلگەندە، ئائىلەمنى كۆچۈرۈپ گۈزەل ئالمالىق شەھىرىگە كېلەي...» چاغاتاي تېخى ئۆز خانلىقى قۇرۇلمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىلىك ئېلىپ، چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى. مۇتەپەككۇرگە بىر مۇھاپىزەتچى، بىر خىزمەتچى ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى قوشۇپ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ يولغا سالدى...

ئىلىدا قار قېلىن ياغاتتى، سوغۇقمۇ جاڭگىلداپ قاتتىق بولاتتى. سوغۇق تازا كۈچەيگەن چاغلاردا تۈكۈرۈك يەرگە مۇز بولۇپ چۈشەتتى. ئادەملەرنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىغىمۇ ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان ھور ئاپپاق مۇنچاقلارغا ئايلىنىپ تىزىلىپ كېتەتتى. مانا، قۇترىغان سوغۇق، لەپىلدەپ قار ياغىدىغان قاراڭغۇ قىشمۇ تۈگەپ،

باھار ئىللىق چىرايى بىلەن يېقىنلاپ كېلەتتى. كۆنلەر خېلىلا ئىسسىپ، دەل ـ دەرەخلەردە بىخلارمۇ كۆرۈندى. كۆنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن باھارمۇ يېتىپ كەلدى...

چاغاتاي ئۆزىنىڭ ياسىداق سارىيىدا ناشتىلىقىنى قىلىپ بولۇپ، قوش كۆرپە ئۈستىدە گىلەم تارتىلغان تامغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مۈشۈك كۆزلىرىدە جىددىي تەييارلىق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى كېچىكىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خاپىلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دەرەخ سايىسى چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان چىرايىدىمۇ ئۆز خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىدىن رازى ئەمەسلىكى بىلىنەتتى. ئۇ شۇ تاپتا قانداق قىلىپ ئۆز خانلىقىنى تېزرەك قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالتۇن تەختىدە بالدۇرراق ئولتۇرۇشنى ئويلاپ بېشىنى قاتۇرۇۋاتاتتى، لېكىن مۇۋاپىق چارە ـ ئامال تاپالماي، ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلاتتى...

ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن بىر ياش ئوغلان كىرىپ تاپىسىدىلا توختىدى. ئۇ ئۈستىگە ئۆرە ياقىلىق، ئالدى ئوچۇق، تۈگمىلىك، يېڭى ئۇزۇن، ئىككى يېنىدا چېكى بار تون كىيىپ، بېلىگە تونىنىڭ قارا كۆك رەڭگىدىكى بەلباغ باغلاپ موڭغۇل پىچىقى ئېسىۋالغان بولۇپ، بېشىغا ئادەتتىكى قارا رەڭلىك موڭغۇل دوپپىسىنى كىيىۋالغانىدى. ئوغلان موڭغۇللارنىڭ سالام قىلىش ئادىتى بويىچە، ئوڭ مۈشتىنى سول كۆكسىگە ئۇرۇپ سالام بېرىپ، بېشىنى ئەگكەن ھالدا ئاغزىنى ئاچتى:

— خاباش جانابلىرى كەپتىكەن، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى دەۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— كىرگۈزۈۋەت! — دېدى چاغاتاي، ئۇنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق قارا بۇرۇتى بار ئاغزىدىن سۆز خۇددى ئېتىلغان قوناقتەك پارتلاپ چىقتى. ئۇنىڭ جاھىللىق بىلەن پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ چاقنىدى. ئوغلان كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

بېشىغا يېڭى بادام دوپپا، ئۈستىگە قارا مۇۋۇتتىن پەشمەت - ئىشتان كىيگەن خاباش كىرىپ، تاپشىدىلا قول باغلاپ، بېشىنى ئېگىپ توختىدى. ئۇ ئالدىدا سالام قىلىپ، ئارقىدىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن چاغاتايدىن ئەيمەنگەن هالدا هال - ئەهۋال سورىدى.

— خانلىقىمنىڭ قۇرۇلۇشى كېچىكىپ كېتىۋاتسا، مېنىڭ ئەهۋالىم قانداق بولاتتى! ياخشى ئەمەس! — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى ئالدىدىكى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان جىگەر رەڭ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، چاغاتاي ئېغىر بىر خورسىنىپ، نېمە گېپىڭ بار دېگەندەك ئامىدقا تىكىلدى.

— بىزدە، — دەپ سۆز باشلىدى خاباش كۆتمەك قاشلىرى تېگىدىكى سەل - پەل پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى چاغاتايىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ، گىلەمنىڭ گۈللىرىگە قاراپ، — «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەن هېكمەتلىك گەپ بار. پۇختا تەييارلىق بىلەن قۇرۇلىدىغان چاغاتاي خانلىقى، — بىردىنلا ئۇ ياسالما هاياجانلىنىپ، چىراي ۋە سۆزلىرىدىن خۇشامەت ياغدۇردى، — جىمىكى خانلىقلارغا ئۈلگە بولىدۇ. خەلقئالەم: «خانلىق دېگەن چاغاتاي خانلىقىدەك بولسا!» دەپ ماختىغاندا، ئۆزلىرى خۇشاللىقلىرىنى باسالماي قالامدىلىكىن!؟ بىزمۇ ئەلۋەتتە، بۇنداق خانلىقتا

ئىشلىگەنلىكىمىزدىن پەخىرلىنىپ كۆكسىمىزنى كېرىمىز!
— پۇختا تەييارلىق بىلەن قۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ. لېكىن پۇختا بولسۇن دەپ كېچىكتۇرۇۋېتىسەكمۇ بولمايدۇ — دە!
خاباش ئۆزىنىڭ بىر جىددىي ئىش بىلەن كىرگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، چىرايىدىن چاغاتايغا خۇشامەت قاغا جىگدىلىرىنى قېقىپ، تېخىچىلا بوسۇغىدا تۇراتتى. قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھۆكۈمران ئامىدنىڭ سۆزلىرىدىن سەل — پەل ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.
— ئولتۇر! نېمە ئىش بىلەن كېلىۋىدىڭ؟
— بالاساغۇن تەرەپتە ئىسيان باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئوتى بالاساغۇننى مەركەز قىلغان يەتتەسۇ رايونىغا تۇتاشقان ئوخشايدۇ. ئاڭلىغان خەۋىرىمگە قارىغاندا، ئىسياننى باشلىغانلار شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقانلار بولۇپ، يېزا — شەھەرلەردىكى بەگ ۋە ئەمەلدارلارنى سۈرۈپ — توقاي قىلىپ، ھەتتا بىرقانچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندەك قىلىدۇ. ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم!... دەرھال بىر چارىسىنى قىلساق، — خاباش چاناقلىرىدىن سەل پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى تېخىمۇ چەكچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ قارىراق كەلگەن چىرايى ۋە روھىي ھالىتىدىنمۇ كۆزلىرى ئىپادىلىگەن ھېسسىيات پۇرقىراپ چىقاتتى.
چاغاتاي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئامىدنىڭ ئالدىدا، ئۆي ئاستىغا تولدۇرۇپ سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە، ئېچىشىۋاتقان يېغىرىغا تاياق تەگكەن ئاتتەك چىچاڭشىپ ماڭاتتى.

ئۇ بىردىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان خاباشنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— بۇ خەۋەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى چاغاتاي تېخى بىسلىمىغان ئاچچىقى ئۈستىگە يەنە ماي چېچىلغاندەك ئوغىسى قايناپ.

— بالاساغۇنلۇق بىر بەگ تەستە قېچىپ چىقىپ، ئاخشام ئالمالىققا كېلىپ، تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. ئۇنى مېنى بىلىدىغان تونۇشى قاراڭغۇ چۈشكەندە بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ. ئىسمى نەزەربەگ ئىكەن، ئىسيانىنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بىچارىنىڭ قورقۇپ جېنى چىقاي دەپ قاپتۇ، — سۆزدىن توختىغان ئامىد چاغاتاينىڭ قۇيۇن چىقىۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ قورققاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى، — ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقى داڭقى ئالەمگە پۇر، نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلانغان بولسىمۇ، قېچىپ چىقىپ ئوغرىلىقىنى قىلىۋاتقان رۇستەم دەيدىغان ئوغرىكەن...

— بولدى! كاسىلداۋەرمەي، قانداق قىلىمىز، بىرنېمە دېمەمسەن؟ يا ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتەمدۇق؟ — دېدى چاغاتاي كۆزلىرى چەكچىيىپ.

— هازىرچە قوشۇن ئەۋەتمەيلىمىكىن، سەككاكىني يولغا چىقىپتۇ. خەۋىرى كەلدى، ئەتە - ئۆگۈن ئالمالىققا يېتىپ كېلىدىكەن. مەن سەككاكىينى شۇ يەرگە ئەۋەتەيلىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ دانانىڭ سۆزىنى خەلق ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن تۈركىستانغا تارقالغان. ئۇ بارسا قوزغىلىڭ دېھقانلارنى تىنچلاندۇرالايدۇ.

چاغاتاي ئويلىنىپ قالدى. ئۇ خاباشنىڭ سۆزلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ دانانىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە خەلق ئالدىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيىنى بىر سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئاخىر مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى بالاساغۇن ئىسيانىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىشكە قوشۇلدى.

— بولىدۇ. سەككاكىي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكىن، تېزرەك يېتىپ كەلسۇن!

— ئۆزۈم بارىمەن! — دېدى خاباش كۆز ئالدىغا ئىككى قاپقارا تۇم زەنجىردەك چېچىنى تىقىمىدا ئويىنىتىپ پېشايۋانغا چىقىپ كېتىۋاتقان مەختۇمسۇلانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ. ئۇ مەختۇمسۇلانى كۆرگەندىن بېرى، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى ئۇنتۇيالماي يۈرەتتى.

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى، بارىدىغان قوشۇنىمىزمۇ تەييارلىنىپ تۇرغىنى ياخشى. سەن بېرىپ دۇرجى سانغۇنغا مېنىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز. ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار قىلىپ تۇرسۇن!

— مەن ھازىر بېرىپ يەتكۈزەي!

خاباش ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. چاغاتايمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى: «ماڭا تولىمۇ سادىق! ھازىرغىچە خاباشنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن بىرەر قۇسۇر تاپالمىدىم. ئۇ مېنىڭدىن مال ـ دۇنيايىنىمۇ ئايىمىدى. قانداق ئىشقا بۇيرۇسام، ياق دېمەي بەجانىدىل ئورۇنلىدى. زىياپەت، ئەيش ـ ئىشرەتلەرگە ئامراقلىقىمنى بىلىپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كۆڭلۈمنى ئېچىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىشىم

ئۇچۇن، مەنمۇ نۆۋىتىدە ئاز ـ تولا نەپ بېرىشىم كېرەك. ئىتىڭغىمۇ غاجىلايدىغان ئۇستىخان بېرىپ تۇرمىساق، ئاخىر سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزۈڭگە ئېتىلىدۇ...»

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندە خاباش ئالمالىق شەھىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن سۇلايمان بەگ بىلەن قارا ھاجىمنى، مۇھاپىزەتچى ۋە خىزمەتچى يىگىتلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئېلىپ مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ ئالدىغا ئاتلاندى. ئۇ چاغاتايىنىڭ دېگىنىدەك، ئالىمنى تېزرەك ئالمالىققا ئەكېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالغىلى ئالدىغا ماڭدى. ئۇ پەرىزاتلاردىنمۇ چىرايلىق مەختۇمسۇلانى كۆرگەندىن بېرى، يۇسۇف سەككاكىيغا يېقىنلىشىشنىڭ غېمىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. «ئاتمىشتىن ئاشقان قېرىلار ياش قىزلارغا ئۆيلىنىۋاتقان يەردە، مېنىڭ يېشىم چوڭ ئەمەسقۇ؟! گەپ ئالىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتا!... مېنى بولىدىغان يىگىتكەن دەپلا قالسا، ئۇشۇقۇم ئالچۇ چۈشۈپ، مەختۇمسۇلا قوينۇمغا كىرەتتى...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئامىد يۇسۇف سەككاكىي ئالمالىققا كۆچۈپ كېلىشى بىلەنلا، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئاماللارنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئويىغا كەلدى. ئۇ شۇ ئويى بىلەن سۇلايمان بەگ ۋە قارا ھاجىمدەك ئالمالىقنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى ئېلىپ ئالىمنىڭ ئالدىغا ماڭدى. يول ـ يولدا مۇتەپەككۇرنى ئوبدان كۈتۈۋېلىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى. مەختۇمسۇلانىڭ گۈزەل چىرايىنى كۆزىدىن،

ئىسمىنى كۆڭلىدىن كەتكۈزەلمىگەن خاباش ئۇنى كۆرۈش تەشنالىقىدا ئات ئۈستىگە چىقتى. لېكىن، ئۇ بىرىنچى قېتىم كۆرگەندىكىدەك ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ، مەختۇمسۇلاغا كۆز ئۈزمەي قاراپ قېلىشتىن پاناھ تىلىدى. ئۇ: «بولغۇسى قېيىنئاتامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان، ئاددىيسى، مېنىڭدىن رايىنى قايتۇرىدىغان ھەرقانداق چوڭ - كىچىك سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزمەسلىكىم كېرەك!» دېگەنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى...

ياخشى ئاتلارغا مىنگەن خاباشلار شۇ كۈنى كەچتە بىر باغۇبوستانلىق يېزىغا كېلىپ، يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى كۆرگەن بۇرۇتى قوڭۇر، چىرايى ئاق سېرىق، ئەللىكلەرگە تاقاپ قالغان بەستلىك يېزا ئاقساقىلى پۈت - قولى يەرگە تەگمەي، ئاغزى گەپكە كەلمەي، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇ چاقىرىپمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان مېھمانلارنى ياسىداق سارىيىغا باشلاپ، گۈللىرى چوغدەك ياغلىقىنى چېكىلەپ چىگكەن ياش ئايالىغا ساماۋار قۇيغۇزدى. چاكارىنى ئەۋەتىپ بىر ئەركەك قوي ئالدۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ سويغۇزدى. قىزغىن پاراڭ بىلەن ئوخشىغان نارىن چۆپكە تويۇپ، قانغۇچە ئۈستىخانلىرىنى مۇجۇغان خاباشلار ئارقىدىن قېنىق دەملەنگەن سىنچايىنى ھاردۇقى چىققۇچە ئىچىپ، كېچە بىر يەرلەرگە بارغاندا يوتقانغا كىرىپ، خورەك ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. ئەتىگەندە تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇغان مېھمانلار قايماقلىق ئەتكەنچاي بىلەن ئوخشىغان ھورنانغا تويۇپ، ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ ئاتلىرىغا مىندى. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى قۇياش

پېتىۋاتقان گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى باھار شامىلى ئۇغرىلاپ قېچىۋاتقان يەنە بىر باغۇبوستانلىق يېزىغا كېلىپ چۈشتى. ئۇلار قۇياش نامازدىگەردىن قايرىلغاندا، سەككاكىي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭمۇ بۇ يېزىغا كېلىپ چۈشكەنلىكىنى بىلمىدى. خاباشلار يەنە يېزا ئاقساقىلىنىڭ بىر ئەركەك قويىنى يەپ، ئەتىسى ئەتىگەندە مول ناشتىلىنىپ ئاتلىرىغا مىنىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئامىدلار سەككاكىيلار بىلەن ئۆتۈشۈپ كەتتى.

يېزا ئاقساقىلى ئاتمىشلارغا تاقاپ قالغان، مويسىپىت ئادەم ئىدى. ئۇ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ: «ئۇھ!» دەپ يانپاشلىشىغا ئايالى كىرىپ: «سىلىنى ئۆمەر باينىڭ چاكىرى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. يېزا ئاقساقىلى دەرۋازا ئالدىغا چىققان چاكار ئادەمدىن، تۈنۈگۈن ھۆرمەتلىك مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئائىلىسىنىڭ يېزىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تېپىرلاپ قالدى. ئۇ ئۆمەر باينىڭ چاكىرىغىمۇ قارىماي، ھويلىغا كىرىپ ئېتىنى توقۇپ، خاباشلار كەتكەن تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەتتى.

بېشى كىچىك، بويىنى ئۇزۇن، ئېگىز بويلۇق قاراكىر بارغانسېرى سوزۇلۇپ شامالدەك ئۇچۇپ باراتتى. ئۇستىدىكى چار، قامەتلىك يېزا ئاقساقىلى ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى بىلەن ئاتنىڭ بىقىنىنى توختىماي نىقتاپ يۈگۈرۈشنى تېخىمۇ تېزلىتەتتى. نەچچە قېتىم بەيگە ئالغان ئات ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزئارا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان خاباشلارغا يېقىنلاپ قالدى. كېچە ياغقان يامغۇرنىڭ خاسىيىتىدىن يوللاردىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلمەيتتى. ئاقساقال ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— هاي!... خاباش جانابلىرى! هاي!... توختاڭلار! توختاڭلار!...

ئاتلىرىنى يورىتىپ ۋە يورغىلىتىپ كېتىۋاتقانلار ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى بولغاي، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىپ توختىتىپ، باشلىرىنى كەينىگە بۇرىدى. ئۇلار ئېتىنى قويۇنىدەك چاپتۇرۇپ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان يېزا ئاقساقىلىنى تونۇپ، نېمە بولغاندۇ دېگەندەك ھەيرانلىق بىلەن يولغا قاراپ تۇردى.

— سەككاكىي ھەزرەتلىرى ئائىلىسى بىلەن تۇنۇگۈن نامازدىگەردىن قايرىلغاندا يېزىغا كېلىپ ئۆمەر باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتىكەن، بىز خەۋەر تاپالماپتۇق،— دېدى ھاسىراپ كەتكەن يېزا ئاقساقىلى ئامىدلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىزىپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنى تەستە توختىتىپ،— سىلەر كېتىپ ئۆمەر باينىڭ پاكار چاكىرى كېلىپ خەۋەر قىلدى. قېنى، كەينىمىزگە يانايلى! مەن سىلەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ، كەلگەن ئادەمگە مېھمانلار قوزغالماي تۇرسۇن دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تېز بارمىساق، مېڭىپ كېتىشى مۇمكىن. قېنى، ئېتىڭلارغا چۇھ دەڭلار، يېزىغا قايتايلى!...

ھەممەيلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يېزىغا قاراپ ئاتلاندى. ئاتلارنىڭ ئەنسىز دۈكۈرلەشلىرى سۇ بويىغا قونغان قۇشلارنى ئۈركۈتۈپ ئەنسىز ھالدا كۆككە ئۆرلىتەتتى...

※ ※ ※

خاباشلار يېزىغا قايتىپ كېلىپ، سەككاكىي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار يېزىدا ھايال

بولماي، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئالماللىق تەرەپكە بۇراپ، جېدەللەپ ماڭدى. خەۋەر يەتكۈزگەن يىزا ئاقساقىلى ئامىدلارنىڭ: «بولدى، قېلىڭ!» دېگىنىگە قارىماي، ئىسمىشەرىپىنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ ئالىمنى بىر كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە ئۇلار بىلەن ئىتتىغا قامچا ئۇردى...

ئاجايىپ ماھارەت بىلەن چېلىنىۋاتقان دۇتار ئاۋازى دەريا ياقىسىدىكى بۇكىدە دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارا - ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېلەتتى. توقايلىقنىڭ ياقىسىدا ھارۋىلاردىن ئاتلىرىنى چىقىرىپ، يېشىل چىمەنلىككە قويۇۋەتكەن ھارۋىكەشلەرنىڭ بەزىلىرى چۆپلۈكتە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بەزىلىرى يانپاشلاپ يېتىپ، دۇتارنىڭ جۇشقۇن كۈيىگە جىمجىت قۇلاق سالاتتى. ئاتلارنىڭ يەۋاتقان ئوت - چۆپلىرىنىڭ شىتىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يۈك بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ قاتارىدا بىر چىرايلىق مەپمۇ كۆرۈنەتتى.

خاباشلار ھارۋىكەشلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئولتۇرغانلار كەلگەنلەرنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ سالام قىلدى. ئاتلىرىدىن چۈشكەن ئامىدلار ئۇلارنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ھال - ئەھۋال سورىدى.

— سىلەر مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ ئادەملىرىمۇ؟ — دەپ سورىدى خاباش ئىتتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— شۇنداق! بىز مەۋلانامنى ئالمالىققا كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان ھارۋىكەشلەر.

— ئۇلار قېنى؟

— دەريا بويىدا! ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، دۇتار چېلىپ گۈزەل دەريا بويىغا خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت بېغىشلاۋاتقانلار شۇلار!

ئامىدلار ئاتلىرىنى مۇھاپىزەتچى ۋە خىزمەتچى يىگىتلەرگە بېرىپ، ئۆزلىرى دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار قويۇق توقايلىقنى ئارىلاپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يولدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، دەريا بويىدىكى چىمەنلىككە گىلەم سېلىپ ئولتۇرغان سەككاكىي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى كۆردى. ئالىمنىڭ بېشىدا قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن، ئاستىغا ئىككىلىك جىگەر رەڭلىك قاما تۇتۇلغان تۇماق، ئۇچىسىدا قارا مۇۋۇتتىن تىكىلگەن پەشمەت بولۇپ، ئۇ ئانا دەرياغا قاراپ دۇتار چېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا خان ئەتلەستىن كەڭ كۆڭلەك كىيگەن ئايالى تىللاخان ئولتۇراتتى. ئوغلى ئايتولدى بىلەن قىزى مەختۇمسۇلا بىر - بىرىگە بېقىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. خاباش قاپقارا ۋە توم چاچلىرى تېقىمىدا ئويناۋاتقان پەرىزاتتىن كۆزىنى ئالالماي قالدى. گۈزەلنىڭ بېشىدا رەڭدار چىمەن دوپپا، ئۇچىسىدا ئانىسىنىڭ كىيىۋالغان كۆڭلىكىنىڭ رەختىدەك خان ئەتلەستىن تىكىلگەن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك بولۇپ، ئۇ شۇ تاپتا شامال نازغىتقان رەڭدار گۈلگىلا ئوخشايتتى. ئايتولدىمۇ بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا قارا پەشمەت، پۇتىغا قارا ئۆتۈك كىيىپ، تېتىك، شوخ ۋە چاققان ھالەتتە ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇ تازا يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھاياجان بىلەن قۇلاقلىرىغا قىزىل پۆپۈك باغلانغان نەقىشلىك دۇتىرىنى چالاتتى. دۇتارنىڭ ئەۋرىشىم تارلىرىدىن چىقىۋاتقان كۈي ۋاپادار ئوغلىنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇۋاتقان مۇھەببەت بولۇپ، دەريا سۈيىنى جانلاندۇرۇپ، دولقۇنلىرىدا تۈمەنمىڭ تىللا چاقنىتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئاجايىپ جۇشقۇن كۈيگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان بىر ئەزگۈ مۇڭ ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالاتتى. چىن، گۈزەل ۋە ھاياجانلىق مۇھەببەت تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ، ئەلۋەتتە! بىر كۆرۈشنى ئارزۇلىغان ئانا يۇرت، ئانا دەريانى كۆرگەن ۋاپادار ئوغۇلنىڭ دۇتىرىدىن چىقىۋاتقىنى ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك يۈرىكى بولۇپ، دەل — دەرەخ، گۈل — گىياھ، يەرۇئاسماننى ئاڭلاشقا قارىتالامدىكەن؟! شۇ تاپتا ئەرشتىكى جىمىكى پەرىشتىلەرمۇ بۇ كۈيگە ھاياجان بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقاندۇ؟!...

كەلگەنلەر بۇ ئېلىنىڭ ھاياجان ۋە خۇشاللىقىنى بۇزۇۋەتكىسى كەلمەي ئورماندىن چىقىپلا ئالدىغا ماڭماي قاراپ تۇراتتى. دۇتاردىن چىقىۋاتقان كۈي ئەۋجىگە چىقىپ باراتتى. مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئالدىدا ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە گۈزەل مۇھەببەت ئېقىنى تاشقىنىدا ئېقىۋاتقاندەك، دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ، دۇتار تارلىرىغا بارماقلىرىنى توختىماي ئۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، كۆكرىكىدىن مۇھەببەت قايناپ پۇرۇقلاپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئانا دەريا! مۇھەببەت دەرياسى! ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مانا شۇنداق ئېقىپ كەلمەكتە! ئىككى يېنىدىكى

www.uyghurkitap.com

بىپايان زېمىنغا، ئۇ يەردە ياشايدىغان بارلىق ئادەم، هايۋان، ئۇچار قانات، ئۆسۈملۈكلەرگە ئۆپكىسىنى قېقىپ كەلمەكتە! ئۇنىڭ شىپالىق سۈيىدىن ئانا زېمىن ئىچتى؛ ئادەم ئىچتى؛ هايۋان، قۇش، گۈل ـ گىياهلار ئىچتى؛ ئەزىم دەريا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆز خاسىيىتى بىلەن پۈتمەس هاياتلىق ئاتا قىلىپ كەلمەكتە!

سۇ بار يەردە هاياتلىق بار، گۈل ۋە ناخشا بار، مۇھەببەت ۋە توي ـ تۆكۈن بار! سۇلا توختىمىسا، هاياتلىق، گۈل بىلەن ناخشا، مۇھەببەت بىلەن توي ـ تۆكۈنمۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ توختىمايدۇ!

ئىلى دەرياسى! سەن نېمىلەرنى كۆرمىدىڭ؟! سەن مۇشۇ گۈزەل ۋادا تارىخنىڭ تىلسىز گۇۋاھچىسى! ئەگەر سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالساڭ، كۆرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى توغرا ۋە ئادىللىق بىلەن ھېكايە قىلغان بولاتتىڭ! تارىخ ئۆز چىنلىقى بىلەن ئادىل سۆزلەنگەن زېمىندىلا كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە شاد ـ خۇراملىقى بولىدۇ. گۈزەل كەلگۈسىمۇ مانا مۇشۇنداق زېمىندا گۈل ئېچىپ گۈلشەن بولالايدۇ!

ئالىمنىڭ قوللىرى توختىدى. چىرايلىق، بېشى يوغان دۇتارنىڭ تارلىرىمۇ ئارام ئالغاندەك جىمىدى. مۇتەپەككۇر دۇتارنى ئايالى تىللاخانغا بېرىپ، ئەمدى ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە، كەينىدىن چىقىقان «ھۆزمەتلىك سەككاكىي!» دېگەن ئاۋاز ئارقىسىغا قاراتتى. يېڭىلا ئۇسسۇلدىن توختىغان ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلا، دۇتارنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرغان تىللاخان ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ، ئورمان تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس، سالاپەتلىك

موتمۇەرلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، گىلەم ئۈستىنى ئالدىراپ - تېنەپ يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

يۇسۇف سەككاكىي كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆزى تونۇيدىغان خاباشنى كۆردى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان سالاپەتلىك زاتلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. سۇلايمان بەگنىڭ بېشىدىكى سۆسەر تۇماق، قاراھاجىمنىڭ بېشىدىكى يوغان ئاق سەللە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى كىمخاپ تونلار كەلگەنلەرنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئالىم كېلىۋاتقان خاباش ۋە موتمۇەرلەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققانلار ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

ئۇلار دەريا بويىدىكى ياپيېشىل چىمەنلىكتە ئۇچرىشىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، سالام - سەھەت قىلىشىپ، قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراشتى. خاباش ئۆزى بىللە كەلگەن سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملارنىڭ سالاھىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى. بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئالىم كەلگەنلەرنى دەريا بويىغا سېلىنغان گىلەمگە باشلىدى. تىللاخان بىلەن پەرزەنتلىرى مېھمانلارنى سالام قىلىپ قارشى ئالدى. ئۇلار ياش ۋە ھۆرمىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئارقىدىن ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراشتى. چاندۇرۇپ قويماسلىققا شۇنچىلىك تىرىشسىمۇ، خاباشنىڭ سەل - پەل پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئانىنىڭ يېنىدا يەرگە قاراپ ئەدەپ - ھايا بىلەن ئولتۇرغان پەرىزاتقا تىكىلەتتى.

كەلگەنلەر ئۆتۈشۈپ كەتكىلى تاس قالغانلىقىنى

دېيىشىپ بىردەم كۈلۈشكەندىن كېيىن، ئالىم سەپىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، يولدا جاپا تارتىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى سوراشتى.

— چاغاتاي بىزنى ئالاھىدە ئالدىلىرىغا ئەۋەتىپ، قىزغىن قارشى ئېلىشىمىزنى قايتا - قايتا جېكىلىدى. بىز چاغاتاي ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئەل - يۇرت نامىدىن ئۆزلىرىنىڭ ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكلىرىنى خۇشاللىق ئىچىدە قىزغىن قارشى ئالىمىز!

— رەھمەت!

خاباش سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى سەل - پەل پولتىيىپ چىققان كۆزلىرى ئۆزىگە بويسۇنماي بۇ ئالەمنىڭ كۈندۈزىدىكى قۇياش، كېچىدىكى تولۇن ئايدەك يېگانە گۈزەللىكىگە قاراپ قالاتتى. ئۇ مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى ئاچچىقلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، دەرھال كۆزىنى ئەپقېچىپ، دولقۇنلىرىنى قوغلىشىپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ دەرياغا تىكىلەتتى.

— راستىنى دېسەم، ھۆرمەتلىك سەككاكىي جانابلىرى، يوللىرىغا قاراپ چاغاتاينىڭ ئىككى كۆزى تېشىلەي دەپ قالدى. مەن بۇياقتا ماڭغاندىمۇ: «يوللاردىمۇ ھايال بولماي، دانانى تېزرەك ئەكەلگىن!» دەپ جېكىلىدى، — دېدى ئامىد چوڭقۇر بىر نەپەسلىنىپ، بۇ ھاۋا يېتىشمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى يېڭىلا كۆزىنى ئالغان، گىلەمنىڭ بىر چېتىدە، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساھىبجامالنىڭ ئىشقىدا ئىچىگە يۇتقان ھەسرىتى ئىدى.

— ئىلى دەرياسىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ئۆزىنى كۆرمىۋىدىم. بۈگۈن تەقدىر ئۇنىڭ يېنىدىن

ئۆتكۈزۈۋاتقاندا كۆرمىسەم، بۇ سەپەر ماڭا ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە توختاپ، گۈزەل دەريانى تاماشا قىلىۋاتاتتۇق. ئېلى تەۋەسىگە كىرگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ بۇگۇن ئانا دەريانى كۆرۈپ، بۇرۇن ئاڭلىغان بىر سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم. راستىلا ئىلى خىزىرنىڭ نەزىرى تەگكەن خاسىيەتلىك زېمىنكەن. ئۇنىڭ توپىسىنى قولۇمغا ئېلىپ كۆرۈپ، تاش تەرسىمۇ ئۇنىدىغانلىقىنى بىلدىم. بۇ قوڭۇر رەڭ تۇتىيانى كۆزلىرىمگە سۇرۇپ، يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتىم!— خېلىلا ھاياجانلانغان مۇتەپەككۇر سۆزدىن توختاپ، يېنىدىلا ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىغا قارىدى. ئۇنىڭ بىر خاسىيەت، بىر سېھىر بار كۆزلىرىدە مۇھەببەت يالقۇنلىناتتى. تېز ھاياجانلىنىدىغان بۇ ھۆرمەتلىك ئالىم شۇ تاپتا پۈتۈنلەي يالقۇنلاۋاتقان مۇھەببەتكە ئايلىنىپ، ئىلىنىڭ تاغ - دەريا، دالا - تۈزلىرىگە تويماي قاراتتى.

يېزا ئاقساقىلى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ دەيدىغان سۆزى باردەك بىر قۇتبىدىن ئوغلىغا، بىر ئالىملىقنىڭ مۆتىۋەرلىرىگە قاراپ، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئاغزىنى ئاچتى.

— تەقدىرنىڭ خاتالىقىدىن، يېزىمىز ئۇلۇغ مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي جانابلىرى بىلەن ئۇچرىشالماي قالدى. ئۆمەر بايمۇ ئالىمنىڭ كېلىشىگىلا خەۋەر بەرمەي، تەقدىرنىڭ خاتالىقىغا يەنە بىر خاتالىق قوشتى. خاتالىقنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. مەن يېزىمىز خەلقى نامىدىن سىلەرنىڭ يېزىمىزغا قايتىشىڭلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. بىر كۆرۈشنى ئارزۇلىغان ھۆرمەتلىك



www.uyghurkitap.com

مەۋلانامنى يېزىمىز دېھقانلىرى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا. گۇناھىمىزدىن كېچىپ، ئۇلۇغ ئۇستازىمىزنىڭ يېزىمىزدا يەنە بىر كېچە بولۇپ بېرىشىنى يېزىمىز نامىدىن ئۆتۈنىمەن!...

خاباش يېزا ئاقساقىلىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن يۇسۇف سەككاكىينىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى:

— يېڭىلا دېۋىدىم، چاغاتاي ئالىيلىرى ھۆرمەتلىك ئالىمنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ يېزىدا يەنە بىر كۈن بولغىنىمىزنى ئاچچىقى يامان ھۆكۈمران ئاڭلاپ قالسا، بىزدىن چوقۇم رەنجىيدۇ. مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، كېيىن پۇرسەت تېپىپ مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى يېزاڭلارغا ئاپىراي، بۇگۈن بىزنى يولدىن قالدۇرماڭ!

سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملارمۇ خاباشنىڭ سۆزىنى قوللىدى. سەككاكى كېيىن ئالاھىدە كېلىپ، يېزا خەلقىگە سالام بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئاخىر سەپەر يەنە داۋاملىشىدىغان بولۇپ، نەرسە - كېرەكلەر يىغىشتۇرۇلۇپ، ھارۋىلار قېتىلدى. ئۈستى لەمپىلىك مەپىگە تىللاخان بىلەن مەختۇمسۇلا چىقتى. يېزا ئاقساقىلى مەۋلانا يۇسۇف سەككاكى بىلەن ئالمالىقتىن كەلگەنلەرنى ئۇزىتىپ يول ئۈستىدە قالدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە تۇرۇپ، ئاندىن ئۆز يېزىسىغا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى...

※ ※ ※

شىمالىي تېمىغا بىرلا كېلىدىغان مودەن گۈللۈك گىلەم ئېسىلغان، ئاستىغا تولدۇرۇپ ئىران نۇسخىلىق

گىلەملەر تام ياقىلىتىپ، دۇخاۋا كۆرپىلەر تۆپىلەپ سېلىنغان يوغان سارايدا ئېگىز بويلۇق، كۇچىگە تولغان، قىزىل چىرايىدىن، ئاق پاختىسى يوغان مۇشۇك كۆزلىرىدەك كۆزلىرىدىن تەكەببۇرلۇقى بىلەن تەرسا ۋە جاھىللىقى چىقىپ تۇرغان چاغاتاي مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈپ، قارا ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى بىر خاسىيەت، بىر سېھىر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەنە كۆرۈپ، تېنى جۇغغىدە قىلغاندەك بولدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم: «كۆزى يامانكەن، قارىغان ئادەمنى سۈر باسىدىغان قانداق بىر سېھىر باردۇ ئۇنىڭ كۆزىدە؟! بىزدە: ‹يامان كۆز، يامان سۆزدىن ساقلا، كۆك تەڭرىم!› دەيدىغان سۆز بار. بۇ دانانىڭ كۆزى ئادەمنىڭ جېنىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان يامان كۆزمىدۇ؟! كۆك تەڭرىم، مېنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ساقلىغايسەن!» دەپ ئويلىدى.

چاغاتاي بۇگۈن قىممەت باھالىق موڭغۇلچە كىيىملىرىنى كىيىپ تازا ياسىنىپ چىققانىدى. ئۇ بېشىغا قىزىل پۆپۈكى بار كونۇسسىمان موڭغۇلچە بۆك، ياقىسىدىن تارتىپ ئېتىكىگىچە، كۆكرەك بىلەن يەڭ ئۇچىغىچە كەشتە ئىشلەنگەن تون كىيىپ، بېلىنى تونى رەڭگىدىكى بەلباغ بىلەن باغلاپ، يېنىغا نەقىشلەنگەن موڭغۇل خەنجىرى ئېسىۋالغانىدى. چاغاتاي كىيگەن كىيىملىرى بىلەن ئەتىكى خانلىقنىڭ خانى ئەمەس، بەلكى ئاقسۆڭەك بايۋەچچىگە ئوخشايتتى...

چاغاتاي ئالىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئانچە

كەڭ بولمىغان، ئىككى تەرىپى ئۇزۇنراق شىرە تۇراتتى. باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان چاغاتاي ئاياغلىرىغا ئوتتۇرا پاشنىلىق، قونچى كەڭ نەقىشلەنگەن ئۆتۈك كىيىپ، ئۇستىبېشىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ موڭغۇللۇقىنى تەنتەنە قىلغاندەك مەغرۇر ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان سەككاكىيغا قاراپ تۇراتتى.

بېشىغا ئاق سەللە يۆگەلگەن، سەرپۇش تۇماق، ئۇچىسىغا كىمخاپ تون كىيگەن مۇتەپەككۇر شەرقىي تامىنىڭ چاغاتايغا يېقىنراق يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئالدى بىلەن چاغاتاينىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتەتتى. چاغاتاي ئاتىسى چىڭگىزخان خانلىقىنىڭ جاساق ۋە قانۇنلىرىنى باشقۇرغانلىقتىن، سىياسەت ۋە قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلاردىن سانىلاتتى[1]. دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ سۆزلىرىدىمۇ سىياسەت بىلەن قانۇنىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى. ئۇ تەكەببۇر ۋە مەغرۇر قىياپىتىنى بۇزماي سەككاكىيغا قاراپ سۆزىنى باشلىدى. مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغان خاباش ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ سۆزلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، مۇتەپەككۇرگە ئۆرۈپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ موڭغۇل تىلىنى خېلى پىششىق بىلەتتى.

ــ كەلگىنىڭلاردىن بەكلا خۇشال بولدۇم، راستىنى دېسەم، يوللىرىغا تولا قاراپ كۆزۈم تېشىلەي دەپ قېلىۋىدى. مېنىڭ خانلىقىم قۇرۇلىدىغانىغا ئاز قالدى. مەن خانلىقىمنى باشقۇرۇشتا دانا بىر مەسلىھەتچىگە

---

[1] «چاغاتايخان ھەيۋەتلىك ۋە سىياسەتلىك پادىشاھ ئىدى.»، «شەجەرەئى تۈرك». ئابۇلغازى باھادىرخان، ئۇيغۇرچە، 133 ـ بەت)

موھتاج ئىدىم، كۆك تەڭرىم سىلىنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى.

ئاتام مېنى ئۆز خانلىقىنىڭ جاساق ۋە قانۇنلىرىغا مەسئۇل قىلىۋىدى. ئۇزاق يىل قانۇن بىلەن ھەپىلىشىپ، قانۇن بىلەن خانلىقنى ئىدارە قىلىشنىڭ توغرىلىقىنى بىلدىم. سىياسەت ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنمىغان ھەرقانداق خانلىق روناق تاپالمايدۇ. بۇ جەھەتتە ماڭا كۆپرەك مەسلىھەت ۋە ياردەم بېرەلا!

خاباش يەنە چاغاتاينىڭ سۆزىنى ئۆرۈشكە باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىنقىسىدەك تېز ئۆرۈيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. سىياسەت ۋە قانۇن ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغان ئامىدنىڭ بۇ مەزمۇندىكى سۆزلەرنى تېز ۋە توغرا ئۆرۈپ بېرەلىشى راستلا قىيىنغا توختايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ گاچىلىشىپ يۈرۈپ بىرنېمە قىلدى.

پېشانىسى كەڭ، چىرايى بۇغداي ئۆڭ، مەڭز سۆڭىكى سەل - پەل پۇلتىيىپ چىققان، ئۇزۇن، قويۇق بۇرۇتى ئېگىكىنى قاپلىغان قاپقارا ساقىلىغا تۇتىشىپ كەتكەن يۇسۇف سەككاكىي خاباشنىڭ چاغاتاينىڭ سۆزىنى ئۆرۈيەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئامىدقا تىكىلگەن خاسىيەتلىك كۆزلىرى بىردىنلا يورۇپ، كۆڭلىگە چولپان چىققاندەك بولدى. ئۇ: «موڭغۇل تىلىنى ئۆگەنمىسەم بولمىغۇدەك، ئۆز پىكىر ۋە مەقسەتلىرىمنى تولۇق ۋە ئەينەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن چوقۇم ئۆگىنىشىم زۆرۈر ئىكەن!» دەپ ئويلىدى.

— ئۆزلىرىگە مىجەزىمنىڭ ئوساللىقىنى ئەسكەرتىپ قوياي، قېنىم قىزىق، ئاغزىم ئىتتىك، تېز ئاچچىقلىنىمەن. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ لاۋۇلداپ

كۆيۈۋاتقان مىجەزىمگە يۈز ـ خاتىر قىلماي سۇ سېپىپ ئۆچۈرۈپ، توغرا تەرەپكە يېتەكلەشلىرىنى خالايمەن!

چاغاتاي چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ ئولتۇرۇپ، سەككاكىينى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى. ئۇ بايا ئالىمنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرىنىڭ بىردىنلا يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئويلىنىپ قالدى. «ئۇنىڭ كۆڭلىگە نېمە كەلگەندۇ؟!»

چاغاتاي خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. خاباشنىڭ ئۆز سۆزىنى ئۈزۈپ بولۇپ، ئۆزىگە تىكىلگەنلىكىنى كۆردى. بىردىنلا چىڭگىزخان ئوغلىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، مۈشۈك كۆزلىرى تېخىمۇ پارقىراپ غەزەپلەنگىنى ئايان بولدى.

— كۆرمەمدىلا، تېخى خانلىقىمىز قۇرۇلماي تۇرۇپلا، بالاساغۇن تەرەپتە ئىسيان كۆتۈرۈلدى. ھەددىدىن ئاشقانلار ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلاردىن بىرقانچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرقانچە يېزا ـ شەھەرلەرنى ئىگىلەپتۇدەك. ئىسيانچىلارنىڭ ئاتامانى بىر داڭقى چىققان ئوغرى ئوخشايدۇ. مەن دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ، باستۇرۇشنى ئويلىغان بولسامىمۇ، خاباش ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ، ئۆزلىرىنى ئەۋەتىشىمنى مەسلىھەت قىلدى. ئۇ: «مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىينىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ھەرقانداق ئىسياننى تىنچىتالايدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى خەلق ئاڭلايدۇ» دېدى. مەن قوشۇلدۇم، مانا، ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەنلىرى ياخشى بولدى. بالىچاقىلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ، ئاندىن بالاساغۇن تەرەپكە بىر بېرىپ كەلگەن بولسىلا!...

مۇتەپەككۇر خاباشتىن بالاساغۇن ئىسيانىنى

ئاڭلىغانىدى. چاغاتاينىڭ ئۆزىنى ئەۋەتىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋىرى بولۇپ، ئەل - يۇرتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسىدىغانلىقىدىن خۇشالمۇ بولغانىدى. ئالىم زۇلۇم ۋە زۇلۇمنىڭ پىچىقى سۆڭەككە يەتمىگەن بولسا، بالاساغۇنلۇقلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. قەيەردە زۇلۇم ۋە زورلۇق بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ - دە! مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ خۇشال بولۇشىنىڭ سىرى: بالاساغۇنغا بېرىپ زۇلۇم ۋە زورلۇق كۆرگەن قېرىنداشلىرىنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان، كۆڭۈل جاراھىتىگە داۋا بولۇشقا بەل باغلىغانىدى...

ئالىم تەكەببۇر قىياپەتتە ئۆزىگە قاراۋاتقان چىڭگىزخان ئوغلىنىڭ سۆزى تۈگىگەنلىكىنى كۆرۈپ، سۆز قىلىش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ چاغاتاينىڭ يېنىغا كەلگۈچە ئويلىنىپ، دەيدىغان سۆزلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئالغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ تەمتىرىمەي سۆزىنى باشلاپ كەتتى.

— ئالدى بىلەن چاغاتاي جانابلىرى، ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ۋە ئادالەتتە چىڭ تۇرۇپ، راستچىللىق ۋە مەسئۇلىياتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ھەربىر خانلىقنىڭ ئەمەلدارى ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى، خانلىقنىڭ غېمىنى يەيدىغان پىداكارلاردىن بولۇشى كېرەك! خەلق بولمىسا، خانلىقمۇ بولمايدۇ. خەلق گاداي بولسا، خانلىقمۇ گاداي بولىدۇ، خەلق باي بولسا، خانلىقمۇ باي بولىدۇ. بۇنى خاندىن تارتىپ، خانلىقنىڭ ھەربىر ئەمەلدارى ئېنىق بىلىشى لازىم. خان ۋە ئەمەلدارلار خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان،



www.uyghurkitap.com

خەلق خانلىقىنىڭ سۇيىدە ئېقىپ ئوتىدا كۆيىدىغان بولغاندىلا، خانلىق گۈللەپ ياشنايدۇ...

ئالىمنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. سارايغا چاغاتاينىڭ ياش خىزمەتچى ئوغلانلىرىدىن بىرى كىرىپ:

— دۇرجى سانغۇن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەپتىكەن، «بۇگۇن ئۇزلىرىنى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ» دېسەممۇ، «كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان بىر مۇھىم ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، كىرىپ ئالىيلىرىغا مەلۇم قىل!» دەپ تۇرۇۋالدى...

ياش خىزمەتچى ئوغلاننىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگمەيلا چاغاتاي ئورنىدىن تۇردى.

— مەن چىقىپ ھايال بولماي كىرىمەن،— دېدى ئۇ ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ. مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بىلەن خاباش ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

※ ※ ※

— بابا ئۆزلىرى دانا بىر گەپنى قىلدىلا: قانۇن بىلەن خانلىقنى باشقۇرۇش ئەڭ توغرا يول! مەن بۇ كۆزقاراشلىرىغا تولۇق قوشۇلىمەن! ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى دۇنيانىڭ ھەممە مەملىكەتلىرىگە لايىق كېلىدىغان، گۈللەنگەن ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرىنى تېپىپ چىققىلى خېلى بولدى. بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەر سىلىنىڭ خانلىقلىرىغىمۇ باب كېلىدۇ...

چاغاتاي ئالىمنىڭ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى خاسىيەتلىك كۆزلىرىگە دىققەت قىلدى، بۇنداق چاغدا ئۇ ھاياجانلىنىپ

كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ نۇرلىنىپ كېتىدىغان كۆزلەر بىر سولاشماس روھ، بىر ئېگىلمەس ئىرادە، بىر گۈزەل ئېتىقادنىڭ يېنىشۋاتقان چىرىغىغا ئوخشايدىغانلىقىدىن ھەيران قالدى.

— بىزدىن 240 يىللار بۇرۇن قەشقەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈف خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»[1] (بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدىغان بىلىم) دەيدىغان بۈيۈك داستانىدا مەن دېگەن ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى ئورنىغا قويىدى...

چاغاتاينىڭ كۆزلىرى چاقناپ، ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ زۆرۈر دەرس ئاڭلاۋاتقان شاگىرتتەك مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئەقىللىك ۋە دانا چاغاتاي ئۆز خانلىقىنى قانداق قۇرۇش، ھاكىمىيەتنى قانداق تۇتۇش ۋە باشقۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى ۋە ئىزدىنىۋاتاتتى. ئالىمنىڭ دەۋاتقانلىرى دەل چاغاتاينىڭ ئويلاۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. مۇتەپەككۇر ئۆزىنى ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق شارائىتتا ھەقىقەتنىڭ تەشۋىقاتچىسى دەپ بىلگەنلىكتىن، كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، چاغاتايىنى خەلققە پايدىلىق ئادىل قانۇن ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇش، جەمئىيەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇشقا چاقىراتتى.

— بىرىنچى ئەڭگۈشتەر،— دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مۇتەپەككۇر چاغاتايغا قاراپ،— ئادالەت

---

[1] بۇ يەردە يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ ئۆز داستانىنى مىلادىيە 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى تاماملىغانلىقى، سەككاكىينىڭ سۆزى 1225 ـ يىلى سۆزلىنىۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلدى.

ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان قانۇن ـ تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلىپ، قانۇن ئالدىدا مەيلى ئۇ كىم بولسۇن، ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، خاننىڭ قانۇننى ئادالەت ئۈستىگە ئورنىتىپ، ئۆز خانلىقىنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باشقۇرۇشى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ كاپالىتى. قانۇن ئادالەت، ياخشىلىق (خەلق پايدىسىنى كۆزلەش) ۋە باراۋەرلىكنى ئۆزىگە مىزان قىلغاندىلا، ئاندىن ئادالەتلىك بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە، ئەڭ مۇھىمى خاننىڭ ئادىل بولۇشى، ئەلگە پايدىلىق توغرا ۋە ياخشى قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ، خەلقنى ئادالەتلىك بىلەن باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت. ئادالەتلىك قانۇن يولغا قويۇلغان مەملىكەت روناق تاپىدۇ. ئەكسىچە بولسا، يەنى زۇلۇم ـ زورلۇق كۈچەيسە مەملىكەت خاراب بولىدۇ. زۇلۇم ـ زورلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئادالەتنىڭ تۈڭلۈكتىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى مەن دېمىسەممۇ ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

ئادىل قانۇننى بىر ئادەم دېسەك، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ھۆكۈم ئۇنىڭ يۈرىكى. مەيلى ھۆكۈمران مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل يا گاداي بولسۇن؛ مەيلى يات، مەيلى تونۇش ـ بىلىشى، يارۇ بۇرادىرى مەيلى ئوغۇل ـ قىزى، قوۋمى ـ قېرىندىشى ياكى يېقىنى بولسۇن، ھەممىسى قانۇن ئالدىدا بابباراۋەر بولغاندىلا، ئاندىن قانۇن ئادالەتلىك بولىدۇ. ئادالەت زۇلۇم ـ زورلۇققا ئۇچراپ قانۇن ئالدىغا كەلگەن كىشى شىكەرگە؛ ئەكسىچە، كىشىلەرگە زۇلۇم سالغان ۋە زورلۇق قىلغان زومىگەر قانۇن ئالدىغا كەلسە زەھەرگە ئىگە بولغاندىلا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

ئادىل قانۇن ئەل - يۇرتنى گۈللىنىدىغان ساغلام ۋە قۇدرەتلىك يىلتىز، زۇلۇم ۋە زومىگەرلىك ئوتىنى ئۆچۈرىدىغان رەھىمسىز سۇ!

ئادالەت بىلەن قانۇن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى لازىم. ئادالەت بولغاندىلا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئىگە بولىدىغان قانۇن تۈزگىلى بولىدۇ. توغرا قانۇن بولغاندىلا، ئادالەت كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي سۆزدىن توختاپ خاباشقا قارىدى. خاباش دۇدۇقلاپ، چالا - بۇلا چاغاتايغا ئۆرۈپ بىرىۋاتاتتى. تېز ۋە راۋان ئۆرۈپ بېرەلمەيۋاتقان ئامىدتىن رەنجىگەندەك، مۇشۇك كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى پارقىراپ تۇرغان ھۆكۈمرانىنىڭ چىرايىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ئاچچىق سوغۇقلۇق ئۇچاتتى. ئامىد تەستە ئۆرۈپ بولۇپ ئالىمغا قارىدى:

— ھازىرقى يېشىمغا كەلگۈچە ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى بۈگۈن ئاڭلىدىم، ئاڭلىمىغان گەپلەرنى ئۆرۈش ئاسانمۇ؟! سۆزىڭىزنى ئۆرۈپ تۈگەتكىچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم، ھۆرمەتلىك سەككاكىي جانابلىرى! — دېدى خاباش قولياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىنى ئېرتىۋېتىپ.

چاغاتاي ئامىدنىڭ ئۆرۈپ بولغانلىقىنى بىلىپ، داۋاملاشتۇرۇڭ دېگەندەك مۇتەپەككۇرگە قارىدى.

— ئىككىنچى ئەڭگۈشتەر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالىم قىزغىن ۋە ھاياجانلىق روھىي ھالەت بىلەن، — بىلىم — قۇت بەلگىسى[1]، بىلىم —

① قۇت — بەخت، تەلەي؛ بايلىق.

كۆچ! دۇنيادىكى ھەرقانداق قىيىن ۋە مۇشكۇللەر، ئېچىلمىغان سىر ۋە ھېكمەتلەر بىلىم ئارقىلىقلا ئېچىلىدۇ.

بىلىم ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى بەلگە. ئانىدىن تۇغۇلۇپ ئۆستىگە كىيىم ـ كېچەك كىيگەن، ئاش ـ تاماق يېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىملىكلەرلا ئادەملىك لاياقەتكە ئىگە بولىدۇ، بىلىمسىزلەر ئىككى پۇتلاپ ماڭىدىغان ئادىمىي ھايۋانلار بولۇپ قالىدۇ...

بىلىم ۋە بىلىملىك بولۇش بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى. ئادەم بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىقلا قەدىر ـ قىممىتىنى تاپالايدۇ. شۇڭلاشقا بىلىملىكلەر ئەزىز بولىدۇ.

ئادەم دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئېلىش بولۇشى كېرەك. پۇقرالار بىلىم ئىگىلىگەندىلا دۆلەت گۈللىنىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئادالەتلىك قانۇن ئىجرا قىلغان دۆلەتنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ قۇدرەتلىنىشى ئۈچۈن، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىلىملا كاپالەتلىك قىلالايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇ نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاق ۋە پاكىتلار ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن قۇدرەت تېپىشىدىكى رولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدەرت تېپىشىدا، ئالدى بىلەن دۆلەتنى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزى ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقىل ۋە بىلىملىكلەرنى قەدىرلەپ ئىشقا قويۇشى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئىشلىتىشى لازىم. خان قانچىلىك ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەمەلدار ۋە خىزمەتچىلىرى بولمىسا، ئۇ بىر ئۆزى دۆلەتنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. قەلەم بىلەن ئەلەمدىن ئىبارەت دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئىككى ئاساسي ھالقىسىدا چوقۇم ئاقىل ۋە بىلىملىك ئەمەلدار ۋە خىزمەتچىلىرى بولغاندىلا، ئاندىن مەملىكەت گۈللىنىپ قۇدرەت تاپالايدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتە ئاقىللار، بىلىملىكلەر قەدىرلەنگەندىلا، دۆلەتنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، مەملىكەت كۈچىيىپ، خەلقى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولىدۇ...

سەككاكىي خاباشنىڭ ئۆز سۆزىنى ئۆرۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئامىد يەنىلا دۇدۇقلاپ، تەرلەپ ـ پىشىپ تەستە ئۆرۈۋاتاتتى. چاغاتاي بولمىش ۋەزىرنىڭ ئۆرۈشىدىن ئىچى پۇشۇپ تىتىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ياخشىراق تىلماچىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئامالسىز ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. سۆزلىنىۋاتقان پىكىرلەرنىڭ مۇھىملىقى ئاچچىقى يامان، قېنى قىزىق ھۆكۈمرانغا سەۋر ـ چىدام ئاتا قىلىپ، جىمجىت ئولتۇرغۇزۇۋەردى. ئەگەر ئادەتتىكى بىر ئىش توغرىسىدا تىلنى چايناپ سۆزلىگەن ئادەمنى كۆرسە، ئاچچىقى يامان چاغاتاي ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغان تەقدىردىمۇ، تىللاپ بىر يەرگە ئاپىراتتى.

— ئۇچىنچى ئەڭگۈشتەر، — دەپ سۆز باشلىدى ئالىم يەنە شۇ قىزغىنلىقى ۋە ھاياجىنى بىلەن ھەربىر سۆزىنى ئىشەنچ بىلەن چىقىرىپ، — ئەخلاق! ئادەمنىڭ بىلىمى

بىلەن ئەخلاقى مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلىمى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە يۇقىرى بىلىم سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇش زۆرۈر. ئەخلاقسىزلىق ئەمەلىيەتتە دەل بىلىمسىزلىكنىڭ ئۆزى.

مۇتەپەككۇر شائىر يۇسۇف خاس هاجىپ كىشىلىك (ئادىمىيلىك) نى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ھەقىقىي ئىنسانىنىڭ بەلگىسى ئادەمگەرچىلىكتىن ئىبارەت. كىشىلىك يولى ئادەمگەرچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يولدا ماڭغانلار ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ.

ھاياتلىق ئۆزى بىلەن بىللە ئۆلۈم شارابىنى ئەكېلىدۇ. ئادەم ئۆمرى ھەرقاچان ئۆلۈم بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۆلۈمنى مال ـ دۇنيا، بىلىم ـ ھېكمەت، ھەرقانداق ئامال ـ چارىلەر بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئىنسان ئۆز ھاياتىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىپ، ئۇنى بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەي، چەكلىك ھاياتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئادىمىيلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى، ئۆز ئەل ـ يۇرتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ، ياخشى ئىز، ياخشى ئات قالدۇرۇشى كېرەك. ئۆز پايدا ـ زىيىنى بىلەن ھەپىلەشمەي، ئەل ـ يۇرتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئادەملەرلا ياخشى ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. كىم ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۆلسىمۇ تىرىك بولىدۇ. كىم يامان ئىش قىلسا، ئۇ تىرىك بولسىمۇ ئۆلگەنگە تەڭ بولىدۇ.

ئالىم يەنە سۆزدىن توختاپ، خاباشنىڭ ئۆرۈپ

بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆز سۆزىنى چاغاتايىنىڭ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. «بىراق، ــ دەپ ئويلىدى مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي، ــ چاغاتاي مېنىڭ دېگەنلىرىمنى دەمال يۇزدەيۇز ئىجرا قىلىشى ناتايىن، ئۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىشىم، پۇرسەت بولسىلا سۆزلەپ تۇرۇشۇم زۆرۈر بولىدۇ...»

خاباشىنىڭ ئۆز سۆزىنى ئۆرۈپ بولغانلىقىنى كۆرگەن ئالىم يەنە سۆزلەپ كەتتى:

ــ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز زامانىسىدىلا ئالاھىدە قەدىرلىنىپ، تەڭداشسىز ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بولدى. كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىم ۋە دانالىرى بۇ داستانغا ھەر خىل شەرەپناملىرىنى بەردى. بىرىلىگەن «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى)، «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)، «زىنەتۇلئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىنىنتى)، «پەند نامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دېگەندەك شەرەپ ناملىرىدىن بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چاغاتاي خانمۇ خۇددى كۈنتۇغدى پادىشاھدەك ئادىل قانۇن تۇرغۇزۇپ، خەلقنى ئادالەت بىلەن باشقۇرسا؛ ئاقىل ۋە بىلىملىكلەرنى ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىلىمى بىلەن دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى يۇرۇشتۇرەلىسە؛ ئىبىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆز خانلىقىدا خۇددى گۈل پەسلى باھاردەك ئېچىلدۇرۇپ خۇش پۇراق چاچقۇزالىسا، ئۆز خانلىقىنى گۈللەندۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى قۇدرەتلىك خانلىققا ئايلاندۇرالايدۇ.

مۇتەپەككۇر سۆزىدىن توختاپ، ئويلانغان ھالدا تۇرۇپ قالدى. خاباش ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى چاغاتايغا ئۆرۈپ بېرىشكە باشلىدى. ئالىمنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى نۇرلىنىپ، يۈرىكىنىڭ خۇددى قۇياشتەك كۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. قۇياش يەر - جاھاننى يورۇتىدۇ. ئۇلۇغ ئىنسان ئۆز مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن قاراڭغۇ كۆڭۈللەرنى يورۇتۇش غېمىدا كۆيۈپ پىشىدۇ. ھەرقانداق ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆزىنىڭ ئەمەس، ئۆزگىنىڭ غېمىنى يېيىشتىن، بولۇپمۇ جانىجان ئەل - يۇرتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىشتىن كېلىدۇ.

خاباش ئۆرۈپ بولۇشىغا، مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي يەنە سۆزىنى باشلاپ كەتتى:

— مەن بالاساغۇنغا بارىمەن! ئۇ يەردىكى ئەل - يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن جان - دىلىم بىلەن تىرىشىمەن. مېنىڭ تىنچلاندۇرۇپ كېلىشىم ئۈچۈن ماڭا تولۇق ھوقۇق بەرسىلە! ئۇ يەردىكى ھەرقانداق بىر ئەمەلدار مېنىڭ سۆزۈمنى قەتئىي ئاڭلىشى كېرەك. مەن بېرىپ ئادالەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمەن. بايا ئۆزۈم دېگەندەك، زۇلۇم ۋە زورلۇق كۆرگەنلەرگە شېكەر بېرىمەن. ئەل - يۇرتقا زۇلۇم قىلغان زومىگەرلەرگە زەھەر بېرىمەن. خەلق توغرا ۋە ئادالەتلىك سىياسەتتىن سۇ ئىچكەندىلا، قىلىۋاتقان ئىسياننى توختىتىدۇ. ماڭا مانا مۇشۇنداق ھوقۇق بەرمىسىلە بارغىنىمنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

ئالىم سۆزىدىن توختاپ چاغاتايغا قارىدى. تەكەببۇر ھۆكۈمران تامغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك، مۈشۈك كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ

ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە روھىي ھالىتىدىن مۇتەپەككۇرنىڭ سۆزىنى ھەزىم قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «راستلا بىلىملىك، دانا ئادەمدەك قىلىدۇ. سۆزىنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، ئادەتتىكى بىلىملىكلەردىن ئەمەسلىكىمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئارزۇلىغان ئادىمىم مۇشۇنداق ئادەم ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن كۆڭلۈمگە ياققانلىرىنى ئىشلىتىپ، ياقمىغانلىرىنى ئاڭلاپلا قويسام بولمىدىمۇ؟! قېنى، ئۇنىڭغا تولۇق ھوقۇق بېرەي، بالاساغۇنغا بارسۇن. ئېسيانىنى تىنچىتىپ كېلەلەمدۇ، يوق، نەتىجىسىنى كۆرمەمدىم...» دېگەنلەرنى ئويلىغان چاغاتاي ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مۇتەپەككۇرگە قاراپ ئاغزىنى ئاچتى:

— بولىدۇ، — دېدى چاغاتاي، ئۇنىڭ قارىراق كەلگەن چىرايىدا بىر خىل كەسكىنلىك ئارىلاشقان سىنچىلىق، قارشى تەرەپنى سىناپ كۆرۈش ئىپادىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — سىلىگە تولۇق ھوقۇق بېرەي! بالاساغۇن ئىسيانىنى تىنچلاندۇرۇپ كېلەلىسىلا، ئىنتايىن خۇشال بولاتتىم...

چاغاتاي ئورنىدىن تۇردى. مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بىلەن خاباشمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆكۈمرانغا قارىدى.

— بۈگۈن سۆھبەت مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن!...

※ ※ ※

كۆز باغلىنىپ، ئاسمان چىراغلىرى يېقىلىشقا باشلىدى. شىمالدىكى تاغلاردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان كەچكى شامال يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ، تىرىكلىكنى ئۇيقۇ ئەپسۇنى ئوقۇپ ئۇخلاتماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

خاباش كەچتە چاغاتايىنىڭ مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىيغا بەرگەن زىياپىتىگە قاتنىشىپ، ئوخشاش رەڭدىكى پار كەلگەن ئات قوشۇلغان چىرايلىق مەپىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. تۆمۈر مىخلارنىڭ دۇگىلەك قالپاقلىرى گۈللىگەن چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىدىغان دېۋىدەك يوغان خىزمەتكارى دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېچىپ، بىر چەتتە قول باغلاپ تۇردى. هارۋا دەرۋازا ئالدىدىكى سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق ئۇستىگە ياسالغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ هويلىغا كىردى.

ياش خىزمەتچى ئوغلان يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئېگىز، هەيۋەتلىك پېشايۋان پەلەمپىيى يېنىدا توختىغان مەپىنىڭ يېنىغا كېلىپ، شىر كەيپ بولۇپ قالغان ئامىدنى قولتۇقىدىن يۆلەپ يەرگە چۈشۈردى، ئاندىن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەن پېتى پېشايۋان پەلەمپەيلىرىدىن چىقىرىپ، كىچىك توقىلىنىڭ ئۆيى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ خۇددى قورچاقتەك ياسانغان كىچىك توقىلى ئېرىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىردى. پېشايۋاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئىشىكى قىيا ئېچىلغان ئۆيدە گۈللۈك ياغلىقلىق بېشىنى چىقىرىپ خارەزىم شاھىنىڭ قىزى جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ئۇمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، ئېرىنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا خېلىلا تەييارلىق قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئېرىنىڭ ئالدىغا كېچىكىپ چىقىپ قالغىنىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە رەنجىگەن ئايالىنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن رەشك ئوتى ئۇچقۇن چاچاتتى. كۈندىشى خاباشنى يۆلەپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ

كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى جالاقلىدە يېپىۋالدى.
ئامىد تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان دالان ئۆينىڭ دائىم ئۆزى ئولتۇرىدىغان يېرىگە تاۋار كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، كىچىك توقىلىنى تارتىپ قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى ۋە قۇچاقلاپ كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچىنى سۆيدى، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن زېرىككەندەك:
— بولدى، قويۇپ كەت، ھېرىپ كەتتىم! ماڭا ناۋات سېلىپ قىينىق دەملەنگەن سىنچاي قۇيۇپ بەرگىن! — دېدى.
— تاماق يېمەمسىز؟ بۈگۈن ئەتكەن پېتىر مانتا تازا شورپىلىق بولۇپ ئوخشاپ كېتىپتىكەن! — دېدى زىلۋا بويلۇق، خېلىلا چىرايلىق چوكان ئامىدنىڭ قۇچىقىدىن تۇرۇۋېتىپ.
— ياق!... قورسىقىم توق! سىنچاي ئىچسەملا بولىدۇ. ئەزمەڭنى ئەزمەي تېزرەك بول، بەك ئۇسساپ كەتتىم!...
ياش چوكان ئامىدنىڭ ئالدىغا كىچىك شىرەنى قويۇپ، ئۈستىگە گۈللۈك ھاۋا رەڭ داستىخاننى سېلىپ، دېرىزىدىكى ئۈچ شام يېنىۋاتقان مىس شامداننى ئەكېلىپ شىرەنىڭ بىر تەرىپىگە قويدى. قاش ـ كۆز ۋە يۈزىگە خېلىلا ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈركىگەن چوكان تالاغا چىقىپ كېتىپ، ئانچە ھايال بولماي ئالتۇن پەتنۇستا ئىككى پىيالە بىلەن گۈللۈك چەينەكنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ پەتنۇسنى شىرەگە قويۇپ، قاتلانغان ئىككى پىيالىنىڭ بىرىنى پەتنۇستا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا چەينەكتىن ئاۋاز چىقارماي چاي قۇيدى. ئىسىل پەمىل چاينىڭ خۇشبۇي پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۆينىڭ ئىچىگە تارىدى.



www.uyghurkitap.com

— ناۋات دېسەم ئەكىرمەيسەنغۇ؟! — دېدى قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، خۇددى شىۋە خورىزىدەك ھۈرپەيگەن خاباش ئايالىغا قاراپ.

— ئاشپەز ئايال چەينەككە سېلىۋەتسەك تېز ئېرىيدۇ دەپ، ناۋاتنى ئىچىگە سېلىۋەتتى، — دېدى قورقۇپ چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتارغان چوكان ئېرىگە تىكىلىپ.

ئامىد گەپ قىلمىدى. ئۇ توقىلى پەتنۇستا تۇتقان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا ئاپاردى. ئۇ بىر يۇتۇم ئىچىپ، ناۋاتنىڭ تەمى خېلىلا چىققانلىقىنى بىلدى.

— بولدى، چىقىپ كەت! مېنى بىردەم يالغۇز قوي!

چىرايلىق چوكان گەپ قىلماي ئىشىككە قاراپ ماڭدى. سېرىق مىس شامداندا يېنىۋاتقان ئۈچ شام ئۆينى تولۇق يورۇتاتتى. خاباش ئەقلىنى يوقاتقان ھالەتتە مەست ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسى شۇ تاپتا خۇددى تۈگمەندەك گۈرۈلدەپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ يولدا ئۆزىگە ئارام بەرمىگەن خىياللىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

«قۇتىبىدىن باي ئوغلىنىڭمۇ دائىم دەيدىغان ئۈچ ئەڭگۈشتەرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مېڭىۋاتقان ھايات يولىنى ئۈچ ‹مەشئىلى› بىلەن يورۇتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتەرى بايا مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىي چاغاتايغا سۆزلەپ بەرگەن ئۈچ ئەڭگۈشتەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى. خاباشمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەرىنى چاغاتايغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى ئۈچ ئەڭگۈشتەر بويىچە ياشاش ۋە دۆلەت باشقۇرۇشقا نەچچە قېتىم چاقىردى. ‹مېنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتەرىمنى ئۆز ھاياتىغا يېتەكچى قىلىپ ياشىغان ئادەملەر جان - جەھلى بىلەن تىرىشسىلا، كاتتا باي،

چوڭ ھوقۇقدار ۋە شان ـ شۆھرەت ئىگىسى بولالايدۇ!،
دېدى ئۇ بىر قېتىم چاغاتايغا ئۇچ ئەڭگۈشتەرنى
چۇشەندۈرۈپ.»

خاباش شىرەدىكى پىيالىنى ئېلىپ، سىنچايىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، چەينەكتىن يەنە پىيالىگە تولدۇرۇپ سىنچاي قۇيدى.

ئۇ يېنىۋاتقان شاملارغا قاراپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «دۇنياغا بىر كېلىدىغان ئادەم نېمە ئۈچۈن كېلىدۇ؟ — ئويلايتتى ئامىد، — ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ، ياخشى ئويناپ ياشاش ئۈچۈن كەلمەمدۇ؟! كىم بۇ دۇنيادا بىر نانغا زار، بىر تىيىنغە خار بولۇپ ياشاشنى خالايدۇ؟! پۇلۇڭ بولسا، سەن چوڭ سۆزلىيەلەيسەن، جاڭگالدىمۇ ئالدىڭدا شورپا بولىدۇ. پۇل بىلەن بىللە ھوقۇقۇڭ بولسا، ھەرقانداق يەرگە، ھەتتا ئاسماندىكى ئايغا قولۇڭ يېتىدۇ. ئۈزۈپ ئالىمەن دېسەڭ، ئۈزۈپ ئالالايسەن! شان ـ شۆھرەت سېنى ئىززەت ـ ئابرۇي تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، باشقىلارنى ئالدىڭدا قول باغلىتىدۇ. مانا بۇ ئۈچىنى ياخشى ياشاش، بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتەرى دېسە بولىدۇ!...»

ئۇ خىيالدىن توختاپ، شىرە ئۈستىدىكى گۈللۈك پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، تاۋلىنىپ قالغان تاتلىق سىنچايىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. ئۇ پەشمىتىنىڭ يېڭىدە ئاغزى ـ بۇرنىنى ئېرتىپ، پىيالىنى يەنە سىنچاي بىلەن تولدۇرۇپ قۇيدى. ئامىد سىنچايىنى ئىچىپگە گۈرۈچ تېرىۋالغاندەك توختىماي ئىچەتتى.

«سەككاكىينىڭ، — دەپ يەنە خىيال ئېرىقىغا سۇ باشلىدى ئامىد، — ئۈچ ئەڭگۈشتەرىگە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا

چىقمايدۇ. مانا مەن قارا قورساق تۇرۇپ، تۈگىمەس مال ـ دۇنيا، پۇل ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولدۇم. يېقىن ئارىدا چاغاتايغا ۋەزىر بولىمەن. يېشىم ئوتتۇز نەچچىدە بولسىمۇ، مەن ـ مەن دېگەن سۇلايمان بەگلەر، قاراھاجىملار ئالدىمدا قول باغلاپ، خۇش دېسە خۇش دەپ تۇرىدۇ. ئۇچ ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولۇۋىدىم، ئادەملەر ھۆرمەتلەپ، خاباش دېسە خاباش دەپ قول باغلايدۇ. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم مەن ئەمەسمۇ؟!»

ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئىشىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ ھاي، كىم بار!...

ئۆيگە كىچىك ئايالى كىرىپ كەلدى. بىچارە رەھىمسىز ئېرىنىڭ توۋلايدىغانلىقىنى بىلىپ، ياندىكى كىچىك ئۆيدە ياغاچ سۇپىنىڭ قىرىدىلا ئولتۇراتتى.

ــ نېمە كېرەك؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ تاپسىدىلا توختاپ.

ــ شامنى پۈۋلىۋەت، چىچەكلەپ كەتتى...

«شۇ ئىشمىدى؟» دېمەكچى بولۇپ، سۆزىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى زىلۋا بويلۇق گۈزەل ئېرىنىڭ تىللاپ كېتىشىدىن قورقۇپ.

ئۇ شىرە يېنىغا كېلىپ شامنى پۈۋلىۋېتىپ ئېرىگە قارىدى:

ــ باشقا ئىش بارمۇ؟

ــ يوق، چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، ــ دېدى خاباش سوغۇقلا، ــ ياتىدىغان چاغدا چاقىرىمەن!

ئۆيدە يەنە ئامىد يالغۇز قالدى. ئۇ يەنە يېنىۋاتقان شاملارغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «ئۆزۈم چىرايلىق بولمىسامىمۇ، چىرايلىق ئۇچ

ئەڭگۈشتەرىم بولغانلىقتىن، تاللاپ ئەڭ گۈزىلىنى ئالالايمەن. ھازىرغىچە نەچچە خوتۇن ئالدىم، ئىلكىمدە يەنە ئىككىسى بار. ئالىمەن دېسەم، ئېگىز شاخنىڭ ئۇستىدىكى ئەڭ قىزىرىپ پىشقىنىنى ئالالايمەن! ھەي، بولغۇسى قېيىنئاتا! ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىپ، كۆزىنى يەيدىغان قىزلىرىنى دېمىگەن بولسام، بايا چاغاتايغا دېگەنلىرىنى شۇ يەردىلا قېقىۋېتەتتىم. گۈزەل پەرىزاتلىرىنى دەپ يۈزلىرىنى قىلدىم. ئاسماندىكى ئايلىرى قوينۇمغا كىرگەندىن كېيىن، سىلىنىڭ سۆزلىرىگە ھە دەيدىغان خاباش بولمايدۇ. ئۇ چاغدا سىلى مېنىڭ ئالدىمدىمۇ، چاغاتاي خان ئالدىدىمۇ بىر يارماقتا ئايلىنىدىلا! چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئانچە - مۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ قويسا، ئۆزلىرىنى بىلمەي قالمىسىلا! تولۇق ھوقۇق بېرىپ سىلىنى بالاساغۇن ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىش مەسلىھەتىنى چاغاتايغا مەن بەردىم. بولمىسا ئۇ سىلىگە تولۇق ھوقۇق بەرمەيتتى. خۇشاللىقلىرىنى باسالماي، قېيىنئاتا، شىلتىڭ ئېتىپ كېيىن ئاھ، ۋاھ، دەپ ئەسكى پالاسنى يۆگىنىپ يېتىپ قالمىسىلا! — ئۇ يەنە پىيالىگە چاي قۇيدى، — مېنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتەرىم بۇ دۇنيانىڭ ھاياتىغا تازا ماس كېلىدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئۈتۈۋالالايدۇ. شەيتان دېگەن باشقا نەرسە ئەمەس، دەل شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئۆزى، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچەلەيدىغان ئادەم بۇ دۇنيادا بارمۇ؟! ئېيتسىلا قېيىنئاتا، سىلى شەخسىي مەنپەئەتلىرىدىن كېچەلەمدىلا؟! شەخسىي

مەنپەئەت شۇنداق بىر سېھىرلىك جادۇگەركى، ھەرقانداق ئادەمنى ئۇسسۇلغا سالالايدۇ!»

خاباش ھاردۇقى چىقىقاندەك ئۆز سۆزلىرىدىن راھەتلەندى. ئۇ ئۇيقۇسى كەلگەندەك ئەسنەپ ئىشككە قارىدى:

— ھاي!...

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# ئاقتۆپە يېزىسىدا

چاغاتاي ئۆز ئىشخانىسىغا قوشۇمىسى تۈرۈلگەن هالدا، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ قويۇندەك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۇنىڭدىن سىغمىغان غەزىپىنىڭ سوغۇقى چېچىلاتتى. ئۇ خەنزۇ ۋەزىرنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە دېمەي ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىنى باسالماي قالدى. ئۇ دەرھال يېنىدىكى خىزمەتچى ئوغلانلىرىدىن بىرىنى خەنزۇ ۋەزىرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئۆزى ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى. چاغاتاي دائىم ئولتۇرىدىغان، تېمىغا قاچا گۈللۈك يېڭى گىلەم ئېسىلغان تۆر تەرەپتىكى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتى ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي مېڭىشقا باشلىدى. بۇ مىجەزى ئىتتىك، ئاچچىقى يامان چاغاتاينىڭ رەڭگىرويى ۋە روھىي ھالىتىدىن تېخىچىلا ئاچچىقىنى باسالمايۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

خېلى يىللاردىن بېرى چاغاتاي يېنىدا ۋەزىر ئورنىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقان خەنزۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. گويا ئۇنىڭ ئىسمى ۋەزىردەك، ھەممەيلەن

ئۇنى ۋەزىر دەپلا چاقىراتتى. ئۇ بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ، بىر جەڭدە موڭغۇللارغا ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن، دەسلىپىدە چاغاتاينىڭ بىر خەنزۇ تېۋىپىغا يۇگۇر ـ يېتىمچى بولدى. خەنزۇ تېۋىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ چاغاتاينىڭ سەركەردىسى جالايىر قوشۇقنىڭ پادىچىسى بولۇپ ماللىرىنى باقتى. تاسادىپىي جالايىر قوشۇق ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى بايقاپ چاغاتايغا مەلۇم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي ئۇنى يېنىغا ئېلىپ كەينىگە سېلىپ يۈردى. ئۇ پاكار، چىرايمۇ ئادەتتىكىچە، ئەمما ناھايىتى يۈرەكلىك، زېرەك ـ چېچەن، قابىلىيەتلىك ۋە سۆزمەن كىشى ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ چاغاتاي ئالدىدا ئۆز قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارا ـ بارا چاغاتاينىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ شۆھرەت قازاندى. چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۇگەداي ئۇنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى ماختاپ ھەمدە چاغاتاينىڭ ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ۋەزىر» دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېتى يوق بۇ خەنزۇ «ۋەزىر» دەپلا ئاتىلىدىغان بولدى. چاغاتاينىڭ يېنىدا نەچچە سەركەردە، مەسلىھەتچى ۋە ۋەزىرلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنى باشقىلاردىن خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ھېچكىم چاغاتاينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدەك يۈرەكلىك گەپ قىلالمايتتى. بىر قېتىم چاغاتاينىڭ ئايالى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتكەنىدى، ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ: «سىز دېگەن خوتۇن كىشى، بۇ ئىش ئۈستىدە سىز گەپ قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىسىز!» دەپ ئەيىبلىدى.

— مېنىڭ قابىلىيەتلىكلەرنى ئەتىۋارلايدىغانلىقىمدىن

پايدىلىنىپ، ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلسا، قاراپ تۇرسام بولامدۇ؟! ياق! بۇ ۋەزىرنىڭ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى! — دەپ سۆزلەپ كەتتى چاغاتاي تېگىگە ئىران نۇسخىلىق گىلەم سېلىنغان ئىشخانىسىدا ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ توختىماي مېڭىپ.

ئىشىك چېكىلدى. ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل چاغاتاي ئىشىك تەرەپكە بۇرالدى. ئىشخانىغا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭ خىزمەتچى ئوغلانلىرىدىن بىرى كىرىپ، موڭغۇللارنىڭ سالام قىلىش ئادىتى بويىچە ئوڭ مۇشتى بىلەن سول كۆكسىگە، يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە ئۇردى. ئاندىن ئۇ ئەدەپ بىلەن ئامىدنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— كىرسۇن! — دېدى چاغاتاي يەنە مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

چاغاتاي ئۆز ئوغۇللىرىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ، ئۇ تۇنجى ئوغلى موتۇكېنىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. چىڭگىزخانمۇ بۇ ئەقىللىك نەۋرىسىگە بەكمۇ ئامراق ئىدى. چاغاتاينىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلار: موتۇكېن، موجى، بېلدىشى، سابىن بىلگە، سارمان، يەسۇمۇنكە، بايدارلار بولۇپ، ۋەزىرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە دېمەي ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى زادىلا كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي ئىشخانىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي مېڭىۋاتقاندا، ئامىد كىلىپ قىستۇرۇلدى.

خىزمەتچى ئوغلان چىقىپ كېتىپ ھايال بولماي ئىشىك ئېچىلىپ، بېشىنى ئەگكەن تولۇق قول باغلىغان، قارامتۇل چىرايىدىن قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك

كۆرۈنۈپ تۇرغان خاباش كىرىپ بوسۇغىدىلا توختىدى. ئۇ چاغاتاينىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ، بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماي چاغاتايدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

ــ ھە... نېمە ئىش بىلەن كېلىۋىدىڭ؟ ــ دېدى چاغاتاي ئامىدىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭ خۇشامەت يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ.

ــ كېلەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى چاپچالنىڭ ئاقتۆپە يېزىسىنىڭ بېگى كۈنبەگنىڭ يىل نەزىرى بولىدىكەن. بىلىدىلا ئالىيلىرى، ئۇيغۇرلاردا ئادەم ئۆلسە ئۈچىنچى كۈنى، يەتتىنچى كۈنى، يەنە قىرىقى، يىلى توشقاندىمۇ يۇرتقا نەزىر بېرىدۇ. بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردە ئاقتۆپىنىڭ بېگى كۈنبەگ بۇ ئالەمدىن خوشلاشقان، ئوغلاق تارتىشىپ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلگەنىدى. بىزنى ئايالى ھۆرىگۈل بىلەن ئوغلى نۇربەگ نەزىرگە چاقىرىپ باغاق ئەۋەتىپتۇ. ئۆزلىرىنى بارامدىكىن دەپ سوراپ كىرىۋىدىم.

ئامىد كەلگۈچە چاغاتايغا دەيدىغان سۆزلىرىنى چىرايلىق تىزىپ يادلىۋالغاندەك تېنىمەي ـ دۇدۇقلىماي سۆزلىدى. ئۇ چاغاتايدىن: «سېنى ۋەزىرىم قىلىمەن» دېگەنىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان، ئەتىنىڭ خانى بىلەن تەييارلىقسىز كۆرۈشمەيدىغان بولدى. ئۇ ھەممە جەھەتتە ئوبدان تەييارلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىغا كىرەتتى. ئۇ: «چاغاتاينىڭ ئالدىغا كىرگەندە گەپ ـ سۆزۈم، قىلىقلىرىم، كىيىنىشىم ئۇنىڭغا ياقماي قالسا، مېنى ۋەزىر قىلماسلىقى مۇمكىن...» دەپ قورقۇپ، تەييارلىقسىز كىرمەيدىغان بولدى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئۆزىنى

ئۇزاق تۈزەشتۈرۈپ، ساتىراشخانىدا ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇرۇپ، چاغاتايغا دەيدىغانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلدى.

— ئۇۋغا چىقمىغىنىمغا خېلى بولۇپ قالدى. چاپچال تاغلىرىغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. ياخشى بولدى. كۈنبەگنىڭ نەزىرىگە چىققاچ، چاپچال تاغلىرىدا بىر ئوۋ ئوۋلاپ كېلەيلى! — دېدى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئامىدنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭ ئورۇنسىز كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ.

ئەسلىدە كۈنبەگنىڭ يىل نەزىرىگە چاغاتاي چاقىرىلمىغانىدى. خاباش نېمىشقىدۇر بۇ غوجىسىنى بىللە ئاچىقىشنى ئويلاپ، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كىردى. چاغاتاي بىلەن بىللە چىقىشنى ئۆزىگە ئابرۇي بىلىپ ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كىرگەنلىكى، ئامىدنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ماس كېلەتتى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەتكى خانىنىڭ سۆزىدىن ئامىد خۇشال بولدى. نەزىردىن كېيىن، چاغاتاي بىلەن بىللە چاپچال تاغلىرىدا خان ئوۋدا بولىدىغانلىقىدىن تېخىمۇ خۇش بولۇپ، چاغاتايغا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى.

ئىشىك يەنە چېكىلدى...

※ ※ ※

بويى پاكار، غوللىرى كەڭ، كوسا خەنزۇ ۋەزىر چاغاتاينىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ، ۋەھىمىگە چۆكمىدى، ھەيرانمۇ بولمىدى. ئۇ ئەيمەنمەي چاغاتاينىڭ

يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزى، كۆپۈپ قارىدىغان يۈزىگە تىكىلدى.

— ئالىيلىرى، مېنى چاقىرىپتىكەنلا، نېمە گەپ - سۆزلىرى بار ئىدى؟ — ئۇ ئەپتىنى بۇزماي ھەر كۈندىكىدەك قاراپ تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى. ۋەزىر ئۆزىنى چاغاتاينىڭ نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنى پەرەز بىلەن بىلگەن بولسىمۇ، قىلچىلىكمۇ ئەندىشە قىلمىدى. ئالدىدا ھۆرپىيىپ تۇرغان چاغاتاينىڭ قىياپىتى ۋە روھىي كەيپىياتىدىن ئۆزىنى نېمىگە چاقىرتقانلىقىنى تېخىمۇ بىلگەن ۋەزىر يەنىلا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇراتتى.

— سەن ماڭا دېمەي، — دەپ سۆز باشلىدى چاغاتاي شالىنى چىچىپ، — ئوغلۇمنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپسەن! ساڭا بۇنچىلىك چوڭ ھوقۇقنى كىم بەردى؟! سېنىڭ يۈرىكىڭ نېمىدېگەن يوغان! كېلىنىم ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ماڭا دېيىشىڭ كېرەكتىغۇ!؟ — چاغاتاينىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ پارقىراپ، خىرىلدىغان مۈشۈكنىڭ كۆزىگىلا ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرىدىن شىۋىرغان ئۇچۇپ، ۋەزىرگە ھومىيىپ قارايتتى...

— بۇ ئىشنىمۇ سىلىگە دېيىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ — دېدى ۋەزىر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزىنى باشلاپ، — ئۆزلىرى ئاڭلىغان بولسىلا، كېلىنلىرىنى كۆندۈرۈلمىگەن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ ئۆلتۈرەتتىلە! ئالىيلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە ياكى كېلىنلىرى، مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلسا ئۆلتۈرمەي بولامدۇ؟! سىلىنىڭ

ۋە ئوغۇللىرىنىڭ يۈز - ئابرۇيى ھەممىدىن ئەلا! سىلىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆككەن بۇزۇق، قارا يۈز ئاياللارنى دەرھال ئۆلتۈرۈش كېرەك. بۇنداق بۇزۇق ئايال ۋە كېلىنلىرىنى سىلىنگە ۋە ئوغۇللىرىغا دېمەي ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئەيىبلىمەي، بەلكى ماختاش كېرەك! قېنى، دېسىلە ئالىيلىرى، مەن يولدىن چىققان بىر كېلىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ خاتا قىلدىممۇ؟! ئەگەر بۇ كېلىنلىرىنى ئۆلتۈرمىسەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئالىيلىرىنىڭ قەسىرىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھايا ۋە نومۇس دېگەننى بىلمەي، شەرمەندە كوچىلارغا كىرىدىغان سەتچىلىكلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتمەمدۇ؟! مەن كېلىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ خاتا قىلمىدىم!...

ۋەزىر قايناپ، چاغاتايدىن قىلچىلىكمۇ تەپ تارتماي، يۇقىرى ئاۋازى بىلەن سۆزلىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك مۇشۇنداق قايناپ سۆزلىگەندە ئاۋازىنى قويۇۋېتەتتى، ئادەتتىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى توم چىقاتتى. چاغاتاي ۋەزىرنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ خاتا ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلدى. ئۇ، سەن قانداق قارايسەن دېگەندەك قۇتبىدىننىڭ ئوغلىغا قارىدى. ئامىد ۋەزىرنىڭ چاغاتاي ئالدىدا شۇنچىلىك قايناپ، ۋارقىراپ، قىلچىلىكمۇ ئەيمەنمەي سۆزلىگەنلىكىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپلا قالغانىدى.

قاغا بۈركۈت بولالمىغاندەك، خۇشامەتچىلىك بىلەن جان باقىدىغان، يۈز - ئابرۇي تاپىدىغان، ھەتتا يۇقىرى مەنسەپكە چىقىدىغانلارمۇ ھەقىقىي ئىنسان بولالمايدۇ! خاباش: «چاغاتاي تېرىكىپ، چوقۇم ئۆزىنى بىلمىگەن

ۋەزىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ» دەپ ئويلىۋىدى، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ۋەزىر كىرگەن چاغدىكى سۆزلىرىنىڭ ئاھاڭىنى يۇمشىتىپ ۋەزىرگە قاتتىق تەگمىدى.

— ھەرنېمە بولسا ماڭا دەپ قويغىنىڭ ياخشى بولاتتى. مەن دېگەن ھەممىڭنىڭ غوجايىنى، شۇنداقلا كېلىنىڭ قېيىنئاتىسى! ماڭا دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرسەڭمۇ كېچىكمەيتتىڭ!...— دېدى چاغاتاي، ئۇنىڭ بايىقى ئاچچىق ۋە غەزەپلىرى خۇددى باھار كېلىپ توڭ يۇمشىغاندەك خېلىلا يۇمشاپ قالدى.

— كېلىنلىرىنىڭ قارا يۈز ۋە شەرمەندىلىكىنى ئاڭلاپ چىدىيالماي قالدىم. سىلىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ يۈزىنى دەسسىگەن بۇ بۇزۇقنى بۇ ئالەمدە بىرنەچچە دەقىقە بولسىمۇ ئوشۇقراق تۇرغۇزۇشقا كۆڭلۈم يول قويمىدى. راست، سىلى بۇ يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانى، شۇنداقلا كېلىنلىرىنىڭ قېيىنئاتىسى بولغاچقا، دېيىشىم، يولىيورۇق ئېلىپ ئاندىن ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى! كەچۈرسىلە، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئالدىراقسانلىق قىلغاندەك تۇرىمەن!...

ئامىد تېخىچىلا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ۋەزىرنىڭ قەيسەرلىكىنىڭ سىرىنى، چاغاتاينىڭ بىردىنلا يۇمشاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قىينىلاتتى...

※ ※ ※

نەچچە ـ نەچچە دەپ، ئامىد ئاخىر سەككاكىينى بولىدۇ دېگۈزدى. بۈگۈن ئۇ مۇتەپەككۇر ئائىلىسىنى ئۆز

ئۆيىدە مېھمان قىلىش ئامىتىگە ئىگە بولدى. ئەتە ئەتىگەندە ئالىم بالاساغۇنغا يولغا چىقىدىغان بولغانلىقتىن ھېچكىمنى تونۇمايدىغان بۇ شەھەردە خاباشنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرىشقا قوشۇلدى.

سەككاكىي ئائىلىسى ئالمالىق شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە، ئامىدنىڭ ئائىلىسى كۈنپېتىش تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىق خېلىلا كېلەتتى. چۈشتىن كېيىن قۇياش كۈنپېتىشقا قايرىلغاندا، سەككاكىي ئاتلىق، ئايتولدى مەپىنى ھەيدەپ، تىللاخان بىلەن مەختۇمسۇلا مەپىگە چۈشۈپ خاباشلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ياز باشلىنىپ ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىلا قىزىپ چىققان قۇياشنىڭ ئوتلۇق ئەپتى تېخى يانماي يەنىلا زېمىننى كۆيدۈرەتتى. سەككاكىيلار ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىقلىرىدا تاغ سۈيى ئېقىۋاتقان دەل ـ دەرەخلىك كوچىلار بىلەن مېڭىپ ئامىدلارنىڭ مەھەللىسىگە كەلدى...

ئامىد خارەزىم شاھىنىڭ قىزى بولغان ئايالى ۋە كىچىك توقىلى بىلەن يوغان، ئاق دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ تۇرغىلى خېلى بولدى. چىرايلىق ياسانغان، بىر ـ بىرىدىن بويى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قەددى ـ قامەتلىك ئىككى خوتۇن، ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەيتتى. بۇنچىلىك تەييارلىق ۋە بۇنچىلىك داغدۇغا بىلەن سەككاكىيلارنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تېگىدىكى سىرمۇ ئۇلارغا بىر تېپىشماق ئىدى.

ئامىد ئاتلىق كېلىۋاتقان مۇتەپەككۇرنى، كەينىدىن كېلىۋاتقان مەپىنى ھەيدىگەن ئايتولدىنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن ئالدىغا بىرقانچە قەدەم تاشلىدى.

— ئۇلار كەلدى! كەلدى!...

سەككاكىي دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىش بىلەن، ئامىد يورغىلاپ كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى. ئۇ ئالىمنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى يېنىدا تۇرغان خىزمەتچى ئوغلانغا بەردى. ئارقىدىن تولۇپ تاشقان خۇشامەت بىلەن خاتىرجەم ئورۇنلىشىپ ئالغان ـ ئالمىغانلىقىنى يەنە سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن: «بۇ يۇرتتا ئەمدى مەنلا ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەڭ يېقىنلىرى» دېگەننى بىلدۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئامىدنىڭ ئىككى ئايالمۇ مەپىنىڭ قېشىغا كېلىپ، تىللاخان بىلەن مەختۇمسۇلانى كۈتۈۋالدى. ئامىد بۇ ئىككى ئايالىغا: «سىلەر سەككاكىينىڭ ئايالى بىلەن قىزىنى كۈتۈۋېلىڭلار، كۈتۈۋالغاندىمۇ ئەڭ ئەزىز، ئەڭ يېقىن ئادىمىڭلارنى كۈتۈۋېلىۋاتقاندەك قىزغىن، خۇش چىراي ۋە سەمىمىي، مېھرىبان بولۇڭلار!» دەپ جېكىلىگەنىدى. ئانىسىدىن كېيىن مەپىدىن چۈشكەن مەختۇمسۇلانى كۆرگەن خارەزىم شاھى مۇھەممەدنىڭ قىزى كۆڭلىدە: «ئەسلىدە جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەن ئەمەسمۇ!» دەپ ئويلىدى.

سەككاكىينىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى سوراۋاتقان ئامىد قارىماي دېسىمۇ، ئارىلاپ مەپە تەرەپكە — مەختۇمسۇلاغا كۆز تىكىۋالاتتى. ئاياللار ئارىسىدا گۈزەل پەرىزاتتەك،

گۈللەر ئارىسىدا شاھانە گۈلدەك تۇرغان مەختۇمسۇلانى كۆرگەن قۇتبىدىنىنىڭ ئوغلى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاھ ئۇردى...

— چاغاتاينىڭ يېرىمى كۈندۈزگە ئوخشىسا، يېرىمى قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشايدىكەن، — دېدى سەككاكىي تاماقتىن كېيىن، ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى چوڭ باغ ئىچىدە ھەر خىل ئالمىلار ئارىسىدىكى پاكىز سۈپۈرۈلگەن يولدا ئامىد بىلەن قاتار كېتىۋېتىپ.

شىمالدىكى تاغلار تەرەپتىن كېلىۋاتقان يېنىك شامال بەزىدە يوپۇرماقلارنى ئاستا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس شىلدىرلىتاتتى. تېخى بۇغداي پىشىپ، ئورما باشلانمىغانلىقتىن، ئۈنى بوغۇلمىغان بۇلبۇل① چاڭىلداپ سايراپ باغ ئىچىنى جانلاندۇراتتى. قۇياش ناماز دىگەرگە يېقىنلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— چاغاتاينىڭ يېرىمى كۈندۈزگە ئوخشايدىكەن دېگىنىم، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆزدە تۇتقانلىقىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتتە بولۇپ، خېلىلا ئەقىللىك ۋە دانالىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سىياسەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىمۇ ماڭا ياقتى. چاغاتاينى ھەم ھەيۋەتلىك، ھەم سىياسەتلىك خان دېسەك بولىدۇ. ئۇنىڭ قابىلىيەتلىكلەرنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىدىغانلىقى ماختاشقا تولىمۇ ئەرزىيدىغان ياخشىلىقى! ئۇنىڭ خەنزۇ ۋەزىردەك بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىكلەرنى

---

① بۇلبۇل ئورما باشلانغاندىن كېيىن سايراشتىن توختايدۇ. بۇ مەزگىل ئۇنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى.

ئىشلەتكەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى! مەنمۇ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا مىسال بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي تۈز، ھىيلە ـ مىكرى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىڭ ياخشى تەربىيى.

سەككاكىي سۆزدىنمۇ، مېڭىشتىنمۇ توختاپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردە سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. ئۇ شۇ تاپتىكى سايرىشى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن نالە ـ زار قىلىۋاتقان ئاشىقىلا ئوخشايتتى. مۇتەپەككۇر بىردەم بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى تىڭشىغاندىن كېيىن، يەنە مېڭىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى.

— چاغاتاينىڭ يېرىمىنى قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاتتىم، بۇ ئۇنىڭ يامان تەربىيىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دۇنيادىكى جانلىق ۋە جانسىز ھەممە نەرسىلەر بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى، زىددىيەتلىك، جۈپ، ئەركەك ـ چىشى بولىدۇ. جانسىزلارمۇ ھايات بىلەن ئۆلۈمدەك، كۈندۈز بىلەن كېچىدەك، ئاچچىق بىلەن تاتلىقتەك، يىغا بىلەن كۈلكىدەك قارىمۇقارشى، زىددىيەتلىك بولىدۇ. چاغاتاينىڭ ياخشى تەربىيى بىلەن يامان تەربىيىنى سىڭىشتۇرغاندا، قايسى تەربىيى كۈچلۈك ياكى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ مىجەزى ئوسال، ئىچى تار ۋە ئاچ كۆز، ئەيش ـ ئىشرەت، ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق، شۇنداقلا خوتۇنپەرەس ئوخشايدۇ، بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىچى تار ۋە ئاچ كۆزلۈكى ئەڭ يامان!

ئىككىسى يانمۇيان مېڭىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈككە كەلدى. گۈللۈكنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

چېتىگە قويۇلغان ئۇزۇن، يولەنچۇكى بار ئورۇندۇقنىڭ تۆت پۇتى يەرگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ قىمىرلىمايتتى. ئۇنىڭدا ئولتۇرغان ئادەم ئالدىدىكى قات ـ قات ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ، ھەرخىل ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ۋە چىرايلىقلىقىدىن ھۇزۇرلىناتتى. سەككاكىي زەڭگەر سىرلانغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ئامىدنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. خاباش ئازراق ئارىلىق قويۇپ، مۇتەپەككۇرنىڭ بىر يېنىدا ئولتۇردى. ئىككىسى بىردەم گۈللەرگە قاراپ تاماشا قىلدى.

— ھازىر مۇسۇلمان دانالار، يازغۇچى ـ شائىرلار چاغاتايىنى قاتتىق تىللاۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

— ياق! — دېدى ئامىد، — بىلمەيمەن.

— چىڭگىزخاننىڭ چوڭ خوتۇنى بورتە تۆت ئوغۇل تۇغدى. بۇ تۆت ئوغۇل جېنىنى قولىغا ئېلىپ يۈرۈپ ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇلار موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تۆت تۈۋرۈكى! چىڭگىزخان ئوغۇللىرىنىڭ ھەربىرىگە ئالاھىدە ۋەزىپە بەلگىلەپ بەردى. چوڭ ئوغلى جوجى ئوۋچىلىققا مەسئۇل بولدى. ئوۋچىلىق موڭغۇللاردا مۇھىم ئويۇن سانىلىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي جاساق ۋە قانۇننى تۇتتى. ئۇ جاساق ۋە قانۇننى يولغا قويۇش، خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا مەسئۇل بولدى. ئۈگەداينى ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، بارلىق زۆرۈر چارە ـ تەدبىرلەرنى تېپىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. تولىنى قوشۇن

تەشكىللەش، قوراللاندۇرۇش ۋە قوماندانلىق قىلىشقا قويىدى.

چاغاتاي ھەقىقەتەن جاساق ۋە قانۇنغا پىششىق ئىدى. چىڭگىزخان بىر قېتىم ئەمىرلىرىگە: «جاساق ۋە ھاكىمىيەت تۇتۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغانلار چاغاتايدىن ئۆگىنىشى كېرەك[1]» دېگەن. چاغاتاي ئاتىسىنىڭ پەرمانى بويىچە غەربىي رايونلارغا لەشكەر تارتتى. ئۇ ئىگىلىگەن يەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە موڭغۇللارنىڭ جاساق ۋە قانۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن يولغا قويىدى.

ئامىد سەككاكىينىڭ سۆزىنى بۆلمەي جىمجىت ئاڭلايتتى. ئۇ مۇتەپەككۇر دەۋاتقانلارنىڭ بىرىنىمۇ بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— موڭغۇللارنىڭ جاساق ۋە ئۆرپ - ئادىتى موڭغۇللارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇسۇلمانلارغا زادىلا ماس كەلمەيتتى. ئەكسىچە، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تامامەن زىت كېلەتتى. چاغاتاي مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادىغا قارىماي، موڭغۇللارنىڭ جاساق ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى زورلۇق بىلەن يولغا قويغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە دانالىرى، يازغۇچى - شائىرلىرى چاغاتاينى: «رەھىمسىز زالىم، يولسىز ۋە ئەسكى ئادەم»[2] دەپ

① «جامىئۇت تەۋارىخ» 2 - توم، رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى. 93 - بەت.

② جۇرجانىنىڭ «ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان خاندانلىقلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»دىن.

تىلىلىماقتا. چاغاتاي باشقۇرۇۋاتقان يەرلەردە «ھەتتا بىرەر قويىنىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن سويۇشقا يول قويمىدى. شۇنداق قىلىپ قويلارنىڭ ھەممىسى ھارام بولدى.» ھەتتا، چاغاتاي كۈندۈزى ئېقىن سۇدا يۇيۇنۇشنى، ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە مال سويۇشنى چەكلەپ ھەممىلا يەرگە ئۇقتۇرۇش چاپلىدى.

موڭغۇللارنىڭ ياساقىدا: ئەتىياز، كۈز ئىككى پەسىلدە كىشىلەر مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى يۇيۇنۇش؛ ئېرىقتا قول يۇيۇش؛ ئالتۇن ـ كۈمۈش جامدا سۇ ئېچىش مەنئى قىلىنىدۇ. يايلاقتا كىر يۇيۇپ يېيىشمۇ چەكلىنىدۇ. موڭغۇللار: «بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى كۆچەيتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. موڭغۇللار چاقماق سوقۇۋېتىشتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. چاقماق سوقۇۋەتكەنلەرنى جىندەك كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. موڭغۇل ياساقلىرىدا كىشىلەرنىڭ يۇيۇنۇشنى چەكلىشى مۇشۇ ئادەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.[①]»

سەككاكىي سۆزىدىن توختاپ بارغانسېرى كۈنپېتىشقا يېقىنلاپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا: «قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدىمۇ، قانداق؟» دېگەن مەنە ئىپادىلىنەتتى.

ــ قۇياشقا قاراۋەرمىسىلە! كۈن تېخى ئولتۇرمىدى. تازا ئوبدان سۆزلەۋاتىدىلا! قېنى، داۋامىنى سۆزلىسىلە! ــ دېدى ئامىد قۇياشتىن كۆزىنى ئېلىپ گۈللەرگە قاراۋاتقان سەككاكىيغا تىكىلىپ.

بۇلبۇل گۈللەرنىڭ ئارىسىدا تازا چاغلىداپ

---

① «تارىخى جاھان كۇشاي» (دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى) دىن. خەنزۇچە تەرجىمىسى، 241 ـ 242 ـ بەتلەر.

سايراۋاتاتتى. بۇ مۇھەببەت ناخشىچىسى يەرۇئاسمانغا نىمىلەرنىدۇر جاكارلايتتى. بەلكىم ئۇ ئۆز تىلىدا مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغ ـ ئەزگۈلۈكىنى كۈيلەۋاتقاندۇ؟! ئۇ ئۆزىنىڭ پاك، جۇشقۇن، قايناپ تۇرغان ھېسسىيات بىلەن ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمگە: «ساپ، ھەقىقىي ۋە گۈزەل مۇھەببەت بولمىسا، بۇ گۈللەر، بۇ باغ، بۇ دۇنيا بولمايدۇ!» دەۋاتقاندۇ؟!...

— سۆزلىگەنلىرىم چاغاتاي ھەققىدىكى ئاڭلىغانلىرىم ۋە بىلىدىغانلىرىم بولۇپ، تېخى بۇ ھۆكۈمرانىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتتىم، دېيەلمەيمەن،— ئۇ بىردەم جىمجىت ئويلىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— مۇشۇنداق بىر ھۆكۈمران بىلەن چىقىشىپ ئىشلىمەك ئاسان ئەمەس. بىزنىڭ ئالدىمىزدا، ئامىد، تېخى قانداق تەقدىر، تېخى قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەر تۇرىدۇ، بۇنى بىلمەيمىز! لېكىن، مەن ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ، بۇياققا كېلىش ئالدىدا كەلگەن ئىرادەمدىن زادىلا يانمايمەن!— ئۆسكىلەڭ ۋە قارا قاشلىرى تېگىدىكى ئالاھىدە بىر خاسىيەت بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلانغان مۇتەپەككۇر سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ جۇشقۇن، قايناق، مەردانە كۈيلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى.

قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇققا يېقىنلاپ، بۇ گۈزەل، ئادەم تويمايدىغان ئالەمدىن بىر كېچە ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان «گۇر ـ گۇر» شامال ئەمدى قوڭغۇراق چالغاندەك يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ ئوينايتتى.

ــ توغرا، مەن چاغاتايغا خىزمەت قىلغىلى كەلدىم. كۆرۈنۈشتە مېنىڭ خىزمىتىم چاغاتايغا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا جانىجان ئەل ـ يۇرتۇم ئۈچۈن بولىدۇ.
يېقىنلاپ كەلگەن ئايتولدى سەككاكىينىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. مۇتەپەككۇر ئوغلىغا بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. قەددى ـ قامەتلىك ئوغۇل ئاتىسى بىلەن ئامىدىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتىسىنىڭ قايناپ سۆزلەۋاتقان سۆزىنى بۆلمەي جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى.
ــ چاغاتاي يات مىللەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ ئۆز يۇرتلۇقىمىزمۇ ئەمەس. ئۇ يىراقتىن نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتىمىزنى ئىگىلىۋالدى. مانا، بىز مۇشۇنداق بىر ئادەمگە خىزمەت قىلىدىغان بولۇۋاتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا چاغاتايغا قانداق خىزمەت قىلىشىمىزنى ئويلىمىساق بولامدۇ؟! بىز مۇشۇ يۇرت، مۇشۇ ئەلنىڭ پەرزەنتى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ غېمىنى يېمەي، چاغاتاينىڭ سۆيىدىلا ئاقساق بولماس!؟ ياشاش ۋە خىزمەت قىلىش ھەرقانداق تارىخىي دەۋردە بىر تۈپ قائىدىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. سەن ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەل ۋە يۇرتقا مەنسۇپ! شۇنداق بولغانلىقتىن ئالدى بىلەن ئۆز ئەل ـ يۇرتۇڭنىڭ غېمىنى يېيىشىڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كەتمەن چېپىشىڭ كېرەك! مانا مەن چاغاتاينىڭ ئوردىسىدا ئىشلەپ، ئۆزۈمنىڭ سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتى ئۈچۈن تەر تۆكۈشكە كەلدىم. مېنىڭ بۇ دېگىنىم: بارلىق پۇرسەت ۋە

ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، چاغاتاينى توغرا ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە، ئەل - يۇرتۇمغا زۇلۇم قىلماسلىققا يېتەكلەشنى بىلدۈردۇ. مۇشۇنداق ئىشلىيەلىسەكلا ئەتىكى تارىخ، ئەتىكى ئەۋلادلار ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ!...

ئالىم سۆزدىن توختىدى، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يوغان كۆزلىرىدىكى سېھىرلىك خاسىيەت تېخىمۇ چاقناپ ياناتتى.

كۈنپېتىش ئۈپۈقى ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيەتتى. بۇلبۇل ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك ناخشىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ھېس - تۇيغۇسى بىلەن كۈيلەتتى. ئادەم ياشايدىغان بۇ ئالەم بىر گۈزەللىك يالقۇنى ۋە ناخشىسى ئىچىدە گۈلگۈنلىشىپ كەتتى...

يۈسۈف سەككاكىي ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئامىدنىڭ يوغان ۋە ئاق دەرۋازىسىدىن خوشلىشىپ چىققاندا، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي كوچىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن، خۇددى دۈگىلەك ئالتۇن تاۋاقتەك كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى...

※ ※ ※

ئاسمان زەڭگەر رەڭدە، ئاۋرالنىڭ ئۈستىگە خىلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن قۇياش ئۆزىنىڭ ئىسسىق نۇرىنى يېشىل ۋادىغا، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى قاتمۇقات تاغلارغا سېخىيلىق بىلەن ئايىماي چاچاتتى. قۇياش ئەتىگەندىلا قىزىق نۇرىنى چېچىپ چىققىنىغا قارىغاندا، بۈگۈن يەر - جاھان كۆيىدىغاندەك قىلاتتى. سۇيى ئۈلگىيىپ

لۆمشۇپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتكەن
چاغاتايلار قىرغاققا چىقىپ، جەنۇبتىكى دېلىمۇك
تاغلىرىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

قىزىل رەڭدە بويالغان ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سىلكىپ،
كەڭ تۆشلۈك تورۇق ئارغىماق ئويناقشىپ،
ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، يوگەن سىيرىپ يورتىپ
باراتتى. قومۇش قۇلاقلىرى دىڭ تۇرغان ئاتنىڭ ئالتۇن
يوگەن، ئايلا - قوشقۇنلىرى، ئۇلارغا قادالغان قىممەت
باھالىق تاشلار قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ چاقنايتتى.
ئاتنىڭ بويۇن ۋە ئاياغلىرىغا ئېسىلغان سېرىق
قوڭغۇراقلار جىمجىتلىقنى بۇزۇپ جاراڭلايتتى.

چاغاتاي شاھانە كىيىنىپ، ئات ئۈستىدە سەل - پەل
كەينىگە غادىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى
قامچىنىڭ سېپىمۇ قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن
زىننەتلەنگەن بولۇپ قۇياش نۇرىدا «ۋال - ۋۇل» قىلىپ
كېتەتتى. ئۇنىڭ ئادەتتە تەكەببۇرلۇق يېغىپ تۇرىدىغان
كۆزلىرى جىددىيلىك ئىچىدە ئوڭ - سولغا توختىماي
تىكىلەتتى. كەڭ توپىلىق يولنىڭ ئىككى تەرىپى
چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇق بولۇپ، يېنىك ئۇچۇۋاتقان
دەريا شامىلىدا ئاستا شىلدىرلايتتى. گويا بۇ قېلىن
قومۇشلۇقلاردىن نامەلۇم ئادەملەر ئېتىلىپ چىقىپ،
ئۆزىگە تاشلىنىدىغاندەك بىر ۋەھىمە بىلەن
جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان ھۆكۈمران ھە دەپ ئېتىنىڭ
ئىككى بىقىنىنى ئىككى پۇتى بىلەن نىقتايتتى. ئۇنىڭ
بۇ قومۇشلۇقلاردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشكە
تىرىشىۋاتقانلىقى چىراي قىياپىتى ۋە ھەرىكىتىدىن
ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

چاغاتاينىڭ كەينىدە ھە دەپ قاراگىر ئېتىنى قامچىلاپ كېتىۋاتقان ئامىد غوجايىنىغا يېتىشەلمەي قىينىلاتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «نېمانچە ئىتتىك ماڭىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ، چاغاتاينىڭ بۇ ئىككى تەرىپى بوككىدە قومۇشلۇق سازلىقلاردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇلار شۇنداق خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، قومۇشلۇقلار تۈگەپ قارا دالا باشلاندى. يۇرىكى ئورنىغا چۈشكەن ھۆكۈمران ئەمدى تەرلەشكە باشلىغان ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ يورتىشىنى ئاستىلاتتى. كۆز، چىراي ۋە ھەرىكىتىدىكى بايىقى جىددىيلىكلەرمۇ يوقاپ بۇرۇنقى خاتىرجەم ھالىتىگە قايتتى. خاباشمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يانداپ كېلىپ ئۆز غوجايىنىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— ئېتىڭىزنىڭ يورتىشىغا مېنىڭ ئېتىم يۈگۈرۈپمۇ يېتەلمەيدىكەن! — دېدى ئۇ چاغاتايغا بۇرۇلۇپ قاراپ خۇشامەت بىلەن.

— ئاستىمدىكى بۇ تورۇق ئارغىماقنى پەرغانە ئاتلىرىنىڭ ئىچىدىن ئالاھىدە تاللاپ ئالغانىدىم، — دېدى ماختانغاندەك بىر قىياپەتتە چاغاتاي ئۆزىگە قاراپ ھىجىيىۋاتقان خاباشقا تىكىلىپ.

قارا دالانى كېسىپ ئۆتكەن ھارۋا يولى ئۇدۇل دېلمۇك تاغلىرىغا قاراپ ئۆرلەيتتى. ئىلى ۋادىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلغان بۇ ھەيۋەتلىك، ئېگىز، چوققىلىرىدىن قار كەتمەيدىغان قاتمۇقات تاغلار قۇياش نۇرىدا يالقۇنلىنىپ، بىر ئەزگۈ جىمجىتلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

كۈنبەگنىڭ يېزىسى — ئاقتۆپىگە كېتىۋاتقان

چاغاتايلار كۆز يەتكۈسىز، زېرىكىشلىك قارا دالادا كېتىپ باراتتى. توپىلىق يول بارغانسېرى ئېگىزگە قاراپ ئۆرلەيتتى. يامغۇر ياغمىغىنىغا خېلى بولغان يولدا توختىماي يورتىپ ۋە ئۆكۈرەك تاشلاپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياغلىرىدىن ئۆرلىگەن سېرىق توپا هاۋاغا ئۆرلەيتتى. بىر خىل يورتىپ كېتىۋاتقان چاغاتاينىڭ ئېتى بىلەن ئامىدنىڭ ئېتى پۇشقۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بارىدىغان مەنزىلىمىز تاغ تەرەپتىمۇ دېگەندەك تاغ تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان خىزمەتچى ئوغلانلار ۋە قوغدىغۇچى چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ هاسىراپ تەرلەشكە باشلىغانىدى.

— ئالىم مېڭىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى چاغاتاي ئامىدتىن يىراقتىكى ئەۋلىيا چوققىسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ.

— هە، ماڭدى... — دېدى خاباش چاغاتايغا بۇرۇلۇپ قاراپ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىم پاراڭلاشتىم. سەككاكىي ماڭا يېقىپ قالدى. ئۇنىڭ قانۇننى ئۇلۇغلايدىغان كۆزقارىشى مېنىڭ كۆزقاراشلىرىمغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئالايلۇق، بىر دۆلەتتە مۇكەممەل بىر قانۇننىڭ بولۇشى ھەققىدىكى پىكىرلىرى مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بىلەن يېقىنلىشىدىكەن. ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە تەرتىپ - ئىنتىزامى بولمىسا، خەلقى باشباشتاق، تەرتىپسىز، ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدىغان بولۇپ كەتمەمدۇ؟!

چاغاتاي سۆزدىن توختاپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇ

ئامدقا بر تكلپ، يەنە مۇشۇك كۆزلرگە ئوخشايدىغان كۆزلرنى تاغ تەرەپكە يۆتكدى.

— مېنىڭ يۇرگۇزۇۋاتقان قانۇنۇم،— دەپ يەنە سۆز باشلىدى چاغاتاي ئەۋلىيا چوقىغا قاراپ تۇرۇپ،— بزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت ـ قانۇنمز ئاساسدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەلۋەتتە ئۇ موڭغۇللارنىڭ مەنپەئەتنى كۆزلەيدۇ. مەن ئجرا قلىۋاتقان قانۇننىڭ بەزى جايلرى قول ئاستمدىكى مللەتلەرنىڭ بەزى ئۆرپ ـ ئادەتلرگە ماس كەلمەسلكى مۇمكن. لېكن، موڭغۇللار ھۆكۈمران مللەت بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا مللەتلەر ئەلۋەتتە موڭغۇللارنىڭ ئادەت ئەنئەنسى ئاساسدا تۈزۈلگەن قانۇنغا چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك! موڭغۇللارغا بر خل، باشقا مللەتلەرگە بر خل قانۇن بولۇشى مۇمكن ئەمەستە!؟ ئەگەر قانۇندىكى: «مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچسى ئېقن سۇدا يۇيۇنۇشقا ۋە قول يۇيۇشقا بولمايدۇ» دېگەننى ئۆزگەرتسەم، باشقا مللەتلەر خۇش بولغىنى بلەن بزنىڭ ئادەت قانۇنمزغا توغرا كەلمەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا مللەتلەر چوقۇم بۇنى ئجرا قلىشى زۆرۈر،— ئۇ بردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن يولغا قويۇۋاتقان قانۇنۇم ئارقلىق ئالتۇن كومزەكنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئايال خاترجەم، يالغۇز يۈرەلەيدىغان ئەمنلىك ئورنتمەن!...

چاغاتاي يەنە سۆزىدىن توختىدى. بر ئازدىن كېين ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك:

— سەككاكىي بالاغۇن ئسيانىنى تىنچىتىپ كېلەلسە تېخىمۇ ئەشەنچىم ئاشاتتى،— دېدى. ئامد

بۇرىلىپ چاغاتايغا قارىدى. ئۇ چاغاتاينىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ قالغان مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆز تاۋنىسىغا شېرىك بولۇپ قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

※ ※ ※

قۇياش ناماز دىگەرگە يېقىنلاپ باراتتى. ئاقتۆپە يېزىسى ئەۋلىيا چوققىنىڭ ئاستىدىكى كۈنپېتىشقا سوزۇلغان تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، كۈنگەي تەرىپى خېلىلا كەڭ ساي، تەسكەي تەرىپى تۈزلەڭلىككە بېرىپ تۇتىشاتتى. يېزىنىڭ باش تەرىپى ئانچە يىراق بولمىغان يايپېشىل قارىغايلىق تاغقا ئۇلىناتتى. يېزىدىن چىققان ئاتلىق يول تاغنىڭ كۈنچىقىش باغرىنى بويلاپ، تاغلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. بۇ يول ئېگىز چوققىلار، خەتەرلىك قىيالار، ساي ـ سايلاردىن ئۆتۈپ تېكەس دەرياسىنىڭ چىمەن ۋادىسىغا يېتەتتى.

تاغلىق يېزىنىڭ كۈنگەي ئېتىكىدە يەردىن ئۆسۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدىغان ئاق تاشلار ئاستىدا، سۈپسۈزۈك سۈيى كېچە ـ كۈندۈز قايناپ چىقىپ تۇرىدىغان، تۇزلۇقى ئالتە ـ يەتتە كۈنلۈك ئايغىچە ئوخشايدىغان بۇلاق بولۇپ، يېزىلىقلار «ئايبۇلاق» دەپ ئاتايتتى. ئاقتۆپىلىك ئۈستىگە ئورۇنلاشقان بۇ يېزىغا كىم، قاچان ئاقتۆپە دىگەن ئاتنى قويغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

كۈنبەگىنىڭ ئۆيى كوچىلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر، دەل ـ دەرەخلىك يېزىنىڭ باش تەرىپىدە بولۇپ، يوغان باغلىق ھويلىسىنىڭ تۆت تەرىپى خۇددى سىپىل تاملىرىدەك سوقۇلغان تاملار بىلەن توسۇلۇپ، يوغان

تۆمۈر دەرۋازىسى كۆنچىقىشقا قاراپ تۇراتتى. كۆنبەگكە بەگلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان. ئۇ قورقۇمسىز، مەرد، قولى ئوچۇق، باي ئادەم بولۇپ، يېزىلىقلار بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تاغدا نەچچە قورۇ قويى، نەچچە ئۇيۇر يىلقىسى ۋە نۇرغۇن كالا ـ تورپاقلىرى بولۇپ، يازنى ئائىلىسى بىلەن يايلاقتا ئۆتكۈزەتتى. كۆنبەگ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ھويلا ـ ئاران، دەپىنە ـ دۇنيالىرى بىلەن يالغۇز ئوغلى نۇربەگكە قالدى.

كۆنبەگنىڭ ئايالى ھۆرىگۈلنىڭ چىرايلىق ھۆسن ـ جامالى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىلا ئەمەس، خېلى يىراقلاردىمۇ ئېغىزلاردا يۈرەتتى. قىرىق بەشلەرگە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، بۇ گۈزەل چوكان يەنە ھەرقانداق ئەرنىڭ كۆزىنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇ قەدىناس ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېرى ئۆلۈپ، قايغۇ ـ ھەسرەت، يىغا ـ زار بىلەن چىرايى سارغىيىپ، خېلىلا جۈدىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھۆسنىگە تولۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. گۈزەل چوكان مۇشۇ تاغلىق يېزىدا تۇغۇلۇپ بويىغا يەتتى. كۆنبەگمۇ شۇ كۈنلەردە تازا قۇرامىغا يەتكەن نەۋقىران يىگىتلەردىن بولۇپ، ھۆرىگۈلنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. شۇ يىلى كۈزدە ئىككىسىنىڭ تويى بولۇپ، ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى تاغلىق يېزىنى جاراڭلىتىۋەتتى. ھۆرىگۈل نۇر بەگنى تۇغقاندىن كېيىن قورساق كۆتۈرمىدى. بىر تەرەپتىن تاغلىق يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسى، سۈپسۈزۈك سۈيى ئۇنى قېرىتمىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەببەتلىك ۋە بەختلىك تۇرمۇش ئۇنىڭ ياشلىقىنى

ساقلىدى. ئۇچىنچىدىن، ئۇ كۆپ بالا تۇغۇش جاپا ـ مۇشەققىتىنى تارتمىدى. كۇلۇپ ياشاپ تا ئېرى ئۆلگۈچە كۆزلىرى بىر قېتىممۇ ياش كۆرمىدى...

ھۆرىگۈل كۇنگە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى پېشايۋانغا چىقتى. ئۇ غوجىداردىن ئېرىنىڭ نەزىرگە چاغاتاينىڭمۇ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ خەۋەرنى ئېلىپ بايا چۈشتە ئامىدنىڭ بىر خىزمەتچى ئوغلانى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك، پۈتۈن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ھەقىقەتەنمۇ بىر سىرلىق ئالەم، بەزىدە بىرەر خەۋەر ئاڭلاپ ياكى ئۆزىچىلا ھۆرىگۈلدەك بىرقىسما بولۇپ قالىدىغان، قانداقتۇر بىر ئىش بولىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ بىئارام بولىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ھۆرىگۈل ئېرىنىڭ نەزىرىگە چاغاتاينىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ بىلمىگەن بىر ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

ئۇ پېشايۋانغا چىققاندىن كېيىن، نەزىرگە يوشۇرۇن مال سويغۇزۇۋاتقان ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتتى.

— بىز ئۇ چاغاتاي دېگەن كاپىرغا باغاق ئەۋەتمىگەن تۇرساق، نېمىشقا كېلىدۇ؟ — دەپ تىت ـ تىت بولاتتى بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان، ئۇستىگە قارا تاۋاردىن ئۇزۇن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيگەن چىرايلىق چوكان، — ئۇ مۇسۇلمان بولمىسا، كاپىر تۇرسا، خەتمە ـ قۇرئان، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىنىدىغان بۇ نەزىرگە كەلسە دۇرۇس بولامدۇ؟!... ھېلىقى... نېمىتى... ھە... ئامىد دېگەن نېمىشقا بۇنى ئويلىماي باشلاپ كېلىدۇ؟!

بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان يوغان دەرۋازىدىن ئىتتىك

كىرىپ كەلگەن قەددى - قامەتلىك نۇربەگ پىشايۋانغا چىقىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. يىگىت ئانىسى كۈنبەگكىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ تەق - تۇرقى ۋە چىرايىلا ئوخشاپ قالماستىن، مىجەزىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. كەڭ پېشانىسى، بۇغداي ئۆڭ چىرايى، قارا قاشلىرى تېگىدىكى يوغان، لاچىنىنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، ئىككى ئۇچى ئاغزىنىڭ ئىككى يېنىغا ساڭگىلاپ چۈشكەن قاپقارا بۇرۇتى، كىرتىلگەن ئېڭىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىنى توغرا تېپىپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن يىگىتلىك ھۆسنىنى يارىتىپ قىزلارنى قارىتاتتى...

ئانىسى كۈنبەگ تۇيۇقسىز بۇ ئالەمدىن كەتمىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئۇ ئۆيلىنىپمۇ بولغان بولاتتى. ئاتا - ئانىسى پاراڭلىشىپ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇش ھەققىدە بىرلىككە كېلىپ، لايىق ئىزدەۋاتقان كۈنلەردە كۈنبەگ بۇ يورۇق دۇنيادىن كەتتى. ئانىسى ھۆرىگۈل يىغا - زار بىلەن خاتىرجەملىك ۋە ئارامىدىن ئايرىلىپ، ئوغلىنى ئۆيلەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم بولغان ئۆيدە بىر يىلغىچە توي - تۆكۈن بولمايتتى.

نۇربەگ ھەم قەلەم، ھەم ئەلەمدە تەڭ يېتىلدى. ئۇ شەھەردىكى مەدرىسەدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇدى. «بۇگۈنكى دۇنيادا قىلىچ - نەيزە ئويىنىتىشنى بىلمەيدىغان يىگىت ھەقىقىي يىگىت ئەمەس!» دەپ قارايدىغان ئانىسى نۇربەگكە قىلىچ - نەيزە تۇتۇشنى ئۆگەتتى. شۇنداق قىلىپ نۇربەگ بۇگۈنكى يېشىغا

www.uyghurkitap.com

كەلگۈچە ھەم بىلىكلىك[1] ھەم قىلىچ ــ نەيزە تۇتۇپ جەڭ قىلالايدىغان بولۇپ يېتىلدى.

ــ نۇربەگ ئوغلۇم، سەنمۇ ئاڭلىدىڭمۇ،ــ دېدى قاپىقى تۈرۈلگەن، چىرايى ۋەھىملىك ھۆرىگۈل ئوغلىغا قاراپ،ــ چاغاتاي ئاتاڭنىڭ نەزىرىگە كەلگۈدەكقۇ!؟

ــ ئاڭلىدىم! ئامىدنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇلار يولدا كېلىۋاتقۇدەكمىش،ــ دېدى نۇربەگمۇ جىددىي ھالەتكە كىرىپ،ــ سەن ئۇنىڭغا باغاق ئەۋەتمىگەن بولغىيتتىڭ؟

ــ ياق! ئۇ يات دىن تۇرسا، باغاق ئەۋەتكىلى بولامدۇ؟!

ــ شۇ ئەمەسمۇ!؟ ئەمىسە ئۇنى كىم چاقىردى؟

ــ ھېلىقى ئامىد دېگەن تەخسكەش بولمامدۇ؟

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم،ــ ھۆرىگۈل ئوغلىغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ــ كەلسە كەلمەمدۇ!؟ بولدى، ئەنسىرىمەڭ ئانا! ئايرىم بىر ئۆي ھازىرلاپ شۇ ئۆيدە ئۇزىتىمىز. بىر قوزا ئەكېلىپ باغلىتىپ قويدۇم. چاغاتاينىڭ كۆزىدە موڭغۇلچە ھارام ئۆلتۈرۈپ، ئامىد ئىككىسىگە پىشۇرۇپ بېرىمىز، ئىمانى يوق ئامىدمۇ يەۋېرىدۇ!...

ــ ئەمىسە مەن كەتتىم.

ــ بېرىۋەر!...

نۇربەگ پېشايۋاندىن چۈشۈپ، دەرۋازىدىن قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى. ھۆرىگۈل ئۆيدە ئىشلەيدىغان ئايالنىڭ ئىتىنى تۇۋلاپ پېشايۋاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى.

---

① بىلىكلىك ــ بىلىملىك.

※ ※ ※

قۇياش كۆنپېتىش ئۇپۇقىغا يېقىنلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەل ـ دەرەخلەر ۋە تاغلارنىڭ چوققىلىرىدىكى نۇرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىرىشقا باشلىدى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال يېشىل يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ ئويناپ شوخلۇق قىلاتتى.

ئوچۇق تۇرغان قوش قاناتلىق ئىشىكتىن ئەمدىلا پېشايۋانغا چىققان ھۆرىگۈل، بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئۆز ئوغلى بىلەن بىللە ئۆز ئوغلىنىڭ پارىدەك بىر ناتونۇش يىگىتنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى. ناتونۇش ئوغۇلنىڭ بويى ئۆز ئوغلىنىڭ بويى بىلەن تەپمۇتەڭ بولۇپ، چىرايلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. يانمۇيان كېلىۋاتقان ئىككىسىنىڭ يېشىمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ناتونۇش يىگىت يۈسۈف سەككاكىينىڭ ئوغلى ئايتولدى، ئۇ ئاتىسى ئورنىدا، ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كۈنبەگنىڭ يىل نەزىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يېڭىلا ئاقتۆپىگە كەلگەنىدى. ئالدىدا نۇربەگ، ئارقىدىن ئايتولدى پېشايۋانغا چىقىپ، ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان ھۆرىگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!— دېدى ئايتولدى ئىككى قولىنى ئالدىغا باغلاپ، بادام دوپپىلىق بېشىنى سەل ـ پەل ئېگىپ.

ھۆرىگۈلمۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئېگىلىپ يىگىتنىڭ سالىمىغا تەزىم بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— بۇ مېنىڭ ئانام! — دېدى نۇربەگ ئانىسىغا مېھرى - مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى قىرىدىكى قويۇق ۋە قارا قاشلىرى تېگىدە چاقناۋاتقان كۆزلىرى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئىككى چولپىنىغىلا ئوخشايتتى...

هۆرىگۈل ئالدىدا، ئايتولدى بىلەن نۇر بەگ كەينىدە مېڭىپ ياسىداق سارايغا كىردى. ئاستىغا تولدۇرۇپ ئىران نۇسخىلىق گىلەم، تام ياقىلىتىپ چۆرىسىگە قارا زىغ - زىغ تۇتۇلغان يېكەندازلار سېلىنغان سارايىنىڭ شىمالىي تېمىغا ئېسىلغان ئانار گۈللۈك گىلەم ئۆزىنىڭ رەڭدار ۋە چىرايلىقلىقى بىلەن كىرگەن ئادەمنى ئۆزىگە قارىتاتتى.

ئايتولدى شىمالىي تامنىڭ ئىشىككە يېقىنىراق يېرىدە، ئىككى پۇتى ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئارقىدىن ئۇ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئاھاڭدا قۇرئان سۈرىلىرىدىن قىرائەت قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى تەسىرلىك ئوقۇيتتى. هۆرىگۈلنىڭ قەلەم قاشلىرى تېگىدىكى قوي كۆزلىرى نەملىنىپ قالدى.

قىرائەت تۈگەپ ئۇلار قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئايتولدى ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ قوش قانات ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان هۆرىگۈلگە خۇش چىراي قاراپ، ئۈستىدە بىر قۇر هۆسنخەتتەك بۇرۇت بار ئاغزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ قارا ۋە قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىنىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان

كۆزلىرى مۇلايىم ۋە سەممىيلىك بىلەن چاقنايتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئايتولدى، مەن يېقىندا خارەزىمدىن ئالمالىقتا كۆچۈپ كېلىپ چاغاتايغا خىزمەت قىلىۋاتقان يۇسۇف سەككاكىينىڭ ئوغلى بولىمەن. ئاتام چاغاتاينىڭ پەرمانى بىلەن بالاساغۇن قوزغىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شۇ ياققا ماڭدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ماڭا: «ئاقتۆپە يېزىسىنىڭ بېگى بۇلتۇر ئاتتىن يىقىلىپ پانيي ئالەمدىن باقيي ئالەمگە ئۇزاپتىكەن، يېقىندا يىل نەزىرى بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئالمالىق مۆتىۋەرلىرىدىن ئاڭلىشىمچە، كۈنبەگ نامشەرىپى پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا خۇددى باھارنىڭ يېقىملىق شامىلىدەك تارىغان، يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەمكەن. ئەگەر ئۇ ئۇلۇغنىڭ نەزىرى بولغۇچە بالا ساغۇنغا كېتىپ قالمىسام، مەيلى ئېيتىسۇن، مەيلى ئېيتمىسۇن، نەزىرىگە چوقۇم چىقىمەن، ناۋادا كېتىپ قالسام، مېنىڭ ئورنۇمدا سەن چىقىپ، بالىجاقىسىدىن ھال سوراپ كەلگىن!» دەپ جېكىلىدى. ھۆرمەتلىك ئاتامنىڭ مۇشۇ تاپشۇرۇقى بىلەن بۈگۈن سىلەرنىڭ قۇتلۇق ئۆيۈڭلارغا چىقتىم. ئالايىتەن باغاق يازغىنىڭلارغا رەھمەت!...

ھۆرىگۈلمۇ، نۇربەگمۇ يۇسۇف سەككاكىينى ۋە ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان بولۇپ، ئالمالىقتىكى چوڭلار قاتارىدا سەككاكىيغىمۇ باغاق يازغانىدى.

— ئوغلۇم! — دېدى ھۆرىگۈل ئايتولدىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، — كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ھۆرمەتلىك ئاتىڭىز يۇسۇف سەككاكىيمۇ بىللە كەلگەن بولسا،

تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئامال قانچە، بالاساغۇنغا كېتىپتۇ،— چىرايلىق چوكان بىردەم تۇرۇۋېلىپ، يەنە قىزىلگۈلدەك ئاغزىنى ئاچتى،— تونۇشتۇڭلارمىكىن، مۇنۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئىسمى نۇربەگ! سىز قانچىغا كىردىڭىز؟ نۇربەگ بۇ يىل يىگىرمە ئۈچكە كىردى.

— مەنمۇ يىگىرمە ئۈچكە كىردىم!

— ئىككىڭلار تەڭتۇش - قۇرداش ئىكەنسىلەر! دوست بولۇپ قېلىڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنى ئىزدىشىپ تۇرۇڭلار!

— بولىدۇ!— دېدى ئايتولدى نۇربەگكە خۇشاللىق بىلەن تىكىلىپ.

نۇربەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئايتولدىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەككاكىينىڭ ئوغلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىدىكى هاياجانلىق يىگىتنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە سەممىي ۋە هاياجان بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى يۈرىكىدىن ئۆرلەۋاتقان مېھىر - مۇهەببەتنى بىر - بىرىگە چاچاتتى. هۆرىگۈل بۇ چىن دوستلۇقنىڭ يېڭىدىن باشلانغان هاياجانلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇرۇن تونۇشمايدىغان ئىككى ئائىلىنىڭ ئىككى يالغۇز ئوغلى قەدىردان دوستلاردىن بولۇپ قالدى...

※ ※ ※

چاغاتاي ۋە ئامىدلار كەچكى شەپەق مەزگىلىدە ئاقتۆپىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاقتۆپىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاغ باغرىدىكى باغۇ بوستانلىق يېزىدا تازا

مېھمان بولۇپ، بۇ يەرگە كېچىكىپ قالدى.

نۇربەگ ۋە يېزىنىڭ بىرقانچە مۆتىۋەرلىرى يوغان دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ چاغاتايلارنى كۈتۈۋالدى. چاغاتاي يېزىلىقلارغا قاراپ چىقىپ، ئىككى قانىتى ئوچۇق دەرۋازىدىن ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ خاباشمۇ يول ئالدى. ئەڭ ئالدىدا نۇربەگ بىلەن ئايتولدى ئۇلارنى باشلاپ، چاغاتايلارغا ئالاھىدە تەييارلانغان پېشايۋاننىڭ كۈنچىقىش چېتىدىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. چاغاتاي ۋە ئامىدلارنىڭ كەينىدىن يېزا چوڭلىرى، چاغاتاي، ئامىدلارنىڭ خىزمەتچى ئوغلانلىرى ۋە قوغداپ كەلگەن چېرىكلەرنىڭ بىرقانچىسى ئاياغ تاشلىدى. قىلىچ ئېسىپ كەلگەن، نەيزە تۇتقان چېرىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەرۋازا ئالدىدا، ھويلىنىڭ ئەتراپىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ قالدى. ھويلىغا كىرگەن چېرىكلەردىن بىرقانچىسى ھويلا ۋە باغقا قاراپ، ئاخىرقى ئىككىسى چاغاتاي ۋە ئامىدلار كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇردى.

چاغاتاي ۋە ئامىدلارنىڭ ئالدىدا باشلاپ ماڭغان نۇربەگ بىلەن ئايتولدى پېشايۋانغا چىقىپ، ئۇلارنى تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپ كىردى.

يوغان ئۆينىڭ تۆر تېمىغا چوغدەك گۈلگۈن گىلەم ئېسىلغان، ئاستىغىمۇ رەڭدار گىلەملەر، تام ياقىلىتىپ دۇخاۋا كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، باشقا نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى.

چاغاتاي ئەڭ ئالدىدا كىرىپ، تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. ئامىد چاغاتايدىن خېلىلا بېرىدا، تۆر تامنىڭ سول تەرىپىگە باداشقان قۇرۇپ ئورۇنلاشتى. يۇرت

www.uyghurkitap.com

مۆتىۋەرلىرى كۆنگەي ۋە تەسكەي تەرەپلەردىكى تاملارنى ياقىلاپ ئولتۇرۇپ، دۇئا قىلامدۇق، قىلمامدۇق دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى. ساقال - بۇرۇتى چارلاشقان سەللىلىك يۇرت ئىمامى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈۋىدى، چاغاتايدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى يۈزلىرى ئالدىغا يايدى.

دۇئادىن كېيىن ئايتولدى بىلەن بىر قاتاردا، ئىشىك ئالدىدا ئۆرە تۇرغان نۇربەگ چاغاتاي ۋە ئامىدلارغا قاراپ سۆز باشلىدى.

— سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ ئانام ئىككىمىز ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. يولنى يىراق كۆرمەي، سۆيۈملۈك ئاتامنىڭ يىل نەزىرىگە چىققانلىقىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!...

ئامىد نۇربەگنىڭ سۆزىنى چاغاتايغا ئۆرۈپ بەردى. چىرايىدىن تەكەببۇرلۇق يېغىپ تۇرغان ھۆكۈمران ئامىدنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، نۇربەگكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. خاباش ئۆزىنىڭ تەلەتى سوغۇق غوجايىنىغا بىر قارىۋېلىپ، ئۇستىدە قاپقارا بۇرۇت بار ئاغزىنى ئاچتى:

— چاغاتاي ئالىيلىرى كۇنبەگنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپتىكەن. «ئىش ئالدىراش بولۇپ ئۆلۈمىگە بارالمىغاندىم. يىل نەزىرىگە بولسىمۇ بېرىپ، ئائىلىسىدىن ھال سوراپ كېلەي!» دەپ شۇنچىلىك ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي كەلدى. بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتەنمۇ ئەل - يۇرتنىڭ مېھرىبان ئاتىسى! شۇنداق بولمىسا، بىر دۆلەتنىڭ خانى بولىدىغان ئادەم، بىر يېزا بېگىنىڭ يىل نەزىرىگە كېلەمدۇ؟!...

ئولتۇرغانلار باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.
— چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلىدىغان كۈنلەرگە ئۇزاق قالمىدى. كېلەر يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغ خانلىق قۇرۇلۇپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدۇ. ھازىر بارلىق تەييارلىقلار پۇتەي دەپ قالدى. مۇشۇنداق بىر خانلىقتا ئەل - يۇرتنىڭ مېھرىبان ئاتىسى بولغان چاغاتايدەك بىر خاننىڭ ھىمايىسىدە ياشايدىغانلىقىمىز ھەممىمىز ئۈچۈن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق ۋە بەخت! ھەر قېتىملىق نامىزىمىزدا چاغاتايغا خۇدادىن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىسەك بولىدۇ.
ئولتۇرغانلار يەنە سەللىلىك، تۆپىلىك، بۆكلۈك باشلىرىنى لىڭشىتىپ: «شۇنداق!... شۇنداق!...» دېيىشتى...
پېشانىسىمۇ، يۈزىمۇ كەڭ، قاشلىرىنىڭ باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كۆتمەك، سا بۇرۇن، كۆزلىرى سەل - پەل پۇلتىيىپ چىققان ئامىد چاغاتايغا بۇرىلىپ قاراپ دېگەن سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئۆرۈپ بەردى. گىدىيىپ ئولتۇرغان ھۆكۈمران ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ تېخىمۇ غادايدى. ئۇ سول قولى بىلەن ئۇستى تۈز، ئاستى ئوتتۇرىسىدىن ئازراق ئاچىماق قاپقارا بۇرۇتىنىڭ سول تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ كۆپچىلىككە قارىدى.
— مەن ئادالەتلىك سىياسەت يۈرگۈزىمەن. ھەممىڭلارنى خاتىرجەم، باي - باياشات ياشايدىغان قىلىمەن. مەن قۇرۇلىدىغان خانلىقىمنى قانۇن بىلەن باشقۇرىمەن. مېنىڭ قانۇنۇم موڭغۇللارنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى

قانۇننى ئاساس قىلىدۇ. باشقا مىللەتلەرمۇ مېنىڭ بۇ قانۇنۇمغا چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك. قارشىلىق قىلغانلار قاتتىق جازالىنىدۇ. كاپىر، مۇسۇلمان دەپ بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ. قانۇنۇم بويىچە ياشىغانلارغا ھەممە يوللار كەڭ ئېچىلىدۇ...

چاغاتاي سۆزىدىن توختاپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ چىقتى. ئامىد ئۇنىڭ سۆزىنى كۆپچىلىككە ئۆرۈپ بەردى.

— خانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ! — دېدى ئىمام كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

شۇ چاغدا ئۆيگە ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن زىلىۋا بويلۇق، قەددى - قامىتى سەرۋىدەك، ھۆر پەرىلەر كۆرۈپ رەشك ئوتىدا كۆيىدىغان چىرايلىق ھۆرنىگۇل كىرىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— بۇ ئايال، — دېدى چاغاتايغا بۇرۇلۇپ قاراپ موڭغۇلچە سۆزلەپ ئامىد، — مەرھۇم كۇنبەگنىڭ ئايالى ھۆرنىگۇل...

چاغاتاي ھۆسن - جامالىدا، قەددى - قامىتىدە ھېچقانداق نۇقسانى بولمىغان ھۆرنىگۇلنىڭ گۈلدەك جامالىغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ئۇ ئىلىغا كەلگەندىن بېرى بۇنداق گۈزەل چوكاننى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھۆرنىگۇلگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارايتتى.

«بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك چاغاتاينىڭ ھۆرنىگۇلنى يەۋەتكۇدەك تىكىلىشىدىن بىر بالا - قازانىڭ شەپىسى كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ چاغاتايغا

قارىغان چىرايلىق چوكان ئۆزىگە تىكىلگەن چاغاتاينىڭ مۇشۇك كۆزلىرىدەك كۆزلىرىدىكى ياۋۇزلۇقنى كۆرۈپ، بېشىدىن كىرگەن سوغۇق تاپىنىدىن «شۇر» قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى چاغاتاينىڭ كۆزىدىن ئېلىپ يەسكە قارىدى. تەستە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— مەرھۇم ئېرىمىنىڭ يىل نەزىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن چاغاتاي ۋە ئامىد جانابلىرىنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي كەلگەنلىكىدىن خۇشاللىقىمنى باسالماي قالدىم. سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت!— ئۇ ھاۋا يەتمىگەندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— شەھەردىن بۇ يىراق تاغ يېرىگە چىققۇچە ھېرىپ چارچىغانسىلەر. ئوبدان ئارام ئېلىڭلار! نۇربەگ، ئايتولدى، مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈڭلار!...

ھۆرىگۈل چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ، سۆزىنى چالا — پۇلىلا قىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ كەينىگە بۇرالدى — دە، ئالدىغا ئاياغ تاشلىدى. تېخىچىلا گۈلدەك چىرايلىق چوكاندىن كۆزىنى ئالالماي ئولتۇرغان چاغاتاي چىقىپ كېتىۋاتقان ھۆرىگۈلنىڭ تومۇ، ئىككىگە ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلىرى ئويناۋاتقان ساغرىسىغا تىكىلىپ قارىدى...

※ ※ ※

ئوچۇق ئاسماندا ئاي كۆرۈنمەيتتى. سان — ساناقسىز يۇلتۇزلار ياخشى — يامان، كۆڭۈللۈك — كۆڭۈلسىز ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىدىغان ئالەمگە ھەيرانلىق بىلەن

تىكىلەتتى. چاغاتاي ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا نەيزە تۇتقان ئىككى چېرىك تامغا يۆلىنىپ ئەسنەيتتى. يوغان قورۇ ئىچىدىمۇ ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان چېرىكلەر ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.
تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۇر - گۇر شامال دەل - دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، تۆۋەندىكى تۇزلەڭلىكلەرگە قاراپ ئۇچاتتى. يېزىنىڭ قەيرىدىدۇر ئىتلار هاۋشىپ، كېچىنى ئەنسىزلىككە سالاتتى.
چاغاتاي ئامىدنى يېنىدا قوندۇرۇۋالغانىدى. ئورۇنلىرىغا كىرىپ ياتقان چاغاتاي بىلەن خاباش بىر - بىرىگە قارىشىپ يانچە ياتاتتى. ئۇلار ئۇخلىماي موڭغۇل تىلىدا ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى غۇۋا كۆرەتتى.
— كۇنبەگنىڭ ئايالىنى كۆرۈپ قاراپلا قالدىم. مەن بۇنداق چىرايلىق ئايالنى كۆرمىگەنىدىم. بىردىنلا ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغاندەك كۆز ئۈزەلمىدىم...— چاغاتاي هاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى،— ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە قاپقارا چېچى يىلاندەك ئويناۋاتقان ساغرىسىنى كۆرۈپ، شەهۋانىيلىقىمنىڭ قۇرتلىرى لۆمۈلدەپ كەتتى. ئەگەر ئۆيدە سىلەر بولمىغان بولساڭلار، يۈگۈرۈپ بېرىپ بېسىۋالاتتىم...
«تۈلكىنىڭ بېشىغا چىققىنى ئۇنىڭ چىرايلىق تېرىسى» دېگەندەك، هۆرگۈلنىڭ بېشىغا چىقىۋاتقىنىمۇ ئۇنىڭ گۈزەل هۆسن - جامالى بولۇۋاتاتتى. ئېرىدىن ئايرىلغىنىغا بىر يىل بولغان بۇ گۈزەل ئايالنى بىر

كۆرۈپ كـۆڭلى چۈشـۈپ قالغان چـاغاتاي ھۆكـۈمرانلىـق ھوقۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ئاياغ ئاستـى قىلىشنى ئويلاۋاتاتتى.

ـــ ئىپىتقىنا ئامىد، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟! مەن بۇ خوتۇننى يا ئالىمەن، يا قانغۇچە بىرقانچە كېچە بىللـە بولىمەن! ئۇ ئىككىسىنىڭ بـىر ىگە كـۆنسۈن! بۇنىڭسىـز مېنىڭ كۆڭلۈم ئـارام تاپمايـدۇ، ـــ دېدى چاغاتـاي ئېغىـر خورسىنىپ.

ئامىد بـايىلا چـاغـاتاينىــڭ ئاچ بۆرە بىـچارە قوزىـغا تـىكىلـگەندەك ھۆرىـگۈلگە تـىكىلـگەنلىـكىنى كـۆرۈپ، چاتاقنىڭ چوڭـى چىقىـدىغانلىـقىنـى ھېس قىـلغانىـدى. ئەمـدى ئۇ ئەنە شـۇ دەھشەتلىـك چاتاقـنىڭ چاغـاتاينىـڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى.

«ھۆرىگۈل ئۆلسىمۇ چاغاتايغا تەگمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلـەن بىرقانچـە كېچە ئـەمەس، بىر قېـتىم بـولسـىمـۇ بىلـلـە يېـتىشقـا ئۇنىمـايدۇ. ئۇ كـۈنـبەگكـە سـادىق، شۇنـداقـلا مۇسۇلمانچىلىقى كۈچلۈك ئايال! ئوغلى نۇربەگ غۇرۇرى، ئىززەت ـ ھـۆرمـىتى، ئـار ـ نومۇسى بـار يـىگىـت! ئـۇ ئانىسىنىڭ خارلىنىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. راستلا چاتاق چـىقىـدىـغـان بولدى! ئـەمـدى قانداق قـىـلىش كـېـرەك؟ چاغاتايىنى سۆز بىلەن قايىل قىلغىـلى بولمـايدۇ!» ئامىـد خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى، بىر مۇۋاپىق چـارە تېپىـشقا ئـەقلى يـەتـمىدى. ئـۇ ھـېچقـانـداق بىر ئـامـال تاپالماي، چاغاتاينىڭ سورىغان سوئالىغا نېمىدەپ جـاۋاب بېرىـشنىمـۇ بىلـەلـمەي قالـدى. ئـاخىر ئـۇ بـۇ ئىشـنـى نەزىردىن كېيىنگە قالدۇرۇشنى ئويلاپ ئاغزىنى ئاچتى.

ـــ ئەتە ھۆرىگۈلنىڭ ئېرىنىڭ يىل نەزىرى. چاغاتـاي

ئالىيلىرى، تەخىر قىلىسىلا، نەزىر ئۆتسۇن. بىز ئەتە نەزىرگە قاتنىشىپ بولۇپلا ئوۋغا چىقىپ كېتەيلى. كەلگەندىن كېيىن بىرنېمە دېيىشەيلى...

چاغاتاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئامىدنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

— نەزىردىن كېيىن، ئامىد، سەن مېنىڭ ھۆرىگۈلنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈڭ يەتكۈزەمسەن يا يېزىنىڭ بىر ئاقساقىلىغا دېسەڭ ئۇ يەتكۈزەمدۇ، ئىشقىلىپ ھۆرىگۈل ئاڭلىسۇن. بىز ئوۋدىن قايتىپ كەلگۈچە يا ماڭا تېگىش، يا بىرقانچە كۈن كۆڭلۈمنى ئېلىشنىڭ بىرىنى تاللاپ بىر قارارغا كەلسۇن! بىز ھەپتىلىك ئوۋنى تۈگىتىپ، ھۆرىگۈلنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغىلى ئۇدۇل ئۆيىگە كېلىمىز!— دېدى چاغاتاي تەئەددى بىلەن گەپنى ئۈزۈپ.

خاباشقا ماقۇل دېمەكتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ، چاغاتاي تەرەپكە بۇرالدى.

— بولىدۇ. مەن سىز دېگەندەك قىلىمەن. يېزىنىڭ بىر مۆتىۋەر ئاقساقىلىنى ھۆرىگۈلگە ئەلچى قىلىپ كىرگۈزىمەن...

※ ※ ※

ئەتىسى چاغاتاي نەزىرگە كىرمىدى. ئۇ ئۆزىگە ئايرىم راسلانغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ، گۆشى ئالاھىدە بېسىلغان پولۇغا تويۇپ، قانغۇچە چاي ئىچىپ ئولتۇردى. ئامىد بىرىنچى قېتىم كەلگەن ئىمام - مەزىنلەر بىلەن بىللە

كىرىپ، نەزىرنىڭ پولۇسىغا تويۇپ، خەتمىقۇرئان قىلىپ چىقتى. ئۇ ئالدىراپ پېشايۋاندىن چۈشۈپ، مەزىن بىلەن بىللە دەرۋازىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىمامنىڭ كەينىدىن كېلىپ قولىدىن تۇتتى. كەكە ساقاللىق يېزا ئىمامى توختاپ كەينىگە بۇرىلىپ قاراپ ئامىدقا تىكىلدى.

— سىلىگە دەيدىغان سۆزۈم بار ئىدى. بىر چەتكە چىقساق! — دېدى خاباش ئىمامنى قولتۇقلاپ.

ئىككىسى ئۈن - تىنسىز مېڭىپ باغ تەرەپكە كەلدى. مەزىن دەرۋازا يېنىدا ئىمامنى ساقلاپ قالدى. ئامىد باغنىڭ چېتىدە، ئىمامنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاغاتاينىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزدى. ئامىدنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئىمامنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

— ياق! مەن ئەلچىلىكنى قىلالمايمەن! مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ھەممە قائىدە - يوسۇنلىرىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلىدىغان بىر ئىمام تۇرۇپ، بۇ ئەلچىلىككە ماڭسام، يۇرت مېنى قاغىمامدۇ؟! ياق! مەن دېيەلمەيمەن! چاغاتاينىڭ دېگەنلىرىنى ھۆرىگۈلگە دېسەم تىلىم كۆيمەمدۇ؟!

ئىمامنىڭ چىرايىدىن قەتئىيلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئىمام ئاخۇنۇم! — دېدى خاباش ئاخۇنۇم سۆزىنى ئالاھىدە سوزۇپ، — چاغاتاينىڭ مىجەزىنى بىلمەمدىلا؟! ئۇ قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ھۆكۈمران! ھۆرىگۈلنى ئالىمەن دېدىمۇ، چوقۇم ئالىدۇ. ئەگەر چىرايلىق كۆنمىسە، چېرىك ئەۋەتىپ بۇلاپ كېتىدۇ. بىلەمدىلا، خارەزىم سۇلتانى مۇھەممەدنىڭ قىزىمۇ ئۇنىڭغا خوتۇن بولدى. يېزا بۇ ئىشقا قارشى چىقسا، ھەممەيلەننى قىرىپ، يېزىنى بىر خارابىلىككە — ھۇۋقۇش ماكانىغا

ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. مەن چاغاتاينىڭ جاھىل مىجەزىنى بىلگەنلىكىمدىن ئامالسىز سىلىگە ئۇنىڭ گەپلىرىنى دەۋاتىمەن...

ئامىد ئۆزىنىڭ كېيىن يامان ئاتاقتا قالماسلىقىنى ئويلىدىمۇ، كېيىنكى جۈملىنى ئاتايىتەن قوشۇپ قويدى.

— مەيلى نېمە دېسىلە دېسىلە، ئامىد جانابلىرى، مەن چاغاتاينىڭ كۆڭلىنى ھۆرىگۈلگە، ئوغلى نۇربەگكە دېيەلمەيمەن! خوش، مەن كەتتىم!

يېزا ئىمامى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ماڭدى. خاباش نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، كەينىدىن چەكچىيىپ قاراپلا قالدى...

ئامىد نەزىرگە كەلگەن يۇرت چوڭلىرىدىن بىر ـ ئىككىسىگە دېدى. لېكىن، ئۇلارمۇ ساقاللىق ئىمامدەك ئامىدنىڭ ھاۋالە سۆزىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كەتتى. يەنە كىملەرگە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىغان قۇتبىدىنىڭ ئوغلى نۇربەگنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ چاغاتاينى رەنجىتىپ قويسا، ۋەزىر بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، چاغاتاي تاپشۇرغان بۇ باش قېتىنچىلىقىنى نۇربەگكە دېيىش قارارىغا كەلدى...

ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل ۋە كۈچلۈك نۇربەگ ئامىدنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. پېشانىسى كەڭ، قاشلىق يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئۇچقۇنلاپ كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن يالقۇن ئۆچۈپ، ئامىدقا پۈتۈن قەھر ـ غەزىپى بىلەن ھومىيىپ تىكىلدى. خاباش ئالدىدىكى يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىشىدىن قورققاندەك كەينىگە بىر قەدەم داجىدى.

— ئامىد جانابلىرى؛ قايسى ئېغىز، قايسى يۈزلىرى

بىلەن چاغاتاينىڭ دېگەنلىرىنى ماڭا يۇزمۇيۇز دېيىشكە پېتىنىدىلا؟! ئاز ـ تولا ئىمانى بار مۇسۇلمان، ئاز ـ تولا ئار ـ نومۇسى بار ئۇيغۇر بۇ گەپنى دېيىشتىن نومۇس قىلىدۇ. مەن ئىمانى بار مۇسۇلمان، غۇرۇرى ۋە ئار ـ نومۇسى بار ئۇيغۇر ئوغلىمەن! مەن ئانامنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ، ئاتامنىڭ بۇغداي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەر يەتتىم، مېنىڭ چاغاتايغا بېرىدىغان ئانام يوق! ئەگەر ئانام چاغاتايغا تېگىمەن دېسە، ئۇنداق شەرمەندە ئانامدىن ۋاز كېچىپ كېتىمەن! بىز ئىززەت ـ ئابرۇيلۇق مىللەت، ئىززەت ـ ئابرۇيىمىزنى ھاياتىمىزدىنمۇ قىممەتلىك بىلىمىز! ئىززەت ـ ئابرۇيىنى بىلمەيدىغانلار بىزنىڭ قېرىندىشىمىز ئەمەس!

نۇربەگ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئامىدقا شۇنداق بىر قارىدىكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقان نۇرغا چاغاتاينىڭ ئەتىكى ۋەزىرى قارىيالماي قالدى.

— مەن ئانامغا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن! ئۇ چاغاتايغا تەگمەيدۇ! سىز بېرىپ مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى يەتكۈزۈڭ! قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن!

نۇربەگ شۇنداق دېدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكسىنى كەڭ كېرىپ، پېشايۋان تەرەپكە كەتتى. ئامىد نۇربەگتىن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىغاندەك، يەتكۈچە تاياق يېگەندەك بىر ھالەتتە كەينىدىن قاراپ قالدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئالتىنچى باب

# سەككاكىنىڭ بالاساغۇن سەپىرى

سەككاكىنىڭ ئالمالىقنىڭ سۇلايمان بەگ ۋە قارا هاجىمدەك ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلىرىنى، ئون نەچچە خىزمەتچى ۋە مۇهاپىزەتچى ئوغلانلىرىنى باشلاپ بالاساغۇنغا قاراپ يولغا چىققىنىغا بۈگۈن بىرقانچە كۈن بولۇپ قالدى...

دەل ـ دەرەخسىز ئايدالا، ئوتتۇرىدىن ئۆتكەن توپىلىق يول كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلاتتى. كۈنچىقىش ئۇپۇقىغا خىلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن ئالتۇن قۇياش، هېلىتىنىلا قىزغىن تەپتىنى چېچىپ، توپا توزۇتۇپ ئاتلىق كېتىۋاتقانلارنىڭ يۈزلىرىنى توقاچتەك قىزارتىپ، ماڭلايلىرىغا تەر تامچىلىرىنى چىقىراتتى... سەككاكىيلار ئەتىگەن تۇرۇپ ئاتلىرىغا مىنەتتى، كۈن قىزىپ كەتكۈچە توختىماي يول يۈرۈپ، بىرەر سايە ـ سالقىن ئارامگاهقا يېتىپ ئارام ئالاتتى. ئىسسىق يېنىپ، هاۋا بىرئاز سالقىن تارتقاندىن كېيىن، تەرى قۇرۇغان ئاتلىرىغا مىنىپ، يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۆز باغلانغۇچە توختىمايتتى.

مانا، قۇياش ئولتۇرۇۋاتقان تەرەپتە، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان شەپەقنىڭ قىزغۇچ يالقۇنلىرىدا جۇلالانغان

بالاساغۇن شەھىرىنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى كۆرۈندى. بارىدىغان مەنزىل كۆرۈنۈۋىدى، ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرىمۇ دىڭ تۇرۇپ، مېڭىشىمۇ ئۆزلۈكىدىنلا تېزلىشىپ كەتتى.

قوز ئوردۇ، قوز ئۇلۇس، قوز بالىق دەپ ئاتىلىدىغان بالاساغۇن يەتتەسۇ رايونىدا بولۇپ، ئاھالىسى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر ھېسابلىناتتى.

بالاساغۇن ئۆز ۋاقتىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، شىمالىي ئىلىك خانلىقىنىڭ مەركىزى سانىلاتتى. مىلادىيە 1137 ـ يىلى قارلۇقلارنىڭ شىمالىي ئىلىكخانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، پۇرسەت كۇتۇپ تۇرغان قىتانلار[①] شىمالىي ئىلىك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ بالاساغۇننى بېسىۋالدى. مىلادىيە 1210 ـ يىلى خارەزىم شاھى مۇھەممەد ماۋائۇننەھىردىن قوشۇن تارتىپ كېلىپ، قىتانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. تالاستا[②] بولغان قاتتىق جەڭدە قىتانلارغا يېڭىلىپ بالاساغۇنغا چېكىندى. قىتانلاردىن جاق تويغان بالاساغۇن ئاھالىسى شەھەر سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىنى تاقاپ، قىتان قوشۇنلىرىنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئون ئالتىنچى كۈنى شەھەرگە بېسىپ كىرگەن قىتان قوشۇنلىرى 47 مىڭ بالاساغۇن ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى جەسەت ۋە قان دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى...

ئۇزاق ئۆتمەي شەھەردىن قېچىپ كەتكەنلەر ۋە باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر، بۇ بىر قېتىملىق قانلىق

---

① قىتانلار ئىلىمىز تارىخىدا «غەربىي لياۋ» دېيىلگەن. قىتانلارنى ياۋروپالىقلار «كىدان» دېگەن.

② تالاس ـــ ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جامبۇل شەھىرى.

پاجىئەنى بېشىدىن كەچۈرگەن شەھەرنى يەنە ئاستا ـ ئاستا ئاۋاتلاشتۇردى...

بۇ شەھەرنىڭ بالاساغۇن[①] دېگەن ئىسمى بىلاد ۋە ساغۇن دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، بىلاد ـ شەھەر، ساغۇن ـ سەنگۈن ـ سانغۇن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. بالاساغۇن ـ سانغۇن شەھىرى دېگەنلىك بولاتتى...

بالاساغۇننىڭ تۈزلەڭ يەرلىرى كۆپ بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن پىلىچىلىكنى ئاساس قىلاتتى. باغلىرى كۆپ، مېۋىلىرى كۆپ بۇ شەھەردە ئۈزۈم شەربىتى ئىشلىنەتتى. ئومۇمەن، بالاساغۇندا يامغۇر ـ يېشىن ئاز بولۇپ، ئاساسەن ئېتىز ۋە باغلىرىنى دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ سۇغىراتتى.

چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە مىللىي زۇلمى، قەھرىمان بالاساغۇنلۇقلارنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇزلار شۇنچە يورۇق يانىدۇ. زۇلۇم قانچىلىك كۈچەيسە، قارشىلىقمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ بىر ھەقىقەت! سەككاكىي چاغاتاينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بالاساغۇن قوزغىلىڭىنى تىنچىتىپ، شەھەر ـ يېزىلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا باشلىغىلى كېتىۋاتاتتى.

سەككاكىي ئالمالىقتىن بالاساغۇنغا كەلگۈچە، ئىشنى نەدىن، قانداق باشلاشنى ئويلاپ كەلدى. ئۇ قوزغىلاڭ

---

① بالاساغۇننىڭ ئورنى ھازىرقى توقماق ئەتراپىغا، ئاقپېشىن خارابىلىرى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

كۆتۈرگەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان بىلمەي تۇرۇپ، قوزغىلاڭنى توغرا تىنچىتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى رۇستەم باتۇر خەلق كۆڭلىنىڭ ئاچقۇچى، بۇ ھېكمەتلىك ئاچقۇچنى قولغا ئالماي تۇرۇپ، خەلق كۆڭلىنى ئوبدان بىلگىلى بولمايتتى. خەلق ۋەكىللىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن، قوزغىلاڭنىڭ باتۇر يولباشچىسى بىلەن كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىش كېرەك!...

سەككاكىيلار بالاساغۇن سارىيىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئۆزىگە لايىق ھۇجرىلارغا ئورۇنلىشىپ ئارام ئالدى. مۇتەپەككۇر سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملار بىلەن ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەم سالغان پاكىز ۋە ئازادە مېھمانخانا ياتىقىدا بىللە ياتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىنى سېلىپ، ئورۇنلىرى ئۈستىدە خېلى بىرھازاغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇيقۇسى كېلىپ ئەسنەشكە باشلىغاندىن كېيىن، دېرىزىدىكى شامنى ئۆچۈرۈپ ئۇيقۇغا كەتتى.

سۇلايمان بەگ ئېگىز بويلۇق ئادەم بولۇپ، ئالمالىقنىڭ كاتتا بايلىرىدىن سانىلاتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئاتىسى ئاتۇشلۇق، بۇ يەرگە سودىگەرچىلىك بىلەن كېلىپ تۇرۇپ قالغان، كېيىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ يەرلىكلىشىپ كەتكەن. سۇلايمان بەگ ئاتۇشلۇق سودىگەرنىڭ ئالمالىقتا ئالغان ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى. قاراھاجىم تېگى - تەكتىدىن ئالمالىقلىق بولۇپ، مەككە - مەدىنىگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن چوڭ موللا ئىدى. ئۇ ئالمالىقتىكى جامائەدە جۈمە نامىزىنى

ئوقۇيدىغان خاتىپ، ئۇنىڭ كەتمەن ئىڭىكىنى قويۇق ساقال ـ بۇرۇت قاپلىغان بولۇپ، گەپنى ئاز قىلىدىغان ئىغىر ـ بېسىقلاردىن ھېسابلىناتتى.

ئۇچى ئەتىگەن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ بىللە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ناشتا ۋاقتى بولغۇچە ئۇچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق يىغىپ قويغان ئورۇن ـ كۆرپىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— ئىشنى نەدىن، قانداق باشلايمىز سەككاكىي جانابلىرى؟ — دېدى ئوتتۇرىدا ياتقان سۇلايمان بەگ ئوڭ تەرىپىدىكى ئالىمغا قاراپ.

— ساراي غوجايىنى بىلەن سۆزلىشىپ باقساقمىكىن؟ — دېدى سۇلايمان بەگ تەرەپكە سەللىلىك بېشىنى بۇرىغان سەككاكىي ئېھتىياتچان مىجەزىنى ئاشكارىلاپ، — غوجايىن قوزغىلاڭنىڭ ئەھۋالىنى، قوزغىلاڭنىڭ بولباشچىسى رۇستەم باتۇرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئاز ـ تولا سۆزلەپ بەرسە تولىمۇ ياخشى بولاتتى. بىر ئاز ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، مەسلىھەتلىشىپ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشىمىز توغرىسىدا كېلىشمەمدۇق...

— مەن ناشتىدىن كېيىن، — دېدى سۇلايمان بەگ سەككاكىيغا قاراپ تۇرۇپ، — ئۇدۇل شەھەر مەھكىمىسىگە بېرىپ ھاكىم رۇستەم باتۇر بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلىۋىدىم. ساراي غوجايىنى تۈگۈلۈۋالماي، قوزغىلاڭ ۋە رۇستەم باتۇر ھەققىدە ئاز ـ تولا سۆزلەپ بەرسىغۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن، — دېدى ئۇ چىرايىنى سەل تۈرۈپ، — بىزدەك تونۇمىغان ئادەملەرگە سۆزلەپ بېرەرمۇ؟!

ــ سۆزلەشكەننىڭ زىيىنى يوق، ــ دېدى قاراھاجىم سۆزگە قىستۇرۇلۇپ، ــ سۆزلەپ بەرسە ياخشى! ئېغىز ئاچمىسا بەرمىسە، ئاندىن شەھەر مەھكىمىسىگە بارساقمۇ كېچىكمەيمىز!...

ئۇلار خېلى پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا سەككاكىينىڭ خىزمەتچى ئوغۇللىرىدىن بىرى ئىشىك چېكىپ كىرىپ، ئاشپۇزۇلنىڭ ئېچىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

سەككاكىيلار چىقىپ ساراي ئاشپۇزۇلىغا كىردى. خىزمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچى ئوغلانلار ئايرىم ئىككى شىرەگە ئولتۇردى.

خېلى چوڭ ئاشخانىغا ناشتا قىلغىلى كىرگەنلەر شالاڭ ئولتۇراتتى. بەزىلىرى ئەتكەنچاي ئىچىپ، بەزىلىرى ئىسسىق نان بىلەن ھالۋا يەپ ناشتا قىلسا، بەزىلىرى پاقلان شورپىسىنىڭ تېزرەك چىقىشىنى كۈتەتتى. سىم ساقال، چىرايى ئاق سېرىق، ئوتتۇرا بوي، ئۈستىگە كالتە پەشمەت كىيگەن ئادەم ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا كىرگەن مېھمانلارغا قاراپ تۇراتتى. بۇ مۇشۇ سارايىنىڭ غوجايىنى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسى سىرتتا بولسىمۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە كېلىپ ئاشخانىدا بولاتتى. ئۇ ئارىلاپ ــ ئارىلاپ سەككاكىيلارغا قاراپ قوياتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى سەككاكىي، سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملارغا پات ــ پات تىكىلەتتى.

سەككاكىي خىزمەتچى ئوغلانلىرىدىن بىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۆزلىرىگە قارىغان ساراي غوجايىنىنى چاقىرتىپ كەلدى. سىم ساقال غوجايىن كېلىپ، قول باغلاپ ئالمالىقنىڭ مۆتىۋەرلىرىگە سالام قىلدى.

سەككاكىيلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ، ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابەن سالام قىلدى، ئۆزئارا تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن سەككاكىي ساراي غوجايىنىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئالىملىق مۇتىۋەرلىرىگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— سىلى ساراي غوجايىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى سەككاكىي ئۇستەلنىڭ چېتىدە ئولتۇرغان چىرايى ئاق سېرىق ئادەمگە خۇشچىراي قاراپ.

— شۇنداق! — دېدى ئۇ قارلۇق تىلدا سۆزلەپ.

— بىز قېرىنداش چىقىپ قالدۇق. قارلۇقلارمۇ ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلىدىغان تاشقىي توققۇز قەبىلىنىڭ بىرىغۇ. ئۆزلىرى بۇ يەرگە قاچان كېلىۋىدىلا؟!...

— بۇ ئۇزۇن تارىخ! — دېدى ساراي غوجايىنى، — بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق بىلەن ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ ياشايتتى. كېيىن ئۇلار ئۇ يەردىن كۆچۈپ يەتتەسۇغا كەلدى. مېنىڭ ئەجدادلىرىممۇ شۇلار بىلەن بىللە كېلىپ، مۇشۇ بالاساغۇنغا ئورۇنلىشىپتىكەن... مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئەر يەتتىم.

ئاپقۇر چىنىلەردە ئەتكەنچاي، ئارقىدىن بىرقانچە تەخسە گۆش تۇخۇمدا قورۇلغان قورۇما كەلدى. سىڭىپ پىشقان نانلار ئۇشتۇلدى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى.

— بىز ئالمالىقتىن كەلدۇق! — دېدى سەككاكىي

قورۇمىدىن بىر تال گۆشنى چوكىسى بىلەن قىسىپ ئېلىۋېتىپ، — بىز چاغاتايىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بالاساغۇن خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى سەۋەبلىرىنى ۋە ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى بىلگىلى كەلدۇق! ئاڭلىساق، قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىسى رۇستەم باتۇر دېگەن ئادەم ئوخشايدۇ! بۇ باتۇر مۇشۇ شەھەردە تۇرامدۇ؟ ئۇ ئۇلۇغ بىلەن قانداق كۆرۈشكىلى بولار؟

— رۇستەم باتۇر هازىر شەھەر هاكىمى، ئۇ هەر كۈنى مەھكىمىگە كېلىدۇ. خالساڭلار، مەن باشلاپ باراي، مېنىڭ باتۇر بىلەن ئاز ـ تولا تونۇشلۇقۇم بار.

سەككاكىي ئالدىدا ئولتۇرغان ساراي غوجايىنىنىڭ تۇگۈلۈۋالىدىغان قۇلۇلىدەك ئادەم ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. بۇنداق ئادەملەر باشقىلار بىلەن ئوڭاي چىقىشىپ كېتىدىغان، تارتىنماي ئىچىدىكىنى دەۋېتىدىغانلىقىنى دانىشمەن ئوبدان بىلەتتى. بۇنداق ئادەملەردىن تارتىنماي سورايدىغانلىرىنى سوراۋەرسە بولىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

— ناهايىتى ياخشى بولدى! ئەگەر ئىشلىرىڭغا تەسىر يەتمىسە، بىزنى چايدىن كېيىن شەھەر مەھكىمىسىگە باشلاپ بارغان بولساڭ، بىز سىلىدىن تولىمۇ خۇش بولاتتۇق! — دېدى سەككاكىي سىم ساقال غوجايىنغا خۇش چىراي تىكىلىپ.

— بولىدۇ! سارىيىمىنىڭ چاقى مەن بولمىسامۇ چۆرگىلەۋېرىدۇ. هەربىر ئىشقا مەسئۇل قىلىغان ئادەملىرىم تاللانغان، ماڭا سادىق. ئۇلار مەن بولسامۇ مەن باردىكىدەك ئىشلەۋېرىدۇ، — دېدى ئاق سېرىق

چىرايىدىن سەمىمىيلىكى چىقىپ تۇرغان غوجايىن سەككاكىيغا ئوچۇق چىراي قاراپ، — رۇستەم ئەسلىدە بىر داڭلىق ئوغرى ئىدى. لېكىن، ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ قىلىغا تەگمەي، باي ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مال ـ دۇنياسىغا تېگەتتى، يول توسۇپ كارۋانلارنى بۇلايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يىگىرمە ـ ئوتتۇزدەك خىل يىگىتلىرى بولۇپ، ھەربىرى بۆرىدەك كۈچلۈك، قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر، سېغىزخاندەك سەگەك، رۇستەم باتۇرغا سادىق يىگىتلەردىن سانىلاتتى. موڭغۇللارنىڭ زۇلۇم ۋە زورلۇقى چېكىدىن ئېشىپ، خەلقنىڭ تارتقۇچىلىقى قالمىغانلىقىنى كۆرگەن رۇستەم، دەسلىپىدە ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كىچىك توپلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ زەربە بەردى. بىر قېتىم ئۇ ئون نەچچە چېرىكى بىلەن كېتىۋاتقان موڭغۇل سەركەردىسى بۇسىپاغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇسىپا ئون نەچچە ياشلىق بىر قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان، بالاسىغۇننىڭ چوڭ كوچىسىدا بەش ـ ئالتە ياشلىق ئوغۇل بالىنى ئېتىغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋەھشىي قانخور ئىدى. ئۇ بالاساغۇن كوچىلىرىدا كۆرەڭلەپ پاتماي ماڭاتتى، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ تاشاتتى. رۇستەم بۇسىپا بىلەن قىلىچلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، خەلق باتۇرنى ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى، ھىمايىچىسى، قوغدىغۇچىسى بىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توپلاندى. شۇنداق قىلىپ موڭغۇللارنىڭ زۇلۇم ۋە زورلۇقىغا چىدىمىغان خەلق رۇستەم باتۇرنىڭ باشچىلىقىدا خۇددى كەلكۈندەك قوزغالدى...

سەككاكىينىڭ خەلق قەھرىمانى رۇستەم باتۇر بىلەن

تېزرەك ئۇچراشقۇسى كەلدى. ئۇ ناشتىلىقىنى قىلىپ بولغان سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملارغا قارىدى.

قاراھاجىم دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېلىشىۋالغاندەك ئاشخانىدىن كوچىغا چىقتى.

※ ※ ※

رۇستەم باتۇرنىڭ قوبۇلخانىسى. ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەم، تام ياقىلىتىپ مەخمەل كۆرپىلەر سېلىنغان، ئېچىۋېتىلگەن ئىككى دېرىزىسىدىن ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋا كىرىۋاتقان يوغان ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدە، قوش قەۋەت كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ بالاساغۇن ھاكىمى ئولتۇراتتى. ئەللىك ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان، تولىمۇ يوغان گەۋدىسى بىلەن چۆچەكلەردىكى دېۋىلەرگە ئوخشايدىغان، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بىر ئىلىك كەڭلىكتىكى قاشلىرى تېگىدىكى قاپقارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان باتۇرنىڭ چىرايى سەممىيلىك ۋە ئاددىي ـ ساددىلىق تۇيغۇلىرى بىلەن يالقۇنلايتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى كالپۇكى ئۈستىگە تولۇپ كەلگەن قاپقارا بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشەتتى. بۇرۇت راستلا ئەرلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشاتتى. رۇستەمنىڭ بۇرۇتىمۇ ئۇنى ھەم غۇرۇرلۇق، ھەم قەيسەر كۆرسىتىپ، ھۆسنىنى ئەركەكلەرگە خاس گۈزەللىك بىلەن كۆرەك قىلاتتى.

باتۇر سەككاكىيلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— قەدەملەر مەرھابا! — دېدى رۇستەم شىمالىي تام

www.uyghurkitap.com

تەرەپتە ئولتۇرغان سەككاكىي، سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملارغا خۇش چىراي تىكىلىپ، ــ مەن تاغ ـ دالا، دەشت ـ چۆللەردە يۈرگەن بىر ئالىمان ئىدىم. تەقدىر مېنى بۈگۈن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى قىلىپ قويدى، ــ دېدى باتۇر كۈلۈپ ئۇڭ قولى بىلەن بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ تۇرۇپ، ــ ئاتامۇ بىر يوقسۇل دېھقان ئىدى. ئىلىپنى تاياق دەيدىغان، مەنمۇ ئوقۇمىغان قارىتۇرك ئادەم! شەھەر سورىماق ئاسان ئەمەسكەن! ئەل ـ يۇرتۇمنى دېمىسەم، ھازىرلا بۇ ئورۇننى تاشلاپ، بۇرۇن يۈرگەن دەشت ـ چۆللىرىمگە چىقىپ كېتەتتىم، ــ دېدى ئۇ يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئەل ـ يۇرت خىزمىتى، ھۆرمەتلىك باتۇر، بىز قىلىۋاتقان ئىبادەتتەك ئۇلۇغ ئىبادەت، ھەرقانداق ساۋابلىق ئىشتىنمۇ ساۋابلىق ئىش! ــ سەككاكىي بىردەم تۇرۇۋېلىپ ھاياجاندا سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ مەنمۇ سەمەرقەندتىن ئەل ـ يۇرتۇمنى دەپ كەلدىم ئەمەسمۇ؟! چاغاتايغا خىزمەت قىلىمەن دەپ كەلگەنلىكىمنىڭ ئۆزى ئەل ـ يۇرتۇمغا خىزمەت قىلىمەن دەپ كەلگەنلىكىم بولمامدۇ؟! چاغاتايىنى ئەل ـ يۇرتۇمغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشتىن توسۇپ ئادالەتكە باشلىسام، ئەلۋەتتە، ئەل ـ يۇرتۇمغا خىزمەت قىلغانلىقىم بولىدۇ. چاغاتايىنىڭ تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلىپ بۇ يەرگە كېلىشىممۇ، بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ دەردىنى بىلىپ ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقۇ!؟... شۇنداق، ئەل ـ يۇرتۇم دېگەن ئادەم كىم ئۇچۇن ئىشلىسىمۇ، نېمە ئىش قىلمىسۇن، ھەممىسىدە جانىجان ئەل ـ يۇرتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە

تۇتىدۇ، ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلمىسا، سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتىنىڭ ئوغلى بولالمايدۇ!...

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينىڭ كۆزلىرى ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن چاقناۋاتقاندەك كۆرۈندى. رۇستەممۇ بۇ دانانىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى.

ــ ئىنىم!ــ دېدى سەككاكىي ئۆزىگە قاراپ تۇرغان باتۇرغا قاراپ،ــ بىزگە بالاساغۇن خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان موڭغۇللارنىڭ زۇلۇم ـ زورلۇقىنى سۆزلەپ بېرىڭ!ــ ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قولى بىلەن تىزىغا بىرنى ئۇردى،ــ ئېسىم قۇرسۇن! رۇستەم باتۇر، سىلىگە ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرماپتۇقۇ!؟ مېنىڭ ئىسمىم يۈسۈف سەككاكىي! يېقىندا خارەزىمنىڭ سەمەرقەند شەھىرىدىن ئائىلەم بىلەن بىللە ئالمالىققا كەلدىم. مېنى چاغاتاي قۇرۇلىدىغان خانلىقىدا ئۆزىگە باش مەسلىھەتچى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى. مۇنۇ ئوڭ تەرىپىمدە ئولتۇرغان ھەمراھىمنىڭ ئىسمى سۇلايمان بەگ، ئالمالىقنىڭ كاتتا بېيى، سول تەرىپىمدە ئولتۇرغان ھەمراھىمنىڭ ئىسمى بولسا، قاراھاجىم، بىز قىسقارتىپ قاراجىملا دەيمىز، ئالمالىق جامائەسىنىڭ خاتىپى.

ــ شۇنداق!ــ دەپ باشلىدى سۇلايمان بەگ سەككاكىينىڭ سۆزىدىن كېيىنلا،ــ بالاساغۇنلۇقلار بىزنىڭ جانجىگەر قېرىنداشلىرىمىز! ئۇلارنىڭ دەردىنى، ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى بىلىپ، ھەل قىلالايدىغانلىرىمىزنى مۇشۇ يەردە ھەل قىلىپ، ھەل قىلالمايدىغانلىرىمىزنى چاغاتايغا بېرىپ دەپ ھەل قىلىش نىيىتىدە كەلدۇق...

قاراھاجىم سۇلايمانبەگنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سۆز باشلىدى:

— مېنىڭ سۇلايمان بەگنىڭ سۆزىگە قىستۇرۇپ سۆزلىگىم كېلىپ قالدى. بىز بىر قېتىملىق چوڭ قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلدۇق. يۇقىرىدا سۇلايمان بەگ دېگەندەك، بالاساغۇنلۇقلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز! ئۇلارنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋاتسا، قانداق قاراپ تۇرالايمىز؟! چاغاتاي نەچچە تۈمەن قوشۇننى تەييارلاپ قويىدى. سەككاكىي جانابلىرى، ئەل ـ يۇرت غېمىنى يەپ، تىنچلىق بىلەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىزنى باشلاپ بالاساغۇنغا كەلدى. ئىشنى چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىپ بارساق، چاغاتاي سىلەرنى باستۇرۇشقا قوشۇپ ئەۋەتمەيدۇ. بۇ مېنىڭ سىلەرنى قورقاتقانلىقىم ئەمەس، ھەقىقىي ئەھۋال شۇ!

رۇستەم چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ تۇرۇپ، ئويلانغاندەك بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. تاملىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپى گەج بىلەن قاپارتىپ بىر غېرىچتەك كەڭلىكتە نەقىش ياسالغان ئۆي جىمجىتلىقتا چۆكتى. سەككاكىيلار رۇستەمنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— بىز قوزغىلاڭ كۆتۈردۇق. بالاساغۇن خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. ھېلىمۇ ئۇلار چاغاتاينىڭ ئۆزلىرىنى جازالاش ئۈچۈن ئەۋەتىدىغان قوشۇننى كۈتمەكتە! بىز چاغاتاي قوشۇنلىرىنىڭ كېلىشىگە تەييارلىنىپ قويدۇق. بىر ئادىمىمىز قالغۇچە جان تىكىپ جەڭ قىلىمىز! بىز

ئۆلۈمدىن قورقساق، بۇ قوزغىلاڭنى قىلمايتتۇق!...
ئۇ سۆزدىن توختاپ ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كەڭ ۋە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قاپقارا قاشلىرى تېگىدىكى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى غۇبارسىز پارلاق يۇلتۇزلاردەك ياناتتى. بۇ كۆزلەردە ئۆلۈم ۋەھىمىسى كۆرۈنمەيتتى. بەلكى گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان بىر پاك ۋە سەمىمىي مۇھەببەت يالقۇنلايتتى...
— زۇلۇم ۋە زورلۇق بولمىسا قارشىلىقمۇ بولمايدۇ، قوزغىلاڭمۇ بولمايدۇ! — دەپ سۆز باشلىدى باتۇر ئولتۇرغانلارغا قاراپ، — موڭغۇللارنىڭ يېرىمىزنى بېسىۋالغىنى ئازدەك، زۇلۇم ۋە زورلۇقى ئېشىپ كەتتى. ئۇلار خوتۇن - قىزلىرىمىزغا باسقۇنچىلىق قىلدى، مەجبۇرىي چېرىك ئېلىپ، بەزى يالغۇز ئوغلىغا تايىنىدىغان بوۋاي - موماylarنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىمىدى. سېلىقلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەت - يوسۇنلىرىنى بىزگە — مۇسۇلمانلارغا زورلاپ تېڭىپ، قوي - كالىلارنى ئۆز قائىدىمىز بويىچە بوغۇزلاپ يېيەلمەيدىغان، ئېقىن سۇلاردا يۇيۇنالمايدىغان قىلىپ قويدى، ھەتتا ئېرىقتا قول يۇساق جازالاندۇق. موڭغۇللار ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ئېتىبار قىلمايلا قالماستىن، دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنىمۇ ئاياغ ئاستى قىلدى. مەن سىلەرگە بولغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:
«چىڭگىزخان بارلاس ئۇرۇقىدىن بولغان ئېردامىجىنىڭ ئوغلى قاراجارغا ھوقۇقىنىڭ سېپى بولغان لەشكەرنى ۋە رەئىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى قاراجارغا تۇتقۇزدى. ئۇ بالاساغۇنغا كېلىپ بۇسىپا بىلەن ئوۋغا چىقىپ، قايتىش

يولىدا بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆستەڭدە يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇسىپا ئۇچىغا چىققان تەلۋە، موڭغۇللارنىڭ ياساقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن بولغاچقا، ئەمەل قىلمىغانلارنى كۆرسە رەھىم قىلماي قاتتىق جازالايتتى. ئۇ بىر مۇسۇلماننىڭ سۇ ئىچىدە يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپلىنىپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئادەمنىڭ گۆشىنى پارە - پارە قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇ چاغدا قاراجار: «بۇگۈن كەچ بولۇپ قالدى، بىزمۇ ھاردۇق. بۇنىڭ ئىشىنى ئەتە بىر تەرەپ قىلايلى، ئۇنى سوراققا تارتىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ياساقنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى» دەپتۇ. قاراجار دانىشمەن ھاجىپنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۆستەڭگە چۆمۈلگەن كىشىگە ئەتىگىچە كۆز - قۇلاق بولۇشنى، ئۇنىڭ زادى گۇناھى بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاشنى تاپىلاپتۇ. ئۇ ئۆز ھاجىپىغا بىر كۈمۈش بەلىش بېرىپ، ئۇنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. يەنە: «ئۇ كىشى ئەتە سوراققا تارتىلغاندا، مەن بەكمۇ نامرات، بۇ بەلىش مېنىڭ بارلىق پۇلۇم، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق قاراملىق قىلىپ قويدۇم» دېسۇن دەپ ھاجىپقا جېكىلەپتۇ. ئەتىسى ھېلىقى كىشىنى قاراجارنىڭ ئالدىدا بۇسىبا سوراققا تارتىپتۇ. ئۇ كىشى ھاجىپنىڭ دېگىنى بويىچە كۈمۈش بەلىشنىڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قاراجار: «سوراق ئادىل بولسۇن» دەپ ئۇ ئادەمنى ھېلىقى ئۆستەڭ بويىغا ئەكېلىپ، سۇدىن بەلىشنى ئىزدىتىپتۇ. قاراجار بەلىشنىڭ تېپىلغانلىقىنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ ياساق - قانۇنلىرىمىزغا چېقىلىشقا كىممۇ

پىتىنالىسۇن، كىممۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن!؟ قارىغاندا، بۇ كىشى راستلا يوقسۇل بولغاچقا، بىر بەلىش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويۇپ، ئۇنى سۇدىن ئىزدەپتۇ، بولدى، ئۇنى قويۇۋېتەيلى!» قاراجار يەنە ئۇنىڭغا ئون بەلىش بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىككىنچى ئۆستەڭگە چۈشمەسلىككە تىلخەت ئېلىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ.[1]»

رۇستەم ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، يانچۇقىدىن ئالغان قول ياغلىقى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ئېرىتىپ، يەنە ياغلىقىنى يانچۇقىغا سېلىپ سۆز باشلىدى، ــ بىچارىگە

---

① مىلادىيە 1238 ـ يىلى بۇخارادا تارابى رەھبەرلىكىدە قوزغالغان ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قاراجار قوشۇنلىرىمۇ قاتناشتى. تارابى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى ئىسيانچى قوشۇنلارغا رەھبەرلىك قىلىپ جەڭنى داۋاملاشتۇردى. قاراجار ئىككى نويانىنى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. تارابى ئۆلۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، قاراجارنىڭ ئىككى سەركەردىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۇخاراغا يېتىپ كەلدى. تارابىنىڭ ئىككى ئۇكىسىمۇ موڭغۇللارغا روبىرو سەپ تۈزۈپ جەڭگە تەييارلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق رەھىمسىز جەڭ باشلاندى، ئىككى تەرەپتىن يىگىرمە مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلدى. تارابىنىڭ ئىككى ئۇكىسىمۇ قۇربان بولدى. موڭغۇللار بۇخاراغا يۈرۈش قىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ، ئوت قويۇپ قىرغىنچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقىنىدا، بۇخارانىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر توپ مۆتىۋەرلىرى سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار موڭغۇل سەركەردىلىرىگە: «بۇ خاراب بولغان شەھەرنى قىستىمىغايسىلەر. ئەھۋالنى ئەمىر قاراجارغا يەتكۈزۈپ، شۇ كىشىنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرگەن بولساڭلار!» دەپ ئۆتۈندى. نويانلار كەلگەنلەرنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ قاراجارغا يەتكۈزدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، سەردارلىرىغا قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىشنى بۇيرۇدى. قاراجارنىڭ سۆزى بىلەن بۇخارا خەلقى تارابى ئىسيانىدىن كېلىپ چىققان ئاپەتتىن موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بۇخارانى ۋەيران قىلىشىدىن ساقلاپ قالدى. مەن قاراجارلارنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ: «سوغا چۈمۈلگەن مۇسۇلمانغا ياخشىلىق قىلدى» دەپ تەسۋىرلىدىم.

قاراجار ئۇچراپ قاپتۇ. ئەگەر بۇسىپا بىر ئۆزى بولغان بولسا، ئۇ ئۆستەڭ بويىدىلا جېنىدىن ئايرىلاتتى. بۇسىپانىڭ بىر نارەسىدە ئوغۇلنى ئىتىغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، يېشىغا توشمىغان ئىككى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى پۈتۈن بالاساغۇن خەلقىگە ئايان. موڭغۇللارنىڭ ياساق ـ قانۇنى بىلەن جازالانغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈلگەنلەر بالاساغۇندا خېلى بار. بۇ زۇلۇملارغا چىدىمىغان خەلق قولىغا ئارا ـ گۈرجەك، تاياق ئېلىپ قوزغالدى.

سۆزنى تۈگەتكەن رۇستەم: «يەنە سورايدىغان سوئاللىرىڭلار بارمۇ؟» دېگەندەك سەككاكىيلارغا قارىدى. مۇتەپەككۇر ئىككى يېنىدىكى سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملارغا: «سىلەرنىڭ دەيدىغان ياكى سورايدىغانلىرىڭلار بارمۇ؟» دېگەندەك تىكىلدى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلمىغاندىن كېيىن سەككاكىي رۇستەمگە قاراپ سۆز باشلىدى:

— سۆزىڭىزدىن بالاساغۇن قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبلىرى ئاشاسەن ئايان بولدى. ئەتە جۈمە، ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەسچىتكە بېرىپ، بالاساغۇن خەلقى بىلەن كۆرۈشسەكمىكىن؟! سىلى قانداق قارايدىلا؟! جۈمەدىن كېيىن يىقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن بىرىگە چىقىپ كەلسەك!...

— بولىدۇ. ئەتە جۈمەدىن بۇرۇنراق مۇشۇ يەرگە كېلىڭلار، مەن سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىمەن. جۈمەدىن كېيىن مېنىڭ بىر يىگىتىم سىلەرنى يىقىنراق بىر يېزىغا باشلاپ چىقسۇن!...

سۆھبەت ئاياغلىشىپ ئۇلار قىزغىن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

※ ※ ※

رۇستەم باتۇرنىڭ ئالمالىقتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ئېلىپ جۇمە نامىزىغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جامائەت مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدا كۈتۈپ تۇرۇپ ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى.

ۋاقىت جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان پەللىگە يېقىنلاپ كېلەتتى.

«كېلىۋاتىدۇ!» دېگەن تۇيۇقسىز چىققان ئۈنلۈك ئاۋاز پاراڭلىشىۋاتقانلارنى سۆزلىرىدىن توختىتىپ مەسچىت ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا قاراتتى. ئالدىدا رۇستەم باتۇر، يۇسۇف سەككاكىي، سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملار، ئۇلارنىڭ كەينىدىن خىزمەتچى ۋە مۇھاپىزەتچى ئوغلانلار كېلەتتى. ئالدىدىكى تۆت ئۇلۇغنىڭ چىرايلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ، ئارىلىرىدا ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتى بولمىغان يېقىن دوستلاردەك كۆرۈنەتتى. مەسچىت ئالدىدىكى بالاساغۇن ئاھالىلىرى قول باغلاپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بۇزۇلغان ھەرە ئۇۋىسىغىلا ئوخشاپ قالغان مەيدان سۇ سەپكەندەك جىمجىتلىققا چۆكتى. مېھمانلار تېخى يىراقتىكى چاغدىلا قول باغلىغان ئادەملەر ئەمدى يېقىنلاپ قالغان ئۆزلىرىنىڭ باتۇرى رۇستەمگە، ئالمالىقتىن كەلگەن مېھمانلارغا بويۇنلىرىنى سوزۇپ ھۆرمەت بىلەن قارايتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بالاساغۇن خەلقى! — دېدى مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغان قېرى - ياش، سەللىلىك ۋە

www.uyghurkitap.com

سەللىسىز ئادەملەرگە قاراپ، — بىز سىلەردىن ھال سوراپ ئالمالىقتىن كەلدۇق.

— مەرھابا! مەرھابا! — دەپ توۋلىدى بالاساغۇنلۇقلار ئالمالىقتىن كەلگەن مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ.

— بىز سىلەرنىڭ دەردىڭلارغا دەرمان بولغىلى كەلدۇق! — دېدى يەنە مۇتەپەككۇر كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىراپ...

جۇمە نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئېگىز، قەددى - قامەتلىك، خۇددى دىۋىدەك يوغان رۇستەم سەككاكىيلارنى مەسچىت ئىچىگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئادەملەرمۇ قىستىلىشىپ مەسچىت ھويلىسىغا قاراپ ئاقتى.

ئەڭ كەينىدە كېتىۋاتقان ئىككى تالىپ سەككاكىي ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. بىرى يەنە بىرىدىن سەل پاكارراق ئىككى تالىپ ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ئىچىدە كېتىۋېتىپمۇ پاراڭلىرىنى زادىلا توختاتمىدى. ئۇلار يېڭىلا ئۆز ئالدىدىن ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمغا ھەقىقەتەنمۇ ئىخلاس قىلىدىغان تالىپلاردىن ئىكەنلىكى روھىي ھالەت ۋە پاراڭلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سەككاكىي ھەزرەتلىرى يالغۇز ئىلمى نۇجۇمنىلا ئوبدان بىلىپ قالماي، ئىسلام ۋە يۇنان ئىلمىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن... — دېدى تالىپلارنىڭ ئېگىزرەك كەلگىنى يېنىدا كېتىۋاتقان پاكارراقىغا قاراپ.

— مەن مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى مەدرىسەمىزگە تەكلىپ قىلىپ بىر ئىلمىي ساۋاق ئۆتۈپ بېرىشنى تەلەپ

قىلساقمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟

— بولىدىغان پىكىر، مەن قوللايمەن!

ئىككى تالىپ پاراڭ بىلەن مەسچىت ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى...

※ ※ ※

جۇمە نامىزى تۈگىگەندىن كېيىن، مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان رۇستەم باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە قارىدى. ئۇنىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ، قويۇق ۋە قاپقارا قاشلىرى تېگىدىكى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئىككى پۇتى ئۈستىدە ئولتۇرغان تەقدىرداشلىرىغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى.

— ئالمالىقتىن ھۆرمەتلىك يۇسۇف سەككاكىي باشلىغان چاغاتاينىڭ ۋەكىللىرى شەھىرىمىزگە كېلىپ، تۇنۇگۈن مېنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. مەن موڭغۇللارنىڭ زۇلۇم ۋە زورلۇقىغا چىدىمىغان خەلقىمىزنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. كەلگەنلەر ئۆزلىرىنى بۈگۈنكى جۇمە نامىزىغا باشلاپ كېلىپ، بالاساغۇن ئاھالىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. تەلىپىگە ئاساسەن، بۈگۈن جۇمە نامىزىغا باشلاپ كېلىپ سىلەر بىلەن كۆرۈشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلايلى!

باتۇر سۆزدىن توختاپ ئولتۇرغانلارغا قارىدى.

— قېنى، ھەممىڭلار ئالدىڭلارغا سۈرۈلۈپ، بىر - بىرىڭلارغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار! بوشىغان ئورۇنلارغا

www.uyghurkitap.com

دالاندىكىلەر كىرسۇن! — دېدى رۇستەم ئۆز سۆزىنى سىرتتىكىلەر ئاڭلىسۇن دېگەندەك ۋارقىراپ سۆزلەپ. ئىككى ئارىدىكى ئىشىك يېنىدا ئولتۇرغان ئۇزۇن ساقاللىق مەزىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاكىمنىڭ سۆزلىرىنى دالاندىكىلەرگە تەكرارلاپ يەتكۈزدى...

بىردەمدە ئىچكىرىكى مەسچىت ئۆيى ئادەمگە لىق تولدى. بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا: «تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقى كۆپ[1]» بولۇپ، مەسچىتتىكىلەرنىڭ كۆپىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلاشقان قارلۇقلار ئىگىلەيتتى. رۇستەم باتۇرنىڭ ئۇيغۇرلاشقان قارلۇقلاردىن ئىكەنلىكى گەپ - سۆزىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— قېنى، ھۆرمەتلىك يۈسۈف سەككاكىي جانابلىرىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى! — دېدى باتۇر كۆپچىلىككە قاراپ.

سەككاكىي ئورنىدىن تۇرۇپ، قول باغلاپ ئۆزىگە جىمجىت قاراپ تۇرغان ئادەملەرگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان شىۋى قەدىردەك ئاجايىپ بىر نۇر چاقناپ كەتتى. بۇ تۈنجى قېتىم ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرى ئالدىغا سۆز سۆزلىگىلى چىققان مۇتەپەككۇر يۈرىكىنىڭ مۇھەببەت نۇرى ئىدى!...

— قېرىنداشلار! بىز چاغاتايىنىڭ پەرمانى بىلەن ئالمالىقتىن كەلدۇق، كەلگىنىمىزگە ئۈچ كۈن بولدى. رۇستەم ئىنىمىز بىلەن تۈنۈگۈن يېرىم كۈن ئوبدان پاراڭلاشتۇق. رۇستەم باتۇر بىزگە قوزغىلاڭ

---

① «شەجەرەئى تۈرك» تىن، ئۇيغۇرچە، 42 - بەت

كۆتۇرۇشۇڭلارنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەردى. زۇلۇم ــ زورلۇق كۆرۈپ دەرد تارتىپسىلەر. مەن ئۆزۈمگە، كەلگەن ھەمراھلىرىمغا ۋاكالىتەن سىلەردىن ھال سورايمەن!ــ سەككاكىي ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ زۇلۇم ۋە زورلۇق بولمىسا، قارشىلىقمۇ، قوزغىلاڭمۇ بولمايدۇ! بىز يەنە كۆپرەك ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىشنى، تارتقان زۇلۇم ۋە جاپا ــ مۇشەققەتلىرىڭلارنى ئاڭلاشنى خالايمىز! قانچە كۆپ ئاڭلىساق، بىزنىڭ توغرا ۋە ئادىل خۇلاسە چىقىرىشىمىزغا پايدىسى بولىدۇ. ئىشىنىڭلاركى، بىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ كۈچىمىز يېتىدىغانلىرىنى چوقۇم ھەل قىلىمىز، كۈچىمىز يەتمەيدىغانلىرىنى چاغاتايغا يەتكۈزۈپ ھەل قىلىشقا تىرىشىمىز!ــ سەككاكىي ئويلانغاندەك يەنە سۆزىدىن توختاپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ بەزى مەسىلىلەرگە ھازىر جاۋاب بېرەلەيدىغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ پىكىر قىلىشىنى توسۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئالدىراپ بىرنېمە دېيىشنى خالىمىدى. ئۇ ئاخىرىدا شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىگە دەردىنى، ئارزۇ ــ تىلەكلىرىنى ئېيتىشىنى تەلەپ قىلىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار رۇستەم باتۇر ئەۋەتكەن يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن يېقىن بىر يېزىغا چىقىپ كەتتى.

سەككاكىيلار ئىككى يېزىغا چىقىپ دېھقانلار بىلەن سۆزلەشتى. ئۆزلىرى چۈشكەن مۇساپىرخانىدا كەلگەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دەردىنى ئاڭلىدى. مۇتەپەككۇر بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تالىپلارنىڭ تەكلىپى بىلەن

مەدرىسەگە بېرىپ، مەشھۇر كىتابى «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختالدى. تالىپلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپالىق ئىزدىنىپ، ئىلمىي تەتقىقاتقا قىزغىن كىرىشىپ، تۆھپە يارىتىشقا چاقىردى.

ئالىملىقتىن كەلگەنلەر قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ بىر قېتىم مۇھاكىمە قىلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسى بىر قاراشقا كېلىپ، شەھەرلىك مەھكىمىدىن شەھەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، يېزا ئاقساقاللىرى قاتنىشىدىغان يىغىن تەشكىللەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ شەھەر مەھكىمىسىدە يىغىن ئېچىلدى.

يىغىن ئېچىلغان يوغان سارايىنىڭ دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئاق يىپەك پەردىسى تالادىن كىرىۋاتقان لەرزان شامالدا ئاستا يەلپۈنەتتى. يىغىنغا قاتناشقانلار ئۆينىڭ ئۈچ تەرىپىدە، تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. رۇستەم باتۇرنى ئارىغا ئېلىپ يۈسۈف سەككاكىي، سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملار سارايىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، سەللىلىك، دوپپىلىق ۋە ئاچا قالپاقلىق، قاش، كۆزى ۋە چىرايى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەرگە قارايتتى. يىغىنغا كەلگەنلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى...

رۇستەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، يوغان گەۋدىسىنى تۈزلەپ سۆز باشلىدى.

— كېلىدىغانلار كېلىپ بولدى. كېڭەشنى باشلايمىز، — دېدى ئۇ ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقانلارنىڭ

دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ،— بۈگۈنكى بۇ كېڭەش
ئىنتايىن مۇھىم. بالاساغۇن خەلقى قوزغىلىڭىنىڭ
تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك،— رۇستەم يەنە سۆزدىن
توختاپ، قاپقارا بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى بىر بۇراپ
قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— شەھىرىمىزگە
ھۆرمەتلىك يۇسۇف سەككاكىي باشلىغان چاغاتايىنىڭ
ۋەكىللىرى كەلگىنىگە ئىككى ھەپتىدەك بولۇپ قالدى.
ئۇلار شەھەر ئاھالىلىرى، يېزا ئاقساقاللىرى ۋە
دېھقانلىرى بىلەن سۆزلەشتى. بۇسىپا ئېتىغا دەسسىتىپ
ئۆلتۈرگەن ئوغۇلىنىڭ، باسقۇنچىلىق قىلىنغان
قىزلارنىڭ، ئوغۇللىرىنى چېرىكلىككە تۇتۇپ قان يىغلاپ
قالغان قارىغۇچىسى يوق بوۋاي - مومايلارنىڭ ئۆيلىرىگە
بېرىپ ھال سورىدى ۋە ئەھۋال ئىگىلىدى. بۈگۈن ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ ھەققىدىكى بىرلىككە كەلگەن
ئاخىرقى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

— بىز كېلىپ،— دەپ سۆزىنى باشلىدى مۇتەپەككۇر
يىغىن ئەھلىگە قاراپ،— بالاساغۇن خەلقىنىڭ
قوزغىلىڭىنىڭ سەۋەبىنى ئىگىلىدۇق. بىزنىڭ
خىزمىتىمىزنى قوللاپ، بالاساغۇننىڭ ھاكىمى رۇستەم
باتۇر ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. مەن ئالدى بىلەن بۇ
ھۆرمەتلىك باتۇرىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن!

سەككاكىي بىردەم تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى.
ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە نۇر يېغىپ تۇرغان
چىرايىدا خەلق قوزغىلىڭىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت،
بالاسالاغۇن خەلقىگە بولغان ئالىي ھۆرمەت يالقۇنلايتتى.

— بىزنىڭ قارىشىمىز: بالاساغۇن خەلقى قوزغىلاڭ
كۆتۈرمىسە بولمايدىغان زۇلۇم ۋە زورلۇققا ئۇچرىغان!

چىكىدىن ئىشىپ كەتكەن زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بالاسىغۇن خەلقىنى «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان. موڭغۇللارنىڭ زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلارنى دېمىسەممۇ سىلەرگە ئايان. زۇلۇم سالغان ۋە زوراۋانلىق قىلغانلارنىڭ باش ئاتامانى بۇسىپا رۇستەم باتۇرنىڭ قىلىچىدا ئۆلگەن. يەنە جازالىنىشقا تېگىشلىك بەزىلىرى قېچىپ كەتكەن. قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدىكى جىنايىتى ئېغىر بىرقانچىسىنى ئىزدەپ تېپىپ جازالاشنى چاغاتايغا تەكلىپ قىلىمىز. بۇ بىزنىڭ بىرىنچى خۇلاسىمىز!

مۇتەپەككۇر سۆزدىن توختاپ ئولتۇرغان يىغىن ئەھلىگە قارىدى. باياتىن بىر خىل ۋەھىمە ۋە جىددىيلىك ئىچىدە ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايلىرىغا يېنىك تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، يۈرەكلىرىنىڭ خۇشاللىقتا چۆمۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. چاغاتاينىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى جازالىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بۇنداق خۇلاسىنى ئاڭلىشى زادىلا كۈرمەيدىغان چۈش ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ خۇشال بولۇشى تەبىئىي ئىدى...

— بىزنىڭ ئىككىنچى خۇلاسىمىز: رۇستەم باتۇرنىڭ ھاكىم بولغانلىقى توغرا! ئۇ شەھەرنى تىنچ - خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىپ، خەلقنى ياخشى كۈن كۆرۈشكە يېتەكلىگەن. بىز رۇستەمنىڭ داۋاملىق شەھەر باشلىقى بولۇشىنى قوللايمىز. چاغاتايغا بېرىپ ئۇنىڭمۇ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىمىز.

ئۈچىنچى خۇلاسىمىز: كېلىشكە تېگىشلىك

موغۇللار بالاساغۇنغا كېلىدۇ. بۇسىپانىڭ ئورنىغا يېڭى بىر داروغا بىلەن بۇرۇنقى موغۇل ئەمەلدارلىرى قايتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە يەنە بۇرۇنقىدەك موغۇل چېرىكلىرى تۇرىدۇ. باتۇرنىڭ لەشكىرىمۇ تارقىتىلمايدۇ. بۇرنىغا بىر قېتىم سۇ كىرگەنلىكتىن، كەلگەن موغۇللار بۇرۇنقىدەك زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىزمۇ چاغاتايغا دەپ، رۇستەم باتۇر بىلەن كېلىشىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىمىز.

تۆتىنچى بىر مەسىلە: موغۇللارنىڭ ھازىر يۇرگۈزىۋاتقان قانۇنى ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قانۇن بولغانلىقتىن، بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت، دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرىمىزغا توغرا كەلمەيدىغان جايلىرى خېلىلا بار. چاغاتاي دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئۆزىمۇ قانۇنغا پىششىق. ئۇلارنىڭ قانۇنىدىكى بىزنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىمىزغا توغرا كەلمەيدىغان جايلىرىنى ھازىرلا خاتا دەپ ئېيتالمايمىز. بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن، چاغاتايغا دەپ ئۆزگەرتىشكە كۈچ چىقىرىمىز. مېنىڭ كۆز قارىشىم بويىچە ئېيتقاندا، موغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئادەت قانۇنلىرىنى باشقا مىللەت ۋە مۇسۇلمانلارغا تېڭىشى توغرا ئەمەس.

يۇقىرىدا دېگەنلىرىم بىزنىڭ سىلەردىن ئاڭلاپ ۋە ئارىلاپ كۆرۈپ چىقارغان خۇلاسىمىز! ناۋادا، بىزنىڭ خۇلاسىمىزغا قارىتا پىكىرىڭلار بولسا، دېسەڭلار بولىدۇ. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

يىغىن مەيدانى بىردەم جىمجىتلىقتا چۆكتى. ھەممەيلەن سەككاكىينىڭ دىگەنلىرىنى ھەزىم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. رۇستەم سۆز قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ سۆز قىلىشىنى تۇسۇۋالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ھەممە كۆزلەر رۇستەمگە تىكىلىپ: «ئالدى بىلەن ئۆزلىرى بىرنىمە دىسىلە!» دىگەندەك قىلاتتى. باتۇر يىغىن ئەھلىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سۆزلەش ئۈچۈن قاپقارا بۇرۇتى ئاستىدىكى ئاغزىنى ئاچتى:

— ھۆرمەتلىك مۇتەپەككۇرنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن رازى بولدۇم. كەلگەن ۋەكىللەر بالاساغۇن خەلقىنىڭ غىمىنى يەپ، ئۇلارغا پايدىلىق خۇلاسە چىقاردى. كۆپچىلىك، سىلەر نىمە دەيسىلەر، بىلمىدىم، شەخسەن ئۆزۈم بۇ خۇلاسىگە قوشۇلىمەن!

ئۇ ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. باتۇرنىڭ سەمىمىي ۋە خۇشاللىق سىرتىغا تېپىپ تۇرغان خۇش چىرايى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سەككاكىيلارنىڭ خۇلاسىسىدىن رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

— ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بۇلارنىڭ ھەل قىلىشى ھەقىقەتەن قىيىن. لېكىن، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى پىكىرلىرىمىزنى چاغاتايغا ئوبدان يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قانۇنلىرىنى بىزگە زورلاپ تاڭماقتا. بۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا

تۇرغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق بولسا، چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىندىكى ھەرقايسى قوۋملاردا باراۋەرلىك ۋە ئىناقلىق بولمايدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنلىرىدىن موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرىنى قانۇن ياكى ھەر خىل زورلاش چارىلىرى بىلەن قالدۇرۇۋېتىش، يۇقىرىدا دېگىنىمدەك موڭغۇللار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە خاتىرجەملىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ پىكىرلىرىمىزنى تۇختىماي، داۋاملىق يەتكۈزۈپ ئۇنى قايىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى. قېنى، ئەمدى سىلەر سۆزلەڭلار!

رۇستەم سۆزىنى تۈگىتىپ ئولتۇرغانلارغا قارىدى.

— مەنمۇ، — دەپ سۆز باشلىدى بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن، ئوتتۇرا ياشلىق، دوغىلاق ئادەم سۆز باشلاپ، — مەن رۇستەم باتۇرنىڭ سۆزىنى تەھقىقلەيمەن! ۋەكىللەرنىڭ خۇلاسىسى بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدىنمۇ ياخشى بولدى. مەنمۇ رۇستەم باتۇر ئاخىرىدا پىكىر قىلغان مەسىلىنى ئويلاۋاتاتتىم. ئۇ مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنى دېدى. بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى يەنە بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئوخشىمايدۇ. دىنلىرى ئوخشىمىسا، دىنىي رەسىم ـ قائىدىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. مىللەتلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلغاندىلا ئاندىن ئىناق ئۆتەلەيدۇ. خانىدانلىق بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەندىلا، باشقا مىللەتلەر بىلەن

خۇشال ـ خۇرام بىللە ياشىيالايدۇ! مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

كېيىن پىكىر قىلغانلارمۇ خۇلاسىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى تەكىتلەپ، كۆپرەك مىللىي ۋە دىنىي مەسىلە ھەققىدە سۆزلىدى. ئۇلار رۇستەم بىلەن كېيىنكى سۆزلىگەن بادام دوپپىلىقنىڭ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ۋە كونكرېتلاشتۇرۇپ سۆزلەپ، موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنلىرىنى ھاكىمىيەت قانۇنىغا كىرگۈزگەنلىكىنىڭ ئۆزى توغرا بولمىغانلىقىنى كۆرسەتتى...

يىغىندىن كېيىن سەككاكىيلار بالاساغۇندا يەنە بىر ـ ئىككى كۈن بولۇپ، ئالمالىققا قايتتى.

※ ※ ※

چاغاتاينىڭ ياسىداق، تېگىگە تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان كەڭ ۋە ئازادە قوبۇلخانا سارىيىنىڭ شىمالىي تېمىغا يۆلىنىپ، باداشقان قۇرۇپ، سەككاكىي، سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملار، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئامىد، كۈنچىقىش تەرەپتىكى گىلەم تارتىلغان تامغا يۆلىنىپ، قوش قەۋەت كۆرپىدە تەنھا چاغاتاي ئولتۇراتتى.

— ھۆرمەتلىك چاغاتاي ئالىيلىرى! — سۆز باشلىدى سەككاكىي، — مەن سۆزۈمنى بىرنەچچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ سۆزلەيمەن.

بىز بالاساغۇنغا بارغان كۈننىڭ ئەتىسى رۇستەم بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ ھازىر بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى

ئىكەن. ئۇ بىزگە بالاساغۇن قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش جەريانلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى يېزىغا چىقىپ دېھقانلارنىڭ ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدۇق. بىز ئاخىرىدا بارغان ئۇچىمىز ئاڭلىغانلىرىمىزنى مۇھاكىمە قىلىپ، كۆز قاراشلىرىمىزنى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىپ خۇلاسىلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەر مۆتىۋەرلىرى، يېزا ئاقساقاللىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قاتناشقان يىغىن ئېچىپ، بىزنىڭ تەكشۈرۈشتىن چىقارغان خۇلاسىمىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدۇق.

خۇلاسىمىز تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، بۇسىپانىڭ ئۆلۈمى: بۇسىپا قوزغىلاڭدىن بۇرۇن ئون نەچچە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئالمالىقتا كېلىۋېتىپ، يولدا رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلغان. بۇسىپا بىلەن رۇستەم ئىككىسى يەكمۇيەك قىلىچلىشىپ، ئاخىر رۇستەم بۇسىپانى قىلىچلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ داروغانىڭ ئۆلۈمى قوزغىلاڭدىن بۇرۇن بولۇپ، قوزغىلاڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىغان. بالاساغۇن خەلقىنىڭ بۇسىپاغا بولغان غەزىپى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ نارەسىدە ئىككى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئىككىلىسىنى خۇن كېسەلى قىلىپ قويغان. بىز بېرىپ ئۇ قىزلارنى كۆردۇق. چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ، قان دېگەن كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەنە بالاساغۇن كوچىسىدا بەش ـ ئالتە

ياشلىق ئوغۇل بالىنى ئېتىغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتكەن... سەككاكىي چاغاتايغا قاراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايىدا ئەيمىنىش، ئەندىشە ۋە خۇشامەتنىڭ بىرەر تال سىرىق نۇرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆز ئەل - يۇرتىغا بولغان سەممىي، پاك ۋە كۈچلۈك مۇھەببىتى بىلەن بالاساغۇن قوزغىلىڭىنى توغرا خۇلاسىلەپ سۆزلەيتتى. مۇتەپەككۇرنىڭ بۇ تەرىپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشاتتى... ئىككىنچى، ئىككى يېزا ئاقساقىلىنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ، ئامباردىكى ئاشلىقلارنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردۇق. بۇ ئىككى نەپسى يامان ئاچ كۆزلەر بىز چۇشۇرگەن سېلىقلارنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ، خەلققە چېچىپ، خەلقنى قاڭغىر - قاقشىتىپ يىغىۋالغان. بىزگە بېرىدىغانلىرىنى بېرىپ، تەڭ يېرىمىنى ئۆزىنىڭ ئامبىرىغا قويۇۋالغان. زالىم ئىككى يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئورنىغا دېھقانلار ئۆزلىرى ئىككى دېھقاننى ئاقساقال قىلىپ سايلىغان.

ئۈچىنچى، چېرىك ئېلىشتا، ئاتا - ئانىسى قېرىپ قالغان ئائىلىلەرنىڭ يالغۇز ئوغلىنىمۇ چېرىكلىككە تۇتۇپ كېتىپ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىنى توسۇۋېتكەن. نەتىجىدە، بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ كۆپى تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. بىر - ئىككى ئائىلىدىكى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. بىز يالغۇز ئوغلى بار ئائىلىلەردىن چېرىك ئالماسلىقنى توغرا دەپ قارىدۇق. بۇ پىكرىمىزگە، چاغاتاي ئالىيلىرى، قوشۇلسىلا، شۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلىمىز. بۇ

كۆزقارىشىمىزنى بالاسا‌غۇندا ئۆزلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالماي دېيىشنى توغرا تاپمىدۇق.
تۆتىنچى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي مەسىلىلەر، — سەككاكىي يانچۇقىدىن كەشتىلەنگەن چۇچىلىق ياغلىقىنى ئېلىپ، ئاغزى - بۇرنى، يۈز - كۆزىنى ئېرتىپ يەنە يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ئاخىرقى، لېكىن قىيىن مەسىلە ئۈستىدە خېلىدىن بېرى چوڭقۇر ئويلاندى. چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ياساق ۋە قانۇنلىرىغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن، ياساق ۋە قانۇنلارغا پىششىق، شۇنداقلا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇ ياساق ۋە قانۇنلارغا بويسۇنمىغانلارنى زادىلا كەچۈرمەي قاتتىق جازالايتتى. بۇلارنى ئوبدان بىلىدىغان سەككاكىي مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي مەسىلىلەردىكى بالاسا‌غۇنلۇقلارنىڭ پىكىرلىرىنى چاغاتايغا قانداق يەتكۈزۈشنى ئوبدان ئويلانمىسا بولمايتتى. ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان جاھىل، ئاچچىقى يامان ھۆكۈمران بۇ مەسىلىدە ئوڭايلا جۇۋىسىنى تەتۈر ئۆرۈپ چىقاتتى، — چاغاتاي جانابلىرى! — دەپ سۆزىنى ئۇلىدى سەككاكىي يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىدە چاغاتاي تەرەپكە سەل - پەل بۇرۇلۇپ قاراپ، — ئۆزلىرى ئىگىلىگەن زېمىن كەڭ بولۇپ، بۇ زېمىندا ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە دىنلىرى ئوخشاشمايدىغان نۇرغۇن مىللەتلەر ياشايدۇ. خەلقئالەمگە ئايانكى، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنلىرى ئوخشاشمايدىغان مىللەتلەر، بىر - بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىغا ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىق گۈل - چېچەكلىرى ئېچىلىپ، مەملىكەتتە مۇقىملىق باھارى گۈللەيدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي

قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئۇزاق بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللىنىپ مۇقىملىشىدىغان بولغانلىقتىن، بىر بۇيرۇق بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاغزىدا ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنىگە قوشۇلسىمۇ، يەنىلا بۇ مىللەتنىڭ ئادەملىرى كۆڭلىدە ئۆزلىرىنىڭكىنى توغرا تاپىدۇ. مالنى قانداق ئۆلتۈرۈپ يېيىش، ئېقىن سۇدا يۇيۇنۇش، قول يۇيۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي رەسىم ـ قائىدىلىرى ئوخشاشمايدۇ. بىر دۆلەتكە نىسبەتەن ئالغاندا، ھۆكۈمران مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە زورلاپ تاڭسا، باشقا مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇ مەسىلە تولىمۇ نازۇك، توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مىللە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

سەككاكىي سۆزدىن توختاپ ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەم قىيىن، ھەم مۇھىم بىر مەسىلىنى چاغاتايغا ھەم توغرا، ھەم ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ــ ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ياشىغان ئاشۇ جاينىڭ يەر ـ سۇ خاسلىقى ئۇزاق تارىخى ۋە روزىغارلىقىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بۇ ئالاھىدىلىكلىرى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ياكى مىللەتلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ياكى مىللەتلىكى شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا



www.uyghurkitap.com

كەلگەن تىل، ئەدەبىياتى، رەڭدار سەنئىتى، ئۆزگىچە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھەر خىل مۇراسىم، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، ئۆلۈم ـ يېتىم، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئەخلاق ـ ئەقىدە، ئار ـ نومۇس ئۆلچەملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن شۇ بىر نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، مىللەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ۋە نازۇك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم ۋە نازۇكلۇقى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە بولماسلىقى بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مىللەتلىكىگە ئېتىبار بەرمەسلىك، كۆپىنچە ھاللاردا، شۇ مىللەتنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. بالاسغۇن قوزغىلىڭىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، دەل ئۇلارنىڭ مىللەتلىكى ۋە دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكىدىن بولغان.

سەككاكىي ئاخىر نەق مەسىلىگە يېقىنلاپ كېلىپ، بىردەم تۇرۇۋېلىپ، چاغاتايغا دەيدىغان ئاساسىي پىكرىنى ئويلىۋالدى.

ـــ چاغاتاي جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ خانلىقلىرىدا نۇرغۇن مىللەتلەر ياشايدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە دىنى ئوخشاشمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان موڭغۇللارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ھاكىمىيەت قانۇنى قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا زورلىساق، قارشىلىققا ئۇچراش تۇرغانلا گەپ. سىلىگە ئوچۇق ئېيتاي: بۈگۈن خانلىقلىرىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇسۇلمان

مىللەتلەرنىڭ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلىرى، شائىر ۋە يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنى ئەيىبلىمەكتە. ئۇلارنىڭ سىلىنى بۇنداق ئەيىبلىشىنىڭ سەۋەبى، باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە دىنىغا ئېتىبار بەرمىگەنلىكلىرى بولدى. بىر مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقى شۇ مەملىكەتتە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناقلىقىدىن بارلىققا كېلىدۇ. خانلىقلىرىدىكى مىللەتلەر ئۆزلىرىدىن ۋە خانلىقلىرىنىڭ قانۇن ـ سىياسىتىدىن نارازى بولسا، خانلىقلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى بولمايدۇ...

سەككاكىي مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى سۆزلىرىنى باشلىغاندىلا، چاغاتاينىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، مۇشۇك كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىغانىدى. ئۇ بۇرۇتىنىڭ بىر تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ، سەككاكىيغا ھومىيىپ قارايتتى. خان ئاخىر چىدالمىدى:

— بولدى، سۆزىڭىزنى توختىتىڭ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن، چىرايىدىن قارا قويۇن ئۇچۇۋاتقان ھالەتتە سەككاكىيغا تىكىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بالاساغۇن ئىسيانكارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كەپسىلەر، ياخشى! لېكىن شۇنى ئېيتىپ قوياي كى، خانلىقىمىنىڭ ياساق ۋە قانۇنىنى ئەيىبلەش ۋە ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىكىر بىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ! سىلىمۇ، سەككاكىي مىللىي ئالاھىدىلىك دەپ مېنىڭ قانۇنۇمغا بۇنىڭدىن كېيىن تىل تەگكۈزگۈچى بولماڭ! ئۆزگەرتىمەن دەپمۇ ئويلىماڭ! بۇ ئۇلۇغ ئاتام چىڭگىزخان ئورناتقان ياساق ۋە قانۇن!...

چاغاتاينىڭ جاھىل ۋە تەرسالىقى تۇتقانلىقىنى كۆرگەن مۇتەپەككۇر يەنە گەپ قىلىشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، «ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ» دېگەندەك جىمجىت ئولتۇردى.

قىزغىن باشلانغان يىغىن ئەنە شۇنداق سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە تۈگىدى. سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىملارمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# ھۆرىگۈلنىڭ ئۆلۈمى

چاغاتاي ھۆرىگۈلنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئامىد ھۆرىگۈل ئىشىدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرەتتى. ئۇ ھەتتا چاغاتاي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى.

بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئالا قۇرت مىتىلداپ ئامىدقا زادىلا ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. سەككاكىي باللاساغۇندىن قايتىپ كېلىپ چاغاتايغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان كۈندىن باشلاپ پەيدا بولغان، بىردەممۇ جىم تۇرمايدىغان بۇ ئالا قۇرت ئۇنىڭ يۈرىكىنى پىلە قۇرتىنىڭ ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى يېگىنىدەك يەيتتى...

ئادەملەردە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان بەزى ئۆزگىرىشلەر زادىلا سەۋەبسىز بولمايدۇ. چاغاتايغا ئۆزى ماختاپ تونۇشتۇرغان، ھەتتا نەچچە بىرىپ باشلاپ كەلگەن ئادىمى بۈگۈن ئۇنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۈجمە كۆڭلىدە مەنپەئەتنىڭ جىنچىرىغى قاپقارا ئىس پۈرقۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ شاختىن – شاخقا قونۇشى تولىمۇ ئاسان بولىدۇ. ئۇلار ئۆز مەنپەئەت جىنچىرىغىنىڭ ئىسى قايسى تەرەپكە قاراپ ئاقسا، شۇ

زامان ئالدىنقى تەرەپتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىس ئاقىقان يېڭى تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئامىدمۇ دەل شۇنداق ئادەملەردىن ئىدى.

ئامىد چاغاتاي بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ قالدى. ئۆزى بىلەن بىر مىللەت، قېرىنداش، ئۆزى ماختاپ ئۆزى ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە دانالىقى بىلەن چاغاتاينىڭ بەكمۇ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىۋاتقان سەككاكىي، ئۇنى ھەسەت دوزىخىنىڭ دەھشەتلىك ئوتىغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەۋاتقان قۇرت، دەل ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكنىڭ سېسىق سازلىقىدا پەيدا بولۇپ يېتىلىۋاتقان دەھشەتلىك ئاپەت ھېسابلىناتتى.

ئامىد بۈگۈن كېچە ئايالىرىنىڭ يېنىغا كىرمەي يالغۇز ياتاتتى. جىمجىت كېچە تەنھا خىيال سۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان خاباش تورۇسقا قاراپ يېتىپ سەككاكىينى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە يۈرىكىنى ئۆتىۋالغان ساھىبجامال مەختۇمسۇلانى ئەمەس، ئاتىسى مۇتەپەككۇرنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدا، يۈسۈپ سەككاكىي، سۇلايمان بەگ ۋە قاراھاجىملار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چاغاتاي ئۆزىنى ئەپقېلىپ دېگەن سۆزلىرى جاراڭلايتتى: «بىلەمسەن ئامىد، مەن سەككاكىينىڭ بالاساغۇنلۇقلارنى بۇنچىلىك تېز ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. مېنىڭ داروغا، ئەمەلدار ۋە چېرىكلىرىمنىڭ بىر پاي توپ ئوقى ئاتماي بالاساغۇنغا كىرىدىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. سەككاكىينىڭ

راست بىلىملىك، دانا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملىكىگە تولۇق ئىشەندىم. مەن ئۇنى يېقىندا قۇرۇلىدىغان خانلىقىمىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قىلىسام خاتالاشمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.»

قۇتبىدىنىنىڭ ئوغلى چىدىيالمىدى، ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى: «ئەتىلا چاغاتاي بىلەن كۆرۈشىمەن!... — دېدى ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆي ئىچى ھېچنېمىنى كۆرمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ ئەمەس، دېرىزە تەرەپ بىر قىسمى كۆيۈپ تۈگىگەن ئاي كۈنچىقىش تەرەپتىن چىقىقاندەك غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، — چاغاتاينىڭ سەككاكىينى ئەتىۋارلاپ، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالمىسام بولمايدۇ! ئەگەر سەككاكىي چاغاتاينى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالسا، مەن بىر يارىماققىمۇ ئەرزىمەس بولۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر سېھىر بار. ئادەملەرنى ئوڭايلا ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ.» ئۇ پىچىرلاپ سۆزلەشتىن توختاپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن بېشىنى قولى ئارىسىغا ئېلىپ، يەنە تورۇسقا قاراپ يېتىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: «چاغاتاينى سەككاكىيغا تارتقۇزۇپ قويسام تۈگەشكىنىم شۇ! بۇنىڭدا بىرى، چاغاتايغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يۈزدە يۈز ئۆزۈمگە قارىتىۋېلىشىم كېرەك! مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۈمۈش بېرىشنى توختاتماي، بەلكى ئاشۇرۇشۇم زۆرۈر. ئۇنىڭ ئوۋنى، بەزمە، ئەيش - ئىشرەتنى ياخشى كۆرىدىغان مىجەزىدىن پايدىلىنىشىمۇ مۇھىم. يەنە بىرى، سەككاكىينىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ،

ۋاقتىدا چاغاتايغا چىقىپ، چاغاتاينىڭ كۆڭلىنى ئۇنىڭدىن سوۋۇتۇشۇم لازىم...»

خاباش يەنە تورۇسقا قاراپ يېتىپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، خىيالىنى داۋام قىلدى.

«ھۆرىگۇل!... كۈنبەگىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى چاغاتاينىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا زادىلا ئۇنىمايدۇ. خارەزىم سۇلتانى مۇھەممەدنىڭ قىزىدەك ئەسىرگە چۈشسە، ئامالسىز ماقۇل بولاتتىمىكىن؟! كېچىسى چېرىك ئەۋەتىپ بۇلاپ كېلەمدىم ـ يە؟! چاغاتاي ھۆرىگۈلنى باغرىغا باسالىسىلا، مېنىڭ يۇقىرىدىكى خىياللىرىم گۇل ئاچاتتى. سەككاكىي چاغاتاينىڭ ئالدىدا ئەتىۋارلىنىشتىن قېلىپ، مەن ئۇنىڭ ئورنىنى باساتتىم...»

ھۆرىگۈلنىڭ ئىشىدا ئامىد ھازىرغىچە چاغاتايىنى ئالداپ كەلدى. ئۇۋدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇلار: «بىز ئويلىنىپ جاۋاب بېرەيلى!» دېدى دەپ، چاغاتايىنى يېزىدىن ئېلىپ كەتتى، شۇ كۈنلەردە چاغاتاي خاباشنى كۆرسە، ئالدى بىلەن سورايدىغىنى: «ھۆرىگۈلدىن جاۋاب بارمۇ؟» دېگەن گەپ بولاتتى. ئامىدنىڭ ئۆز غوجايىنىدىن قېچىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ سوئال ئىدى.

«ياق! ئەمدى كېچىكتۈرسەم، چاغاتايىنى ئۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ماڭا بولغان ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالىمەن! ئوغلى نۇربەگ قارشى چىققىنى بىلەن ئانىسى نېمە دەيدۇ؟ خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماختاشقا، ئىسىل كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتكە، نام ـ ئابرۇيغا ئامراق كېلىدۇ. ئۇناپ قالسا ئەجەب ئەمەس!... «ھۆرىگۈلنىڭ

ئىشنى ئەمدى تۇتمىسام، — دېدى خاباش دېرىزە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — چاغاتاي ئالدىدىكى يۈز ـ ئابرۇي، ئەتىكى ۋەزىرلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىمەن. بۇلاردىن ئايرىلىپ قالسام تۈگەشكىنىم شۇ.»

ئۇ غۇۋا يورۇپ تۇرغان دېرىزىگە قاراپ يېتىپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «ئەتە ئەتىگەندە چاغاتاينىڭ يېنىغا كىرىپ، ئاقتۆپىگە ئەلچى ئەۋەتىشنى ئېيتاي! سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىم ئەلچى بولۇپ بېرىپ كەلسۇن! ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۆرىگۈلنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىگە بىر نېمە دېمەمدۇق...»

ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە ئىتلار ھاۋشىپ كەتتى. خاباش يەنە ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆزىنى يۇمدى. ئۇيقۇسى قاچقان ئامىد يەنە كۆزلىرىنى ئېچىپ تورۇسقا تىكىلدى. غۇۋا كۆرۈنگەن تورۇسلار ئارىسىدىن سەككاكىنىڭ كۆزلىرى كۆرۈنۈپ، بويىغا بىر سوغۇق تىترەك ئولاشقاندەك بولدى...

※ ※ ※

«مەن — دەپ ئويلايتتى دانا، — بۇ يەرگە ئەل ـ يۇرتۇم ئۈچۈن جان پىدا قىلغىلى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەلدىم. شۇنداق نىيەت ۋە ئىرادىدە كېلىپ، چاغاتاينىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرسام بولامدۇ؟! ياق! مەن ‹قېشىڭدا كىم بولسا چىرايلىقىڭ شۇ، بېشىڭدا كىم بولسا ماشايىقىڭ شۇ!› دەپ يۈرەلمەيمەن! مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ئەل ـ يۇرتۇمغا پايدىلىقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، پايدىسى

بولمىغان، ھەتتا زىيانلىقلىرىنى نەسىھەت بىلەنلا توسۇپ يۈرىدىغانلاردىن بولۇپ قالساممۇ بولمايدۇ! بۇ يەنىلا يۈرىكى ئەل - يۇرتنىڭ ئىشقىدا پېژىلداپ كۆيىدىغانلارنىڭ قىلىدىغىنى ئەمەس، چاغاتاينىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنى كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلىشىم كېرەك! مانا، شۇنداق قىلالىساملا، ئاندىن بۇ يەرگە كېلىشتىكى ئىرادەمنى ئورۇنلىيالايمەن!...»

بېشىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان بۇ ئوي ئۇنى بۇگۈن چاغاتاي بىلەن كۆرۈشۈپ بىرقانچە تەكلىپ بېرىش قارارىغا كەلتۈردى. ئۇ ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ، چاغاتاي بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدى. ھۆكۈمرانىنىڭ خىزمەتچى ئوغلانىدىن ئۇنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزى ئىشلەيدىغان ئۆيگە كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان ئۆينىڭ شىمالىي تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مۇتەپەككۇر ئالدىدىكى شىرەدە تۇرغان كىتاب - ھۆججەتلەرگە قارىدى.

تېگى چوڭقۇر دەريا سۈيىنىڭ كۆپلۈكىدىن جىمجىت ئاقىدۇ. سەككاكىيمۇ ئاچچىقى تېز كېلىپ خۇددى گۈلدۈرمامىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولسىمۇ، ئادەتتە ئېغىر - بېسىق، ساددا ۋە بىپەرۋادەك كۆرۈنەتتى. قەلبى گۈزەل مۇھەببەت، ئۇلۇغ غايىلەر بىلەن جۇشقۇنلىنىپ تۇرغان ئادەملەر كۆپىنچە شۇنداق بولسا كېرەك! سەككاكىينىڭ يۈرىكى تېپىچەكلەپ كېتىۋاتسىمۇ، قۇلىقى سىرتتىكى ئاياغ تاۋۇشلىرىدا بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى...

ئارىدىن ئۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، خىزمەتچى

ئوغلان كىرىپ، چاغاتاينىڭ ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇ كۆرۈۋاتقان كىتابىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

موڭغۇللار چىڭگىزخان دەۋرىگە كېلىپ، ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتوڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل يېزىقى قىلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، يېزىقى بار مىللەتكە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ رىۋايەت، تارىخ قاتارلىق ھەممە نەرسىسىنى ئۆز خاتىرىسىگە تايىنىپ ئەستە ساقلايتتى. چىڭگىزخان، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ باشقا ئوغۇللىرىنىڭ قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇمۇشلۇق، دانالارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى ئۇلارنىڭ قۇدرەت تېپىش يولىدىكى پاراستى ئىكەنلىكى ئېنىق.

— تېخى دەم ئېلىش ۋاقتىلىرى توشمىدىغۇ دەيمەن؟! — دېدى ھۆكۈمران كىرىپ كەلگەن سەككاكىيغا قاراپ، — دەم ئالماي قانداق مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىلە؟! قېنى، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرسىلا!...

چاغاتاي ئۆزىنىڭ ياساق ۋە قانۇنلىرىغا تىل تەگكۈزگەن سەككاكىيدىن رەنجىگەن بولسىمۇ، لېكىن بالاساغۇن خەلقىنى گەپكە كىرگۈزۈپ كەلگەنلىكى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار ۋە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولدى. بۇ قارىشى بىلەن سەككاكىيدىن رەنجىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ مۇتەپەككۇرنىڭ قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىنى ھەممە يەردە ماختايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

سەككاكىي چاغاتاينىڭ ئوڭ تەرىپىگە كېلىپ، خېلىلا ئارىلىق قويۇپ ئولتۇرۇپ ھال - ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى سۆزلەپ كەتتى.

— خانلىق قۇرۇلىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى. مەن ئىككى ئىشنى ئويلاپ قالدىم. بۇ ئىشلار بۈگۈنمۇ، قۇرۇلىدىغان خانلىقىمىز ئۈچۈن ئەتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. سىلىگە قارايدىغان ئۇلۇسنىڭ دائىرىسى كەڭ، بۇنداق چوڭ زېمىندا ئالاقە راۋان بولمىسا، خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشلىرى ئوبدان يۈرۈشۈپ كېتەلمەيدۇ، — مۇتەپەككۇر سۆزدىن توختاپ چاغاتاينىڭ ئۆز گەپ - سۆزىنى شۈنچىلىك دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردى، — مەن ئويلىغان ئىككى ئىشنىڭ بىرى، خەت - ئالاقە؛ يەنە بىرى، خەت - ئالاقە ئەۋەتىش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىدىن ئىبارەت. مەن ئويلىنىپ موڭغۇل تىلىدىلا ئەمەس، موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر — ئىككى خىل تىلدا ئەۋەتىشنى توغرا تاپتىم.

— توختا! توختا!— دېدى چاغاتاي تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، مۇتەپەككۇرنىڭ سۆزىگە چىن پىشىق كۆڭۈل بۆلۈپ،— دەۋاتقانلىرىڭ راستىلا مۇھىم ئىشلار!... خانلىقىم قۇرۇلغاندىن كېيىن خەت - چەك تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. سەن بۇ خەت - چەكلەرنى موڭغۇل تىلىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەۋەتىشنى دەۋاتىسەن!؟ نېمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭ؟!

چىڭگىزخاننىڭ بۇ ئىككىنچى ئوغلى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سەككاكىيغا تىكىلدى. ئۇنىڭ جىددىي ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىشىدە سەككاكىيغا باشقىچە قاراشتا بولۇش ئەمەس، بەلكى سەككاكىينىڭ كۆڭلىدىكىلەرنى بىلىشكە قىزىقىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇيغۇر خەلقى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ مۇكەممەل تىل -

يېزىقىنى ياراتقان قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. قاراخانىيلار خانلىقى كۇچانىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە، شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىگىلىدى. قەشقەردىن بالاساغۇنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەر سۆزلىشىدىغان تىل — ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالاقە تىلى خاقانىيە تىلى بولۇپ قالدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خەت - ئالاقە، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى جاي - جايلارغا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چۈشىنىدىغان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئەۋەتىلدى. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئۆرۈلمەيلا خەت - ئالاقە ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ئىجرا قىلىناتتى.

سەككاكىي سۆزدىن توختاپ دەۋاتقانلىرىنى چاغاتاينىڭ چۈشىنىۋاتقان - چۈشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. ھۆكۈمران مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆزگە قارىشىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك ئاغزىنى ئاچتى:

— سۆزلەۋەر، دېگەنلىرىڭىزنى بىلىۋاتىمەن...

تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىپ خىزمەتچى ئوغلان كىرىپ كەلدى.

— ئامىد جانابلىرى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن، — دېدى چىرايلىق كىيىنگەن ئوغلان چاغاتايغا قاراپ.

— كىرسۇن!...

ئوغلان چىقىپ كېتىپ ھايال بولماي، خاباش ئېگىلىپ قول باغلاپ تاپسىدىلا توختىدى.

— سەككاكىي جانابلىرى مۇھىم ئىشلارنى سۆزلەۋاتىدۇ. ماڭا دەيدىغانلىرىڭ بولسا كېيىن دېگىن، ھازىر ئولتۇرۇپ سەنمۇ ئاڭلىغىن! قېنى، قۇلىقىم سىلىدە! — دېدى ھۆكۈمران مۇتەپەككۇرگە تىكىلىپ.

— قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن ئەمەس. مېنىڭچە، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى پايانسىز زېمىندا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى قاراخانىيلار دەۋرىدىكىدەك رول ئوينىيالايدۇ. ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل تىلى بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىلسە، ھاكىمىيەت ئىشلىرى تېخىمۇ يۇرۇشۇپ كېتەتتى...

چاغاتاي ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ بىر تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ خىيال سۈرگەندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سەل - پەل قىسىلغان كۆزلىرى يورۇق چۈشۈۋاتقان دېرىزىدىن جاۋاب ئىزدىگەندەك قارايتتى.

— دېگىنىڭدەك بولسۇن! ھازىرقى مەھكىمەمدىمۇ كۆپ، ئەتىكى خانلىقىمدا ئۇيغۇر بىلىملىكلىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇلارمۇ مەدەنىيەت ۋە بىتىكچىلىك[1] ئورۇنلىرىدا ياخشى ئىشلىمەكتە. دېمەك، دېگەنلىرىڭنى ئىجرا قىلىشقا شەرت - شارائىت بار. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى موڭغۇل تىلى ۋە يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا دۆلەت تىلى ۋە يېزىقى بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق خەت - چەكلەر، ئەمىر - پەرمان ۋە ئالاقىلەر ئىككى خىل تىلدا يېزىلىپ تارقىتىلىدۇ، — دېدى بىر ئاز ھاياجانلانغان چاغاتاي، گاھ سەككاكىيغا،

---

① بىتىكچىلىك — كاتىپلىق

گاھ قول قوۋۇشتۇرۇپ ئىككى پۇتى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئامىدقا قاراپ،— قېنى، ئىككىنچى تەكلىپنى دېگىن!..

※ ※ ※

خاباش ئىچى تىتىلداپ، قوقاسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. چاغاتاينىڭ ئالدىدا يۇسۇف سەككاكىينىڭ خۇددى بوك - باراقسان چىنار دەرىخىدەك ئۆسۈۋاتقان ئابرۇيىنى كۆرگەن ئامىدقا بۇ ساراي تار زىندانغا ئايلىنىپ، ھاۋا يېتىشمىگەندەك تېز - تېز نەپەسلىنەتتى.

ئىچى تارلىقنىڭ ئۆزىمۇ دەھشەت بىر كېسەللىك، ئۆزىنىڭ قولىدا گۈل ئەمەس، بىر تال گىياھ كۆكلىمەيدىغان، باشقىلارنىڭ قولىدا ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەرنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچە ئىچى تار كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر يۈز - ئابرۇي تېپىپ كېتىۋاتقانلارنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ھامان يۈرىكى تىتىلدايدىغان، ئۆزى غەيۋەت كوچىسىدا غىتىلدايدىغان بولىدۇ. ئۇلار يۈز - ئابرۇي تاپقان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەن بىر تىل، بىر يۇرت، بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويماي، كاراسلىغان چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چايناپ پۇركۈۋەتكىسى كېلىدۇ. ئەل - يۇرتنىڭ سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلارنىڭ ئۈستىدە بىر تاغار يالغان - ياۋىداق توقۇپ، بولۇڭ - پۇچقاقلاردا كۇسۇرلاپ تارقىتىدۇ. بۇ بوك - باراقسان ئۆسكەن چىنارلارنى يىقىتسا، بۇ دۇنيا ئۆزىگە قالىدىغاندەك، يۈز - ئابرۇيى ئۆسۈپ شان - شۆھرەت

تاپىدىغانىدەك قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى كۆرەلمەيۋاتقان يۈز ـ ئابرۇيلۇقلار يىقىلسا، ئۆزلىرىنىڭ توخۇ پېيىدەك ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. قاچان ئۇلار بۇرنىغا سۇ كىرىپ: «ھوي توختا، يۈز ـ ئابرۇيلۇقلار كۆپىيىپ مىللىتىم كۆكلىسە، ئۇنىڭ بىر ئەزاسى بولغان مەنمۇ كۆكلەيمەن!» دەيدىغان بولار؟! بىز بىر ـ بىرىمىزنى قوللاپ كۆكلىسەك، ھەتتا گۈللىسەك، ھۆپپىدە ئېچىلغان سېرىنگۈلگە ئايلانىمامدۇق!؟ شۇنداق بولساق ياخشى ئەمەسمۇ؟! بۇ يورۇق ئالەمدە ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ يۈزى يورۇق، ئېتى ئۇلۇغ بولمامدۇ؟!

ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئويلىمايدىغان ئادەملەردىنمۇ ئۆتكەن شەخسىيەتچىلەر بارمىدۇ؟! ئۇلارنى ئۆزىنىلا ئويلىتىدىغان سېھىر نېمىدۇر؟! شەخسىي مەنپەئەت ئەمەسمۇ؟! بۇ دۇنيادىكى ئادەمنى ئازدۇرىدىغان شەيتان دەل ئاشۇ شەخسىي مەنپەئەتقۇ؟! قۇتبىددىننىڭ ئوغلى، ئالىمەن دەۋاتقان قىزىنىڭ دادىسىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ئۆسۈۋاتسا خۇشال بولماي، نېمىشقا ئىچى تىتىلدايدۇ؟! شۇ تاپتا ئامىدنى تىتىلدىتىۋاتقان شەيتان ئەمەسمۇ؟! شەخسىي مەنپەئەت، مال ـ دۇنيا، ھوقۇق ۋە شان ـ شۆھرەت ئەمەسمۇ؟!...

«ھەي، لەنىتى يۈسۈف، مەن سېنىڭ قىزىڭنى ئېلىۋالغۇچە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ: ‹خوش!› دەپ يۈرۈشكە بەل باغلىدىم. كۆزۈمدىن كەتمەيدىغان بىلىقتەك چىرايلىق قىزىڭ مېنى شۇ قارارغا كەلتۈردى. بولمىسا، سېنى ئاللىقاچان ئوڭدا قوياتتىم. بوپتۇ!... كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ، چاغاتاينىڭ ماختاشلىرىدا ئاز كۈن ياشىۋالغىن!...»

— مېنىڭ ئىككىنچى ئويلىغان ئىشىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى سەككاكىي، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا نۇرانە تۇيغۇلار يالقۇنلايتتى، — خەت ـ چەكلەر، ئەمىر ـ پەرمانلار، ئالاقىلەر يەتكۈزۈلىدىغان يوللار راۋان ۋە بىخەتەر بولۇشى كېرەك. ئەگەر يوللار راۋان ۋە بىخەتەر بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ۋە قۇرۇلىدىغان خانلىقنىڭ سۆزلىرى، يولىورۇقلىرى ۋاقتىدا يېتىپ بارالماي قالىدۇ. نەتىجىدە، دۆلەتكە زور زىيان سالىدۇ، — سەككاكىي قول ياغلىقىنى ئېلىپ يۈز ـ كۆزىنى ئېرتىپ بىردەم تۇرۇۋالدى، — قاراخانىيلار خانلىقى ۋاقتىدا جام ـ راباتلار (پوچتا بېكەتلىرى) بولۇپ، ئۇلاردا مەخسۇس ئىشلەيدىغان ئادەملەر بولاتتى.

— ئۇلاچىنلارمۇ[1]؟ — دېدى چاغاتاي سۆز قىستۇرۇپ.

— شۇنداق! — دېدى ئامىد سەككاكىينىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ.

سەككاكىي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— جام ـ راباتلاردا مېھمانخانىلار، يۇيۇنىدىغان هاماملار بولۇپ، خەت ـ ئالاقە توشۇيدىغانلارغا ياخشى دەم ئېلىش شارائىتى تەييارلانغانىدى. جام ـ راباتلاردا يەنە ئاشخانىلار بولۇپ، پات ـ پات قوي سويۇلاتتى. خەت ـ ئالاقە توشۇيدىغانلارغا ئىسسىق ۋە قۇۋۋەتلىك تائاملار ئېتىپ بېرىلەتتى. ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ئاتلىرىنىڭ ئورنىغا ياخشى ئاتلار ئالماشتۇرۇلاتتى. جام ـ راباتنىڭ ئېغىلىدا دائىم دېگۈدەك نەچچە ئات بېقىلاتتى. بىزمۇ، چاغاتاي جانابلىرى، خەت ـ ئالاقە

[1] ئۇلاچىن — پوچتىكەش.

توشۇلىدىغان يوللارنىڭ، جام ـ راباتلارنىڭ راۋان ـ بىخەتەر بولۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلسەك! ئۇزاق يىل ئۆرۈش بولۇپ، بۇ يوللارنىڭ ۋە جام ـ راباتلارنىڭ بەزىلىرى بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. دەرھال تەكشۈرۈپ، بۇزۇلغانلىرىنى تۈزەپ، خەت ـ ئالاقىلەرنىڭ بارىدىغان جايلىرىغا راۋان ۋە بىخەتەر يېتىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلساق!

مۇتەپەككۇر ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيال چېچىۋاتقان كۆزلىرى چاقناپ، تەپەككۇر تۈگمىنىنىڭ قاتتىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

— جاي ـ جايلارغا ئەۋەتىلىدىغان خەت ـ چەك، ئالاقىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەربىي قوشۇنلارغا، بەزىلىرى مۈلكىي مەھكىمىلەرگە ئەۋەتىلىدۇ. بىزمۇ خەت ـ ئالاقە توشۇيدىغانلارنى ھەربىي ۋە مۈلكىي دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، ھەربىي خەت ـ چەكلەرنى توشۇيدىغانلارغا چىرىك قوشايلى. شۇنداق قىلساق، ھەربىي مەلۇماتلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز.

چاغاتاي شۇنچىلىك دىققەت بىلەن ئاڭلىدىكى، نەپەس ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. «ئۇنىڭ دېگەنلىرى، — ئويلايتتى ھۆكۈمران، — نېمىدېگەن توغرا! ئەتىكى خانلىقىمنىڭ روناق تېپىش ـ تاپالماسلىقى، ئەلۋەتتە جايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ راۋان ۋە بىخەتەر بولۇشىغىمۇ باغلىق بولىدۇ. دەرھال ئادەم تەشكىللەپ، ھەرقايسى جام ـ راباتلارنى ۋە يوللىرىنى تەكشۈرتەي! ئىشەنچلىك ئادەملەردىن ئۇلاچىلارنى تاللاپ، ھەربىي ۋە مۈلكىي دەپ ئايرىپ، ھەربىيلەرگە قوراللىق چېرىك ھەمراھ قىلىپ

ماڭغۇزاي! بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىسام بولمايدۇ!...»

— بۇ تەكلىپىڭ، — دېدى خىيالىنى توختىتىپ سۆز باشلىغان چاغاتاي سەككاكىيغا قاراپ، — ماڭا مايىدەك ياقتى. سېنىڭ دېگىنىڭدەك ئورۇنلاشتۇرىمەن. ئەتىلا بىر يىغىن ئاچىمەن. بۇ يىغىنغا ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىرىمنىڭ مۇناسىۋەتلىكلىرى تولۇق قاتنىشىدۇ. يىغىندىن كېيىن بىرقانچە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، يوللارنى ۋە جام - راباتلارنى تەكشۈرۈشكە ماڭدۇرىمەن. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەھۋالنى ئىگىلەپ، يول ۋە جام - راباتلارنى ياسىتىمەن، سېنىڭ قاراخانىيلىرىڭ ۋاقتىدىكىدىنمۇ ياخشى قىلىۋېتىمەن!...

چاغاتاي سۆزدىن توختاپ، بىردەم تۇرۇۋېلىپ سەككاكىيغا قارىدى:

— ھە... يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ؟!

— مېنىڭ دەيدىغانلىرىم بۇ ئىككى تەلىپىم بىلەن تۈگىمەيدۇ. يەنە ئويلىغانلىرىمنى داۋاملىق دەيمەن.

— بولىدۇ، بۇنداق تەكلىپلىرىڭ بولسا كىرىپ دېگىن! ھەرقانچە ئالدىراش بولسامۇ سۆزۈڭنى ئاڭلايمەن. ئەتە كېلەلىسەڭ، ئېچىلىدىغان يىغىنغا كېلىپ قاتناشقىن!

سەككاكىي ئورنىدىن تۇردى. چاغاتايمۇ مۇتەپەككۇر بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— خوش، مەن چىقاي!

چاغاتاي ئالىمنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ باردى. ئىككى قولىنى باغلاپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئامىدنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ چىقىپ

كېتىۋاتقان سەككاكىينى ئۆزىتىپ ماڭغان چاغاتايدىن كۆزلىرىنى ئالماي، چەكچىيىپ قاراپلا تۇردى.

※ ※ ※

چاغاتاي مۇتەپەككۇرنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تېخىچە قول باغلاپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خاباشقا تىكىلدى. ئامىد چاغاتاينىڭ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە قاراپ سۆز باشلىشىدىن بۇرۇن، چاغاتاي سەككاكىينى ئۇزىتىپ ماڭغاندا ئويلىغانلىرىنى دەۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ـ تېنەپ، بوزۇرۇپ ـ تاتىرىپ ئاغزىنى ئاچتى:

— نېمانچە قىلىپ كېتىسىز، ئالىيلىرى!— دېدى ئامىد قارامتۇل چىرايىغا جىددىيلىك يۈگۈرتۈپ،— ئۇ بىر قول ئاستىڭىزدىكى قۇلىڭىزغۇ!؟ سەككاكىينى ئالايىتەن ئۇزىتىپ، ئۆزىڭىزنى پەسلەشتۈرگىنىڭىز نېمىسى؟! ئۇ شۇنچىلىك قىلىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ؟! ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئادەتتىكى، ھەممە دۆلەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغۇ!؟ ۋاي دەپ كەتكۇدەك يېڭىلىقمۇ ئەمەس! ئۇ دېمىسىمۇ سىزنىڭ دانا كاللىڭىز ئويلاپ يېتەلمەمدۇ؟! مەن سىزگە كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن! مەنمەن دېگەن ھەرقانداق ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق سالاھىيىتىڭىزگە لايىق كىبىر ۋە ھەيۋە بىلەن مۇئامىلە قىلىسىڭىز بولىدۇ.

— بولدى، تازىمۇ سۆزلەپ كەتتىڭغۇ. سەن دېمىسەڭمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن بۈگۈنكى بىپايان زېمىننىڭ ھۆكۈمرانى، ئەتكى خانلىقنىڭ خانى. لېكىن، ماڭا بىلەمسەن، سەككاكىيدەك

ئادەملەر بولمىسا بولمايدۇ! ئۇلارنى قانچىلىك ھۆرمەتلىسەم، ئۇلار ماڭا شۇنچىلىك سادىقلىق بىلەن ئىشلىمەمدۇ؟ ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارشى ئالسام ياكى ئۇزىتىپ قويسام، مېنىڭ يۇز ـ ئابرۇيۇم تۆكۈلەمدۇ؟ ياق! ئەكسىچە، مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم روناق تاپالمىسا، يۇز ـ ئابرۇيۇم تۆكۈلمەمدۇ؟! مەن قانچىلىك ئەقىللىك بولماي، بىرلا ئادەممەن. كۆپ تۇكۇرسە كۆل بولىدۇ. سەككاكىيدەك دانىشمەنلەر يېنىمدا قانچە كۆپ بولسا، ئىشلىرىم تېخىمۇ روناق تاپمامدۇ؟! قارىسام، سەن سەككاكىينى كۆرەلمەيدىغاندەك قىلىسەن! ئەگەر كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئوي بولسا، چىقىرىۋەت!... بولدى. بۇ گەپلەرنى قويايلى. قېنى، دېگىنە، مېنىڭ يېنىمغا نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى چاغاتاي ئالدىدا ئىككى پۇتى ئۇستىدە ئولتۇرغان ئامىدقا تىكىلىپ.

خاباش چاغاتاينىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنمىدى. ئۇنىڭ سەككاكىيغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچەيسە كۈچەيدىكى، يانمىدى. ئۇ چاغاتاينىڭ سەككاكىي تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھازىرچە ئوشۇق گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلدى.

— مەن ئاقتۆپىلىك ھۆرىگۈلنىڭ ئىشى بىلەن كىرىۋىدىم...

— ئۇ تەرەپتىن بىرەر خەۋەر كەلدىمۇ؟!

— ياق، خەۋەرمۇ كەلمىدى. مەن ئويلاپ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە، سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشنى لايىق تېپىۋاتىمەن. ئۆزلىرى بولىدۇ دېسىلە، ئەتىلا

ئىككىسىنى ئاقتۆپىگە ماڭدۇرىمەن.
— بولىدۇ! قانداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىلىۋەر! ماڭا ھۆرىگۈلنى تېزرەك ئەكېلىپ بەرسەڭلا بولىدى.
چىرايلىقچە كۆنمىسە، چېرىك ئەۋەتىپ ئۇ نازىنىننى بۇلاپ كېلىمەن.
— مەنمۇ شۇ ئويدا! ئەلچىلەر بېرىپ كەلسۇن! كۆنمىسە، چېرىك ئەۋەتىپ بۇلاپ كېلىشتىن باشقا ئامال يوق!
چاغاتاي ئورنىدىن تۇردى. ئامىدمۇ تۇرۇپ غوجايىنىغا قارىدى.
— سەككاكىينىڭ ئىككى تەكلىپى ئىنتايىن مۇھىم. ئەتە كېچەش ئۆتكۈزىمەن. سەنمۇ كەلگىن! ھازىر چىقىپ ئەتىكى كېچەشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن.
ئېگىز بويلۇق، قەددى ــ قامەتلىك چاغاتاي ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان خاباشنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى...

※ ※ ※

بۈگۈن ھۆرىگۈلنىڭ ئۆيىدە خۇددى كۈنبەگ ئۆلگەن كۈندىكىدەك قىيامەت بولدى. نۇربەگنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، كەڭ پېشانىسى قىرىدىكى قويۇق ۋە بىرلىك كەڭ قاشلىرى غەزەپ بىلەن چاقناپ كەتتى. قارىغاندا «سۆز يورەككە، پىچاق سۆڭەككە» تەگكەندەك كۆرۈنەتتى. يىگىت تۆردە، قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرغان ئائالىقنىڭ ئىككى مۆتىۋەرىنى بىر ــ بىردىن كۆتۈرۈپ تالاغا تاشلىۋەتكىسى كەلگەندەك ئۇلارغا تىكىلەتتى...

— قايسى يۈزۈڭلار بىلەن چاغاتاينىڭ ئەلچىسى بولۇپ، مەرھۇم ئاتام كۈنبەگنىڭ روھى كېچە – كۈندۈز ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ قۇتلۇق ئۆيگە كەلدىڭلار؟! سىلەردە ۋىجدان، ئار – نومۇس دېگەنلەر بارمۇ؟! يات دىندىكى يات مىللەت چاغاتايغا بىر مۇسۇلمان دىندىكى ئۇيغۇر ئايالى تەگسە بولامدۇ؟! سىلى، قاراھاجىم، ئالىملىق مەسچىتىنىڭ خاتىپىغۇ، قېنى، دەپ باقسىلا؟! ھەي، ئالىملىقنىڭ مۆھتەرەم كاتتىلىرى، مېنىڭ ئانام چاغاتايغا تەگسە دۇرۇس بولامدۇ؟! سىلەر، قانداق بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بولغىيتتىڭلار؟! ئىچكىنىڭلار ئۇيغۇر ئانىنىڭ سۈتىمىدى – يە، نېمىدى؟! — نۇربەگ ئېتىلىپ بېرىپ، تۆردە ئولتۇرغان ئىككىسىنى گېلىدىن بوغىدىغاندەك بىر ئەلپازدا شۇنداق بىر ۋارقىرىدىكى، يوغان ساراي جاراڭلاپ كەتتى. بىرى دوپپىلىق، بىرى سەللىلىك بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىم چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — ياق! مېنىڭ چاغاتايغا بېرىدىغان ئانام يوق! ئەگەر ئانام تېگىمەن دېسە، مېنىڭ ئۇنىڭدەك ئانام يوق! ئۆزۈڭلار كىرىپ ئانامغا دەڭلار! مەن سىلەرنىڭ دېگەنلىرىڭلارنى ئانامغا دېيەلمەيمەن! بېشىمدەك ئالتۇن بەرسەڭلارمۇ دېيەلمەيمەن!... مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى!...

قاپقارا قاشلىرىغا يېقىن كۆزلىرى ئوت چېچىپ يېنىۋاتقان، نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلەپ كەتكەن نەۋقىران ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرۇپ، تالاغا قاراپ ماڭدى. تۆردە — ئىككى قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرغان دۈگىلەك يۈزلۈك، يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە تولۇپ كەلگەن قاپقارا

بۇرۇتىنىڭ ئىككى ئۇچى خىللا كەينىگە قايرىلغان سۇلايمان بەگ بىلەن كەتمەن ئېڭىكىنى قويۇق ساقال ـ بۇرۇت قاپلىغان قاراھاجىم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككىسى بۇ يەرگە كەلگۈچىلىك بۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالارمىز دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى. شۇ تاپتا ئۇلار چىقىپ كېتەي دېسە، ئاسمان يىراق، كىرىپ كېتەي دېسە، يەر قاتتىق بولۇپ ئولتۇراتتى...

ئامىد ئالمالىقنىڭ بۇ ئىككى مۆتىۋىرى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ ئىككىسىدىن تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىناتتى. دائىم يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان، ئۆزى بارماي، ئۆز ئورنىدا ئەۋەتىدىغان ئادەملىرىمۇ سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىم بولاتتى. مايلىق قوزا گۆشى بېسىلغان پولۇغا تويۇپ، قېنىق دەملەنگەن سىنچاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتقاندا ئاقتۆپىگە ـــ كۈنبەگنىڭ تۇل قالغان ئايالى ھۆرىگۈلگە ئەلچىلىككە چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، قوللىرىدىكى گۈللۈك پىيالىلەرنى شىرەگە قويۇپ خاباشقا قارىدى. ئادەتتىكىدەك ئەلچىلىك بولسىغۇ، ئۇلار ھېچنېمە دېمەي بېرىۋېرەتتى. لېكىن، ئۇلار بىر مۇسۇلمان قېرىنداشنى، ئۆزلىرىنىڭ سىڭلىسىدەك بىر يۇرتدىشىنى چاغاتايغا تېگىشكە سالا قىلغىلى چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك جىمىدە ئولتۇرۇپ قالدى. سۇلايمان بەگنىڭ گەپدانلىقىمۇ تۇگەپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ يېنىدا پۇشۇلداپ ئولتۇرغان يەلكىلىرى كەڭ، قورساق سالغان قاراھاجىمدىن مەدەت كۈتكەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. ئالمالىق چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى: «ياق، مەن

www.uyghurkitap.com

چىقمايمەن! بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئايالىنى بىر يات دىندىكى يات مىللەتكە خوتۇن بولۇشقا سالا قىلىدىغان ئەلچى بولۇپ چىقسام، ياراتقان ئىگەمۇ، ئۇنىڭ بەندىلىرىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ!» دەپ ئويلايتتى.

ئالدىدا قاراھاجىم، كېيىندىن سۇلايمان بەگ بۇ ئەلچىلىككە چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خاباش ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاقتۆپىگە چىقىشقا ئۇنىمايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، قانداق تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئويلاپ قويغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تەمتىرىمەي سۆزىنى باشلىدى:

— مەن كۇنبەگنىڭ ئوغلى نۇربەگ بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەن. ئۇ ئاڭلاپ شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى، مېنى ئۆيىدىن قوغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ سىلەرگىمۇ شۇنداق قىلىشى تۇرغانلا گەپ. بىلىپ تۇرۇپ سىلەرنى يەنە ئەلچىلىككە ئەۋەتىشىمنىڭ سەۋەبى، ئاچچىقى يامان چاغاتاينىڭ گېپىنى يىرالمىغانلىقىمدىن بولۇۋاتىدۇ. سىلەر ئاقتۆپىگە چىقىپ: «تەگمەيمەن» دېدى دەپ كەلسەڭلارلا بولدى. قالغىنىنى چاغاتاي قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلامدۇ!؟... سىلەرنى ئەلچىلىككە چاغاتاينىڭ ئۆزى كۆرسەتتى. چىقمايمەن دېسەڭلار، ئاقىۋىتىڭلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۆزۈڭلەرگە ئايان. ئاچچىقى يامان ھۆكۈمرانىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ!...

— «سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىم چاغاتاينىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ، ئاقتۆپىگە چىقىپتۇ!» دېگەن خەۋەر پۈتۈن ئېلى ۋادىسىغا تاراپ كەتسە، شەرمەندە بولمامدۇق!؟ ياق، بۇ ئەلچىلىككە چىقالمايمەن! — دېدى

قاراھاجىم خاباشقا قاراپ، ئۇنىڭ چاڭگا ساقاللىق چىرايىدا: «مېنى بۇ سەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، ئامىد جانابلىرى!» دېگەندەك بىر يېلىنىش كۆرۈنەتتى.
— سىلەرگە يۈز كېرەكمۇ، جان كېرەكمۇ؟! ئەگەر جان كېرەك بولمىسا، چىقماڭلار! چاغاتاي ئەتىلا مېنىڭدىن: «قانداق بولدى، ئىككىسى ماڭدىمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇلار: «چىقمايمىز!» دەپ ئۇنىمىدى دەيمەن! قانداق باشقا گەپ قىلالايمەن؟!... ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلار! — دېدى ئامىد ئۇلارغا كۆيۈنگەندەك بىر قىياپەتكە كىرىۋېلىپ...
بالىچاقىسى كۆپ سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىم چاغاتاينىڭ قىلىچىدىن قان تامىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ: «ئەكېتىڭلار!» دېسە، جاللاتلىرى ئۇ بىچارىنى ئاچىقىپ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنىمۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدى. ئاخىر ئىككىسى ئامالسىز چىقىدىغان بولدى...

※ ※ ※

ئوغلى نۇربەگنىڭ سارايدىن چىقىۋاتقان غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا، ئەنسىرەپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. ھۆرىگۇل جانجىگىرىنىڭ سۆزلىرىدىن سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىمنىڭ ئەلچى بولۇپ چىققانلىقىنى بىلدى. ئۇ چاغاتاينىڭ ئۆزىنى تۇقاللىققا ئېلىش نىيىتىدە ئىككىسىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلگەندە: «ئاھ!» دەپ بىرلا تۇۋلاپ ھوشىدىن كەتكەن گۈزەل ئايال دېرىزە يېنىغىلا يىقىلدى...
سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىم ئالدى ـ كەينىگە

قارىماي، ئاقتۆپە تەرەپكە چىقىپ كەتمەس. كۆز تىكمەيدىغان بولۇپ ئالمالىقتا قايتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپلا خاباشنى ئۆيىدىن تېپىپ پۈتۈن ئەھۋالنى يېپىدىن يىغىنىسىگىچە يەتكۈزۈپ خوشلاشتى. ئىككىسى بىرقانچە كۈن ئالا ـ تۇزگىمۇ چىقماي ئۆيىدە ياتتى...

چاغاتاي ئامىدىتىن پۈتۈن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئاق پاختىسى يوغان مۈشۈك كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ يەر تېپىپ، خاباشنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەتتى:

— تەگمەيمەن دەپتىمۇ؟! قېنى، ماڭا تەگمىگىنىنى كۆرەي!

ئۇ ئىشىككە ئېتىلىپ بېرىپ، ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ مۇلازىم ئوغلانىنى چاقىردى.

— بېرىپ چاقىرىپ كەل! — دېدى ئۇ ئىككى كۆزى چۆچەكتەك، چىرايىغا قان تولۇپ كەتكەن ھالەتتە ئالدىدا قورقۇپ تۇرغان ياش، چىرايلىق كىيىنگەن موڭغۇل يىگىتكە قاراپ.

چاغاتاي ئامىدىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. خاباش ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلىنىپ كەتكەن ھالىتىنى بۇرۇن زادىلا كۆرمىگەنلىكتىن خېلىلا قورقۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان بىرەر سۆز، بىرەر ھەرىكەت قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك، گەپمۇ قىلماي جىمجىت تۇردى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە يېنىغا قىلىچ ئاسقان دوغىلاق بىر موڭغۇل كىرىپ كەلدى. شالاڭ، قوڭۇر

ساقال ـ بۇرۇتلۇق نۆكەر بېشى چاغاتاينىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئىلدام كېلىپ ئۆز ھۆكۈمرانىنىڭ ئالدىدا توختاپ، دىققەت بىلەن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— سەن ھازىرلا يىگىرمىدەك چېرىك بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ئاقتۆپە يېزىسىغا چىقىپ، ھۆرىگۈل دېگەن ئايالنى ئەكەلگىن! قارشىلىق قىلغانلارنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈۋەت! ئايالغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەي، ساق ـ سالامەت ئەكەلسەڭ بولدى.

— خوپ! بىراق ئاقتۆپە يېزىسىنى بىلمەيمەن! ماڭا بىر يول باشلىغۇچى قوشۇپ بەرگەن بولسىلا، چاغاتاي ئالىيلىرى!...

— ئۆزۈڭ بارامسەن يا يول باشلىغۇچى تېپىپ بارامسەن، بۇنى ئۆزۈڭ بىل.

— مەن يىگىتلىرىمدىن بىرىنى قوشۇپ بېرەي! — دېدى ئامىد چاغاتاي يېنىدىن تېزرەك كېتىۋېلىشقا ئالدىرىغاندەك ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ. ئۇنىڭ كەينىدىن چېرىك باشلىقىمۇ يول ئالدى...

※ ※ ※

... ھۆرىگۈل چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يالغۇز قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ گاھىدا تىكەنلىك چاتقاللىقلار ئارىسىدا، گاھىدا تاشلىق ساي ئىچىدە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي بار كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى. گۈزەل چوكانىنىڭ يۈزىدىن تەر، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىۋاتقان ۋاپادار

ئايال توختىماي ئېرى كۈنبەگنىڭ ئىسمىنى تەكرارلايتتى: «كۈن بېگىم! گۈل بېگىم! مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا كېتىۋاتىمەن. سىز قەيەردە؟! گۈمبەزلىك قەبرىڭىزنى تاپالماي قىينىلىپ، ياراتقان ئىگەمگە نالە ـ زار قىلىۋاتىمەن! جېنىم، ئالدىمغا چىقىپ مېنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ! ئىسسىق باغرىڭىزنى ئېچىپ مېنى كۈتۈۋېلىڭ! چاغاتاي مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ! ئۇ مېنىڭ ئار ـ نومۇسۇمنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ! كۈنبېگىم! تېزرەك ئالدىمغا كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىڭ!» دەپ سۆزلەپ، ياشلىرى ئېقىپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ھۆرىگۈل ۋەھىمە بىلەن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتى...

ھۆرىگۈل ئېگىز بىر دۆڭدىن پەسكە قاراپ يۈگۈرۈيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىلىپ، نەپەسلىنىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىرقى كۈچ ـ ماغدۇرىنى يىغىپ قېچىپ باراتتى.

«ئوغلۇم نۇربەگ قەيەردە قالغاندۇ؟! ئاھ خۇدا! بىزنىڭ چىرىغىمىزنى بىراقلا ئۆچۈرۈۋەتمە! تىكەندەك تەنھا كۆز نۇرۇم بولسىمۇ، چىرىغىمىزنى يېقىپ قالسۇن!...»

شۇ چاغدا توختىماي يۈگۈرۈپ قېچىۋاتقان ھۆرىگۈلنىڭ بېشى ئۈستىدە ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئاجايىپ سېھىرلىك، رەڭمۇرەڭ نۇر كۆرۈنۈپ، ئارىسىدىن كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان، ئىككى قانىتى كەڭ ۋە ئۇزۇن بىر قارا قۇش ئۇچۇپ چىقىپ ئۆزىگە قاراپ پەسلەپ كەلدى. چىرايلىق چوكان نېمە قىلىشنى بىلمەي

تېگىرقاپ قاراپ قالغىنىدا، ئاجايىپ يوغان قۇش كېلىپ، ئىككى پۇتى بىلەن قامالاپ تۇتۇپ، ئاسمانغا ئېلىپ ئۇچتى. ھەيۋەتلىك قارا قۇش بارغانسېرى زېمىندىن يىراقلاپ، ئاسماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

«مېنى نەگە ئەكېتىۋاتقاندۇ؟!» دەپ ئويلىدى ئىككى قولى بىلەن بوركۇتنىڭ پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ھۆرىگۈل گاھ زېمىنغا، گاھ زەڭگەر ئاسمانغا قاراپ...

بىر چاغدا يىراقتا، ئاسماننىڭ ئىچىدە ئاجايىپ سېھىرلىك، رەڭمۇرەڭ نۇر جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايلىق ئىمارەت كۆرۈندى. ھۆرىگۈل: «مېنى بۇ قۇش ئەرشكە ئاچىقىۋاتامدىكىنە؟! ئالدىمدىكى چىرايلىق ئىمارەت ئەرشىمكىنە؟!» دەپ ئويلىدى. گۈزەل ئايال كۆپكۆك ئاسمان ئىچىدە رەڭمۇرەڭ جۇلالىنىپ تۇرغان خاسىيەتلىك بىناغا يېقىنلاپ قالدى. ئۇ ئىمارەتنىڭ بىر ئالتۇن پەشتىقىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئېرى كۇنبەگنى كۆرۈپ، تارتقان بارلىق قايغۇ ــ ھەسرەت، ئازاب ــ ئوقۇبەتنى ئۇنتۇپ خۇشاللىقا چۆمدى.

«كۇن بېگىم! جان بېگىم!» دەپ توۋلاپ كەتكەن ھۆرىگۈل، ئىچ ــ ئىچىدىن قايناپ چىققان مېھىر ــ مۇھەببىتى ۋە ھاياجىنى بىلەن ئۆز ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ توۋلىغاندا، بۇركۇتنىڭ ئىككى پۇتى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنى بوشىتىپ، كۇنبەگكە قاراپ ئېتىلدى. ئەگەر ئاجايىپ يوغان ھەيۋەتلىك قۇش ھۆرىگۈلنى ئىككى پۇتى بىلەن قامالاپ تۇتۇپ تۇرمىغان بولسا، ئۇ ئاسماننىڭ قەرىدىن زېمىنغا چۈشۈپ كېتەتتى. ھۆرىگۈل قوللىرىنىڭ يوغان قۇشنىڭ پۇتلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى

كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى...

ئۇ: «ۋاي!» دەپ چىرقىراپ، چۆچۈپ ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئۆرە بولۇپ ئولتۇرغان چىرايلىق چوكان ئاي يورۇقى چۈشۈۋاتقان دېرىزە تەرەپكە قارىدى. ئۇ ئۆز هويلىسىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراپ، دەرۋازىنى بولۇشچە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

«چاغاتاينىڭ چېرىكلىرى كەپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى هۆرىگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە يېنىغا كېلىپ، ئۇ ۋارقىراۋاتقان ۋە دەرۋازىنى بولۇشچە ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ چېرىكلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ.

ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئوغلى نۇربەگ پېشايۋاندىن چۈشۈپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭغانلىقىنى هۆرىگۇل بىلىپ تۇردى.

ئۆز بېشىغا قارا كۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئانا، دېرىزە يېنىدىن كېلىپ، كۆرپىنىڭ يېنىغا سىلىپ قويغان كۆڭلىكىنى كىيدى. چاچلىرىنى تۈزەپ ياغلىقىنى قايتىدىن تاڭدى. ئۇ ئېرىنىڭ يىل نەزىرىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئاق ياغلىقىنى تېخى سېلىپ يۈرەتتى. تاپىسىغا كېلىپ پايپىقىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يەنە دېرىزە يېنىغا بېرىپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ، ئېچىلمىغان دەرۋازىنىڭ هويلا تەرىپىدىن قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە تىكىلدى.

هۆرىگۇل دېرىزە يېنىدا بىردەم تۇرۇپ، بايا كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدى. سۆيۈملۈك ئېرىنىڭ روهى قورۇنۇپ، ئۆزىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. گۈزەل چوكان ئالدىدا بىرلا يول ـــ قەدىردان ئېرى كۈنبەگنىڭ

يېنىغا بارىدىغان بىرلا يول قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ ھۆرنىگۇل ئۆلۈپ قۇتۇلمىسا، چاغاتايدىن تىرىك قۇتۇلىدىغىنىغا كۆزى يەتمىدى. «بىر ئىپلاس ئايالغا ئايلىنىپ كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرگۈچە، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئار ـ نومۇسى، پاك مۇھەببىتى بىلەن ئۇ دۇنياغا ــ سۆيۈملۈك ئېرىنىڭ يېنىغا كەتكەن مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟!...»

ئۇ ئىشىك يېنىغا كېلىپ ئايىغىنى كىيىپ، ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئېچىپ پېشايۋانغا چىقتى. ئوغلىنى كۆرگەن ئانا ئاستا پىچىرلىدى: «ئاھ! كۆزۈمنىڭ قارىسى نۇر بېگىمنى باغرىمغا بىر بېسىۋالالمىدىم!؟»

ھۆرنىگۇل يېرىمى كۆيۈپ تۈگىگەن ئاي غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ھويلىغا چۈشۈپ، دەرۋازىنىڭ ئىچ تەرىپىدە تۇرغان ئوغلى ۋە ئۇنىڭ قوراللىق يىگىتلىرى يېنىغا كەلدى. مېھرىبان ئانا قىلىچىنى تۇتۇپ تۇرغان قەددى ـ قامەتلىك ئوغلىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئۇنىڭ ئۆز سۈتى نۇرلىنىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلدى. ھۆرنىگۇل گەپ قىلمىدى. كۆزلىرىدىن بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى.

ــ ئانا، نېمىشقا چىقتىڭىز!؟ ــ دېدى نۇربەگ ئانىسىغا ئوغۇللۇق مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن قاراپ،ــ كىرىپ كېتىڭ! كەلگەن بۇ قاراقچىلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزىمىز بېرىمىز!

ھۆرنىگۇل نۇربېگىنى ئانىلىق باغرىغا باسالمىدى. ئوغلىغا ئۈن ـ تىنسىز يەنە بىر قارىۋېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ پېشايۋان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ جانجىگەر ئوغلىنىڭ ئۆز يىگىتلىرىگە دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى.

— مەخپىي ئىشكتىن چىقىپ، كېيىنكە تۇيدۇرماي ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلساقمۇ بولاتتى. بىز مەردلەرچە دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇلارغا شىردەك ئېتىلىمىز! قىلىچ-نەيزىلىرىمىزنىڭ ئۇچىنى يۈرەكلىرىگە تىقىپ، قاپقارا قانلىرىنى ئېقىتىمىز! ئاتامنىڭ روھى، ئەجدادلارنىڭ روھى بىزگە مەدەت!

يىگىت كېيىنكە — پېشايۋان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ، پېشايۋان ئالدىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ ئانىسىنى كۆرمىدى. «ئانام ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ!» دەپ ئويلىغان نۇربەگ قىلىچىنى بېشى ئۈستىدە پىرقىرىتىپ: «دەرۋازىنى ئاچ!» دەپ ۋارقىرىدى. يوغان، ئاق دەرۋازىنىڭ زەنجىرى شاراقلاپ ئېلىنىپ، ئىككى قانىتى ئىككى تەرەپكە ئېچىلدى. قىلىچ ۋە نەيزە تۇتقان ئەزىمەتلەر چۇقان – سۈرەن بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ۋارقىرىۋاتقان موڭغۇل چېرىكلىرىگە يولۋاسلاردەك ئېتىلدى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ۋە يىگىتلەرنىڭ قىيقاس سېلىپ چىقىشى شۇنچىلىك تېز بولدىكى، بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەن چېرىكلەر نىمە قىلىشنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئالدىدا قاپلاندەك ئېتىلىپ چىققان نۇربەگنىڭ قىلىچى تەگكەن شادىپاچاق چېرىك چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇر – چاپ باشلىنىپ، غۇۋا يورۇپ تۇرغان كېچىنى قىيقاس – چۇقان، نالە – پەرياد قاپلاپ كەتتى. ھەش – پەش دېگۈچە نۇربەگ ۋە ئۇنىڭ قەيسەرلىرى بىرقانچە موڭغۇل چېرىكنى قوناق ئورۇغاندەك يەر بېغىرلاتتى...

※ ※ ※

هۆرىگۈل پېشايۋانغا چىقماي، پېشايۋان ياقىلاپ ماڭدى. ئۇ پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تېمىغا يانداپ سالغان ئىشىكى قوش قاناتلىق ئامبار ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ قۇلۇپنى ئېچىپ ئامبار ئىچىگە كىردى. ئامبار ئىچىدە بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىك بىلەن كوچىغا چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. ناۋادا كۈتۈلمىگەن بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئامبار ئىچىدىكى بۇ مەخپىي ئىشىكتىن كوچىغا چىقىپ قۇتۇلاتتى. گۈزەل چوكان مەخپىي ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقتى.

جىمجىت كوچا، بىرمۇ ئادەم يوق، كېچىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىدا بىر پارچە بۇلۇت كۆرۈنەتتى. هۆرىگۈل يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ تاغ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قەيەردىدۇر ئېشەك هاڭراپ، ئارقىدىن ئىتلار قاۋاپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي كۆزى ياشلىق چوكانغا ئۆز هويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر - بىرىگە تېگىشىۋاتقان قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاڭ - جۇڭى، جەڭ قىلىشىۋاتقانلارنىڭ قىيقاسلىرى، قىلىچ - نەيزە تېگىپ يىقىلغانلارنىڭ نالە - پەريادلىرى ئاڭلانماي قالدى. ئۇ دەل - دەرەخلىك كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋەردى. كەينىدە چاغاتاينىڭ چېرىكلىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، شۇنچىلىك تېز ماڭدىكى، هۆرىگۈل بىر دەمدىلا مەھەللىدىن چىقىپ تاغ باغرىغا يېقىنلاشتى...

ئەنە، قەدىمىي قەبرىستانلىق! قاچان بۇ يېزىدا

ئادەملەر پەيدا بولدى. تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش بولۇپ تۇرىدىغان بۇ يەردىمۇ قەبرىستانلىق بارلىققا كەلدى. ھۆرىگۈل غۇۋا ئاي يورۇقىدا تۇرغان دۆمچەك ۋە گۈمبەزلىك قەبرىلەرنى كۆردى. ئۇ ئېرىنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئەتىگەندە ئوغلىنى ئېلىپ، يېقىندىلا ياساتقان قەدىناسىنىڭ گۈمبەزلىك قەبرىسىگە كېلىپ، خېلى ئۇزاق، ئوغلى ئايەت باشلىغۇچە ياش تۆكتى. ئۇ تاغ باغرىغا ئۆرلەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئانچە چوڭ بولمىغان توپىلىق ئۈستىدە تۇرغان سۆيۈملۈكىنىڭ گۈمبەزلىك قەبرىسىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى.

— كۈن بېگىم! گۈل بېگىم! مەن كەلدىم! سىز بىلەن بىللە ياتقىلى كەلدىم! — دېدى ئېخىمۇ كۆزلىرىدىن يېشى قۇيۇلۇۋاتقان ۋاپادار ئايال ئېرىنىڭ گۈمبەزلىك قەبرىسىگە يېقىنلاپ كېلىپ.

يېنىك ئۇچۇۋاتقان تاغ شامىلى ھۆرىگۈلنىڭ ئاق ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان چاچلىرىنى تۇزۇتۇپ، يىغلىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى. گۈزەل ئايال گۈمبەزلىك قەبرە تۇرغان تۆپىلىككە چىقىپ، ئۇنىڭ ئىككى قاناتلىق ياغاچ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ كەينىگە — كەلگەن يولىغا بۇرىلىپ قارىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ كەلگەن يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دەل - دەرەخلىك يېزىمۇ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئۇخلايتتى. ئۆز ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن شىرلاردەك ئېتىلىپ چىققان ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى بىلەن چاغاتاي چېرىكلىرىنىڭ قانلىق جېڭىنىڭ ساداسى ئاڭلانمايتتى.

«قاناداق بولدىكىن؟ مېنىڭ باتۇرۇم چوقۇم يەڭدى! لېكىن، قانخور ۋە رەھىمسىز چاغاتاي بولدى قىلمايدۇ، ئۇ يەنە چېرىك ئەۋەتىدۇ. يەنە جەڭ بولىدۇ... ئاھ خۇدا! تىكەندەك يالغۇز قالىدىغان ئوغلۇمنى ئامان قىلغىن! ئۇ كۈنبەگ ئىككىمىزنىڭ بۇ دۇنياغا يېنىپ قالىدىغان چىرىغى! ئۆچۈپ قالمىسۇن!»

ئايال يىغلاپ ـ قاقشاپ سۆزلەيتتى. ياراتقان ئىگىسىگە يالغۇزنى ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن تاپشۇراتتى. ئۇ گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ ئىچىگە كىردى. دەسلەپتە ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ياشلىق كۆزى قاراڭغۇلۇققا ئۆگىنىپ، تۆت بۇرجەك سۇپا ئۈستىدىكى ئۇزۇن، يۇمىلاق قەبرە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈندى. ھۆرىگۈل ئېتىلىپ كېلىپ قەبرىنى قۇچاقلاپ، ساۋادايىلاردەك سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش بولۇپ ئېقىپ قەبرىگە چۈشەتتى.

«مەن كەلدىم! يېرىل قەبرە! ئېچىل قەبرە! مەن كۈنبېگىمنىڭ يېنىغا كىرەي! مەن گۈل بېگىمنىڭ يېنىغا كىرەي! مەن ھۆرىگۈل ھەر ئىككى ئالەمدە بىر كۈن بېگىمگىلا تالىق! مېنى پەقەت گۈل بېگىملا پۇرىيالايدۇ! ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ پۇرىشىغا يول قويمايمەن! پاك، مۇھەببەتلىك ۋە ۋاپادار ئۇيغۇر ئايالى ئۆزى سۆيگەن ئادىمىدىن باشقىنى سۆيمەيدۇ! مېنىڭ يۈرىكىم كۈنبېگىمنىڭ ئوتى بىلەنلا كۆيىدۇ! مانا بۇ يورۇق دۇنيانىڭ گۈزەللىكى، قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى! ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ھاياتنىڭ خۇشاللىقى، ياشاپ تويماسلىقنىڭ سەۋەبى،

بىر ـ بىرىنى سۆيگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ۋاپادار ۋە سادىق بولغانلىقى!...»

هۆرىگۈل يەنە كۈنبەگنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ، كۆللىرىدىن يۇرىكىدىكى چىن، پاك ۋە گۈزەل مۇھەببەتنىڭ زەمزىمىنى تۆكەتتى. ئۇ شۇ هالدا قەبرىنى قۇچاقلاپ ياتقىنىچە يېتىپ قالدى...

※ ※ ※

تاڭ سۇزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. يېزىنىڭ خورازلىرى يېڭى بىر كۈننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قىچقىرىشاتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۈر ـ گۈر شامال دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئويناپ، پەستىكى قارا دالاغا ئۇچاتتى. ئاسمان زەڭگەر رەڭدە، چولپان يۇلتۇز كۈنچىقىش ئۇپۇقىدا كۈلۈمسىرەپ جۇلالىناتتى...

نۇربەگ ۋە ئۇنىڭ قەيسەر يىگىتلىرى قاچقان ئۇچ ـ تۆت موڭغۇل چېرىكىنى قوغلاپ قارا دالاغىچە كەلدى. ئۇلار قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، باشلىرىنى مەھەللە تەرەپكە بۇراپ، ئاستا يورتىپ قايتتى.

نۇربەگ خىيال سۇرۇپ، قومۇش يوپۇرمىقىدەك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، يۇگەن سىيرىپ كېتىۋاتقان ئاق بوز ئايغىر ئۇستىدە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككى يېنىدا ۋە كەينىدە كېلىۋاتقان باتۇر يىگىتلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي ئۆز خىيالىغا بېشى بىلەن كىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

«چاغاتاي بولدى قىلمايدۇ، ئۇ يەنە چېرىكلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئەمدى كېلىدىغانلىرى بۇ قېتىم كەلگەنلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. يېزىدا تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ. چاپچال تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، مۇۋاپىق بىر چوققىغا تاغ تۇرا ياساپ، شۇ يەردە تۇرۇشىمىز كېرەك! ئانامنىمۇ يېزىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ! مېنىڭ بىلەن بىللە كېتىشنى خالىغان يىگىتلەرنى ئەكېتىپ، چاغاتاي بىلەن بولىدىغان تۈگىمەس جەڭلىرىمنى باشلايمەن...»

نۇربەگ خىيال بىلەن يېزىغا يېتىپ كېلىپ، دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتى ئوچۇق تۇرغان هويلىسىغا كىرىپ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ ئاق بوز ئايغىرنىڭ چۇلۇۋۇرىنى كەلگەن بىر يىگىتكە بېرىپ، پېشايۋان تەرەپكە ماڭدى. هەممە ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن يېنىۋاتقان چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيتتى. ئانىسى تېخىچە ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

نۇربەگ پېشايۋانغا چىقىپ، ئانىسى ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكى بىر سىرلىق ۋەھىمە بىلەن سىيلىپ، بىر بالا - قازانى سەزگەندەك بولدى. ئىشىكنىڭ سەل - پەل قىيا ئوچۇق تۇرۇشى يىگىتنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئەنسىزلىك بىلەن تېپچەكلىتىۋەتتى.

— ئانا! — دېدى نۇربەگ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئېچىپ. يىگىتنىڭ تۇتقۇچنى تۇتۇپ ئىشىكنى ئېچىشى شۇنچىلىك تېز ۋە ئىختىيارسىز بولدىكى، ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. لېكىن، ئۇ ئۆي ئىچىدىن هۆرىگۈلىنىڭ قايتۇرغان جاۋابى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلانمىدى. نۇربەگ ئېتىلىپ كىرىپ، سىيىلىقلىق تۇرغان ئورۇندا ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن تېنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.

«نەگە كەتكەندۇ؟!...»

نەۋقىران ئانىسىنىڭ ئۆيدىن قايتىپ پېشايۋانغا چىققاندا، كۈنچىقىش تەرەپ قىزىرىپ ئوت كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. نۇربەگ ھەممە ئۆيلەرگە قاراپ چىقتى، ئانا غايىب بولغاندەك ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئۆيدە ئىشلەيدىغان قىز ئاخشام رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە كەتكەنلىكىنى بىلىدىغان نۇربەگنىڭ كۆڭلىگە، ئانىسى ھەققىدە كەلمەيدىغان خىياللار كېلىپ، ئۇنى تىپخىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. يىگىت پېشايۋاندىن چۈشۈپ پەلەمپەي يېنىدا تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە چاقماق چۈشكەندەك بىر خىيال كەلدى: «كېچە ئانام تالاغا چىققان، ئۇ مەخپىي يول بىلەن ھويلىدىن چىقىپ قەبرىستانلىققا كەتكەنمىدۇ؟!...»

ئۇ لاپاس تۈۋرۈككە باغلانغان ئېتىنى يېشىۋېلىپ، ئۈستىگە چىقتى، ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ يېزا قەبرىستانلىقىغا قاراپ كەتتى. نۇربەگنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ يىگىتلىرىمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ ماڭدى. ئۇلار ئۆز باشلىقىنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەيران بولۇپ، سىرىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇردى.

قۇياش خۇددى قىزارغان ئالتۇن تاۋاقتەك ئۇپۇققا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇلار كېچە ھۆرىگۈل كەلگەن قەبرىستانلىققا كېلىپ، ئالدىدا نۇربەگ، كەينىدىن ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئانچە چوڭ بولمىغان تۇپىلىقنىڭ

ئۇستىدىكى كۇنبەگىنىڭ گۇمبەزلىك قەبرىسىگە چىقتى. ئالدىدا چىققان نۇربەگ قەبرىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، چۇلغۇۋۇرنى تاشلاپ قەبرە ئىچىگە ئىتتىلىپ كىرىپ: «ئانا!» دەپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى... كەينىدىن كىرگەن يىگىتلەرمۇ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ سۆيۈملۈك ئىرىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ جان ئۈزگەن ھۆرىگۈلنى كۆردى.

※ ※ ※

چاغاتاينىڭ ئۆچ ئالغىلى كېلىدىغان چېرىكلىرى بۈگۈن كەچكىچە كەلمىسە، ئەتە چوقۇم كېلەتتى. شۇ تاپتا ھەر دەقىقە شۇنچىلىك قىممەتلىككى، بىر سېكۇنتمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايتتى. نۇربەگنىڭ قورۇسىغا پۈتۈن يېزا كۆچۈپ كەلگەندەك، ئەر - ئاياللار مىغىلدايتتى. يىغا - زارىغا چىدالمىغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارمۇ زارلىناتتى...

بىر يىلنىڭ ئالدىدا كۇنبەگىنىڭ ئاق يېپىلغان جىنازىسى چىققان ھويلىدىن چۇش بولماي ھۆرىگۈلنىڭ جىنازىسى چىقتى. ئالدى تەرىپىگە ۋاپادارلىقنىڭ تىللاردا داستىنى — گۈزەل ئايالنىڭ گۈللۈك كەشمىر ياغلىقى يېپىلغان ئاق لەيلىدەك ئاپپاق جىنازىنىڭ ئالدىدا بېلىگە ئاق باغلىغان نۇربەگ قاڭغىر - قاقشاپ باراتتى. ھۆرمەتلىك جىنازا قولدىن - قولغا، مۈرىدىن - مۈرىگە ئۆتۈپ ئاخىر ئىچىدىكى پەرىشتىدەك پاك ۋە گۈزەل ئايال ئۆزى ئارزۇلىغان ئېرى كۇنبەگىنىڭ

گۈمبەزلىك قەبرىسىگە كىرىپ يېنىدا ياتتى. يېزىنىڭ ئاق سەللىلىك ئىمامىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئوقۇغان ئايەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئادەملەر قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ياراتقان ئىگىسىدىن ھۆرىگۈلگە جەننەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ ياندى...

— قېرىنداشلىرىم! يۇرتداشلىرىم! سىلەر بىلەن خوشلىشىدىغان بولدۇم! — پېشايۋان ئۈستىدە بىر توپ يىگىتلەر ئارىسىدا تۇرغان نۇربەگ ھويلىدا تىقما ـ تىقماق بولۇپ تۇرغان يېزىلىقلىرىغا قاراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ياشتىن قىزارغان كۆزلىرى چاقنايتتى، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا بىر ئېگىلمەس ئىرادىنىڭ ئۇلۇغۋار روھى جۇلالىناتتى. ئۇنىڭ شەمشادتەك ئېگىز ۋە قاۋۇل قەددى ـ قامىتىدە بىر بۈيۈك قىساسنىڭ گۈلخانى كۆيۈۋاتقاندەك قىلاتتى، — قانخور چاغاتاي ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن يېزىمىزغا چېرىكلىرىنى ئەۋەتىدۇ، مەن بىگۇناھ يېزىلىقلىرىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مەن ھازىر سىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ماڭا ئەگىشىپ تاغقا چىقىپ كېتىشنى خالىغان يىگىتلەرنى ئېلىپ كېتىمەن. تاغ چوققىلىرىنىڭ بىرىدە تۇرا ياساپ شۇ يەردە تۇرىمىز! مېنىڭ يىگىتلىرىم يېزىغا پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ. سىلەر ئوغلۇڭلار نۇربەگكە ئىشىنىڭلار! ئۇ ئەمدى چاغاتايغا ئارام بەرمەيدىغان تاغ ئوغلىغا ئايلىنىدۇ! سۆيۈملۈك ئانامنىڭ، زالىم چاغاتاينىڭ قىلىچى ۋە زۇلۇم ـ زورلۇقىدا ئۆلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمەن! ۋاقىت قىس، دەرھال يولغا چىقمىساق بولمايدۇ! قېنى، بىزگە دۇئا قىلىڭلار! بىزگە ئاق يول تىلەڭلار!...

ھويلىدىكى بارلىق ئەر ـ ئايال يېزىلىقلار يىغلاپ تۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇلار تاغقا ماڭىدىغان ئوندىن كۆپرەك جانجىگەرلىرىگە ئاق يول تىلىدى.

تاغارلاردا ئۇن، تۇلۇق ـ تۇلۇقلاردا ياغ، ساندۇق ـ ساندۇقلاردا نان ـ چاي، قاچا ـ قۇچىلار ئارتىلغان ئات ـ ئېشەك ۋە ئۆكۈزلەرنىڭ كەينىدىن يېنىغا قىلىچ ئېسىپ، قوللىرىغا نەيزە تۇتقان يىگىتلەر ماڭدى. ھەممىنىڭ كەينىدە ئاق بوز ئايغىرنى يېتىلەپ ماڭغان نۇربەگ، ئۆزلىرىنى ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان يېزىلىقلار بىلەن خوشلىشىپ كېلەتتى.

ـــ بولدى قىلىڭلار، قېرىنداشلار! خۇدايىم بۇيرۇسا بىز يەنە كۆرۈشىمىز!

نۇربەگ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى يېزىدىن چىقىپ، تاغ يولىغا چۈشكەندىلا، يىغلاپ ـ قاقشاۋاتقان، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتقان، ئاقيول تىلەۋاتقان ئەر ـ ئايال يېزىلىقلار توختاپ قالدى...

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# ئامىدىنىڭ ھىيلىسى

مىلادىيە 1226 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭگىزخان يېشى يەتمىشتىن ئاشقانلىقىغا قارىماي تاڭغۇتلارغا قوشۇن تارتتى. ئۇ تاڭغۇتلارغا قارشى ئاتلىنىش ئالدىدا ئوغۇل ۋە سەركەردىلىرىگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلىگەن قەھر ـ غەزىپى بىلەن: «تاڭغۇتلار بىز بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىپ كەلدى. مەن خارەزىم خانلىقىغا قارشى قوشۇن باشلاپ ئاتلانغىنىمدا، تاڭغۇت خانى مېنىڭ ھەمكارلىشىش تەلىپىمنى رەت قىلىپلا قالماي: ‹كۈچى يەتمىسە ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىدۇ؟!› دەپ، ھەتتا مېنى مەسخىرە قىلدى. ئۇلارنى ئۆزۈم ھايات چاغدا يۇتۇۋەتمىسەم، كېيىن مېنىڭ ئەۋلادلىرىمغا ئارام بەرمەيدۇ» دېدى.

چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تاڭغۇتلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ، تاڭغۇتلارنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى خانۇ ۋەيران قىلىۋەتتى. تاڭغۇت ھالاكىتى مۇقىملىشىپ قالغاندا، چىڭگىزخان ئۆزلىرى بىلەن تېخىچە قارشىلىشىۋاتقان جىن سۇلالىسىنىمۇ يوقىتىشقا بىر قىسىم قوشۇننى ئەۋەتتى. تاڭغۇت ۋە جىن سۇلالىسىگە قارشى ئىككى يۆنىلىشتە جەڭ قىلىۋاتقان موڭغۇل

قوشۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىپ، مىلادىيە 1227 ـ يىلىغا قەدەم باستى. ئۇزاق ئۆتمەي جىن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن تاڭغۇت ئەلچىلىرى كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ تەسلىم بولدى...

ئارقا سەپتە قالغان چاغاتاي بىر تەرەپتىن پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز خانلىقىنى قۇرۇش ئالدىراشلىقى بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ بەزىدە بورخان خالدۇن ياكى ئىمپېرىيەنىڭ باشقا بىر يېرىدە بولسا، بەزىدە ئالمالىق شەھىرىدە بولدى.

مىلادىيە 1227 ـ يىلىنىڭ باھارى.

كۈنلەر خېلىلا ئىسسىپ، باغلاردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ شاخلىرىدا ئېچىلغان ئاق، ھال... رەڭلەردىكى گۈللەرنىڭ باغرىغا يېپىشىپ سىرىق ھەرىلەر تىنماي غوڭۇلدايتتى. يوللار قۇرۇپ، باللار گۈرۈلدەپ شامال چىقسىلا، قولاقلىرى ئالىيېشىل لەگلەكلىرىنى ئاچىقىپ ئۇچۇراتتى...

چاغاتاينىڭ ياغرىنچىلىرى (پالچىلىرى) قارا قوچقارنىڭ تارغاق سۆڭىكىدە پال سىلىپ، خانلىقنىڭ قۇرۇلىدىغان كۈنىنى ئىزدەيتتى. بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، ئۇستىگە ئېيىق تېرىسى يېپىنىۋالغان، قورچاق، ھەر خىل مونچاق ۋە سۆڭەكلەرنى «شالدۇر ـ شۇلدۇر» قىلىپ ئېسىۋالغان شامانلار قۇتلۇق كۈنىنى بەلگىلەيتتى.

ئاخىر قۇتلۇق كۈن بېكىتىلدى. بۇ كۈنى خانلىققا قارايدىغان ھەممە شەھەرلەردە تەنتەنىلىك مۇراسىملار، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، بەيگە قاتارلىق

داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر ۋە كاتتا زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى.

ئاخىر قۇتلۇق كۈن يېتىپ كېلىپ، باھار كەلگەن ئالمالىق شەھىرىنىڭ مەركىزىدە خانلىقنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. پەشتاق ۋە ئۆگزىلەردە ناغرا ـ سۇناي، ئۇزۇن بۇرغىلار چېلىنىپ پۈتۈن شەھەرنى جاراڭلىتىۋەتتى. مۇراسىمدىن كېيىن چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، بەيگە قاتارلىق ئويۇنلارمۇ قىزىدى. بۇ مۇراسىم ۋە ئويۇنلارنى مىغىلدىغان ئەر ـ ئاياللار تاماشا قىلدى.

قۇياش چۈشتىن قايرىلىپ كۈنپېتىش تەرەپكە ئېگىلگەندە، يېڭى سېلىنغان ئوردىنىڭ ئالدىدىكى كۆك خىش ياتقۇزۇلغان مەيداننىڭ نەچچە يېرىگە يېقىۋېتىلگەن گۈلخانلار زەر چېچىپ ياناتتى. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موڭغۇللار ئوتنى ئۇلۇغلايتتى. شامان دىنىدا: «ئوت ئادەمنى يامان نىيەتلەردىن تازىلايدۇ» دەپ قارىلاتتى. شۇڭلاشقا، ئوردا ۋە قەسىرلەرگە، قۇتلۇق ئۆيلەرگە كىرىدىغانلارنىڭ ئوتتىن ئۆتۈپ كىرىشى تەلەپ قىلىناتتى. «ئوت ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدا كۆزلىرىگە كۆرۈنمەي ئايلىنىپ يۈرۈپ بەختسىزلىك ۋە كېسەللىك كەلتۈرىدىغان جىن ـ شاياتۇنلاردىن قوغدايدۇ» دەپ قارىلاتتى. ھەرقانداق يىراقتىن كەلگەن مېھمان، قۇتلۇق قەسىرلەرگە كىرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئوتتىن ئۆتۈپ ئاندىن كىرەتتى.

بېشىغا تۆپىسىدە قىزىل پۆپۈكى بار كونۇسسىمان بۆك، ئۇچىسىغا ئالتۇن رەڭلىك، دۈگىلەك گۈل چىقىرىلغان تاۋاردىن ياقىسىدىن تارتىپ تا ئېتىكىگىچە،



www.uyghurkitap.com

كۆكرىكى بىلەن يەڭ ئۇچىغىچە چىرايلىق كەشتە ئىشلەنگەن شاھانە تون، تۈز چەملىك، پاشنىسىز، قونچىغا كەشتىلەنگەن نەقىشلىرى ئالاھىدە ئۆتۈك كىيگەن چاغاتاي ھەممىسىنىڭ ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلارنى ئارىلاپ ماڭدى...

موڭغۇللار ئاق رەڭنى ساپ، قۇتلۇق ۋە مۇقەددەس دەپ قارىغاچقا، ئاق رەڭلىك رەختلەردىن كىيىم كىيمەيتتى. سېرىق رەڭنى خانلىق ھوقۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغاچقا، خانلار سېرىق رەڭلىك تاۋار ـ دۇردانلاردىن كىيىم كىيەتتى. چاغاتاينىڭ ئالتۇن رەڭلىك تۇگادىن تون كىيىشىمۇ، دەل شۇ قاراشتىن كەلگەنلىكى ئېنىق. بۇ رەڭدىكى كىيىملەرنى خاندىن باشقا، ئالاھىدە ئىنئامغا ئېرىشكەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەرلا كىيەلەيتتى، ئادەتتىكى پۇقرالار زادىلا كىيەلمەيتتى...

چىڭگىزخان بىر قاتار جەڭلەرنى قىلىپ نۇرغۇن جايلارنى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن قاراقۇرۇم، يۈننەن، مۇسۇلمانلار ئېلى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، خېشى[1] كارىدورى، لياۋدۇڭ، ياڭجۇلارغا ئوخشاش مۇھىم ئۆتكەللەرگە لەشكەر تۇرغۇزۇشنى بۇيرۇدى.[2] بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «مۇسۇلمانلار ئېلى» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلار بولۇپ، بۇ يەرلەرنى

---

① خېشى ــ خەنزۇچە سۆز. دەريانىڭ غەربى ــ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربى دېگەن مەنىدە.

② «سۇلالە پۈتۈكلىرى»دىن ئېلىنىپ «دەسلەپكى مەزگىلدىكى چاغاتاي خانلىقى» دېگەن ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 49 ـ بەت.

چاغاتاي لەشكەر تارتىپ تىنچىتىپ ۋە لەشكەر تۇرغۇزۇپ ساقلىدى. ئۇنىڭ شەنىگە يېزىلغان شېئىردا تۆۋەندىكى مىسرالار تىزىلدى:

«جەڭلەر ئارا سۇردى ياۋلارنى
لەشكەرلىرى ئاندىن بەھەيۋەت.
تەدبىرى كۆپ، كۆرەر يىراقنى،
ئەلگە قوشقان تۆھپىسى بىھەت.
مەشرىق ـ مەغرىب دېمەي ھەر جايدا،
دۈشمىنىگە سالدى قىيامەت.
شۆھرىتىدىن داستان پۈتۈلۈپ،
نامى ئۇنىڭ يادلىنار ئەبەد.[①]»

يىقىلغان گۈلخانلارنى ئارىلاپ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك يېڭى ئوردىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان چاغاتاي غەربىي رايوندىكى ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ كۈچلۈك موڭغۇل ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئەمدى ئۇ بۈگۈن قۇرۇلغان خانلىقنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ خانلىقى بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىدە بولسىمۇ، يەنىلا چوڭ ئائىلە ئىچىدىكى بۆلۈنگەن ئەڭ چوڭ ئۆي ھېسابلىناتتى.

چاغاتاينىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى ماڭدى. موڭغۇل دۆلىتىدە ئوردا مەنسەپدارلىرى بىلەن چاغاتايدەك ۋاسسال خانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىر ـ

---

① بۇ شېئىرمۇ «خان تاغىسى چاغاتاي» دېگەن تەزىيەنامىنىڭ پارچىسى بولۇپ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى «مۇراسىم نەغمىلىرى» دىن ئېلىنغان: «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان، 49 ـ بەت.

ۋۇزرالار ئىككى سىستېما بولۇپ، ئوردا مەنسەپدارلىرىنى چوڭ خان باشقۇراتتى. يېقىندى خانلىقلارنىڭ ۋەزىر – ۋۇزرالىرىنى ۋاسسال خانلارنىڭ ئۆزلىرى تەيىنلەيتتى ۋە قالدۇراتتى.

قۇرۇلغان خانلىقنىڭ ۋەزىرلىرى ئۈچ خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. بىرىنچى خىلى، گۈلخانلارنى ئارىلاپ چاغاتايدىن كېيىن كېلىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ بارلاس قەبىلىسىدىن قاراجار[1]، قوڭغىرات قەبىلىسىدىن مۇگې، جالايىر قەبىلىسىدىن قوشۇق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. چىڭگىزخان ئوردىسىدىمۇ يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان قاراجار چاغاتاينىڭ باش ۋەزىرى، لەشكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى بولدى. بۇلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى قالغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىلدىكى ۋەزىرلەرنىڭكىدىن چوڭ ۋە يۇقىرى بولۇپ، لەشكىرىي ھوقۇقنى شۇلار تۇتاتتى. ئىسمى نامەلۇم بولغان خەنزۇ ۋەزىرنىڭ ھوقۇقىمۇ چاغاتاي ئوردىسىدا خېلىلا چوڭ بولدى. لېكىن، چاغاتاي ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە خەنزۇلار كۆپ بولمىغانلىقتىن، ئۇ يېتىمسىرىغاندەك كۆرۈنەتتى[2]. يەنە بىر خىلى، سەككاكىي ۋە ئامىدلار بولۇپ، ئوردىدا ئورنى ۋە ھوقۇقى خېلىلا يۇقىرى ۋە چوڭ ھېسابلىناتتى...

---

① قاراجار ــ ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ بەشىنچى بوۋىسى.

② ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يېتىم ھېس قىلغانلىقتىن چاغاتايغا: «ئالىيلىرىنى دەپ بارلىق يېقىنلىرىمدىن ئايرىلدىم. ناۋادا، ئالىيلىرىدىن كېيىن قالسام، بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ» دەپ ئوچۇق ئېيتقان. چاغاتاي ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، «چاغاتاينى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى» دېگەن بەتنام بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان، 57 ـ بەت.

گۈلخان ئارىلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە تىكىلگەن ئېسىل ۋە يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، ئالاھىدە بىر سۆلەتتە ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى. ئۇلار ئاخىر گۈلخانلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، پەلەمپەيلەردىن چىقىپ، ئوردىنىڭ ئېگىز ۋە كەڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئوردىنىڭ ئالدى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستى خەنزۇچە ئۇسلۇبتا يېپىلغان بولۇپ، ئىمارەت پۈتۈنلەي كۆك خىش بىلەن ياسالغان. ئالدى تەرىپىدىكى گۈل - نەقىشلەر بىلەن چىرايلىق زىننەتلەنگەن پېشايۋانمۇ ئېگىز ھەم كەڭ كۆرۈنەتتى. ئىككى تەرىپىدە ئىككى قورال ـ لىق چېرىك ۋە مۇلازىملار تىك تۇرغان ئوچۇق ئىشىكتىن بىرىنچى بولۇپ، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان چاغاتاي كىرىلىپ كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن كىرگەن ۋەزىر - ۋۇزرا، ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ ئارىسىدا چوڭ ئوردىدىن كەلگەن ۋەكىللەر، ھەرقايسى يېقىندى خانلىقلاردىن كەلگەن مېھمانلار بولۇپ، ئوردىغا كىرىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئىككى يۈزگە يېتەتتى.

ئاستىغا تولدۇرۇپ يېڭى گىلەملەر سېلىنغان زىياپەت زالىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىرقانچە قاتار تۆت پۇتلۇق پاكار، ئۇزۇنچاق شىرەلەر قويۇلغان بولۇپ، چاغاتاي كۈنچىقىش بېشىغا قويۇلغان يالغۇز شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى. قالغانلار مۇلازىملارنىڭ ياردىمىدە بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىنى تېپىپ ئولتۇرۇپ، يىپنىدىكى ھەمراھى بىلەن پەس ئاۋازدا پاراڭغا چۈشتى.

مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي بىلەن ئامىد چاغاتاينىڭ

ئۇنىڭ تەرىپىدە، ئالدىنقى قاتارنىڭ ئۈچ شىرەدىن كېيىنكى تۆتىنچى شىرەسىدە يانمۇيان ئولتۇردى. شىرە ئۈستىگە قويۇلغان تەخسە – تەخسىلەردە ھۆل – قۇرۇق مېۋىلەر، سوغۇق قوي گۆشى ۋە غىزالار تۇراتتى.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇلازىملار مىس چۆگۈنلەردە شىرەلەرنى ئايلىنىپ چىنىلەرگە چاي قۇيدى. ئات بېشى غېجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن زىياپەتمۇ باشلاندى. يېڭىلا مۇلازىم ئوغلانلار قويغان چىنە قەدەھلەردىكى مەيدىن سۈتنىڭ قاڭسىق پۇرىقى تارقىلاتتى. بۈگۈنكى زىياپەتكە چاغاتاينىڭ پەرمانى بىلەن تەييارلانغان سۈت مەي — ئېركە چىنە – چەينەكلەرگە تولدۇرۇلۇپ شىرەلەردە تۇراتتى.

قولىغا ئېركە قۇيۇلغان جامنى ئېلىپ قەددى – قامەتلىك چاغاتاي ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قارىراق كەلگەن چىرايىغا خۇش تەبەسسۇم ئۆرلىگەن بولسىمۇ، سىياقىدىكى تەكەببۇرلۇقى بىلەن جاھىللىقىنى يوپۇرۇپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇ مەيگە بارماق چىرىتىپ كۆك تەڭرى ۋە يەرزېمىنغا ئۆز تېۋىنىشىنى بىلدۇرۇپ بولۇپ سۆزگە ئۆتتى.

— بۈگۈن ئۇلۇغ ئاتام چىڭگىزخان شاھىنشاھلىقىدىكى بىر خانلىق — مېنىڭ خانلىقىم دۇنياغا كەلدى①، — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچۈپ ئورنىنى قايغۇ ئىگىلىدى، — بىز بۇ كۈنگە ئاسان يېتىپ كەلمىدۇق. جەڭلەردە نۇرغۇن

---

① «چاغاتاي خانلىقى» دېگەن ئىسىم چاغاتاي 14 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، مىلادىيە 1241 – يىلى 11 – دېكابىر كۈنى (سەپەر ئېيىنىڭ 5 – كۈنى جۈمە) ئۆلگەندىن كېيىن ئاتالدى.

قېرىنداشلىرىمىز جانلىرىنى پىدا قىلدى. نۇرغۇن ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىم، باشقا مىللەتلەردىن بولغان مەسلىھەتچىلىرىمنىڭ ياردىمىدا بۇ كۈنگە ئېرىشتىم. مەن بىرىنچى قەدەھنى خانلىقىمنى قۇرۇش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن بارلىق تىرىك ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ شەرىپىگە ئېچىشكە ھەممىڭلارنى تەكلىپ قىلىمەن.

ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قىيقاس - چۇقان بىلەن مەينى ئېچىۋەتتى. ئامىدمۇ قەدەھنى بىكارلاپ يېنىدىكى سەككاكىيغا قارىدى. مۇتەپەككۇر سىنچاي قۇيۇلغان پىيالىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

چاغاتاي يەنە سۆزلىدى، قەدەھلەر بىرقانچە قېتىم بوشاپ، يەنە تولدى. ھاراقتا ئامراق موڭغۇللار بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. يوغان ۋە ئۇزۇنچاق ساراي مەست بولغانلارنىڭ قىيقاس - چۇقان، كۈلكىلىرى بىلەن جاراڭلايتتى. ئېگىز - پەس ئېيتىلغان موڭغۇل ناخشىلىرى ئاخىر زىياپەت سۆزىنى ئىگىلىدى. ئامىدمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ تۇۋلاشقا چۈشتى.

يۇسۇف سەككاكىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. مەست بولۇپ كەتكەن چاغاتاينىڭ كىم چىقىپ، كىم كىرىۋاتقانلىقىنى بىلگۈچىلىكى قالمىغاندەك تۇراتتى...

※ ※ ※

نۇربەگ تاغقا چىقىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى چاغاتاينىڭ بىرقانچە يۈز چېرىكى كۈنبەگ ئوغلىنى

تاپالمىدى. چىرىكلەر تاغلارغا چىقىپ، بىرقانچە كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ دىرىكىنىمۇ ئالالماي قايتتى. غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىگەن چاغاتاي ئامىدنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نۇربەگنىڭ نەدىلىكىنى بىر ئامال قىلىپ بىلىشنى بۇيرۇدى.

يېقىندىلا نۇربەگ ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەردىن خەۋەردار بولغان ئايتولدى ئاتىسىغا ئاڭلىغانلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. تۇل ئايال هۆرىگۈلنىڭ پاجىئەسىنى ئاڭلىغان سەككاكىي چىدالماي، ئامىدنى «ئىپلاس» دەپ تىللىۋەتتى. ئۇ خاباشتىن ئۆز مىللىتىگە قىلچىلىك ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بالايىئاپەت كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى ئويلاپ قالدى...

— سەن ئەتىلا ئاقتۆپىگە بېرىپ كەلگىن! — دېدى ئۇ ئايتولدىغا، — نۇربەگنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىدىغانلار يېزىدا باردۇ؟ سەممىيلىك بىلەنلا سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم ساڭا دەپ بېرىدۇ. ئاندىن تاغقا چىقىپ ئاغىنەڭنى تېپىپ ئەھۋالىنى بىلگىن. نېمىگە هاجەتمەن ئىكەنلىكىنى سورا! بۇ قەيسەر يىگىتنى قوغداپ قېلىش بىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىز!...

ئايتولدى ئەتىسى ئەتىگەندە ئاقتۆپە يېزىسىغا يول ئالدى. ئۇ هاۋا ئىللىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈنپېتىش ئۇپۇقى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان، چاپچال تاغلىرى ۋە قارا دالا قىزىرىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندە، يېزىغا چىقىپ، ئۆتكەندە تونۇشقانلاردىن نۇربەگنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئايتولدىغا گۇمان بىلەن قاراپ،

نۇربەگنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلارمۇ ھېچ نەرسە دەپ بەرمىدى. ئۇ ئاتىسى سەككاكىينىڭ نۇربەگدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى قايتا ــ قايتا دېگەندىن كېيىنلا، نۇربەگنىڭ تاغدا تۇرۇۋاتقان يېرىنى ئېيتىپ بەردى. ئايتولدى ئاقتۆپىدە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تاغقا قاراپ يول ئالدى.

ئۇ ئالدىدا نۇربەگلەرنىڭ ھويلىسىغا كەلدى. يوغان، ئاق دەرۋازىدا قارا قۇلۇپ تۇراتتى. تاملىرى سېپىل تاملىرىدەك ئېگىز قورۇنىڭ ئىچىدىن مەيلى ئادەم، مەيلى ھايۋاننىڭ بولسۇن، ماڭغان تىۋىشى يا ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. بۇ قورۇدا ھاياتلىق يوقتەك، بىر ئېغىر جىمجىتلىق ئىچىدە تۇرغاندەك بىلىنەتتى. جىمجىتلىقنىڭ ئۆزى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ ئىچىدە پارتلايدىغان بىر ئۇلۇغ ۋولقاننىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى!...

ئايتولدى ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يېزىدىن چىقىپ تاغ باغرىنى بويلاپ ئۆرلەيدىغان يالغۇز ئاتلىق يول بىلەن مېڭىپ، «كېمە توختىغان»① دېگەن چوققىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، بىر تەكچىگە② قاراپ يول ئالدى.

چاپچال تاغلىرى تۈزلەڭلىكلىرى يوق دېيەرلىك، ياپيېشىل ساي ــ سالالار، ئېگىز چوققا ۋە چوڭقۇر

---

① «كېمە توختىغان» دېگەن چوققىنىڭ ئىسمى ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ، ھازىر مۇشۇنداق ئاتىلىدىغان بۇ تاغ چوققىسى چاپچالدىن موڭغۇلكۈرەگە بارىدىغان تاشيولنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بولۇپ، قاچان، قانداق قويۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

② تەكچە ــ ئۈستى تەكشى ئېگىز چوققا.

چات ـ هاڭلار، قارىغايلىق جىلغا، سۈپسۈزۈك سۇلىرى ئۇنچە ـ مارجان چېچىپ ئېقىۋاتقان سايلار، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تۈپلىكلەردىن تەشكىل تاپقان تەڭرىتېغىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ، ھەم چىرايلىق، ھەم يوللىرى قىيىن ھېسابلىناتتى.

ئايتولدى كېتىۋاتقان تەكچە خېلىلا ئېگىزلىكتە بولۇپ، جەنۇب ـ ئارقا تەرىپى قاتمۇقات، كۆنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغان تاغلارغا بېرىپ تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپلىرى تىك رەك يانتۇلۇق بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر ساي ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇككىدە قارىغاي قاپلىغان ئىككى تەرىپىدىن تەكچىگە زادىلا چىققىلى بولمايتتى. ئالدى تەرىپى ئۇنچىلىك تىك بولمىغان يانتۇلۇق بولۇپ، قارىغايلار ئارىسىدىن ئۆرلىگەن يىلان باغرى يول تەكچىگە ئېلىپ چىقاتتى. ئايتولدى چۈش بولاي دېگەندە بۇ تەكچىگە يېتىپ كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇ يۈز ۋە قوللىرىنى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدە يۇيۇپ، بىرقانچە يۇتۇم ئىچتى. ئۇ سۇ بويىدىكى يوغان ئاق تاشقا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم ئارام ئالدى.

قۇياش ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ جىلۋىلىك نۇرى قارشى تەرەپتىكى گۈل ـ گىياھلىق ۋە بېغىرلاپ ـ يېيىلىپ ئۆسكەن يېشىل ئارچىلىق تاغ باغرىنى يورۇتاتتى. ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ بويىدىكى سۆگەت غولىغا باغلىغان ئېتىنى يېشىپ، تۆش ئۇلاڭلىرىنى چىڭىتىپ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ سايدىن ئۆرلەپ، قارىغايلار ئارىسىدىن چىقىپ ئەمدىلا تەكچىگە چىقىشىغا، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان ئىككى

نەيزە تۇتقان يىگىت نەيزىلىرىنى تەڭلەپ ئىككى يېنىدا تىك تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ، چىرايلىرى يالقۇنلىناتتى.

— سەن كىم، نەدىن كەلدىڭ؟ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئىككى قولۇڭنى بېشىڭنىڭ ئۈستىگە ئالغىن! — دېدى ئوڭ تەرىپىدە نەيزىسىنى تەڭلەپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق قامەتلىك يىگىت.

ئايتولدى ئاتتىن چۈشتى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئايتولدى، مەن نۇربەگنىڭ قول بېرىشكەن ئۆمۈرلۈك ئاغىنىسى! مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى دەرھال بېرىپ ئۇنىڭغا يەتكۈزۈڭلار!

— سادىر! — دېدى ئايتولدىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان يىگىت يەنە بىر ھەمراھىغا قاراپ، — سەن بېرىپ نۇربەگكە دېگىن! بۇ مېھمان نۇربەگنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستىمۇ، ئەمەسمۇ، بىلىپ كەلگىن!...

كەڭ تەكچىنىڭ ئۇ تەرىپىمۇ قويۇق قارىغايلىق بولۇپ، ئارىسىدىن كۆك ئىس تۈرخۈنلىرىدىن ئۆرلەۋاتقان ياغاچ ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايتولدىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان دوغىلاق يىگىت — سادىر ياغاچ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ تەكچىدىن ئۆتۈپ قارىغايلىق ئارىسىغا كىرىپ يوقالدى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي قارىغايلىقتىن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەن تاقىر باش، قەددى ـ قامەتلىك بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن نەيزىسىنى تۇتۇپ سادىر ۋە بىرقانچە يىگىتلەر كۆرۈندى.

ئايتولدى ئېگىز بويلۇق نۇربەگنى تونۇدى. ئۇ تۇتۇپ تۇرغان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تاشلاپ، نۇربەگكە قاراپ



www.uyghurkitap.com

يۈگـۈردى. ئۇ يۈگـۈرۈپ كـېتـىـۋېـتـىپ: «نـۇربـەگ!» دەپ هاياجان بىلەن توۋلىدى.

— ئـايـتولدى! — دەپ ئـېـتـىلـدى نـۇربەگمـۇ ئـۇزۇن قوللىرىنى كـەڭ يېيىـپ باغرىنـى ئېچـىـپ. تۆت تەرىپـى قـارىغاي، ئارىـسى ياپپېـشىل ئـوچۇقچىـلىقتـا ئىـككـى تەرەپتىن ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەن دوستلۇق، مۇهەببـەت، قول بېرىپ ئۆمۈرلۈك ئاغىـنە بولـغان ئىـككى تەگـتـۇش بىر - بىـرىنى قۇچـاقلاپ ئالدى. كـۈنپېـتـىش تەرەپـكـە قـايرىلغـان قۇياش، بىـرنەچچە يـىگىت ئـۇلارغا هاياجـان بىـلەن ئۇستـىـدە ۋە چۆرىسـىـدە جىمجىت تـۇرۇپ قـاراپ قالدى...

※ ※ ※

قارىغاي لىـملار بىر - بـىرىنـىڭ ئۇستىـگە قويۇلـۇپ ياسالـغان كەڭ ۋە ئۇزۇن يـاغاچ ئۆيـىـنىڭ كۆتـۈرۈپ پـەن قېقىلغان پولى ئۈستىگە تولدۇرۇپ كىگىز ۋە گىـلەملـەر سېلىنىپ، ئىككى تەرىپى ۋە ئۈستىدىكى تام ياقىلىرىـدا يىغىلغان ئـورۇنلار قاتار تـۇراتتى. بۇ نـۇربەگ ۋە ئۇنـىڭ تەقدىـرداش يىگىـتلىرى يـاتىدىغـان ئۆي بولـۇپ، ئـۇلار يېزىدىن چىققاندىن كېيىن، بۇ ئۆيـىنى قارىغـاي كېسىـپ بىرقانچە كۈن جاپالىق ئىشلەپ ياسىدى. سوغۇق قاتتىـق بولىدىغان، قار قېلىـن ياغىـدىغان بۇ تاغدا بىـر قىشنـى گۈگـۈر - مۇگـۇر ئۆتكۈزۈپ باهارغا چىقىۋالدى.

نۇربەگ ئىـككى يىـگىتى بىـلەن بېـرىپ، بىـر قـورۇ قوينى ئۆزلىرى تۇرغان تەكچە ئەتراپىغا يۆتكەپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۆشتىن قىسىلمايدىغان بولدى. ئۇن

تۇگىسە يىگىتلەر يېزىغا كېچىلىرى چۇشۇپ ئۆكۈزلەرگە ئارتىپ چىقاتتى. بۇ يەردە ئوتۇن ئېشىپ ــ تېشىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاش ــ تاماقتىن قىينالمايدىغان، ئارىسىدىن ئاشپەزلىكتىن ئاز ــ تولا خەۋىرى بار يىگىتمۇ چىقىپ، ھەر كۈنى ئىسسىق تاماق يېيەلەيدىغان بولدى.

چاغاتاي نۇربەگلەرنى تەڭرىتېغىنىڭ بۇ گۈزەل بۆلىكىدە كۈلۈپ ــ يايراپ ياشىشىغا يول قويارمۇ؟! «موڭغۇل ھۆكۈمراندىن ئانامنىڭ، ئەل ــ يۇرتۇمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن» دەپ چىققان ئىنتىقام ئوغلى مۇشۇنداق ئىچىپ ــ يەپ يېتىۋەرسە بولارمۇ؟ نۇربەگ شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، قىلىچ ــ نەيزە، قالقانلارنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ يىگىتلىرى قىلىچ ــ نەيزە ۋە قالقانلار بىلەن قوراللىنىپ، باھاردىن تارتىپ مەشىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئاتلىق ۋە پىيادە قىلىچلىشىش ۋە نەيزىلىشىش مەشىقى ئېلىپ بېرىپ ئۆگەندى. قاتتىق قول نۇربەگ ھەربىر يىگىتنىڭ ئەستايىدىل، بېرىلىپ مەشىق قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئەڭ ئۇستا قىلىچ ۋە نەيزە ئىشلىتىش ماھىرلىرىغا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. تېخى ئۇلار جەڭلەرنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئالدىدىكى جەڭلەرنى ئوڭۇشلۇق قىلالايدىغان ئەزىمەتلەردىن بولۇپ يېتىلىۋاتاتتى...

بۇگۈن ئۇلار ئون نەچچىدىن يىگىرمىگە يېتىپ، يېڭىدىن كەلگەن بىرنەچچە يىگىتنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ كۆپىيىپ قالدى. موڭغۇللاردىن زۇلۇم كۆرگەن، مىللىي ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك يىگىتلەرنى يەنە كەلمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟! نۇربەگنىڭ پىكرى بىلەن

ئۇلار ھازىر ئۆزلىرى يېتىۋاتقان ياغاچ ئۆينىڭ يېنىغا يەنە بىر ياغاچ ئۆي ياساۋاتاتتى.

نۇربەگ ئۆز تۇراسىنى پۇختا ياساپ، يىگىتلىرىنىڭ ئوبدان ياشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇ يەنە بىر جايغىمۇ ئېھتىيات ئۈچۈن تاغ تۇرا ياساشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. «چاغاتاي نۇربەگلەرنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىنى بىلىپ قالسا، چېرىك ئەۋەتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟! تەڭ كېلەلمەي قالسا، ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن چېكىنىشكە توغرا كېلىدىغۇ؟! شۇ چاغدا يەنە بىر تاغ تۇراسى بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟!...»

قول بېرىپ ئۆمۈرلۈك ئاغىنە بولغان نۇربەگ بىلەن ئايتولدى كىچىك، ئاق داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، پاراڭ بىلەن چاي ئىچىۋاتاتتى. ئۇ دوستىغا يېزىدىن چىققاندىن كېيىنكى بۇ تاغدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۆزىنىڭ يەنە بىر تاغ تۇراسى قۇرۇش ئۆيىنىمۇ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئايتولدىمۇ ئاتىسى سەككاكىي بىلەن بۇياققا چىقىشىنىڭ ئالدىدىكى سۆھبىتىنى سۆزلەپ بېرىپ، نېمىشقا بۇياققا چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى.

— ئاتام، سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىدۇ. «ئۇلار ئاشلىقتىن قىينىلىپ قالدىمىكىن؟ يېمەك ـ ئىچمىكى قانداقكىن؟ ياتىدىغان ئۆيلىرى بارمىكىن؟!» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاخىر چىدالماي مېنى ئەۋەتتى...

چىنلىق ۋە مۇھەببەت ئادەملەرنىڭ روھىي ھالەت ۋە قىياپىتىدە، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرغان،

www.uyghurkitap.com

يېشى تەڭ ئىككى ئاغىنىسىنىڭ چىراي، روھىي ھالەت ۋە سۆزلىرىدە چىن ۋە سەمىمىي دوستلۇقنىڭ يالقۇنى جۇشقۇنلايتتى. ئۇلارنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم، ئۇلارنىڭ بۇ پاك، گۈزەل ۋە ھەقىقىي دوستلۇقىدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايتتى.

— ھۆرمەتلىك سەككاكىي جانابلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن مېنىڭ رەھمىتىمنى ئالاھىدە يەتكۈزگىن! — دېدى ھاياجانلانغان نۇربەگ ئاغىنىسىغا قاراپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كەڭ، قويۇق، قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى تېگىدىكى يوغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— دېگىنە، — دېدى ئايتولدى قارا ۋە قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدىن ئاغىنىسىنىڭ ئىشلىرىغا چىن كۆڭلىدىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتامسەن يا ئۆزۈڭ ئاتلىنىپ چىقامسەن؟!

— دۈشمەن كېلىدۇ، چاغاتاي ھېلىقى ئامىد دەيدىغان ئىتنى پۈرتىپ بىزنى ئىزدەۋاتقاندۇ؟! ئۇ بىر كۈنى بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىزنى بىلىۋالىدۇ. لېكىن، بىزمۇ ئۇ بىلىۋالغۇچە كۈتۈپ تۇرمايمىز. يىگىتلىرىم قىلىچ ۋە نەيزە ئىشلىتىش ماھارىتىنى ئوبدان ئىگىلىۋالسىلا جەڭگە چىقىمىز، بۇ كۈنگە ئاز قالدى!... شۇ كۈن كەلگەندە، سەن بىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانلىرىمىزدىن خەۋەر بېرىپ تۇرارسەن؟!...

— ئەلۋەتتە! — دېدى ئۇ ئىككىلەنمەيلا...

ئايتولدى نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىدا بىر كېچە قوندى. ئەتىسى چايدىن كېيىن ئاغىنىسى بىلەن كۆزى قىيمىغان

ھالدا قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. نۇربەگ ئۆزى ئايتولدىنى جەرەن قاشقىلىق ئېتىغا قولتۇقىدىن تۇتۇپ مىندۈرۈپ قويدى.

※ ※ ※

ئامىد خانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئاران ئېرىشكەن ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتى. ئۇ يېقىنقى كۈنلەردە يۈسۈف سەككاكىينىڭ ئۆزگە باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ چاغاتايغا يەنىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

خاباش موڭغۇللارنىڭ بىرقانچە چېرىكىنى ئۆلتۈرۈپ، تاغقا قېچىپ كەتكەن نۇربەگنى بىر ئامال قىلىپ تۇتۇپ، چاغاتاي ئالدىدا خىزمەت كۆرسىتىشنى كۆپ ئويلايدىغان بولدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇلازىم يىگىتلىرىدىن بىرىنى ئاقتۆپىگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەڭ قىيىن ئىشلارغا ئەۋەتىدىغان، قۇۋلۇق - شۇملۇقتا شەيتاننى يولدا قويىدىغان يىگىتنى يېزىغا ماڭدۇردى. خاباش ئۇنىڭغا: «بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمىسۇن! سەن ئاقتۆپىگە بېرىپ، نۇربەگ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنى بىلىپ كەلگىن. ئۇ باشقا يەردە ئەمەس، چاپچال تاغلىرىدا! بولسا نۇربەگلەرنىڭ تۇرغان يېرىنىمۇ سىرتىدىن كۆرگىن. بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاپ كېلەلىسەڭ، ئات مىندۈرىمەن» دەپ ئاتلاندۇردى. سول كۆزىنى دائىم قىسىپ يۈرىدىغان، چىرايى سېرىق يىگىت

چىپار ئاتقا مىنىپ، ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئاقتۆپىگە مېڭىپ كەتتى.

ئامىدنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا كۆڭلى تىنمىدى، چاغاتاي ئۇچۇن يەنە بىر ئىش قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىش كويىدا ئويلاندى. ئاخىر ئۇ ھۆكۈمران پات ـ پات بېرىپ دەم ئالىدىغان، ئالمالىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان قاياسىنىڭ يېنىغا بىر ئارامگاھ سېلىشنى ئويلاپ تاپتى. ئۇ بۇ خىيالىدىن خۇشال بولۇپ، شۇ كېچىسى تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەل ـ پەل پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ناشتىنى قىلىپ، ئاتلىق ئوردىغا ماڭدى. ئۇ ئېتىنى ئاتلارغا قارايدىغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ، ئوردا ئالدىدىكى كۆيۈۋاتقان گۇلخانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئوردىغا كىردى. خاباش چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسى ئالدىغا كېلىپ، تىك تۇرغان مۇلازىم يىگىتكە قارىدى.

ــ خان كەلدىمۇ؟

ــ كەلدى. ھازىر يېنىدا قاراجار بار، ئۇ چىقىپ كەتكەندە سىزگە خەۋەر قىلاي!

ئامىد ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىپ، شىرەنىڭ تام تەرىپىگە سېلىنغان قوش قەۋەت كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ شۇ ئولتۇرغانچە خېلى ئۇزاق كۈتتى. ئاخىر زېرىكىپ ئورنىدىن تۇرغان خاباش، دېرىزە يېنىغا كەلدى. شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىپ، چاغاتاينىڭ مۇلازىمى تاپىسىدا كۆرۈندى. ئۇ ئامىدقا قاراپ، چاغاتاينىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ ئىشخانىدىن چىققان خاباش ئىتتىك مېڭىپ چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسىغا كەلدى. ئۇ

ئىشىكنى چېكىپ ئىچىگە كىردى. قاپىقى سېلىنغان خان شاھانە كىيىملىرى بىلەن ئۇزۇن شىرەنىڭ كەينىدە، قوش قەۋەت كۆرپىدە، گىلەم ئېسىلغان تامغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— كەل، ئولتۇرغىن! — دېدى ئۇ تاپىسىدا قول باغلاپ تۇرغان ئامىدقا تىكىلىپ.

خاباش چاغاتاينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— مەن، — دەپ سۆز باشلىدى ۋەزىر باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ، كۆتمەك قاشلىرىنىڭ بىرىنى كۆتۈرۈپ، قارىراق كەلگەن چىرايىغا خۇشامەت تەبەسسۇمى يۈگۈرتۈپ، — ئۆزلىرىنىڭ غېمى بىلەن كىرىۋىدىم. بۈگۈن ئەڭ چوڭ، ئەڭ قۇدرەتلىك خانلىقنىڭ شانۇشەۋكەتلىك خانى بولدىلا! خانلىقنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىنى بىزگە قويۇپ بېرىپ، ئەمدى ئۆزلىرىنى زىيادە ئۇپرىتىپ كەتمىسىلە! سىلى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ غېمىدە بولۇپ، كۆپرەك ئارام ئالسىلا، ئويۇن - تاماشىدا بولسىلا! مەن ئويلاپ قاياسنىڭ يېنىغا ئاجايىپ گۈزەل، دۇنيادا تەڭدىشى يوق جەننەت - ئارامگاھ ياساپ، ئۆزلىرىنى شۇ يەردە كۆپرەك دەم ئالدۇرۇشنى ئويلىدىم. بۇ ئارامگاھنى ئۆزۈم باش بولۇپ ياسىتىمەن. مەن ئۇنىڭغا «قۇتلۇق[1]» دېگەن ئىسىمنىمۇ ئويلاپ قويدۇم. ئۆزلىرى، خاقانىم، قوشۇلسىلا، ئەتىلا ئىش باشلايمەن! — ئامىد خۇشامەت ھاياجىنى بىلەن شۇنچىلىك

① چاغاتاي قاياسنىڭ يېنىغا قۇتلۇق ئىسىملىك بىر كىچىك شەھەر ياساتقان، ھازىر ئورنىدا چاربەخت دېگەن يېزا بار.

قىزغىن سۆزلىدىكى، چاغاتاي ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— سىنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم. راستلا مېنىڭ غېمىمنى يەپسەن، خانلىقىم قۇرۇلغىچە چارچاپ تۈگىشەيلا دەپ قالدىم. ئوبدان دەم ئالمىسامىمۇ بولمايدۇ. ئويۇن ـ تاماشامىمۇ، ئوۋغا چىقىشىممۇ ئازلاپ كەتتى. ئەمدى خانلىقىمنىڭ راھەت ـ پاراغىتىنى كۆرىدىغان كۈنلىرىم كەلدى. مەن قوشۇلىمەن! قاياسنىڭ يېنىغا ئارام ئالىدىغان بىر ئارامگاھ سېلىشنى ساڭا تاپشۇردۇم. ئالدى بىلەن ئۇستىلارنى، نەقىقاشلارنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى يىغىپ، سېلىنىدىغان ئارامگاھنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققىن. مەن ۋە ئوردىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار كۆرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئىشقا كىرىشسەك بولىدۇ!...

ئامىدنىڭ ئاغزى ـ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ چاغاتاينىڭ يېنىدىن چىقىپ، بىرقانچە كۈن ئۆزى ۋە مۇلازىملىرى چېپىپ، بىناكار ئۇستىلارنى ۋە نەققاشلارنى توپلاپ، قاياسنىڭ يېنىغا سېلىنىدىغان شاھانە ئارامگاھنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. ھەتتا ئۇ، بىناكار ئۇستىلار بىلەن نەققاشلارنى باشلاپ قاياسقا بېرىپ، ئارامگاھ سېلىنىدىغان ئورۇننىمۇ بېكىتتى.

چاغاتاي ئامىدنىڭ تۈزگەن لايىھەسىنى كۆردى. قاياسنىڭ يېنىدىكى ئارامگاھ سېلىنىدىغان يەرنىمۇ كۆرۈپ كەلدى. خان ئەتە ئوردىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ بۇ لايىھەنى مۇزاكىرە قىلىدىغان بولدى.

※ ※ ※

زىياپەت بولغان سارايدا بوْگوْن خانلىقنىڭ ۋەزىر ـ ۋوْزرالىرى، بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدارلىرى قاتناشقان كىڭەش بولۇۋاتاتتى. چاغاتاي يەنىلا زىياپەتتىكىدەك كوْنچىقىش تەرەپكە قويۇلغان شىرەنىڭ كەينىدە شاھانە كىيىملىرى بىلەن يالغۇز ئولتۇراتتى. سارايىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدىكى كوْنچىقىشتىن كوْنپېتىشقا قارىتىپ ئىككى رەت قاتار قويۇلغان شىرەلەردە ھەر خىل كىيىنگەن ھەر خىل مىللەتتىكى ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار ئوْز مەرتىۋىسى بويىچە ئولتۇرۇپ، گەۋدىلىرىنى چاغاتاي تەرەپكە يېرىم بۇراپ، ئۇنىڭ سوْزىنى ئاڭلايتتى.

— ساداقەتمەن ۋەزىرىم ئامىدنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، — دەپ سوْزلەيتتى غادىيىپ ئولتۇرۇپ، — قاياسنىڭ يېنىغا «قۇتلۇق» ئىسىملىك شاھانە ئارامگاھ ياساشنى ئويلاۋاتىمەن...

بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن سەككاكىي چاغاتاينىڭ سوْزىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى: «ئامىد دېگەن خۇشامەتچى غوجايىنغا ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدىغان بىر ئارامگاھ ياساپ بېرىپ ياخشى كوْرۈنمەكچى بوپتۇ ـ دە! بۇ مۇناپىقنىڭ كوْڭلىدە ئەل ـ يۇرت دېگەن يوق، بولسا ئۇلارنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلىغان بولاتتى!...»

سەككاكىينىڭ يېنىدا بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ ئولتۇرغان خاباش خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي ئولتۇراتتى. ئۇ چاغاتاينىڭ «سادىق ۋەزىرىم» دېگەن سوْزىنى ئاڭلاپ، بېشى ئاسمانغا يېتىپ گويا ئەرشتە ئۇچۇۋاتقاندەك كوْرۈنەتتى.

— مەن ئۇ يەردە ئائىلەم بىلەن تۇرۇپ ئارام ئالىمەن. قېنى، سىلەر بۇ ئارامگاھقا قانداق قارايسىلەر؟! پىكىرىڭلارنى ئاڭلاپ باقاي!...

چاغاتاينىڭ سۆزىگە كىم قارشى چىقالىسۇن؟! خاننىڭ مۇگې، قوشۇق قاتارلىق موڭغۇل ۋەزىرلىرى، ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىرى قوللاپ، «قۇتلۇق» شاھانە ئارامگاھنى ئەڭ چىرايلىق سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوڭ تەرەپ بىرىنچى قاتارنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان قاراجارلا گەپ قىلماي سۆزلەۋاتقانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. چاغاتاي ھوقۇقىنىڭ سېپى بولغان لەشكەرنى ۋە ئوردىسىنىڭ باش ۋەزىرلىك مەنسىپىنى تۇتقۇزغان قاراجارغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ زۇۋان سۈرمەي باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئىچى سىقىلاتتى. بويى پاكار خەنزۇ ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ساقال ـ بۇرۇتى يوق ۋەزىرنىڭ قايناپ، قائىدىلىك سۆزلىگەن سۆزلىرى ئىچى سىقىلىپ ئولتۇرغان خاننىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇ خانغا بۇنداق ئارامگاھ سېلىپ بېرىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى، لېكىن ھازىر تېخى ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن سۆزلىدى. بۇنداق ھەشەمەتلىك، كاتتا ئارامگاھنى سېلىشقا نۇرغۇن ئىقتىساد كېتىدىغانلىقىنى دەپ، كېيىنرەك سېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئۇچىسىغا قارا مۇۋۇتتىن تىكىلگەن كالتە پەشمەت كىيگەن قەددى ـ قامەتلىك سەككاكىي ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىدى. ئۇ ھېچقانداق ئەيمەنمەي، ئەل ـ يۇرتىغا



www.uyghurkitap.com

بولغان مۇھەببەت ئاتا قىلغان كۈچ ۋە قۇدرەت بىلەن، خاسىيەتلىك كۆزلىرىدىن نۇر چېچىپ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەۋدىسى يوغان قاراجار مۇتەپەككۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئارىلاپ - ئارىلاپ لىڭشىتىپ قوياتتى. موڭغۇللارنىڭ بۇ ئالىي دەرىجىلىك مۆتىۋىرى، سەككاكىينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئالاھىدە ئىقتىدارلىق دانىشمەنلىكىنى تونۇپ يېتىۋاتاتتى.

— خان ئەل - يۇرتنىڭ ئاتىسى! خان ئەل - يۇرتنىڭ سۆيىدە ئېقىپ ئوتىدا كۆيسە، بۇنداق ئەل - يۇرت روناق تاپىدۇ؛ ئەكسىچە، زۇلۇم ۋە زورلۇق بىلەن ئەلنى قاڭغىر - قاقشاتسا، بۇنداق خاننىڭ تەختىمۇ ئۇزاققا بارماي ۋەيران بولىدۇ! بۇ بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن ئۇزۇن تارىخنىڭ خۇلاسىسى! مەن بۇ سۆزلىرىم بىلەن قاياسنىڭ يېنىغا شاھانە ئارامگاھ سېلىشقا قارشى چىقىۋاتقىنىم يوق، بەلكى خەنزۇ ۋەزىر دېگەندەك، تېخى بۇنداق ئارامگاھلارنى سالىدىغان شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى ئەسكەرتىشتىن ئىبارەت. ئوردا خەزىنىنىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزگە ئايان. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان شارائىتتا، نۇرغۇن ئىقتىساد بىلەن سېلىنىدىغان ئارامگاھنى توختىتىپ تۇرۇش دانالىق بولىدۇ. ئوردا خەزىنىسى ياخشى بولمايۋاتقان ئەھۋالدا، خەلققە سېلىق سالماي بۇ ئارامگاھنى ياسىغىلى بولمايدۇ. ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭ ۋە جېدەللەر بىلەن خەلقنىڭ يىلىكى ئۈزۈلدى. خەلق تېخى ھاللىق كۈنلەرگە يەتمەي تۇرۇپ ئۈستىلەپ سېلىق سالساق، ئۇلار تۆلىيەلەمدۇ؟! ياق! ئەل - يۇرتنى ئويلايلى! خەلقنى

بىر ئاز ياخشى كۈنلەرگە يەتكۈزەيلى! ئاندىن ھەشەمەتلىك ئارامگاھنى ئويلاشساقمۇ بولىدىغۇ!؟ ئۇ چاغدا خەلق قىزغىنلىق بىلەن سېلىق تۆلەيدۇ.

چاغاتاينىڭ چىرايى تۈتۈلۈپ، قاش - قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ سەككاكىيغا قارايتتى. ئۇ ئۆز خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەن بۇ ئادەمگە بولغان ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. قاراپ تۇرغان ئامىد، چاغاتاينىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ چىدالمىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سەككاكىيغا قارشى چىقتى.

— خەنزۇ ۋەزىر بىلەن سەككاكىينىڭ سۆزلىرى قۇرۇق گەپ! مەن بۇ تەكلىپىمنى ھەممە تەرەپنى تەھلىل قىلىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاندىن بەردىم. ئارامگاھقا كېتىدىغان ئىقتىسادنىڭ بىر قىسمىنى مەن ئۈستۈمگە ئالىدىغانلىقىمنىمۇ چاغاتاي ئالىيلىرىغا دېدىم. بۇ قېتىم خەلققە سېلىنىدىغان سېلىق كۆپ بولمايدۇ. بىزگە بېقىنىدىغان ھەرقايسى كىچىك خانلىقلارمۇ سېلىق تۆلەيدۇ...

ئامىدنىڭ سۆزلىرى كېڭەشكە قايتا جان ئاتا قىلغاندەك بولدى. ئارامگاھ سېلىشنى قوللىغانلار يەنە جانلىنىپ ئۆز ئارا كۇسۇرلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا قاراجار سۆز باشلاپ قالدى. ئىككى مەڭزى خىلىلا تومپىيىپ چىققان، يۈزى كەڭ، كۆزلىرى يوغان قاراجار خۇددى ھۆكۈم چىقىرىدىغان قازىدەك سۆزىنى باشلىدى.

— مەن يۈسۈف سەككاكىينىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن. خان ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنى ئويلىشى كېرەك. ئۇ خەلقىگە ياخشىلىق قىلسا، خەلقىمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق

قىلىدۇ. بىز چاغاتاي خانغا شاھانە ئارامگاھ قىلىپ بېرىمىز! خانلىقنىڭ خەزىنىسى، خەلقنىڭ يانچۇقى بىر ئاز پۇل كۆرسۇن! مانا شۇ چاغدا جاھاننىڭ كۆزى قىلىپ، ھۆرمەتلىك خانىمىزغا شاھانە ئارامگاھ — «قۇتلۇق»نى ياساپ بېرىمىز! مەن ئويلايمەن، چاغاتايمۇ ئەلنىڭ غېمىنى يېمەي ئۆزىنى دەيدىغانلاردىن ئەمەس! ئۇ «قۇتلۇق»نى سەل كېچىكتۇرۇپ قۇرۇشقا قوشۇلىدۇ دەپ قارايمەن.

كېڭەش ئەھلىنىڭ كۆزى چاغاتايغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ قانداق دەيدىغانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئۇلۇغ قولى بىلەن چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ ئولۇغ تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ ئولتۇرغان خاننىڭ كۆزلىرىدىن خىيال ئۇچاتتى. ئۇ بىر قارارغا كېلىپ كېڭەش ئەھلىگە قارىدى.

— بولىدۇ. مەن تاقەت قىلىپ بىر مەزگىل كۈتەي! راست، بىر خانلىقنىڭ خانى تۇرۇپ، خانلىقىمنىڭ ۋە خەلقىمنىڭ غېمىنى يېمىسەم بولامدۇ؟! بۈگۈنكى كېڭەش مۇشۇ يەردە تۈگىدى...

ئامىدنىڭ بېشى چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىدىن قاتتىق غەم - قايغۇغا چۆكتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سەككاكىي ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك سەت كۆرۈنۈپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆچمەنلىكى قايناپ چىقاتتى. ئۇ شۇ تاپتا سەككاكىينى ئىغىز چىشىغا ئېلىپ چايناپ پۇركۈۋەتكىسى كەلگەندەك بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

قۇتبىدىننىڭ ئوغلى پەرىشان ھالدا ئوردىدا بولغان كېڭەشتىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

«خەپ! — دەيتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ

تورۇسقا قاراپ يېتىپ،ــ پەرىزاتتەك قىزنىڭ بولمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈپ بولاتتىڭ! سېنىڭ يەر ئۈستىدە ماڭدۇرۇپ چاترىقىڭدىن شامال ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ ھۆسن ـ جامالى ئالەمدە بىر قىزنىڭ!...»

ئۇ خىيالدىن توختاپ دېرىزە تەرەپكە قارىدى، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كىرىپ ئاستا پىچىرلىدى: «ئەلچى كىرگۈزەمدۇ ـ يە! ياق، سەككاكىي ھازىر كۆكتاشقا چىقىۋالدى. ئۇنى پەسكە چۈشۈرمەي تۇرۇپ ئەلچى كىرگۈزسەم، قىزىنى ماڭا بەرمەيدۇ. ماڭا تەقدىرنىڭ قاپىقى تۇرۇلگەن بۇ كۈنلەر داۋاملىشىۋەرمەس، ماڭا ئاسماندىكى قۇياشمۇ كۈلۈپ قارايدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر...»

ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى بىلدى.

ــ ئاكا! چاپچالغا ئەۋەتكەن يىگىتىڭ كەلدى!...

ــ كۈنسۈلۈ، ئۇنى يېنىمغا كىرگۈزۈۋەت!...

ئامىد سىڭلىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

ــ ئاكام سىزنى يېنىمغا كىرسۇن! ــ دەيدۇ.

تېخىچىلا ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، تورۇسقا قاراپ ياتقان ئامىد: «نۇربەگنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىپ كەلگەنمىدۇ؟» دېگەن خىيالنى تۈگىتىشكە، ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە ئاۋاق، خۇش پىچىم بىر يىگىت كىردى. خاباش ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ، تاپىسىدا قول باغلاپ سالام قىلغان مۇلازىم يىگىتنى ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى. جۇدەڭگۈ چىراي، قىزىل بۇرۇن، قىسقا بۇرۇتلۇق، كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق يېغىپ

تۇرىدىغان يىگىت ئىشكىنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرۇپ ئامىدقا قارىدى.

— نۇربەگلەرنىڭ تاغدىكى ئورنىنى بىلىپ كېلەلىدىڭمۇ؟ — دېدى خاباش ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مۇلازىمغا پەرىشان قاراپ.

— بىلىپ كەلدىم...

ئىككىسى ئۆينىڭ دېرىزىسى قىزىرىپ، ئارقىدىن قارايغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. چاغاتاينىڭ ۋەزىرى ئۆز خاقانىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يېڭى كوزىرىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۆيدە ئىشلەيدىغان ئايال ئۈچ شام يېنىۋاتقان شامدانىنى كۆتۈرۈپ كىردى...

— بىرقانچە كۈننىڭ ئىچىدە ئۈنىڭدەك يىگىتتىن تېپىپ ئېلىپ كەلگىن!

— بولىدۇ!...

※ ※ ※

گۈل - چېچەكلىك باهار ئۆتۈپ، ئىسسىق ئاپتاپلىق ياز پەسلى كەلگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. نۇربەگلەر «ئەۋلىيا ئاتا» نىڭ يېنىدىكى بوككىدە قارىغايلىق ئىچىدىكى يەنە بىر تاغ تۇرادا ياشاۋاتقىنىغىمۇ خېلى بولدى. ئۆلچەم بىلەن تەپتەكشى كېسىلگەن قارىغاي لىملىرى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ياسىلىدىغان ياغاچ ئۆينىڭ تۆت تېمى پۈتۈپ، بۈگۈن ئۇلار ئۈستىنى يېپىۋاتاتتى.

قارىغايلىق تاغ ئارىسىدا يېقىملىق ناخشا جاراڭلايتتى. يىگىتنىڭ مەردانە، مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك

ناخشىسى ئىشلەۋاتقان يىگىتلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە تېگىپ، ئاجايىپ جۇشقۇنلۇق قوزغايتتى. ئۇلار گاھى ئىشتىن توختاپ ناخشىغا قۇلاق سالغىنىچە ھاياجاندا تۇرۇپ قالاتتى. نۇربەگمۇ قولىغا قىلىچ ئېلىپ، جەڭ مەيدانىغا كۆكرەك كېرىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى.

«چىقىپ بۈگۈن تاغلارغا گۈلخان ياقتۇق،
ئالتۇن ئۇچقۇنلىرى چېچىلدى ھەر يان.
ئاق قارلىق چوققىلارغا قانات قاقتۇق،
ئەل — يۇرتنىڭ ئارزۇ — ئويى بىزگە پەرمان!

قىلىچ تۇتۇپ كىرەرمىز قانلىق جەڭگە،
تاغۇتاش، دالالاردا ئات ئوينىتىپ.
كىردۇ كۈنچىقىشمۇ چوغدەك رەڭگە،
بارىنى ئازاد كۈنلەردە شاد تويلىتىپ...»

نۇرلۇق پەرىشتە — قۇياش ئۆزىنىڭ ئىسسىق نۇرىنى چېچىپ «ئەۋلىيا ئاتا» تەرەپكە يېقىنلاپ كېلەتتى. سەھەر تۇرۇپ ئىشلىگەن يىگىتلەر خېلىلا چارچىدى. دەم ئېلىش — گويا كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى كۈچەيتىدىغان ماي. نۇربەگ ئۆز يىگىتلىرىگە دەم ئېلىش جاكارلىدى. بىردەمدىلا غولىغا قۇچاق يەتمەيدىغان ھەيۋەتلىك قارىغاينىڭ ئاستىغا توپلانغان يىگىتلەر كۆڭۈللۈك پاراڭغا چۈشتى. بەزىلىرى تاماكا چېكىپ خۇماردىن چىقسا، بەزىلىرى چاقچاق قىلىپ كۈلكە بىلەن ھاردۇقىنى چىقىراتتى.

ئىلىلىق چاقچاقسىز كۆن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يەۋاتقىنى زاغرا، ئىچىۋاتقىنى قايناق سۇ بولسىمۇ، چاقچاق بىلەن يارۇ دوست، خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۈلدۈرۈپ، ھەسرەتلىك سورۇننى، غېرىب ئۆيىنى شادلاندۇرىدۇ. ئۇلاردا بۇ خاراكتېرنى بۇ يۇرتنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى ياراتقانمىكىن؟ يا ئۇلار تارقاتقان جاپا ـ مۇشەققەت، كۆرگەن زۇلۇم ـ زورلۇق بارلىققا كەلتۈرگەنمىكىن؟!... ئىشقىلىپ ئىلىلىق: «ئۆلۈمدىن باشقىسىنى تاماشا» دەيدىغان ئاجايىپ خەلق!...

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەخگاكام ئالمالىققا بېرىپ بىر مانتىخانىغا كىرىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، — دەپ سۆزلەيتتى قارىغاي غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بۇرۇتلۇق، قارا قاش يىگىت بۇرادەرلىرىگە قاراپ، — مانتىپەز: «تامىبىلىڭ مايلاشمىسا، پۇل بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ مېھمانلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئەخگاۋاي مانتىخانىغا كىرىپ تويغۇچە يەپتۇ، تامىلى بۇلغاناپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پۇل تۆلىمەي ئىشىككە قاراپ مېڭىپتۇ. سېمىز مانتىپەز يېگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەي چىقىپ كېتىۋاتقان ئەخگاكامغا قاراپ:

«ھەي ئاكا، يېگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىڭ!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

«تامىبىلىم بۇلغانمىسا، نېمىدەپ پۇل تۆلىگۈندەكمەن!؟ يا تامىبىلىمنىڭ ئىېغىنى كۆرۈپ باقامسەن؟!» دەپتۇ ئەخگاكام لىغىلداپ تۇرغان مانتىپەزگە قاراپ.

www.uyghurkitap.com

مانتا يەۋاتقانلارنىڭ قاقاھلاپ كۇلگەن كۇلكىسى ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ يېپىپتۇ.

«ئاكا، بۇ بىر خېرىدار چاقىرىش سۆزىغۇ؟! پۇل تۆلىمەي بىكار يەيدىغان مانتا نەدە بار؟! يېگەن مانتىڭىزنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ مېڭىڭ!...»

«ئەسلىدە مانتا يېگەنلەر ئەمەس، سەن ئۆزۇڭ تامبال بۇلغايدىغانلاردىن ئوخشىمامسەن؟! ئەركەك دېگەن ئۆز سۆزىدە تۇرۇشى كېرەك! بولمىسا، بېشىڭغا ياغلىق تاڭ، ئاندىن پۇلىنى تۆلەيمەن!» دەپتۇ ئەڭگاكام ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

سېمىز مانتىپەز خىرقىراپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ، چەكچىيىپ قوللىرىنى سوزغان پېتى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ...

قارىغاي ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن كۇلكە، قارىغاينىڭ شاخلىرىنىمۇ كۇلدۇرۇۋەتكەندەك بولدى...

— كىم ئۇ كېلىۋاتقان؟ — دېدى كوسا بىر يىگىت «ئەۋلىيا ئاتا» تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆرۈپ.

يىگىتلەر كۇلكىسىنى توختىتىپ كېلىۋاتقان ئاتلىققا تىكىلدى.

— نۇردۇنغۇ!— دېدى بۇرنى بۇركۇت تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان بىرى كېلىۋاتقان ئاتلىقنى تونۇپ.

— نېمىدەپ كەلگەندۇ؟!— دېدى نۇربەگ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ھەيرانلىق بىلەن سۆزلەپ، ئۇنىڭچە يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، يۇمىلاق يۈزلۈك يىگىت يېتىپ كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى، ئۇ ئولتۇرغانلارغا سالام قىلىپ ھەممىسىگە قارىدى.

— ئېتىڭنى باغلاپ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرغىن!— دېدى نۇربەگ نۇردۇنغا قاراپ. كەلگەن يىگىت ئېتىنى بىر قارىغايغا باغلاپ، ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ باداشقان قۇردى.

— ھە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟— سورىدى نۇربەگ. ھەممەيلەن تەڭلا نۇردۇننىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— ئاخشام كۆز باغلانغاندا ئىككى ئادەم كېلىۋىدى، بۇگۈن چايدىن كېيىن يەنە ئىككىسى كەلدى. ئۇلار موڭغۇللارغا چېرىك بولغانلار ئىكەن. چېرىك بولۇپ تارتقان دەرد - ئازابىنى سۆزلىسە، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ، كۆزلەردىن ياش ئاققۇزىدۇ. ئۇلار ھازىر تۇزدە قالدى. مەن بۇ ئەھۋالنى سىزگە مەلۇم قىلغىلى كەلدىم. ئۇلار: «سىلەرگە قېتىلغىلى كەلدۇق!» دەيدۇ. قانداق قىلىسىز. ئۆزىمىزگە قوشۇۋالامدۇق، قانداق، ياكى قايتۇرۇۋېتەمدۇق؟!

نۇربەگ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى بېرىپ، كەلگەنلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئاندىن بىر پىكىرگە كېلىش ئويى بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— مەن باراي!— دېدى ئۇ نۇردۇنغا قاراپ، ئاندىن نۇربەگ ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرغان يىگىتلىرىگە تىكىلدى،— سىلەر ئىشنى توختاتماي ئىشلەۋېرىڭلار! مەن ھايال بولماي يېنىپ كېلىمەن...

※ ※ ※

ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە نۇربەگلەرنىڭ تاغ تۇراسىغا ئوندەك يىگىت كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى

دېگۈدەك كىيىملىرى كونا، يامالغان ۋە يىرتىلغان، چىرايلىرىدىن غەم - قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان يىگىرمە بەش ياشتىن ئوتتۇز بەش ياشلار ئارىسىدىكى ياشلاردەك كۆرۈنەتتى. كۈنبەگنىڭ ئوغلى كەينى - كەينىدىن كەلگەن يىگىتلەرگە قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان تاغ تۇراسىنى خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ بىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «يېزىدىكى بىلىدىغانلار دېمىسە، ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان بۇ تېغىنى كەلگەنلەر قانداق بىلىدۇ؟! چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرى پۇراپ يۇرۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە، بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىمىزنى كۆپ ئادەملەرنىڭ بىلىۋالغانلىقى ياخشى ئەھۋال ئەمەس! چاغاتاي چېرىكلىرىنىڭ بىزنى قورشاپ تۇتقىلى كېلىشى قاش - كىرپىك ئارىسىدىكى گەپ بولۇپ قاپتۇ. دەرھال چارىسىنى قىلمىساق بولمايدۇ!» دەپ ئويلىغان نۇربەگ، مۇشۇ ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە كەلگەنلەرنى يىغىپ سۆھبەتلەشتى.

— ئاقتۆپىگە كېلىپ، بىر ياخشى ئادەمگە ئۇچراپ قالدۇق، ئۇنىڭغا ھال - ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ، سىلەرنىڭ ئىز - دېرىكىڭلارنى سورىۋىدۇق، بىزگە ئىچى ئاغرىپ، تۇرغان يېرىڭلارنى ئېيتىپ بەردى...

— ئۇ ئادەمنىڭ ئېتى نېمىكەن؟! — سورىدى نۇربەگ سۆزلەۋاتقان بۇرنىنىڭ ئۈچى قىزىل، قىسقا بۇرۇتلۇق يىگىتكە قاراپ.

— سىلەرنىڭ تۇرغان يېرىڭلارنى بىلگەنلىكىمدىن خۇشال بولۇپ، ئۇ ئادەمدىن ئېتىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇق، — دېدى تەمتىرىمەي، سەل قىسىلغان كۆزلىرىدىن سىرلىق بىر تۇيغۇ تۆكۈلۈۋاتقان قامىتى خۇش پىچىم يىگىت نۇربەگكە قاراپ.

كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى موڭغۇللارغا چىرىك بولۇپ دەرد تارتقانلار بولسا، بەزىلىرى موڭغۇل بايلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلەپ زۇلۇم كۆرگەنلەر بولۇپ، ھەممىسى دىگۇدەك ئاغزىنى ئاچسىلا ئاھ ئۇرۇپ، كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكەتتى.

نۇربەگ ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قىزارغان كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ سىپىگە قوشۇۋېلىش قارارىغا كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چاغاتاينىڭ جاسۇسلارنى ئەۋەتىش ئىھتىمالى بارلىقىنى ئويلاپ، يەنىلا سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش ئويىدا بولدى. بۇ ئويىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يىقىنلىرىغا ئىيتىپ، ئۇلارغىمۇ يىڭىدىن كەلگەنلەرنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ يۈرۈشنى جىكىلىدى.

ئارىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. نۇربەگمۇ، نۇربەگنىڭ يىگىتلىرىمۇ يىڭىدىن كەلگەنلەرگە بولغان ھوشيارلىقىنى بۇرۇنقىدىن بوشاشتۇرۇپ قويدى. كەلگەنلەر تېزلا تاغ تۇرادىكى ئەزىمەتلەر بىلەن چىقىشىپ، ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتتى...

نۇربەگنىڭ يىگىتلىرى ئوتتۇزدىن ئىشىپ قالدى. «ئەۋلىيا چوققا»نىڭ يىنىدىكى يىڭى تاغ تۇراسىغا سالغان ياغاچ ئۆيلىرىمۇ پۈتتى. بۇرۇنقى تاغ تۇراسىدىكى ياغاچ ئۆينىڭ يىنىغا ياسىغان يەنە بىر ياغاچ ئۆيگىمۇ كىيىن كەلگەنلەر ئورۇنلىشىپمۇ بولدى.

ئالتۇن كۈز باشلىنىپ، تاغ تېرەكلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىدى. ئوت ـ چۆپلەرمۇ

پىشىپ، بۇرۇنقى ياپپېشىل قوڭۇر ــ زەپىرەڭگە ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئەتە ــ ئاخشىمى خىلىلا سوغۇق بولۇپ، يالاڭ چاپان بىلەن يۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. تەبىئەت ۋە تاغلارمۇ ئۆزگىرىۋاتاتتى. تاغ تۇرادىكىلەرچۇ؟! ئۇلارنى قانداق تەقدىر، قانداق قىسمەت كۈتۈۋاتقاندۇ؟!...

※ ※ ※

خىلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن ئون ئىككى ــ ئون ئۈچ كۈنلۈك ئاي تاغۇتاش، ئېگىز چوققا، ساي ــ سالا، ياپپېشىل قارىغايلىقلارنى ئاجايىپ چىرايلىق يورۇتاتتى. بۇ جىمجىت، گۈزەل ئالەمگە قارىساڭ قارىغۇڭ كېلەتتى. تەبىئەت ئۇيقۇدا، نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىمۇ ئۇيقۇدا... قارىغايلار ئارىسىدا تىنۋش چىقارماي يۈرگەن ئادەملەرلا ئويغاق. شۇنداق، بۇ ھاياتتا سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇكى، شۈملۈق زادىلا ئۇخلىمايتتى، بەلكى بۇنداق جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇدا ياتقان چاغدا، بۇ لەنىتى تېخىمۇ ئەدەپ كېتەتتى. بىر رەزىل سۈيىقەستنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئاشۇ قارىغايلار ئارىسىدا يۈرگەنلەر تاغ تۇراغا چىقىدىغان يالغۇز ئاتلىق يولنىڭ باش تەرىپىدە، قارىغايلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئاغزىغا لاتىنى تىقىپ، قارىغايغا چەمبەرچاس باغلاپ قويۇپ، ياغاچ ئۆي تەرەپكە كۆز ئۇزمەي قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ توقۇلغان ئاتلىرى ئىچكىرىسىدىرەك قارىغايلارغا باغلاقلىق تۇراتتى.

ئايدىڭ كېچە بارغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىۋاتاتتى. ھۆسنىگە تولۇشقا ئىككى ــ ئۈچ كۈن قالغان ئاي ئۆزى

گۈزەللەشتۈرگەن ئالەمگە كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. لېكىن، ئۇ بىر يوشۇرۇن سۈيىقەست، يوشۇرۇن شۇملۇق ھەرىكەتلىنىۋاتقان تاغ تۇراغا قاراپ گۈزەل چىرايىنى تۈردى. گويا بىر قارا يىلان ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ۋىشىلداپ قارىغايلار ئارىسىدا يۈرەتتى. قارىغايلار كەينىگە مۆكۈپ تۇرغان ئادەملەر ياغاچ ئۆيدىن كىمدۇر بىرىنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى...

تۈن يېرىمىغا يېقىنلاپ قالدى. كالتە پاختىلىق چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان نۇربەگ، ياغاچ ئۆيدىن بىرقانچە ئون چامدام يىراقتىكى قارىغاي ئاستىغا كېلىپ ئىشتانبېغىنى يەشتى. ئۇ كەينىدىن تىۋىش چىقارماي كېلىۋاتقان ئىككى يوغان ئادەمنى كۆرمىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كېلىپ ئېتىلىپ كۈنبەگنىڭ ئوغلىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئاغزىغا تەييارلاپ قويغان لاتىنى تىقىپ، بىردەمدىلا قوللىرىنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. ئىككى يوغان لەنتىنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك تۇيۇقسىز ۋە تېز بولدىكى، نۇربەگ قارشىلىق قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. يېڭىدىن سەرەمجانلىنىپ، يىگىتلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، جەڭ باشلاش ئالدىدا تۇرغان تاغ تۇرانىڭ سەردارى مانا شۇنداق ئامىدىنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

نۇربەگنى ئالدىغا سېلىپ ماڭغانلار توقۇلغان ئاتلىرى باغلانغان قارىغايلىققا كېلىپ، ئاتلىرىنى يېشىپ ئاتلىرىغا مىندى. قولى باغلانغان نۇربەگنى بىرىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ، قارىغاي ئارىلاپ سايغا قاراپ يول ئالدى. قوللىرى باغلانغان، ئاغزىغا لاتا تىقىلغان

www.uygurkitap.com

قاراۋۇللار قارىغايغا باغلانغان پېتى قالدى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلالماي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيتتى. ھېچنىمىنى سەزمىگەن تاغ تۇرا ئۇخلايتتى. ئۇخلاۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك سەردارىنى — جانجىگەر سەپدىشىنى بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىرقانچە تۇركۈمگە بۆلۈنۈپ كەلگەنلەرنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— ئىشىمىزنى خۇدايىم قوللاپ ئوڭۇشلۇق بولدى. ئامىد جانابلىرىنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتەمدىكىن؟! — دېدى ساي ئىچىدىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان، ئاي نۇرىدا جۇلالىنىپ ئالتۇن سۇيىدەك كۆرۈنۈۋاتقان تاغ سۈيىنى بويلاپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى.

— ئۇ بۇ تاغ قاپلىنىنى موڭغۇل خانىغا تۇتۇپ بېرىپ نەچچە يۈز تىللا ئالىدۇ دەڭلا! بىزگە بېرىدىغىنى ئون تىللا، قالغىنىنى غوجايىن جاپا تارتماي موككىدە سوقىدىغان بولدى!

ئۇلار سايدىن چىقىپ، تاغ باغرى بويلاپ ئۆرلەيدىغان يول بىلەن بىر تۆپىلىككە چىقاتتى. قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان نۇربەگ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدا يەنىلا شۇ تىقىلغان لاتا تۇراتتى.

«ئاھ!... — دەيتتى ئۇنىڭ يۈرىكى تىتىلىپ، — ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم، ئالىدىغان قىساسلىرىمنىڭ ھەممىسى تۇتۇندەك توزۇدى. قولۇم باغلىنىپ، يۈرەك ـ باغرىم داغلىنىپ، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدىم. نېمىشقا بۇ لەنتىلەرگە ئالدىنىپ قالدىم؟! بۇ ھاياتتا سېنىڭدىن

ئۆتمىگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىشىنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەسكەن! گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، بۇلار ئامىدىنىڭ ئادەملىرىدەك قىلىدۇ. ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن، موڭغۇللاردىن زۇلۇم كۆرگەنلەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بىزنى ئالداپتۇ. بىز نېمىشقا بىلەلمىدۇق؟! خۇدا! ئاتام كۈنبەگ، ئانام ھۆرىگۈل ئۆز قەبرىسىدە مېنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ قان يىغلاۋاتقاندۇ؟! راستلا بۇ قېتىم مۇشۇنداقلا ــ ئىز ـ دېرەكسىزلا ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟! مۇنۇ بىر ئوچۇم ئادەم ئەمەس نېمىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن، ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ خاملىقىنى بىلىۋاتىمەن! ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ يوللارغا قەدەم تاشلىغان ئادەم سامانىنىڭ تېگىدە شىرىلدىغان سۇنى، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدا ۋىشىلدىغان يىلاننى بىلىدىغان ئەقىل ۋە ھوشيارلىققا ئىگە بولمىسا بولمايدىكەن! مانا، مېنىڭدەك كۈنگە قالىدىكەن!...»

ئۇ خىيالدىن توختاپ ئەتراپىغا قارىدى. كۈنچىقىش تەرەپ ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئامىدىنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، تاغدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىغاندەك قىلاتتى.

«يىگىتلىرىم تېخىچە ئۇخلاۋاتقانمىدۇ؟! مېنىڭ تۇتۇلغانلىقىمنى، كېيىن كەلگەن لەنىتىلەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلمىگەنمىدۇ؟! ئەگەر ئۇلار بىلگەن بولسا، بۇ چاغقىچە قوغلاپ كېلەتتى. ھەسرەتتە! نېمىدېگەن شور تەلەيمەن!؟ ئانامنىڭ قىساسىنىمۇ ئالالمايدىغان بولدۇم! ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ قىساسىنىمۇ ئالالمايدىغان بولدۇم. ئەڭ بولمىغاندا بىر قېتىم قىلىچ كۆتۈرۈپ جەڭ قىلىپ،

دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسام، بۇنداق ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرمايتتىم!...»

يىگىتنىڭ كۆز ياشلىرى قان بولۇپ ئاقاتتى. ئالدىدىكى ئۇزۇنتۇرا مۇناپىق نۇربەگنىڭ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھوي، مىچىلداپ يىغلىغىلى تۇردۇڭغۇ!؟ بىزنى ئېرىيدۇ دەمسەن؟! ياق! بىز ھەممە يەردە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ پىشىپ كەتكەنلەردىن، تىل-تاياقمۇ كار قىلمايدىغانلاردىن، پۇلنىلا تونۇپ باشقا ھېچنېمىنى تونۇمايدىغانلاردىن!

راست، ئۇلار ئار-نومۇس، ۋىجدان دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئەل-يۇرت، قېرىنداش، مىللەت دېگەنلەرنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەسكىلىكنىڭ قازىنىدا پىشىپ چىققانلاردىن ھېسابلىناتتى. «ئاناڭنى ئۆلتۈرۈپ كەلسەڭ، بىر تىللا بېرىمەن!» دېسە، بېرىپ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ كېلەتتى...

«ياق! مەن سەنلەردىن رەھىم-شەپقەت تىلەۋاتمايمەن. ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ پىشمىغان خاملىقىمدىن، بىر قېتىم قىلىچ تۇتۇپ جەڭ قىلماي، سەندەك بىرنېمىلەرگە ئالدىنىپ قالغانلىقىمدىن يىغلاۋاتىمەن! ئەل-يۇرتۇمنىڭ ئازادلىقى ئۇچۇن جەڭ قىلىپ ئۆلگەن بولسام قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۆلەتتىم!»

ئاقتۆپە يېزىسىنىڭ باش تەرىپىدىن ئۆتكەن ئامىدنىڭ ئادەملىرى، قارا دالاغا چۈشۈپ، مىڭلاقا[1] قاراپ

---

① مىڭلاق — غۇلجا شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ئېتى.

ئاتلىرىنى تېز يورتىپ ماڭدى. ئۇلار كېمە بىلەن ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئالمالىققا قاراپ ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇرىدى...

كۈنچىقىش تەرەپ بارغانسېرى قىزىرىپ ئوت كەتكەندەك لاۋۇلدايتتى. ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلار، زېمىندىكى دەل - دەرەخ، تاغ ۋە دالالار چوغدەك جۇلالىنىپ ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# كۇنسۇلۇنىڭ يۇرىكىدە ئوت

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يوغان، ئالاھىدە بېزەلگەن ئاق ئۆيىدە، ياغاچ كارىۋاتتا، ئېگىز قويۇلغان ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يېتىپ، تۆۋەندە قاتار ئولتۇرغان ئوغۇللىرىغا قاراپ ئاستا سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلغان چاچلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ، كۆزلىرى بۇرۇنقىدەك چاقنىماي، نۇرى يوقالغاندەك خىرە كۆرۈنەتتى.

ياغاچ كارىۋات بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئارىسى يېقىن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ تىرىك ئۇرۇش تەڭرىسىنىڭ قىينىلىپ ئېلىۋاتقان تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئوغۇللارنىڭ باش تەرىپىدە تۇرقىدىن جاھىللىق ۋە مەنمەنلىك چىقىپ تۇرغان مۇشۇك كۆزلۈك چاغاتاي، ئاندىن چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىنىڭ تەخت ۋارىسى ئۆگەداي، ئاخىرىدا تولى ئولتۇراتتى. ئوغۇللار ئاتىسىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى.

— مېنى، — دەپ سۆزلەيتتى چىڭگىزخان ھاۋا يېتىشمىگەندەك ھاسىراپ، — كۆك تەڭرىم ئۆز دەرگاھىغا چاقىردى. مەن دۇنيانىڭ يېرىمىنى دىگۈدەك

ئۆزۈمگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى بولدۇم. بۇنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە، كۆك تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان شاپائىتى. ئۇ چاقىرغان چاغدا يېنىغا بارمىسام بولامدۇ؟! كۆك تەڭرىم مېنى ئالايتەن چاقىرغانىكەن. سالام بېرىپ كىلەي! سىلەر مەن كەلگۈچە، ئۇگەداينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەپ تۇرۇڭلار! خوش! مەن كەتتىم...

چىڭگىزخان ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاق ئۆينىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن ئۇچۇپ چىقتى. ئۇچ ئوغلى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈگۈردى. ئۇلار تالاغا چىقىپ، ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئاتىسىغا قارىدى. ئاسمانغا قاراپ قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چىڭگىزخان قارا بۇركۈتكە ئايلىنىپ ئۇچۇۋاتاتتى. قارا قاناتلىرىنى ئۇزۇن يايغان بۇركۈت بارغانسېرى ئېگىزلەپ، ئاستا ـ ئاستا كىچىكلەپ، ئاخىر كۆزلەردىن غايىب بولدى. بايىدىن ئۇن ـ تىنسىز قاراپ تۇرغان ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ قارا بۇركۈتكە ئايلىنىپ كۆزلىرىدىن غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئاتا!» دەپ توۋلاپ يىغلىشىپ كەتتى... ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئويغانغان چاغاتاي ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئۇ ھاسىرايتتى، تەرگە چۆمۈپ يۈرىكى سالاتتى...

كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىگەن خان چوڭقۇر خورسىندى. ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ چۈشىنىڭ سىرىنى يېشەلمىدى. چاغاتاينىڭ يۈرىكى تېخىچىلا بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە سوقاتتى. ئۇ ئۆزىنى ۋە يۈرىكىنى تىنچلاندۇرۇش نىيىتىدە قايتا ئورنىغا سوزۇلۇپ ياتقان بولسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئۇيقۇسى كەلمىدى.

قارا بۇركۇتكە ئايلىنىپ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن ئاتىسى زادىلا كۆزىدىن كەتمىدى...

تاڭ ئېتىپ قۇياشمۇ كۈنچىقىش ئۇپۇقىغا ئۆرلىدى. ناشتىنى ئالدىراپ قىلىپ ئوردىغا كەلگەن چاغاتاي مۇلازىم ئوغلانلىرىدىن بىرىنى مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى... ئۆزىنى شۈنچىلىك ئەتىگەندە خاننىڭ چاقىرتقانلىقىدىن ھەيران بولغان مۇتەپەككۇر ئوردىغا كېلىپ، چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردى. ئۇ سالام بېرىپ، تىنچ - ئامانلىقىنى سوراپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئولتۇرۇڭ! — دېدى چاغاتاي باش مەسلىھەتچىنىڭ سالىمىغا سالام بېرىپ جاۋاب قايتۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىرايتتى، چىرايىدا جىددىيلىك بىلەن ئەنسىزلىك قوشۇلغان بىر ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن بۈگۈن كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم. بۇ چۈشتىن يۈرىكىم ئەنسىزلىك ھېس قىلىپ خاتىرجەم بولالمىدىم. ئاخىر ئۆزلىرىنى بۇ چۈشۈمنى ئۆرۈپ بېرىشكە چاقىرتتىم.

خان كۆرگەن چۈشىنى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان قەددى - قامەتلىك باش مەسلىھەتچىسىگە تولۇق ۋە ئەينەن سۆزلەپ بەردى. پېشانىسى كەڭ، چىرايى بۇغداي ئۆڭ، مەڭز سۆڭەكلىرى سەل پۈلتىيىپ چىققان، بەستلىك سەككاكىي بىردەم ئويلىنىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارا ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى ئالاھىدە بىر خاسىيەت بار كۆزلىرى چاقناپ خىيال چاچاتتى.

— مەن ئاخشام يېتىشنىڭ ئالدىدا تۇزگە چىقىۋىدىم.

قاراقۇرۇم تەرەپتىكى يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشىغا كۆزۇم چۈشۈپ قالدى، — دەپ سۆز باشلىدى سەككاكىي چاغاتايغا يەنىلا شۇ خىيالچان كۆزلىرى ۋە جىددىي چىرايى بىلەن تىكىلىپ، — بىرچاغدا ئالاھىدە يوغان بىر يورۇق يۇلتۇز ئېقىپ كەتتى. ئۇ كەينىدە ئاجايىپ ئوچۇق ۋە پارلاق ئىز قالدۇرۇپ غايىب بولدى[1]، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ كۆرگىنىم بىلەن ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ چۈشى بىر يەردىن چىققاندەك قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، مېنىڭ كۆرگىنىم بىلەن سىلىنىڭ چۈشلىرى ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس!...

— نېمە؟ — دېدى چۆچۈگەن خان سەككاكىيغا چەكچىيىپ قاراپ، — ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس دېدىڭمۇ؟! ئوچۇقنى دېمەمسەن؟!

— خان ئالىيلىرى، دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ...

— سەن ئاتامغا بىرنېمە بولدى دېمەكچىمۇ؟!

سەككاكىي بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ، ئېنىق بىرنېمە دېمىدى...

مىلادىيە 1227 - يىلىنىڭ كۈز كەلگەن كۈنلىرىنىڭ بىرى. يەر - جاھان يېڭىدىن سارغىيىشقا باشلاپ، دەل -

---

① خاندەمىر ئۆزىنىڭ «تۈركىستان ۋە ماۋرەئۈننەھىردىكى موڭغۇل خانلىرى تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «سەككاكىي ئاسترولوگىيە (يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ ئالدىن بېشارەت بېرىش ئىلمى)، سېھىرگەرلىك، كىمىياگەرلىك قاتارلىق بىرقانچە تەرەپلەردىن بىلىمى چوڭقۇر بولغان» دېگەن. مېرخۇۋەندىنىڭ ئېيتىشىچە، سەككاكىي ئاسترولوگىيە، سېھىرگەرلىك ۋە كىمىياگەرلىكنىلا ئەمەس، بارلىق ئىسلام ۋە يۇنانىستان ئىلىملىرىنىمۇ تولۇق ئىگىلىگەن. «تۈرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2006 - يىللىق 2 - سان، 63 - بەت.

دەرەخلەرنىڭ دەسلەپكى يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ غازاڭغا ئايلىنىۋاتاتتى. چاغاتاي سەككاكىي بىلەن پاراڭلىشىپ، ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەي، بىر ئۇيغۇر چەۋەنداز بورخان خالدۇن تېغى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا يولدىكى جام ـ راباتلاردا مىنگەن ئېتىنى ئەڭ ياخشى ئاتلارغا ئالماشتۇرۇپ مىنىسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە يېزىپ بېرىلگەن خانلىقنىڭ يارلىقى بار ئىدى...

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا، ئەۋەتىلگەن چەۋەنداز بىلەن ئۇنىڭغا يولدا ئۇچرىغان دوغىلاق يىگىت چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسىغا ئەدەپ بىلەن ئۆكسۈلى يوق ھالەتتە كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھۆكرەپ يىغلاپ ئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى...

تاڭغۇت ۋە جىن سۇلالىسىگە قارشى ئىككى يۆنىلىشتە جەڭ قىلىۋاتقان چىڭگىزخان قوشۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىۋاتاتتى. بۇ غەلىبىلەردىن خۇشال بولغان موڭغۇللارنىڭ يېڭىلمەس ھۆكۈمرانى چىڭگىزخان ئوۋغا چىقتى. كەڭ دالادا ئۆز ئوۋىنى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئېتى بىرنېمىدىن ئۈركۈپ كېتىپ ئۆزى يەرگە قاتتىق يىقىلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن يەتمىش ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان چىڭگىزخان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۆز ئوغۇللىرى ئۇگەداي، تولى، نەۋرىسى ئىسكۈنكەنى (جۇجىنىڭ ئوغلى) ۋە نويان ـ سانغۇنلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا ئاخىرقى ئويلىغانلىرىنى سۆزلىدى:

— مېنىڭ مەڭگۈ كۆز يۇمىدىغان كۆنۈم يېقىنلاپ قالدى. ئەگەر تاڭغۇتلار تولۇق تەسلىم بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈمۈمنى مەخپىي تۇتۇپ ئېلان قىلماڭلار، ھېچكىم ئۇقمىسۇن، تاڭغۇت خانلىقى بولسۇن، جىن سۇلالىسى بولسۇن، تولۇق بويسۇندۇرۇلمىغىچە جەڭنى زادى توختىتىپ قويماڭلار!...

چىڭگىزخان مىلادىيە 1227 ـ يىلى كۆز باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى. ۋەسىيىتىگە ئاساسەن چىڭگىزخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، قاتتىق مەخپىيەتلىكىنى ساقلىغان ھالدا، جەسىتىنى بورخان خالدۇن تېغىغا ئەكېلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدى...

ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا ئالمالىق شەھىرىگە كىرىپ كەلگەن ئامىدىنىڭ ئادەملىرى خالىي كوچىلار بىلەن مېڭىپ يوغان ئاق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قوللىرى باغلانغان نۇربەگنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ دەرۋازىنى ئۇردى. دىۋىدەك يوغان يىگىت چىقىپ، كەلگەنلەرنى تونۇپ دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. ھويلىغا كىرگەن كۈنبەگنىڭ ئوغلى پېشايۋاندىن چۈشۈۋاتقان ئامىدىنى تونۇدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرۇپ ناشتىلىقنى چالا ـ بۇلا قىلغان خاباش ئوردىغا ماڭدى. ئەۋەتكەن ئادەملىرىنىڭ نۇربەگنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، كېچىنى ئۇخلىماي دېگۈدەك تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىنى كۈتۈپ ئۆتكۈزگەن ئامىد ئوردىغا كېلىپ، خاننىڭ مۇلازىملىرىدىن چاغاتاي خاننىڭ تۇيۇقسىز تۇنۇگۈن

www.uyghurkitap.com

بورخان خالدۇن تېغىغا كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئىچىدە: «نېمىشقا ئىشلىرىم يۇرۇشمەيدۇ؟! تەلىيىم شۇنچىلىك كاجمىدۇ؟!» دەپ ئاھ ئۇردى...

※ ※ ※

كۈنچىقىش تەرەپتىن چىقىۋاتقان تولۇن ئاي ئالەمنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ كېتەلمىسىمۇ، ئاق ئايدىڭ گۈزەللىكىگە بۆلەتتى...

ئۇخلىماي ئۆزى ياتىدىغان ئۆينىڭ دېرىزىسىدە هويلىغا قاراپ تۇرغان قەددى - قامىتى سەرۋىدەك، چىرايى كۈلۈپ تۇرغان ساھىبجامالنىڭ ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى قارشى تەرەپتىكى ئالدى لاپاسلىق ئېغىلنىڭ ئاستىدىكى ئىشىكى دۇكانلارنىڭ ئىشىكىدەك يوغان ۋە قوش قاناتلىق ئامبارغا تىكىلەتتى.

كۈنسۈلۈ ئاكىسىنىڭ ئادەملىرى قوللىرى باغلانغان، شەمشادتەك قەددى - قامەتلىك بىر يىگىتنى تۇنۇگۈن ئاخشام ئەل ياتار مەزگىلدە تۇتۇپ كېلىپ، ئالدىدىكى ئامبارغا سولىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈن بىر كۈن قىلغان - ئەتكىنى نامەلۇم بۇ يىگىتنى خىيال قىلىپ، خىياللىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

«قەددى - قامىتى شۇنچىلىك كېلىشكەن بۇ يىگىت كىمدۇر؟! ئۇ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەندۇ؟!» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىغان قىز ئۆزى بىلمەيدىغان بىر يىگىتنىڭ خىيالىنى قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن تىتىلداپ كەتتى.

ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى تىلسىماتلىق ئالەم. بەزىدە ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئادەملەرگە قىزىقىپ، ساق بېشىغا ئاغرىق تېپىۋالىدىغانلار يوقمۇ؟! بار! كۇنسۇلۇمۇ دەل شۇنداق كۇنگە قېلىۋاتاتتى. قىز ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ يىگىتكە قىزىقىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى، قوللىرى باغلانغۇدەك نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىۋاتاتتى. «ئاكىسىدىن سورىسۇنمۇ؟! ئاكىسىنىڭ يىگىتلىرىدىن سورىسۇنمۇ؟!» ئۇلارنىڭ دەپ بېرىدىغىنىغا گۇزەل ئىشەنمەيتتى...

كۇنسۇلۇ باش ـ ئايىغى چىقمايدىغان خىياللار ئىچىدە قىينىلىپ تۇرغىنىدا، ئاكىسى سارايدىن چىقىپ ئامبارغا قاراپ ماڭدى. لاپاسنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرغان قاراۋۇل غوجايىنىنى كۆرۈپ قول باغلىدى. خاباش قاراۋۇلدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئامبارنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۇنسۇلۇ تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا يورۇپ تۇرغان ئېغىلدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بىرچاغدا قاراۋۇل ئېغىلدىن چىقىپ، ئېغىلنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى خالا جايغا قاراپ ماڭدى. قىز بىردەم ئويلىنىپ، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ پېشايۋانغا چىقتى. ئۇ قاراۋۇلنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، پېشايۋاندىن چۈشۈپ، ئېغىلنىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىكى ئامبارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئېغىل بىلەن ئامبارنىڭ كۇنچىقىش تەرەپتىكى تېمى بىر بولۇپ، قاپقاقسىز دېرىزىسى كۇنچىقىشقا قارايتتى. كۇنسۇلۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر چېتىدىن ئىچىگە قارىدى. ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئېغىل

ئىچىدىكىلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بويى ئېگىز، قورساق سالغان ئامىد ئۇياقتىن - بۇياقتا مېڭىپ سۆزلەيتتى. گاھىدا كونا، غىچىلدايدىغان ياغاچ كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرغان نۇربەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنى تىككەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى.

كونسۇلۇ كۆزىنى دېرىزىدىن ئېلىپ، ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

— نۇربەگ! — دەيتتى ئاكىسى ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ، — سەن ھازىر جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدىكى سىرات كۆۋرۈكىدە تۇرۇۋاتىسەن، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلساڭ جەننەتكە كىرىسەن، قارشىلاشساڭ دوزاختا ئازابلىنىپ ئۆلىسەن! ساڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!... قارشىلىق قىلماي ئاناڭ ھۆرىگۈل چاغاتايغا تەگكەن بولسا خانىش بولاتتى. سەنمۇ ھەممە تەرەپتىن گۈل بولۇپ، ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشايتتىڭ. ئاناڭ ئۆزىگە ئۆزى قىلدى، سەنمۇ ئاناڭدەك قارشىلىشىش يولىغا ماڭدىڭ. سېنىڭدەك تۆت توك - توك چاغاتاي خانلىقىغا تەڭ كېلەلەمدۇ؟! ھازىر خانىنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتى بولۇپ قالدى. بولمىسا سەنلەرنى چېرىك ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلەلەيتتى، — ئامىدنىڭ سۆزى يۆتىلىپ كېتىپ ئۈزۈلۈپ قالدى، بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنىلا بىز بىر قېرىنداش بولغانلىقتىن ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان سېنىڭدەك بىر يىگىتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئازابلىنىمەن. ياخشىسى، ئۇكا، سۆزۈمنى ئاڭلاپ چاغاتايغا تەسلىم بول! تاغدىكى يىگىتلىرىڭنى

باشلاپ كېلىپ چاغاتايغا خىزمەت قىلغىن! شۇنداق قىلساڭ، مانا مەن چاغاتايغا دەپ سېنى ئەتىۋارلىتىمەن!...

كونسۇلۇ ئاكىسىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئاز - تولا بىلەتتى. بۇ قېتىم ئۆز قۇلىقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىدالماي قالدى...

— چاغاتاينىڭ ئەتىۋارلىشىغا سەنلا ئېرىشكىن! ماڭا بۇنداق ئەتىۋارلىق ۋە قەدىر - قىممەتنىڭ كېرىكى يوق! — دېدى نۇربەگ، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك مەردانە ۋە جاراڭلىق چىقاتتى، — مەن سېنىڭدەك چاغاتاينىڭ ياخشىلارنى چىشلەيدىغان ئىتى بولۇپ، «ھەممە تەرەپتىن گۈل بولۇپ، ماي ئىچىدىكى بۆرەك بولۇشنى» خالىمايمەن! مەن ئۆز ئەل - يۇرتۇمغا خائىنلىق، ئاتا - ئانامنىڭ پاك روھىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان ۋىجدانسىزلاردىن بولۇشنى تېخىمۇ خالىمايمەن! ئانام ھۆرىگۈلنىڭ ئاق سۈتى بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىمۇ، پاكلىقىمۇ، ۋىجدانلىق ۋە ئار - نومۇسچانلىقىمۇ، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىقلىقىمۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا كىرگەن! بۇ ئاق بىلەن قارا، كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭ ياشاۋاتقان جاھاندا، ياشاشنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ نېمىلىكىنى سەن بىلمەيسەن! سەن قارىغا، كېچىگە مەنسۇپ ئادەم، ئاق ۋە كۈندۈزدەك يورۇق ياشاشنىڭ گۈزەللىكىنى، قەدىر - قىممەتلىكىنى زادىلا بىلمەيسەن! ياشاش ئۇ يەپ - ئىچىشلا، ئويۇن - تاماشىلا، ھاۋايى ھەۋەسلا ئەمەس، بەلكى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەل - يۇرتۇڭغا ۋاپادار پەرزەنت بولۇپ، مېھىر - مۇھەببەت ئېتىزىڭدا بىر دانە شېكەر سۈيى يېتىلدۈرۈپ يېگۈزۈشتىن ئىبارەت! مانا بۇنى مەنىلىك ياشاش دېسەڭ

بولىدۇ. سىنىڭ قارا يۇزلۇك بىلەن چۆرگىلەيدىغان بىشىڭ بۇلارنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. مىنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىر مۇناپىققا ئايلاندۇرمەن دەپ ئاۋارە بولما! بۇركۇت هامان بۇركۇت، ئۇنىڭ قاغىغا ئايلانغىنىنى كۆرگەنمىدىڭ، ئامىد جانابلىرى؟!...

كۇنسۇلۇ ئاكىسىنىڭ چىقىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۇتىنىڭ ئۇچىدا تىۋىش چىقارماي دىرىزىنىڭ يىنىدىن ئايرىلدى. ئۇ پىشايۋانغا چىققاندا، خالادىن كىلىۋاتقان قاراۋۇلنى كۆردى. قىز نۇربەگنىڭ ئالتۇندەك سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە ئاجايىپ بىر تۇيغۇ بىلەن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نۇربەگ — سۇمباتلىق، تىللاردا داستان يىگىت كىلەتتى...

※ ※ ※

كۇنسۇلۇ ياتىدىغان ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ دىرىزىنىڭ ئالدىغا كىلىپ، ئىغىل تەرەپكە تىكىلدى. قاراۋۇل ئامبار ئىشىكى يىنىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئاكىسى ئۆز سۆزلىرىنى قەيسەر يىگىتكە يىگۈزەلمەي ئامباردىن چىقىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

دىرىزىنىڭ سىرتىدىكى يەرۇئاسمان شۇنچىلىك ئاق ئايدىڭ ئىدىكى، يىتكەن يىڭنىنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. تىخى ئاي جەنۇب ئاسمىنىغا ئۆتمىگەن بولسىمۇ، يىقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

ساھىبجامال دىرىزىدىن تالاغا قاراپ تۇرۇپ خىيالغا كەتتى. خىيال ئاللانىڭ ئادەملەرگە ئاتا قىلغان ئەڭ



www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ سوۋغىسى. ئادەم خىيالسىز ياشيالمايدۇ. ئۇ خىيال بىلەنلا ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ. كۆڭۈلنىڭ سىرلىرىنىمۇ خىيال ئارقىلىقلا ئاشكارىلالايدۇ. خىيال قىلغۇچىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىنى كۆرسىتىدىغان جاھاننامە ئەينىكى.

«يىگىتنىڭ ئىسمى نۇربەگ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇ چاغاتاي ئالىمەن دېگەن، ئاقتۆپىلىك ھۆرىگۈل دېگەن گۈزەل ئايالنىڭ ئوغلى. يات مىللەتتىن بولغان چاغاتايغا تېگىپ شاھانە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشتا ياشاشنى راۋا كۆرمەي، ئار - نومۇس، ۋىجدان، مىللىي ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىگە بولغان ۋاپادارلىق ۋە سادىقلىقنى ئاقلاپ ئۆلۈۋالغان ھۆرىگۈل ھەققەتەنمۇ تىللاردا داستان قىلغۇدەك ئۇلۇغ ئايال! ئۇ مىللىتىمىزنىڭ مەڭگۈ سولمايدىغان خۇش پۇراق گۈلى! ئۇ ئەسىرلەر ئەتىۋارلاپ، ياخشى كۆرۈپ، ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئېيتىدىغان گۈزەل ناخشا! شۇنداق دېسەم بولىدۇكى، ھۆرىگۈلنىڭ ئۆلۈمى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتىنى خەلقئالەمگە كۆرەك قىلدى!...»

ئاتىسى بىر، ئانىسى بىر ئاكا - سىڭىلنىڭ پەرقى ئاسمان بىلەن زېمىندەك بولۇۋاتقانلىقى كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ئاكىسى ئامىد قارىنىڭ، قاراڭغۇ كېچىنىڭ، شەيتاننىڭ مۇرتى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. سىڭلىسى كۈنسۇلۇ ئاقنىڭ، كۈندۈزنىڭ، خىزىرنىڭ مۇرتى ئىكەنلىكىمۇ مانا ئايان بولماقتا. بىر ئائىلىدە ئۆسكەن بۇ ئىككى قېرىنداش نېمىشقا ئاق بىلەن

قارىدەك، كىچە بىلەن ـ كۈندۈزدەك، خىزىر بىلەن شەيتاندەك بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدۇ؟! ئۇلارنىڭ ئىچكەن چېيى، يېگەن نېنى ۋە تامىقى بىرغۇ؟! نېمىشقا بۈگۈن ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئوخشاشمايدىغان بولۇپ قالدى؟! تەقدىر ئىككىسىنى باشتىلا شۇنداق ياراتقانمىدۇ؟! يا ئۇلار تۇغۇلغاندا ئوخشاش بولۇپ، ئاق ـ قارىنى تونۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي قالغانمىدۇ؟!

كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ ئۆسكەن بالا ئامىدقا ئايلىنامدۇ؟! باشقا بالىلارنىڭ قولىدىكى تاتلىقنى بۇلاپ يەيدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ قىلدەك بىرنېمىسىنى باشقىلارغا تۇتقۇزمايدىغان سەبىي ئاخىر بېرىپ، ئۆزىنىڭ شېكەري مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرقانداق يامانلىقنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولۇپ چىقامدۇ؟!

ئۆزىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان، باشقا بالىلار بىلەن چىقىشىپ ئوينىيالايدىغان، قولىدىكىنى باشقا بالىلاردىن ئايىمايدىغان بالا ئاخىر كۈنسۈلۈ بولامدۇ؟! مۇشۇ بىر بىخ بۇ گۈزەل قىزنى خۇش پۇراق چاچىدىغان گۈلگە ئايلاندۇرغانمىدۇ؟!

بۇ ئويلىنىدىغان مەسىلە، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان دەۋردىكى سەبىيلەرگە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تازا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟!

كۈنسۈلۈ بارغانسېرى خىيال ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ نۆربەگنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ بايا ئاكىسىغا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ ئويلىغانسېرى ۋە ئەسلىگەنسېرى نۆربەگكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

«بوي ـ تۇرقىمۇ خېلىلا قاملاشقان يىگىتتەك قىلىدۇ. چىرايىنى كۆرەلمىدىم، قانداقكىن؟ لېكىن، يىگىتنىڭ قەلبى جاراڭلاپ تۇرغان گۈزەل ناخشىغىلا ئوخشايدىكەن! ئۇنىڭ ئاكامغا دېگەن سۆزلىرى قەلبىنىڭ سۈرىتى ئەمەسمۇ؟! تىل دەل دىلنىڭ سۈرىتى. دىلى قانداق بولسا، تىلىمۇ شۇنداق بولىدۇ. تۆمۈردىن قان چىقىدۇ، زادىلا سۇ چىقمايدۇ. شۇنداق، نۇربەگنىڭ گۈزەل ناخشىدەك سۆزلىرى، ئۇنىڭ گۈزەل يۈرىكىنىڭ ئۆزى! ئۇنىڭ ياشاش ھەققىدىكى سۆزلىرى نېمىدېگەن گۈزەل!؟ مۇشۇنداق يىگىتنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ ئۆتسەڭ بەخت ئەمەسمۇ؟!»

كۈنسۈلۈ ھاياجانلىنىپ بىردەم خىيالدىن توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ئاجايىپ بىر تۇيغۇلار بىلەن سوقاتتى. بۇ قانداق ھېسسىياتتۇر؟! قىز بۇ ھېسسىياتنىڭ ھەم شېرىن، ھەم چۈچۈك، ھەم قىيىنايدىغانلىقىنى سېزەتتى.

«راست،— دەپ ئويلايتتى كۈنسۈلۈ ھاياجان ۋە ئۆزىمۇ بىلمىگەن تۇيغۇلار ئىچىدە،— ئادەم يەپ ـ ئىچىش، كىيىش، ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈنلا دۇنياغا كېلەمدۇ؟! يەپ ـ ئىچىش، كىيىش دېگەنلەر ياشاشنىڭ شەرتى، لېكىن مەنىسى، قەدىر ـ قىممىتى ئەمەس! پەقەت يەپ ـ ئىچىش، كىيىش ۋە ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈنلا ياشىسا، بۇنداق ئۆمۈرنىڭ ھايۋانلاردىن نېمە پەرقى بار؟! نۇربەگ توغرا دېدى: «ئالەم ئاق بىلەن قارا، كېچە بىلەن كۈندۈز، شەيتان بىلەن خىزىر ئېلىشىۋاتقان ئالەم! سەن قايسى تەرەپتە تۇرىسەن؟! مېنىڭ ئاكام قارا، كېچە ۋە شەيتان تەرەپتە تۇرۇپ، ئۆز ئۆمرىنى خۇشامەت ۋە رەزىللىك

بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. پەقەت ئاق، كۈندۈز ۋە خىزىر تەرەپتە تۇرغان نۇربەگلەر ئەل ـ يۇرتىنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، ئۆز ئۆمرىنى گۈلدەك خۇش پۇراق چاچقۇزۇپ مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ!...»

گۈزەل قىز يەنە ئويلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. دېرىزە سىرتىدىكى ئاي جەنۇب ئاسمىنىغا يېقىنلاپ كېلىپ ئالەمنى تېخىمۇ يورۇتۇپ، ئاق ئايدىڭ كېچىنى تازا قىيامىغا كەلتۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا كۆنسۇلۇنىڭ كۆڭلىمۇ قىيامىغا كەلگەن ئايدىڭ كېچىدەك، قىزلىق ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ جۇشقۇنلۇق قاينىمىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ بارغانسېرى نۇربەگكە تۇيغۇ جەھەتتىن يېقىنلىشىپ بىر تەقدىر شېخىدىكى قوشماق گۈلگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. قىز نۇربەگنى قانچىلىك چوڭقۇر چۈشەنگەنسېرى، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى.

بىردىنلا: «ئاھ!» دەپ تولغىنىپ كەتتى كۆنسۇلۇ، ئۇنىڭ قىلياشتەك توكۇلۇپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى ۋەھىمە بىلەن چاقناپ كەتتى. قىزنى بۇنداق ۋەھىمىلىك ۋارقىراتقان سىرلىق كۈچ، قىزنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن نۇربەگنىڭ خەتەرلىك تەقدىرى بولدى.

«چاغاتاي بولغان بولسا، — دېدى قىز ئەندىشىلىك خىياللار ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، — ئاكام ئەتىگەندىلا نۇربەگنى ئۆز غوجايىنىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. خان ئاتىسى چىڭگىزخان ئۆلۈپ شۇ ياققا كەتكەنلىكتىن ئاكام ئامالسىز بۇ باتۇر ئوغلاننى ئۆيىدە ساقلاپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى...»

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خىيال كۇنسۇلۇنى شۇركۇندۇرۇپ، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىرىپ تېخىچىلا ۋەھىمىنىڭ قوقىسىدا پۇچىلايتتى.

«ئاكام نۇربەگ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋەرسە بىخەتەر بولمايدۇ دەپ خانلىقنىڭ تۇنەكخانىسىغا[1] يۆتكىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟!»

بۇ ئەندىشىلىك خىيال قىزنى جىددىيلەشتۇرۇپ، يەنە دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئېغىل تەرەپكە قارايتتى. كۇنسۇلۇ نۇربەگنى هازىرلا خانلىق تۇنەكخانىسىغا ئەكېتىدىغاندەك ئەنسىزلىك بىلەن، ئۇياقتا — ئامبارغا تىكىلدى. قاراۋۇل يەنىلا ئامبار ئىشىكى يېنىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

ئەمدى ساھىبجامال كۇنبەگنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە پاللىدە قىلىپ بىر پىكىرنىڭ چىرىغى ياندى: «ياق! ئۆلسە بولمايدۇ! ئۇ ياشىشى كېرەك! ئۇ كىشىلەرگە توغرا ۋە مەنىلىك ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشى ئۇچۇن ياشىشى زۆرۇر! قانداق قىلىمەن؟! ئۇنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن؟!»

ساھىبجامال تېخىمۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە گاڭگىراپ، يەنە ئاي يورۇقى يورۇتقان ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بارغانسېرى كۇچىيىۋاتقان ۋەھىمە، يىگىتنىڭ تەقدىرىگە ئۆزى بىردىنبىر جاۋابكار بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. بۇ ۋەھىمە، بۇ جاۋابكارلىق قىزنىڭ يۇرىكىگە ئۇچقۇن تاشلاپ، ئۇنى ئاستا ـ ئاستا كۆيدۇرۇشكە

① تۇنەكخانا — تۇرمە.

باشلىدى. كۆپىنچە ھاللاردا مۇھەببەت مانا مۇشۇنداق ھېسداشلىق ۋە جاۋابكارلىقتىن تۇغۇلىدۇ...

«قانداق قىلىپ بولمىسۇن، مەن نۇربەگنى قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك! مەرھۇمە ھۆرىگۈلنىڭ ئوغلىنى ئاكام تۇتۇپ كېلىپ، ھويلىدىكى ئامبارغا سولىغانلىقىنى بىر مەن بىلىمەن. نۇربەگنى بىر مەنلا قۇتۇلدۇرمىسام، مېنىڭدىن باشقا قۇتۇلدۇرىدىغان ئادىمى يوق! ئامباردا قۇلۇپ، كېچە - كۈندۈز يېنىدا قاراۋۇل، قانداق قۇتۇلدۇرارمەن؟! ياق، — دەۋەتتى قىز ياق سۆزىنى ئۈنلۈك توۋلاپ، — چوقۇم قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك!»

قىز تىتىلداپ كەتتى. تىتىلداشنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ ئېغىر ئازاب! قىز ئۆزىنىڭ نۇربەگنىڭ تەقدىرىگە چېتىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنى قۇتۇلدۇرمىسا، ئەمدىكى كۈنلىرى ئۇنىڭغا قەدىر - قىممەتسىز بولىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈندى. كۈنسۇلۇ نۇربەگدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى. ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ھايات، بۇ دۇنيا ئۆزىگە مەنىسىز بولىدىغانلىقىنى بىلدى. مۇھەببەت، مانا شۇنداق يۈرەككە كىرىپ ئادەمنى قىينايدىغان مەنىۋى كۈچ، شۇ تاپتا قىز قەتئىي بىر قارارغا كەلدى. «ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە چېتىلغان بىر يىگىتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۇ ئەمدى قانداق چىداپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرالىسۇن؟! ياق! بېشىغا قانداق كۈنلەر كەلمىسۇن، ئۇ ئەمدى نۇربەگنى قۇتۇلدۇرۇش يولىغا جېنىنى پىدا قىلىدۇ!»

كۈنسۇلۇ ئۆز يۈرىكىدە پەيدا بولغان قۇدرەتلىك مۇھەببەت بىلەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، پەقەت نۇربەگنى بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىلا

ئـويـلايدىغـان بـولۇپ قالـدى. ئـۇ بەزى تەيـيـارلىقـلارنـى قـىـلـىۋېـلـىـپ، چـىـن كـۆڭـلـىـدىـن سـۆيـۈپ قـالـغـان سۆيۈملۈكىنى قاچۇرۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى...

※ ※ ※

— بۇ يېرىم كـېچىدە كـېلىپ دەرۋازىـنى ئۇرۇۋاتقـان كىمدۇر؟! — دېدى كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ ئورنىدىـن تۇرغان سەككاكىي ھېچنېمىنى تۈيماي يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئايالى تىللاخاننىڭ يېنىدىن قـوپقۇسى كـەلمىگـەندەك تالاغا قـولاق سېلىپ. ئىككى دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي يورۇقـىدا ئۆي ئىچىنىڭ ھەممە يېرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئايتولدىنىڭ چىققانلىقىنى بىلگەن سەكـكاكىي دېـرىزىگە قـاراپ ئولتۇردى. ھـايال ئۆتـمەي ئايتولدى بىرەيلەننى باشلاپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەنە چىقىپ، ئاتىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئاستا چەكتى.

— دادا! دادا!...

— ھە، نېمە گەپ؟ — دېدى سەككاكىي ياستۇقى يېنىدا تۇرغان ئاق كۆڭلىكىنى ئېلىپ كىيىۋېتىپ.

— ئاقتۆپىدىن مېھمان كەلدى!...

مۇتەپەككۇر كالتە مۇۋۇت چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە كەلدى. ئويغانغان تىللاخان كۆڭلىكىنى كىيىپ، ئېرىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

ئىشىكنى ئېچىپ چىققان سەككاكىي چىرايى جىددىيلەشكەن، كۆزلىرىدىن ھەم قايغۇ ـ ئەلەم، ھەم

قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تىتىلداۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوغلىنى كۆردى.

— مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاغىنەم نۇربەگنى نامەلۇم ئادەملەر تۇتۇپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ دوستۇمنىڭ تاغ تۇراسىدىن كەلگەن يىگىت ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەۋاتىدۇ.

ئالدىدا سەككاكىي، كەينىدىن ئايتولدى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ئۆيگە كىردى. دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان مىس شامداندىكى شام پىلدىرلاپ يېنىۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دېرىزە يېنىدا ئولتۇرغان چىرايى قارىمۇتۇق، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق يىگىت سەككاكىينى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىككى قولىنى سۇنۇپ، مۇتەپەككۇرنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى، ئاندىن تا ئالىم ئولتۇرۇپ بولغۇچە ئىككى قولىنى ئالدىغا باغلاپ تام يېنىدا ئۆرە تۇردى.

ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن پاراڭ باشلاندى. كەلگەن يىگىت بىر ئاينىڭ ئالدىدا تاغ تۇراغا كەينى ـ كەينىدىن ئوندەك يىگىتنىڭ: «چاغاتايدىن زۇلۇم كۆردۇق!» دەپ كەلگەنلىكىنى سۆزلىدى. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكى كېچىدە نۇربەگ ۋە ھېلىقى كەلگەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى دېدى. بىز ئويلىنىپ: «سەردارىمىزنى ئاشۇ كەلگەنلەر تۇتۇپ كەتتى» دېگەن قاراشقا كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن تەييارلىق قىلىپ، تاغدىن چۈشۈپ، ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ بۇگۈن كەچتە ئالمالىققا كىردۇق. بىزنىڭ ئالمالىققا كېلىشىمىزگە يىگىتلىرىمىزدىن بىرىنىڭ سۆزىمۇ سەۋەب بولدى. بىر

كۆنى كەلگەنلەردىن بىرقانچىسى قارىغايلىقنىڭ يېنىدا پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، يىگىتلىرىمىزدىن بىرى ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىدۇ. پاراڭلىشىۋاتقانلار ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كەلگەن يىگىتنى كۆرمەي پارىڭىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىزنىڭ سەپدىشىمىز ئۇلارنىڭ: «ئامىد» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ: «بۇلار ئامىدنى قانداق بىلىدۇ؟! بۇ كەلگەنلەر ئامىدنىڭ ئادەملىرىمىدۇ - يە؟!» دېگەن گۇماندا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ بۇ گۇماننى نۇربەگ ۋە بىزگە دېمەي بىخۇدلۇق قىلىدۇ. بىز بۇ سەپدىشىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «كەلگەنلەر ئامىدنىڭ ئادەملىرى» دەپ قارىدۇق. قالغانلار دەڭ ۋە سارايلاردا قالدى. مەن ئۆزلىرىگە بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ يولىيورۇق سورىغىلى كەلدىم. بىز: «سەردارىمىز يەتتە قەۋەت يەر تېگىدىكى زىنداندا بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمىز» دېگەن ئىرادە بىلەن كەلدۇق!...

سەككاكىي ئۇلارنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ: «نۇربەگنى تۇتۇپ كەتكەنلەر چوقۇم ئامىدنىڭ ئادەملىرى» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئويغا كېلىشىگە: «چاغاتايغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ كەينىدىن قىلغان بىرنەچچە ئىشلىرىنىڭ يۇرۇشمىگەنلىكىدىن يۈزى تۆكۈلگەن ۋەزىر نۇربەگنى تۇتۇپ چاغاتايغا تاپشۇرۇپ، خان ئالدىدىكى ئابرۇيىنى تىكلىمەكچى بولغان» دېگەن كۆزقارىشى سەۋەب بولدى.

«چاغاتاي ئاتىسى چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۆز يۇرتىغا كەتتى. ئامىد نۇربەگنى تۇتۇپ كەلگەن بولسا،

خانلىق تۈنەكخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەي ئۆز ھويلىسىدا ساقلايدۇ. چاغاتاي قايتىپ كەلگەندە ئامىد نۇربەگنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىپ، ماختىنىشغا سازاۋەر بولمىغۇچە جىنى ئارام تاپمايدۇ. ئەتە ئايتولدى بېرىپ ئۇنىڭ ھويلىسىنى كۆزىتىپ كەلسۇن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن مۇتەپەككۇر، ھۆرمەت بىلەن ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان يىگىتكە قارىدى:

— ئوغلۇم، چارچاپمۇ كەتكەنسىز، مۇشۇ يەردە يېتىپ قىلىڭ، ئەتە پاراڭلىشايلى! مەن ۋە ئايتولدى ئىككىمىز بارلىق ئاماللار بىلەن ھۆرمەتلىك سەردارىڭلارنى تېپىشىڭلارغا ياردەم قىلىمىز. نۇربەگنى راستلا ئامىدنىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغاتاي قايتىپ كەلگۈچە ھېچنېمە بولمايدۇ، — سەككاكىي سۆزدىن توختاپ ئويلىنىپ قالدى، — قورسىقىڭىز قانداق؟

— بايىلا ئاشپۇزۇلدا تاماق يېۋىدۇق.

— ئايتولدى، مېھمانغا ئورۇن سېلىپ بەرگىن، يېتىپ ئارام ئالسۇن!

سەككاكىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئورنىدىن تۇرغان ئايتولدى بىلەن مېھمان قول باغلاپ كەينىدىن قاراپ قالدى.

※ ※ ※

سۇتتەك ئاق ئايدىڭ كېچە، كونسۇلۇ ئۆز ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىمدەك ۋاقىت بولدى. ئۇ ئامبارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا گاھ توختاپ، گاھ مېڭىۋاتقان قاراۋۇلدىن كۆزىنى ئۈزمەي

تۇراتتى. ئاخىر مېڭىپ چارچىدىمۇ، قاراۋۇل ئامبارنىڭ ئىشىكى يېنىدا، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ۋاقىت ئۇن ـ تىنسىز ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە. ئەل ئۇيقۇغا كەتكىنى نە كەم، ئامبارنىڭ قۇلۇپىنى ئۇرۇپ چېقىشقا بىر بولقا تەييارلاپ قويغان ساھىبجامال، قاراۋۇلنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. سېپى خېلىلا ئۇزۇن، خېلىلا يوغان بولقا دېرىزە تەكچىسىدە، ئۆز ئىگىسىنىڭ قولغا ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى. قېرىشقاندەك قاراۋۇل ئۇخلىماي، گاھى ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكا چەكسە، گاھى يۆتىلىپ قوياتتى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇخلاپ قالماسلىققا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

نەدىدۇر ئىتلار ئاچچىق ھاۋشىپ كەتتى. ۋاقىت گۈزەل قىزنى تىتىلدىتىپ شۇنچىلىك ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بىرچاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، كۈنسۈلۈنىڭ ئاكىسى پېشايۋانغا چىقتى. قىز ئاكىسىنىڭ: «ئويغاقمىسەن؟» دېگەن خېلىلا ۋارقىراپ ئېيتىلغان سۆزىنى ئاڭلىدى. ساھىبجامال قاراۋۇلنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىلدىن چىقىپ ئۆزىنى ئاكىسىغا كۆرسەتكەنلىكىنى كۆردى.

«ئۇخلىما!ــ دەپ ئاكىسى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى،ــ ئامباردىكى ئادەم يامان ئادەم! ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغانلار بار! ئۇخلاپ قېلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ، مېنىڭدىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! مەن سېنى مۇلازىملىرىم ئىچىدىن ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ سەگەك، ماڭا ئەڭ سادىق دەپ تاللاپ قاراۋۇللۇققا قويدۇم. خان كەلگۈچە ئامباردىكى ئادەمنى ئامان ـ

ئېسەن ساقلاپ، ئۇ كەلگەندە تاپشۇرۇپ بېرەلىسەك، سىېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئوخشاشلا بەختىمىز ئېچىلىدۇ. مېنى چاغاتاي تارتۇقلىسا، مەن سېنى مۇكاپاتلايمەن!...»

كونسۇلۇ ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلىگەن غەزىپى بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇ ئەقىل ـ ھوشىنى تاپقاندىن تارتىپ ئاكىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى. ساھىبجامالنىڭ نەزىرىدە، ئاكىسى زورلارغا ھېجىيىپ، ئاجىزلارغا گىدىيىپ ياشايدىغان، ئاق ـ قارا، ياخشى ـ ياماننى ئۆز پايدا ـ زىيىنى بىلەن ئايرىيدىغان ئادەم ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ خوتۇنباز ـ بۇزۇقلۇقى كونسۇلۇنىڭ ئاچچىقىنى قىرىق گەز ئۆرلىتەتتى.

«ئاكا!ــ دېدى قىز ئىچىدە، دېرىزىدىن تالاغا قاراپ تۇرۇپ،ــ سەن نېمىدېگەن زەھەرلىك ۋە ئىپلاس ئادەمسەن!؟ سېنىڭدەك بىرنېمىنى، بىلسەڭ، ئاكا دېيىشتىن نومۇس قىلىمەن. سېنىڭدە ۋىجدان، ئار ـ نومۇس، ھەقىقىي ئادەملىكنىڭ زەررىسىمۇ يوق! تۇرغان ـ پۈتكىنىڭدىن مۇناپىقلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. سېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟! مەرھۇم ھۆرىگۈلنى چاغاتايغا ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇڭ! ئۇنىڭ ئوغلىنى چاغاتايغا ئىككى قوللاپ تۇتماقچى بولىۋاتىسەن! راست، بۇ ئالەم سېنىڭدەك يامانلارغا تازا باب كېلىدۇ! ئەگەر بىر ئاجىز بولمىغان بولسام، بۇ ئۆيدىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن بولاتتىم! سەن ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەل ـ يۇرتۇڭنى قەدىرلەيدىغان ئادەم ئەمەس! سېنىڭدەك يامانلار باشقىلارنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىپ كېتىۋەرمەس، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغىمۇ چاقماق چۈشىدىغان كۈنلەر كېلەر!...»

كۆنسۇلۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان غەزىپى بىلەن ئاكىسىدىن شۇنچىلىك نەپرەتلەندىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇ ياشلاردا پاك ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە ئار ـ نومۇس، ۋىجدان گۈزەللىكى جۇلالىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۆرلىگەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمۇ ئىپادىلىنەتتى.

ئاكىسى پېشايۋاندا تۇرۇدىمۇ يا خالا تەرەپكە بېرىپ كەلدىمۇ، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ساھىبجامال ئامبار تەرەپكە قارىدى. قاراۋۇل ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. گويا ئۇ ئۆز غوجايىنىنىڭ ۋەدە قىلغان «مۇكاپاتى» نى ئېلىشقا بەل باغلىغاندەك توختىماي ماڭاتتى. قىز قاراۋۇلغا قاراپ تۇرۇپ تىتىلداپ كەتتى.

«قېنى، لەنىتى، توختىماي مېڭىپ تاڭ ئاتقۇزالامسەن؟! مانا، مەن مۇشۇ يەردە تىك تۇرۇپ، كىرپىكلىرى چېتىلمىغان كۆزۈمدە تاڭ ئاتقۇزىمەن! مەن، بىلەمسەن، ئىرادە... مۇھەببەت!... ھېچنېمىدىن يېڭىلمەيدىغان مۇھەببەت! ئۆلۈم مۇھەببەتنى يېڭەلىگەنمۇ؟! دۇنيانى دۇنيا، ھاياتنى ھايات، ئادەمنى ئادەم قىلىدىغان ئىلاھىي قۇدرەت يەنىلا مۇھەببەت! قېنى، سەن يېڭەمسەن، مەن سېنى يېڭەمدىم. كۆرىمىز!...»

ۋاقىت كۆزلەرگە كۆرۈنمەي، تىنۇش چىقارماي ئۆتمەكتە. كۆنسۇلۇ دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، ئامبار تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. قاراۋۇل ئاخىر چىدالماي ئامبار تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. بىرچاغدا قىزنىڭ

كۆزلىرى قاراۋۇلنىڭ بېشىنىڭ بىر يانغا قىيسىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ئۇخلاپ قالدىمۇ، نېمە؟ ئۇنىڭ بېشى تامغا تىرەك بولۇپ تۇرالماي قالدىغۇ؟ يەنە بىر ئاز كۆزىتەي!»

كونسۇلۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلىدىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭدىن مۇھەببەت چېچىلىپ چاقنايتتى. قىز دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان ئۇزۇن ساپلىق بولقىنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئىشىك يېنىغا كېلىپ، ئىلغىلىرىنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ بېشىنى چىقاردى. ئامبار تەرەپتىن مۇشۇكنىڭ خورۇلدىشىغا ئوخشايدىغان خورەك ئاڭلىنىپ، قىزغا ئالاھىدە كۈچ ۋە غەيرەت ئاتا قىلدى. ئۇ پېشايۋاندا تۇرۇپ هويلا ئىچىگە قاراپ چىقتى. پەلەمپەيدىن تېزلا چىقارماي چۈشۈپ، ئېغىل تەرەپكە يول ئالدى. قاراۋۇل ئىشىكنىڭ يېنىدا، تام تەرەپكە دۈمبىسىنى قىلىپ دۈگدىيىپ يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قىز پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ كېلىپ ئامبارغا سېلىنغان قۇلۇپقا قارىدى. يوغان قارا قۇلۇپنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ ئېچىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن كونسۇلۇ ئېغىلنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ، دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. دېرىزىنىڭ بىرەر كۆزىنى چاققان بىلەنمۇ، ئۇنىڭدىن ئامبارغا كىرگىلى بولمايتتى. ئۇ بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا، تۈنۈگۈن كېچە قاراۋۇلنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئامبارنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقانلىقى كەلدى. شۇ تاپتىمۇ ئامبارنىڭ ئاچقۇچى قاراۋۇلنىڭ يانچۇقىدا! كونسۇلۇ ئاكىسى ئامباردىن

چىققاندىن كېيىن، قاراۋۇل ئامبارنىڭ قۇلۇپىنى ئېتىپ، ئاچقۇچىنى يانچۇقىغا سالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى.
قىز يەنە قاراۋۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سالماقچى بولۇپ توختاپ قالدى. «ئويغىنىپ كەتسە قانداق قىلىمەن. تەۋەككۇل قىلىشقا زادى بولمايدۇ! بۇ تەستە كەلگەن پۇرسەت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك! — ساھىبجامال خىيالدىن توختاپ، خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان قاراۋۇلغا قارىدى، — بۇنداق مەرەزدىن بىرى يوقالسا نېمە بوپتۇ!؟...»
كۇنسۇلۇ غەيرەتكە كېلىپ بولقىسىنى كۆتۈردى. ئۇخلاۋاتقان قاراۋۇل بېشىغا تەگكەن بولقىنىڭ زەربىسىدىن ئۆلدىمۇ يا ھوشىدىن كەتتىمۇ، خورىكى توختاپ جىمىپ كەتتى. قىز دەرھال ئۇنىڭ يانچۇقلىرىغا قول سېلىپ ئاچقۇچنى ئالدى. يوغان قارا قۇلۇپنى ئېچىپ، ئامبار ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى.
ئىككى قولى كەينىگە تارتىلىپ، بېغىشىدىن ئارغامچا بىلەن كونا كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە باغلانغان نۇربەگ ئۇخلىغىلى ياتاتتى. قىز يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىدى. نۇربەگنىڭ قويۇق ۋە كەڭ قاشلىرى تېگىدىكى يوغان ۋە قارا كۆزلىرى قىزغا ھەيران بولغاندەك تىكىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ قىز ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پەرىزاتلارنىڭكىدەك ئاجايىپ چىرايلىق ھۆسن - جامالىدىن ھاڭ - تاڭ قالدى. كۇنسۇلۇ قاراۋۇلنىڭ يېنىغا خەنجەر ئېسىلغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، تالاغا چىقىپ خەنجەرنى

ئەكىردى. ئۇ خەنجەر بىلەن يىگىتنىڭ قوللىرىنى باغلىغان ئارغامچىنى كېسىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. نۇربەگ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، گويا ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي پەرىشتىدەك ئۆزىنى قۇتقۇزغان كونسۇلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىز كىم؟

— مەن ئامىدنىڭ سىڭلىسى!... ۋاقىت پىچاقنىڭ بىسىدا... تېز مېڭىڭ... مەن سىزنى قورۇدىن چىقىرىپ قويىمەن. بۇ قورۇدىن چىقىپلا ئۇدۇل تېغىڭىزغا كېتىڭ!...

— مېنى نېمىشقا قۇتۇلدۇردىڭىز؟

— هازىر بۇلارنى دەپ بېرىدىغانغا ۋاقىت يوق. كېيىن دەپ بېرىمەن! قاراۋۇل ئۆلمىگەن بولسا، هازىرلا هوشىغا كېلىپ ۋارقىراپ قورۇنى بېشىغا كىيىدۇ. قېنى، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ!...

قىز ئىشىككە قاراپ ماڭدى. قاراۋۇل تېخىچىلا تام تۇۋىدە ئۇن - تىنسىز ياتاتتى. نۇربەگ كونسۇلنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، تېخىچىلا ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپ، ئەقىل - هوشىغا كېلەلمىگەن ئادەمدەك كېتىپ باراتتى. ساھىبجامال باغ ئىشىكىگە كېلىپ باغ ئىچىگە كىردى. كونبەگنىڭ ئوغلىمۇ گەپ قىلماي، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قەيسەرلىكى ۋە چىرايلىقلىقى بىلەن ئەقىل - هوشىنى ئالغان قىزنىڭ كەينىدىن ماڭدى. گۈزەل قىز شۇنچىلىك تېز ماڭاتتىكى، نۇربەگ يېتىشەلمەي قالدى. كونسۇلۇ ئاران قۇتۇلدۇرۇپ چىقىۋاتقان سۆيۈملۈك يىگىتنىڭ يەنە تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تېز كېتىۋاتاتتى.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— كۆنسۇلۇ!
— مەن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، سىزنى ئۆزۈمنىڭ تاغ تۆراسىغا تەكلىپ قىلسام، بارامسىز؟
— بارىمەن!...
ئىككىسى باغنىڭ كەينى تېمىغا يېتىپ كەلدى. نۆربەگ كۆنسۇلۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ قاشلىرى ئۈچ كۈنلۈك ھىلال ئايدەك، قىلىياشتەك تۈكلۈك تۆرغان قاپقارا كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق قىزغا قاراپ، يۈرىكىگە خۇددى باھار ئاپتىپىدەك بىر ئىسسىق سىزىمنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيدى. ئۇ ئۆزىنى قۇتقۇزغان بۇ چىرايلىق قىزنى ئاتىسى بىلەن ئانىسى جەننەتتىن ئەۋەتكەندەك ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا پىچىرلىدى:
— مەن چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ سىزنى ئەكېتىمەن! ئاسماندىكى ئاينىڭ پاك ۋە ئاق نۇرى بىلەن ئېيتىمەنكى، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ئۆتسەم دەيمەن!
— ئادىمىڭىزنى تېزرەك ئەۋەتىڭ! مەن كۈتىمەن! كەلگەن ئادەم قورۇنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلەردىن بىرىگە ئاق بوغقۇچ باغلاپ قويسۇن! مەن ئادىمىڭىزنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ھويلىدىن چىقىمەن. قېنى، تامغا چىقىڭ! خوش! سىزگە ئاقيول تىلەيمەن!
— خوش!...
نۆربەگ يوغان بىر شېخى تامنىڭ ئۈستىدە تۆرغان مېۋىلىك دەرەخكە چىقىپ، باغ ئىچىدە ئۆزگە قاراپ تۆرغان يەردىكى تولۇن ئايغا قارىدى.
— خوش، كۆنسۇلۇ!...

— خوش، نۇربەگ!

يىگىت تامدىن كوچا تەرەپكە سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاياغ ئاۋازى يىراقلاشقانسېرى، تېخىچىلا قاراپ تۇرغان ساھىبجامال بەخت قۇشىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۇ ئۇن چىقارماي يىغلاپ باغ ئىشىكىگە قاراپ يول ئالدى. راستىلا قىز تۇنجى سۆيگىنى نۇربەگدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن يىغلىدىمۇ يا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ساق — سالامەت يولغا سالغانلىقىدىن ياش تۆكتىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى...

※ ※ ※

نۇربەگ تېخىچىلا ئۇخلىمىدى، چۈشىمىدى، دىگەندەك، ئامىدىنىڭ ھويلىسىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىغا ئىشەنمەي يۈگۈرۈپ دىگۈدەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۇنسۇلۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ خەۋپ — خەتەردىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغىنىغا ئىچ — ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان خۇشاللىقى بىلەن رەھمەت ئېيتاتتى. كۆز ئالدىغا قىزنىڭ پەرىزاتلارنىڭ ھۆسن — جامالى كېلىپ، يۈرىكىدىن ئىسسىق بىر سېزىم ئۆرلەيتتى. مۇشۇنداق قەيسەر، مۇشۇنداق چىرايلىق قىز ھاياتىغا ھەمراھ بولسا، قايسى يىگىت خۇشال بولمايدۇ؟! نۇربەگنىڭ كۆڭلىدىمۇ شۇ تاپتا ئاجايىپ بىر ئوتلۇق تۇيغۇنىڭ گۈزەل تاڭ — سەھىرى يورۇپ، ئۇنى يېڭى بىر يورۇق كۇندۇزگە ئېلىپ كىرىۋاتاتتى.

«كۇنسۇلۇ! — دەيتتى كۇنبەگنىڭ ئوغلى ھاسىراپ —

ھۆمۇدەپ يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ، — ماڭا ئىشىنىڭ! مەن چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ سىزنى ئۆزۈمنىڭ تاغ تۇراسىغا ئەكېتىمەن!...»

كۆيۈپ تولۇنلۇقىدىن يېنىۋاتقان ئاي ئىككى تەرىپى دەل ـ دەرەخلىك كوچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئاسمىنىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئادەمسىز كوچىلار جىمجىت، ئالتۇن ئاي، نۇربەگ يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان توپىلىق كوچىغا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ سايىسىنى نەقىشلەپ، ئالا ـ بۇلا، ئاجايىپ چىرايلىق كۆرسىتەتتى. ئۇ ئېرىقىدا شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن كېتىۋېتىپ، باغنىڭ تېمىدىن سەكرەپ چۈشكەندىلا كۆڭلىگە پۈككەن ئۆمۈرلۈك ئاغىنىسى ئايتولدىلارنىڭ ئۆيىنىڭ قاياقتىلىقىنى ئەسلەيتتى. ئۇ ئايتولدى بىلەن ئۆمۈرلۈك دوست بولغاندىن كېيىن، ئالاھىدە بىر كېلىپ مۇتەپەككۇر سەككاكىيغا سالام بېرىۋىدى، جانجىگەر ئاغىنىسى ئايتولدى بىلەن بىر كونا بازاردا بىللە بولۇپ، ئالمالىقنىڭ داڭلىق ئاشپۇزۇلىدا تاماق يېۋىدى. ئۇ قەدىردان ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنى تېنەپ ـ تەمتىرىمەي تاپالايدىغان دەرىجىدە ئېسىدە ئېنىق بىلەتتى.

تۈنۈگۈن بىر كونا تۇزۇكرەك تاماق يېمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى قولىنىڭ بېغىشىدىن كارىۋاتنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە باغلىنىپ ھەرىكەت قىلالماي ياتقانلىقىدىن، بارغانسېرى ئۇنىڭ يۇگۇرۇشى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يىگىتلىك غەيرىتى بىلەن چىشىنى چىشىغا بېسىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ يۇگۇرۇپ باراتتى. ئۇ ئايتولدىلارنىڭ ئۆيىگە

www.uyghurkitap.com

يېقىن قالغاندەك ھېس قىلاتتى. «ئەنە، تونۇش ئاق دەرۋازا!» ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى توڭكىنى تۇتۇپ ئۆرۈدى...

تۈن يېرىمدىن ئۆتۈپ، ئادەملەر تازا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكتىن، خېلى بىر ۋاقىت ئۆتۈپ قورۇنىڭ ئىچىدىن: «كىم!» دېگەن ئايتولدىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن... مەن... نۇربەگ! — دېدى يىگىت، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىدەك ھالسىز چىقتى. قەدىردان ئاغىنىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئايتولدى خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغاندەك، بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ:

— نۇربەگمۇسەن؟! جېنىم ئاغىنەم! سېنىڭ تۇتۇلغانلىقىڭنى ئاڭلاپ غېمىڭنى يەۋاتاتتۇق!...

— ئېسىم قۇرۇسۇن! خۇشاللىقىمدىن ئاچقۇچنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈرگىنىمنى كۆردۈڭمۇ؟! توختاپ تۇر، مەن ئۆيدىن ئاچقۇچنى ئاچىقاي!...

ئايتولدىنىڭ يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئاتىسى سەككاكىنىڭ بىرنېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇرغان نۇربەگ، ئايتولدىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ، پېشايۋان پەلەمپەيلىرىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنىمۇ بىلىپ تۇردى. ئايتولدى دەرۋازا قۇلۇپىنى ئېچىپ، دەرۋازىدىن چىقىپ ئۆمۈرلۈك جانجىگەر دوستى نۇربەگنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار بىر - بىرىنى قويۇۋەتمەي ھويلىغا كىردى. ساھىبخانا يىگىت دەرۋازىغا يەنە قۇلۇپ سېلىپ، ئاغىنىسىنى ئۆيگە باشلىدى. پېشايۋاندا بېشىغا ئاق پوسما، ئۇستىگە كالتە

قارا مۇۋۇت چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ئاق تامباللىق سەككاكىي ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. كۈنبەگنىڭ ئوغلى پېشايۋان پەلەمپەيلىرىدىن چىقىپ، قەددى - قامەتلىك سەككاكىينىڭ ئالدىغا قول باغلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— قېنى ئوغلۇم، ئۆيگە كىرەيلى! — دېدى سەككاكىي نۇربەگكە قاراپ.

ئالدىدا سەككاكىي، ئارقىدىن نۇربەگ بىلەن ئايتولدى ئۆيگە كىردى. ئۇلار ئايتولدى ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ، گىلەم ئېسىلغان شىمالىي تام تەرەپتە ئولتۇردى. مۇتەپەككۇرگە ئەگىشىپ يىگىتلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا تىللاخان كىرىپ، نۇربەگنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىدى.

سەككاكىيمۇ، ئايتولدىمۇ نۇربەگنىڭ نامەلۇم ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ سۈرۈشتۈردى. ئامىدنىڭ ئۆيگە بارغان ئايتولدى بىرەر خەۋەر ئۇقالماي يېنىپ كەلدى. مۇشۇنداق تىت - تىتلىق ۋە قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە تۇرغاندا نۇربەگ ئۆزىنىڭ كېلىشى ئۇلارنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى.

— ئوغلۇم! — دېدى سەككاكىي تۆۋەن تەرىپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن يىگىتكە قاراپ، — سىزنى كىم تۇتۇپتىكەن؟ ئۇ يەردىن قانداق قېچىپ چىقتىڭىز؟ بىز ئىز - دېرىكىڭىزنى ئالالماي، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي ئىچ - ئىچىمىزدىن تىتىلداپ تۇراتتۇق...

— مېنى تۇتۇپ كەلگەنلەر، — دېدى نۇربەگ يېرىم بۇرۇلۇپ، مۇتەپەككۇرگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ، — ئامىدنىڭ ئادەملىرى، بۈگۈن مېنى قاچۇرۇۋەتكەن ئۇنىڭ سىڭلىسى كونسۇلۇ!

نۇربەگ تاغ تۇراسىدا قانداق تۇتۇلۇپ، ئالمالىققا قانداق ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى، ئامىدنىڭ ئامبىرىغا قانداق سولىنىپ، بۈگۈن كېچە سىڭلىسى كونسۇلۇنىڭ قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن كونسۇلۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلىگەندە، كۆزلىرى چاقناپ ئۇچقۇنلاپ كەتتى.

سەككاكىي نۇربەگكە تاغ تۇراسىدىكى يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسى كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھازىر ئالمالىقتا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان سەردار ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئەتىلا بىر ئامال قىلىپ ئالاقە باغلاپ، كېچىدە تاغقا چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. ئامىد سىزنىڭ قاچقانلىقىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئوردىغا مەلۇم قىلىپ، پۈتۈن شەھەرنى قورشاتقۇزىدۇ. ئايتولدى، سەن نۇربەگنى ئېلىپ تاڭ ئاتماي شەھەردىن چىقىپ، تۇداخۇن بەگنىڭ يېزىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ يېنىپ كەلگىن. ئەتە كېچىدە سەن يىگىتلىرىدىن بىر - ئىككىسىنى ئاپىرىپ تاغقا يولغا سېلىپ قويىسەن. يىگىتلىرى نۇربەگلەرنى يولدا كۈتۈۋالسۇن.

سەككاكىي سۆزدىن توختاپ ئايتولدىغا قارىدى.

— ئاپاڭ قېنى؟ دەرھال ھالۋا قىلىپ، چاي تەييارلىسۇن!

ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— چاي تەييار بولغۇچە، ئوغلۇم، بىرئاز سوزۇلۇپ يېتىۋېلىڭ! خېلىلا جاپا چەكتىڭىز! — سەككاكىيمۇ ئورنىدىن تۇردى. نۇربەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان شەمشادتەك قەددى ـ قامەتلىك ئۇلۇغقا قاراپ قالدى.

※ ※ ※

سەككاكىينىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا سېپىللارنىڭ دەرۋازىلىرى ئېتىلىپ، بىرمۇ ئادەمنى شەھەردىن چىقارمىدى. نەچچە يۈز چېرىك مەھەللە ـ مەھەللىلەرگە تارقىلىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. پۈتۈن شەھەرنى بالىلارنىڭ ئاچچىق يىغىلىرى، ئاياللارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، ئەرلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى قاپلاپ كەتتى.

ئامىدنىڭ دېگىنى بويىچە، يەتتە ـ سەككىز چېرىك ئوردا باش مەسلىھەتچىسىنىڭ قورۇسىغا كەلدى. ئۇلار ئىچىدىن ئادەم چىقىشىنى كۈتمەيلا دەرۋازىنى ئۆرۈپ، ھويلىغا كىردى. سەككاكىي پېشايۋانغا چىقىپ، پەلەمپەيدىن چۈشمەي دەپ تۇراتتى. ئۇ قورۇغا كىرگەن چېرىكلەرنى كۆرۈپ، پېشايۋاندىن چۈشمەي ئۇلارغا قارىدى.

— ۋەزىرنىڭ ئۆيىدىن قاچقان ئادەم كەلدىمۇ؟!

— ياق! — دېدى غەزىپىنى تەستە بېسىپ تۇرغان سەككاكىي چېرىكبېشىغا.

— ئۆيۈڭنى ئاختۇرىمىز!

— مەن ئوردىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەي، يەنە مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇرامسىلەر؟!

— بۇيرۇق شۇنداق!— دېدى ئىككى مۇرىسىنى قىسقان چېرىك باشلىقى پېشايۋان ئۈستىدە تۇرغان سەككاكىيغا ھومىيىپ قاراپ.

مۇتەپەككۇر ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتى گەپ ـ سۆز قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. چېرىكلەر قورۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ پېشايۋانغا چىقتى. ئۇلار ھەربىر ئۆيگە كىرىپ، ئىشكاپلارنىڭ ئىچى، كارىۋاتلارنىڭ ئاستى، ئىشقىلىپ، ھەممىلا يەرنى تىمىسقىلاپ تەكشۈرۈپ چىقتى...

بۇ چاغدا ئايتولدى نۇربەگنى تۇداخۇن بەگنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن چىقىپ كەتكەن ئايتولدى نۇربەگنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى يېزا ئاقساقىلى تۇداخۇن بەگكە ئەينەن ئېيتىپ، نۇربەگنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قايتتى. ئۇ نۇربەگنىڭ يىگىتلىرىنى تېپىپ، ئۇلارغا سەردارىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، بۈگۈن كېچە تاغقا ئاچىقىپ كېتىشنى تاپشۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئېتىنى ئىتتىك چاپتۇرۇپ شەھەرگە كېلەتتى...

ئامىد سەككاكىينىڭ ئۆيىدىمۇ نۇربەگنى تاپالماي، خۇددى ئۇچلۇق مىخ يۇتۇۋالغان ئادەمدەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇ ئۆز سىڭلىسى كۇنسۇلۇنىڭ نۇربەگنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى خىيالىغمۇ كەلتۈرمىدى. خاباش: «سىرتتىن كىرگەن

بىرى ئۇخلاپ قالغان قاراۋۇلنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، نۇربەگنى ئاچقىپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. دەرھال ئورنىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، سىپىل دەرۋازىلىرىنى ئېتىپ، ئاختۇرۇشقا چېرىك چىقارغۇزدى. سەككاكىيدىن گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ نۇقتىلىق ئاختۇرغۇزدى. لېكىن، ھېچقانداق ئۇنۇمى بولماي، ئامىدنى خۇشال قىلىدىغان خەۋەر، مەيلى شەھەرنىڭ بىر مەھەللىسىدىن، مەيلى سەككاكىينىڭ قورۇسىدىن كەلمىدى. ئاخىر ئۇ چىدالماي، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، چىرايىدىن قۇيۇن چىقىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇن ـ تىنسىز پېشايۋانغا چىقىپ سارايغا كىرىپ كەتتى.

«خەپ، سەككاكىي!— دېدى ئىككى ياستۇق قويۇلغان، ئىككى قەۋەت ئۇزۇن كۆرپە دائىم سېلىقلىق تۇرىدىغان ئورۇنغا كېلىپ سوزۇلۇپ يېتىپ،— سەن مېنى خاپىلىق يېگۈزۈپ ئۆلتۈرىمەن دەمسەن؟ ياق! ئامىد ئۇنداق ئاسان ئۆلىدىغانلاردىن ئەمەس! ئۇ سېنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، سېنىڭدىن بۇرۇن زادىلا ئۆلمەيدۇ! سەن ئالدىراپ زاڭلىق قىلىپ، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاھلاپ كۈلمە! ئەڭ ئاخىرىدا كۈلەلىگەن يەڭگەن بولىدۇ!»

بىردىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر پىكىر كېلىپ، خىيالدىن توختاپ قالدى.

«نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغاندىمەن؟! ‹ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ› دېگەندەك ئەقلىم ئەمدى ئىشلەۋاتامدۇ؟! تەلىيىمنى يەنە بىر سىناپ كۆرەي! تەقدىر بۇ قېتىم ماڭا كۈلۈپ قاراپ، ئۇ چوقۇم تۇتۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس!»

ئامىد ئۆرە بولۇپ، كۆڭلىگە كەلگەن پىكىرنى يەنە بىر ئويلاپ چىقتى. ئاخىر ئۇنىڭ يۈزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

شىرەنىڭ بىر چېتىدە ئوتتۇز شام يېقىلغان چىرايلىق مىس شامدان تۇراتتى. چوڭ ياسىداق سارايىنىڭ ئىچى خىلىلا يورۇق كۆرۈنەتتى. ئوڭ تەرىپىدە ئايتولدى، سول تەرىپىدە ئامىد ئولتۇرغان ئانچە چوڭ بولمىغان شىرەنىڭ ئۈستى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولۇپ تۇراتتى. ھەر خىل مۇراببالار، تاتلىق - تۇرۇملار، پېچىنىلەر، كىچىك ئەللەي توقاچلار، ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەر ھەر خىل قەندالەت، خونچا تەخسە ۋە چوڭ تەخسىلەرگە تىزىلىپ كۆز تارتاتتى. يوغان، سېمىز، قورساق سالغان ئامىد ھە دەپ ئايتولدىنى نازۇنېمەتلەردىن ئېلىشقا زورلايتتى. سۇمباتلىق يىگىت: «ھە!» دەپ قويۇپ خىيال سۇرەتتى. ئۇ تېخىچە ئۆزىنى خاباشىنىڭ نېمىگە چاقىرغانلىقىنى بىلەلمەي، بۇ كاتتا مېھماندارچىلىقتىن ھەيران بولاتتى: «ئۇ مېنىڭدىن نۇربەگنى سورىماقچىمۇ؟ مەن بۇ لەنتىگە نۇربەگنىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرەرمەنمۇ؟! ئېيتىپ بەرسەم، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدەك قارا يۈز، مۇناپىق بولمامدىمەن؟! ھۆرمەتلىك ئاتام سەككاكىي: ‹بارغىن، ئوغلۇم، نېمە دېيدىكىن، ئاڭلاپ باققىن!› دەپ چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا، بۇنىڭ ئۆيىگە كەلمەيتتىم» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئايتولدى بۇ لەنتىنىڭ ئۆيىدىن تېزرەك كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇ

ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرىسىمۇ، ئادىمىيلىك ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى ئاياغ ئاستى قىلمايتتى.

— چاي ئىچىڭ، ئىنىم! مېنىڭ سىزنى ئۆيۈمگە ئالاھىدە چاقىرغانلىقىمدىن ھەيران بولۇۋاتىسىزغۇ دەيمەن!؟ راستىمنى دېسەم، خېلى ئۇزاقتىن بېرى سىزنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ كېلىشكەن يىگىتلىكىڭىز، ئەخلاق - پەزىلىتىڭىز مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتىپ كەلدى. بىلىسىز، مېنىڭ كۇنسۇلۇ ئىسىملىك بىر سىڭلىم بار. سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆرمىدىم، لېكىن چىرايلىق سىڭلىڭىز بارلىقىنى ئاڭلىغان.

— چاقىرايمۇ؟ — دېدى خاباش ئايتولدىنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ئۇنىڭغا قاراپ، — تونۇشۇپ قېلىڭ!...

— بولدى! كېيىن تونۇشۇپ قېلىش پۇرسىتى كېلەر! — دېدى ئايتولدى ئالدىراپ - تېنەپ، ئامىدنىڭ ئۆز سىڭلىسىنى چاقىرىپ كىرىشىدىن ئەنسىرىگەندەك بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ. ئۇ كېچە نۇربەگنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان كۇنسۇلۇ ھەققىدىكى سۆزلىرىدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى. يىگىت باشقا بىر ئويدا — ئۆز سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ خىيالىدا ياشايتتى.

— «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپمۇ بارغۇ!؟ نېمىشقا كۆرۈشۈپ تونۇشۇشنى كېيىنگە سۈرىسىز؟! — ئۇ ئالدىدىكى گۈللۈك جانان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، تاۋلىنىپ قالغان چايدىن بىر ئوتلىدى، — مېنىڭ سىڭلىمنى كۆرۈپ تونۇشۇڭ

www.uyghurkitap.com

دېيىشىمدە بىر نىيىتىم بار. ئۇ بولسىمۇ، سىزنى ئۆزۈمگە كۆيۈ ئوغۇل قىلىۋالسام دەپ ئويلاپ يۈرگىنىمگە خېلى بولدى. بۇ سۆزۈمگە هازىرلا جاۋاب بېرىڭ دېمەيمەن. ئاۋۋال سىڭلىمنى كۆرۈڭ، ئاندىن ماڭا جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئامىد سۆزدىن توختاپ، خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئايتولدىغا قارىدى. ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىن ئۆز سۆزىگە قارىتا هېچقانداق بىر قىزىقىشنىڭ ئىپادىسىنى كۆرەلمەي ئويلىنىپ قالدى: «راستلا سىڭلىم توغرىسىدا هېچنېمە ئاڭلىمىغانمىدۇ؟! كۇنسۇلۇنىڭ گۈلدەك هۆسن ـ جامالى مەنمەن دېگەن يىگىتلەرنى ئۆزىگە قەلەندەر قىلىۋالغان يەردە، مەن بۇ سولتەكىنىڭ سىڭلىمنى بىر كۆرسىلا، ئىككى قولى تېقىمىدا ئوينايدىغان چاچلىرى بىلەن باغلانمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن!...»

ئىشىك چېكىلىپ، سارايغا ئۆيدە ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم قىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى خونچا تەخسە تۇراتتى.

— تاماق تەييار بولۇۋىدى، ئەكىرەيمۇ، ئامىد جانابلىرى؟!

— ئەكىرىڭ! — دېدى ئۇ خىيالدىن توختاپ ئايالغا بۇرىلىپ قاراپ.

خونچا تەخسىلەرنى ئايتولدى بىلەن ئامىدنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئايال چىقىپ كەتتى. هايال بولماي ئۈستىگە قارىمۇچ سېپىلگەن بىر چىنە تاۋاق پىتىر مانتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ شىرەگە قويدى. ئۇنىڭدىن ئۆرلىگەن

ئاپپاق هور ئۆي ئىچىگە ئاستا يېيىلدى. ئۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىغا قويغان خونچا تەخسىلەرگە ئىككىدىن مانتا سېلىپ، تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى.

— قېنى ئىنىم، مانتا سوۋۇپ قالمىسۇن! مەن ھەرقانداق تاماقنى قىزىقىدا يېيىشنى ياخشى كۆرىمەن. سوۋۇپ قالغان تاماقنىڭ لەززىتى بولمايدۇ. قېنى، ئېلىڭ! — ئۇ خونچا تەخسىنى بىر قولىدا تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا بىر مانتىنى تۇتۇپ يېيىشكە باشلىدى.

ئايتولدىمۇ مانتىنى يېيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە خىياللار كارۋىنى ئۆز يولىنى داۋام قىلاتتى: «ئۇ راستىلا ماڭا سىڭلىسىنى بەرمەكچىمىدۇ؟! بۇنىڭ كەينىدە باشقا غەرىزى يوقمىدۇ؟! ئامىدنىڭ تۇيۇقسىز مېنى چاقىرىپ سىڭلىسىنى بەرمەكچى بولۇپ قالغانلىقى ئادەتتىكى كۈنلەردە ئەمەس، نۇربەگ ئۆز ئامبىرىدىن قېچىپ كەتكەندە بولۇۋاتقانلىقى كەينىدە بىر غەرىزىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ؟! نۇربەگ ئۇنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى — چېرىكلەر ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ پۈتۈن شەھەرنى ئالتوپىلاڭ قىلىپ ئاغىنەمنى تاپالمىغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە مېنى ئالاھىدە چاقىرىپ سىڭلىسىنى بېرىدىغان بولۇپ قېلىشى، ئامىدنىڭ كۆڭلىدە بىر شەيتانىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بەرمەمدۇ؟! ئۇ مېنى يېنىغا تارتىپ، ئاتام سەككاكىيغا قارشى سالماقچىمىدۇ؟!»

ئايتولدىنىڭ بۇنداق ئويلىشى تەبىئىي ئەمەسمۇ؟! تۇيۇقسىز چاقىرىپ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن

گۇزەل سىڭلىسىنى بەرمەكچى بولۇشى ئايتولدىنىلا ئەمەس، ھەرقانداق يىگىتنى ئويلاندۇرىدۇ. خاباش شۇنچىلىك نۇرغۇن چىرىك بىلەن شەھەرنى ئاختۇرۇپ نۇربەگنى تاپالمىدى. سەككاكىينىڭ قورۇسىدىنمۇ ئەۋەتكەن چىرىكلىرى بىشى ساڭگىلاپ يېنىپ چىقتى، نۇربەگ ئالمالىقتىن غايىب بولغاندەك يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىدنىڭ نۇربەگنى چاغاتايغا تەقدىم قىلىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى كۆرۈنۈش خىيالىمۇ خۇددى چۇشتەك توزۇدى. ئاتتىن چۇشىشىمۇ ئۇزەڭگىدىن چۇشمەيدىغان، يىڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان ئامىد ئىچ ـ ئىچىدىن تىتىلداپ خېلىلا قايغۇرغان بولسىمۇ، ئايتولدى يادىغا كېلىپ يەنە سەككاكىيغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ئايتولدىنىڭ بېقىۋالغان ئوغوللۇقىنى، مۇتەپەككۇرنىڭ ئۆز ئوغلى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. مەنمەن دېگەن يىگىتلەر ئالالمايۋاتقان سىڭلىسىنى بېرىپ، ئايتولدىنى يېنىغا تارتىپ، سەككاكىيغا يېڭى ھۇجۇم باشلاش ئويىغا كەلدى...

تاماقتىن كېيىن ئىككىسى يەنە سىنچاي ئىچىپ پارىڭىنى داۋاملاشتۇردى. ئامىد ئايتولدىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، يىگىتنىڭ چىرايىدىن بىرنېمە بىلمەكچى بولغاندەك قىياپەتتە سۆز باشلىدى:

— ئاقتۆپىلىك كۇنبەگنىڭ ئوغلى نۇربەگنى تونۇمسىز؟!

— ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزى بىلەن تونۇشلۇقۇم يوق.

— قارالڭ، ئۇ غايىب بولغاندەك تۇنۇگۇن كېچە شەھەردىن يوقالدى. نۇربەگ تاغ تۇرا قۇرۇپ، ئادەم توپلاپ چاغاتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىنتايىن خەتەرلىك

ئادەم. مەن ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن تۇتۇپ كېلىپ، ئامبىرىمغا سولاپ، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىگە كەتكەن خاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم. بۇ ئىشتا بىخۇدلۇق قىلىپ خاتالاشقىنىمنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. ئۇنى تۇتۇپ كەلگەندىلا خانلىق تۇنەكخانىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن بولسام، ئۇ قېچىپمۇ كېتەلمەيتتى،— ساھىبخانا شىرەدىكى پىيالىنى ئېلىپ چاي ئىچتى. ئۇ يەنە ئايتولدىغا قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— ھازىر شەھەر: «ئاپپاق ساقاللىق مەيدىسىگە چۈشكەن خىزىر ئاسماندىن چۈشۈپ، ئامىدنىڭ ئامبىرىدىن نۇربەگنى ئېلىپ يەنە ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ» دېگەن ئەپسانە تارقىلىپتۇ. مەن ئەپسانىگە ئىشەنمەيمەن، ئۇنى نۇربەگنىڭ ئادەملىرى تارقاتقان. چاغاتايدەك بىر قۇدرەتلىك خانغا قارشى چىقىشقا پېتىنغان بۇ يۇرتكى قاپتەك سەھرالىقنى نامەلۇم بىر ئادەم ئۇخلاپ قالغان قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ ئاچقىپ كەتتى. خانلىق چېرىكلىرىنىڭ تاپالمىغىنىدىن قارىغاندا، نۇربەگنى قۇتۇلدۇرغان ئادەم ئۇنى سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىشىغىلا شەھەردىن ئاچىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

ئامىد سۆزدىن توختىدى. ئۇنىڭ باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ ۋە قويۇق كۆتمەك قاشلىرى تېگىدىكى ئاق پاختىسى چوڭ كۆزلىرىدىن قۇۋۇلۇق ۋە شۇملۇقنىڭ كۆكۈچ نۇرلىرى چېچىلاتتى. ئۇ ئايتولدىغا ئۆز كۆڭلىدىكىلەرنى ئوچۇق ئېيتىش ئويىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە تىكىلدى. قارا ۋە قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئايتولدى بىغەم، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان

ئادەمدەك، چىرايىنىمۇ ئادەتتىكىدەك تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان بىر قۇر ھۆسنىخەتتەك قاپقارا بۇرۇتى سەككاكىي ئوغلىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى نامايان قىلاتتى.

— ئايتولدى! مەن سىزنى كۆيۈ ئوغلۇم قىلىۋېلىش ئويىغا كەلدىم. بۇنىڭغا ھازىرلا جاۋاب بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن. ئويلىنىپ كۆرۈڭ! مۇھىمى، سىڭلىمنى بىر كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ مېنىڭ سىزنى چاقىرىشىمدىكى ئاساسىي مەقسىتىم، — ئۇ بىرئاز توختاپ، ئەمدىكى سۆزىنى قەيەردىن باشلاشنى ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالدى، — ئۆزىڭىزمۇ بىلەرسىز، سەككاكىي ئۆزىڭىزنىڭ ئاتىسى ئەمەس. سىز ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى، بۇرۇنقى ئىسمىڭىزنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھازىرقى ئىسمىڭىزنى سەككاكىي بېقىۋالغاندىن كېيىن قويغان...

ئايتولدىنىڭ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلەپ، ئامىدقا كېلىشتۇرۇپ بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلىپ دەككىسىنى بەرگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «قېنى، نېمە دەيدىكىن؟ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقاي!» دەپ جىم ئولتۇرۇۋەردى. بۇنى خاباش بىلمەي: «سۆزلىرىم يىگىتكە ياققان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ قايناپ سۆزلەۋەردى.

— سەككاكىينىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن! قانداق بولسىمۇ، سىز ئۇنىڭ ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىسى بولمىغانلىقىڭىزدىن، تازا كۆيۈنۈپ كەتمىسە كېرەك! بۇنداق چاغلاردا، ئىنىم،

كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مانا مەن سىزگە ئۆز سىڭلىمنى بېرىپ ھەم ئاتا، ھەم ئاكا بولاي دەۋاتىمەن! ھەرقانداق دەردىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ!...

ئۇ يەنە سۆزدىن بىرئاز توختاپ، ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى.

— مەن سەككاكىينى تازا چۈشىنىپ كەتمىدىم. بىلىسىز، چاغاتايغا مەن ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، سىلەرنى سەمەرقەندتىن ئۆزۈم ئەكەلگەن. بىر قارىسام تۈزۈك ئادەمدەك قىلىدۇ، بىر قارىسام ئۇنداق ئەمەستەك. بەزىدە كىچە، بەزىدە كۈندۈزدەك كۆرۈنىدۇ. شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپەت ۋە ماھىيىتىنى ئاسان ئاشكارىلىمايدۇ، ئۆزىنى پەردازلاپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى بىلىش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن. سەككاكىي مانا شۇنداق ئادەمدەك قىلىدۇ. سىز چوڭ بولدىڭىز! ئىشقىلىپ، مېنىڭ دەيدىغىنىم: سەككاكىيغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ! كۆڭۈل سىرلىرىڭىزنى ئالدىراپ ئېيتماڭ! ئۆز سىرىنى ساقلالمايدىغان يىگىت ھامان زىيان تارتىدۇ، مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ! خالىسىڭىز مانا مەن سىزگە ئاكا بولاي! ھەرقانداق چاغدا كەلسىڭىز، مېنىڭ قورۇيۇمنىڭ ئىشىكى سىزگە ئوچۇق!...

— رەھمەت! — دېدى ئايتولدى يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — مەن يەنە كېلىمەن! ئامىد ئاغا بىز يەنە، ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىمىز! ئەمدى قايتاي، كەچ بولۇپ كەتتى. خوش!...

ئايتولدى ئورنىدىن تۇردى. ئالاھىدە كۈتۈۋالغىنىغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتقان يىگىت ئىشىككە قاراپ

يول ئالدى. خاباش ئايتولدىنىڭ ھېچنېمە دېمەي: «يەنە كېلىمەن، پاراڭلىشىمىز» دېگەنلىرىدىن خۇش بولۇپ، يىگىتنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى...

دەل شۇ چاغدا نۇربەگ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى تۇداخۇن بەگنىڭ يېزىسىدىن يىراقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ چاپچال تاغلىرىدىكى تاغ تۇراسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىر تەرەپتە بىر ئاز كۆيگەن ئاي كۆنچىقىش ئۇپۇقىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ سەپىرىنى باشلىدى. ئۇ كېتىۋاتقان ئاتلىق يىگىتلەرنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، ئۇلارغا ئاقيول تىلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...

## ئونىنچى باب

# تاغ تۇرادا توي

ساھىبجامالنىڭ يۇرىكى خۇددى قىزىق قۇمغا چىقىپ قالغان بېلىقتەك سېغىنىش قوقىسىدا پۇچىلىناتتى. كۇنسۇلۇ ئاشۇ كۇنى دېرىزە يېنىدا تۇرغىنىدەك، بۇگۇنمۇ دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، يىراق چاپچال تاغلىرىدىكى سۆيۈملۇكىنى ئەسلەيتتى...

كۇنسۇلۇلار لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان تالاغا قاراپ دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى. يەرۇئاسمان ئارىسىدا ئاپپاق چېچەكلەر ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۇنەتتى. ئۇنىڭ تۆكۇلۇپ تۇرغان قىلياشتەك كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاھۇ كۆزلىرىگە گۇل ـ چېچەكلەر ئارىسىدىن نۇربەگنىڭ ئېگىز، كۇچىگە تولغان، قەددى ـ قامەتلىك خۇددى شەمشادتەك بويى، كەڭ پېشانىسى، قويۇق ۋە قارا قاشلىرى تېگىدىكى يوغان ۋە قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ چىرايى كېلەتتى. شۇ تاپتا گۇزەل:

«يارىمنى كەپتۇ دېسە،
يۇگۇرۇپ چىقاي باشىم بىلەن.
يار يۇرگەن كوچىلارغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.»

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك بىر روھىي ھالەتتە، تېخى ئويدانمۇ تونۇشمىغان، بىللە ئولتۇرۇپ سىرداشمىغان، تەقدىرنىڭ بىر ھايات ـ ماماتلىق قىسىلچىقىدا كۆرۈپ كۆڭلىگە ئىشقى چۈشكەن سۇمباتلىق يىگىتنى سېغىناتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەرلىك غۇرۇرىنىڭ سۈرىتى، ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان خۇددى قاشلىرىدەك قويۇق ۋە قارا بۇرۇتىمۇ كېلىپ، ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدىكى ئىنتايىن قىسقا ۋە لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى يادىغا سالاتتى.

كۇنسۇلۇنىڭ قۇلىقىدا نۇربەگنىڭ سۆزلىرى جاراڭلىدى: «مەن چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ، سىزنى ئۆزۈمنىڭ تاغ تۇراسىغا ئەكېتىمەن! ئاسماندىكى ئاينىڭ ئاق ۋە پاك نۇرى بىلەن ئېيتىمەنكى، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ئۆتسەم دەيمەن!...»

مانا بۇ سۆزلەر مۇھەببەت! مانا بۇ قار يېغىۋاتقان قىش كېچىسى دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى ئەسلەشمۇ مۇھەببەت! مۇھەببەت بولغاندىمۇ، ھېچقانداق بوياق بېرىلمىگەن، تەبىئىي نۇربەگ بىلەن كۇنسۇلۇنىڭ يۈرەكلىرىدەك ئوتلۇق مۇھەببەت!

كۇنسۇلۇ دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاق گۈل ـ چېچەكلەرگە قارايتتى. ئالەم نېمىدېگەن گۈزەل! يارىنى سېغىنغان كۇنسۇلۇمۇ گۈزەل! شۇ تاپتا دۇنيا بىلەن كۇنسۇلۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇھەببەت! بىرىنىڭ مۇھەببىتى ئاپپاق گۈل ـ چېچەك بولۇپ تۆكۈلمەكتە، ئەتە ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق گۈل ـ چېچەكلىك باھار بولىدۇ. يەنە بىرىنىڭ مۇھەببىتىمۇ

لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان سېغىنىش گۈلخانى بولۇپ ئالتۇن زەرلىرىنى چاچماقتا، ئەتە بۇ مۆھەببەتتىن يېڭى بىر ناخشا، يېڭى بىر ھايات پەيدا بولىدۇ!...

كۈنسۇلۇ ياتىدىغان ئورنى سېلىنغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ساھىبجامالنىڭ يۈرىكىدەك گۈرۈلدەپ ياستۇق مەش كۆيەتتى. قىز كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئالدىدىكى تۆشۈكلىرىدىن تامغا چۈشكەن ئالتۇن رەڭلىك يورۇقىغا قاراپ تۇرۇپ، يەنىلا «كەلسە ئالدىغا بېشى بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىدىغان» نۇربېگىنى ئەسلەيتتى. قىز خۇددى چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلاردەك قانات چىقىرىپ ئۇچالىغان بولسا، ئاپپاق گۈل ـ چېچەكلىك ئالەمگە چىقىپ، چاپچال تاغلىرىغا قاراپ ئۇچاتتى. ئۇ ئىزدەپ يارى ياتقان ياغاچ ئۆينى تېپىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقاتتى. نۇربېگى ئىشىكنى ئېچىپ چىقىشى بىلەنلا بوينىغا گىرە سېلىپ: «ئاھ» دەپ ئۇنى قۇچاقلايتتى...

ساھىبجامال ئېغىر بىر خورسىنىپ، كېچىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، تېشىدىكى ئۇزۇن قارا كۆك دۇخاۋا كۆڭلىكىنى سېلىپ، ئېتىكىگە بىر غېرىچ كەڭلىكتە تور تۇتۇلغان ئاق رەڭلىك ئىچ كۆڭلىكى بىلەن يوتقانغا كىردى. ئۇ خىيال سۈرۈپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى...

※ ※ ※

چاغاتاي ئاتىسىنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگەنلەر بىلەن

پاراڭلىشىش، بۇ يەردىمۇ ئاتىسى چىڭگىزخان ئۇچۇن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرقانچە كۈننى ئالدىراش ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ كەلگۈچە سەككاكىي ئۇيالاپ قويغان ئىككى ئىشنى دىيەلمەي قاراڭغۇ قىشقىمۇ كىرىپ كەتتى...

كىچە ياغقان قار توختاپ، كۈنچىقىش ئۇپۇقىغا خىلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا ئاق قار كۆز چېقىپ جۇلالىناتتى. سوغۇق خېلىلا قاتتىق بولۇپ، ئېغىزدىن چىققان ھور بىردەمدىلا ساقال - بۇرۇتلاردا ئاق مونچاقلارغا ئايلىناتتى. سوغۇقنىڭ شۇنچىلىك جاڭگىرلاپ كەتكىنىگە قارىماي، سەككاكىي بۇگۈن ھەر كۈندىكىدىن بالدۇرراق ئوردىغا كېلىپ، چاغاتاينىڭ مۇلازىم ئوغلانىغا، خان بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرغان باش مەسلىھەتچى ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىشخانىسىغا كىرگەن چاغاتاينىڭ مۇلازىم ئوغلانىدىن خاننىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئاڭلىدى.

چاغاتاينىڭ يوغان ياستۇق مەش گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئىسسىق قوبۇلخانىسىغا كىرىپ كەلگەن بويى ئېگىز، مۇرىلىرى كەڭ، بەستلىك، بېشىغا يېڭى قاما تۆپە، ئۇستىگە ئۆي ۋە ئىشخانىلاردا كىيىدىغان كالتە مۇۋۇت پەشمەت كىيگەن سەككاكىي چەبدەس كۆرۈنەتتى. ئۇ خان بىلەن ئۇيغۇرچە سالام قىلىپ كۆرۈشۈپ، ئارقىدىن تىنچ - ئامانلىقىنى سورىدى. ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان چاغاتاي مۇتەپەككۇرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. باش مەسلىھەتچى سېلىنغان

قوش قەۋەت كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، قارا ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى خاسىيەتلىك نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى خانغا تىكتى.

— ئۆزلىرىگە، خان ئالىيلىرى، ئىككى ئىشنى دېگىلى كىرىۋىدىم،— دېدى سەككاكىي سەل سوزۇنچاق ئېڭىكىنى قاپلىغان قويۇق ۋە قاپقارا، خۇددى بەش - ئالتە كۈنلۈك ئايدەك ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ،— بىرىنچى ئىش، ئۇيغۇر تىلىنى موڭغۇل تىلى بىلەن بىللە دۆلەت تىلى قىلغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمغا قارىغاندا، ئەرەب - پارس تىلىنى ماختايدىغانلار كۆپىيىپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئابرۇيى ۋە ساپلىقىغا خېلىلا يامان تەسىر بەرگەن. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دەرھال توسىمىساق، ئۇيغۇر تىلىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىقى ئېنىق. ئەرەب - پارس تىللىرىدا ئەسەر يازىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. مەن بۇ ھەقتە خانلىقنىڭ بىر پەرمان يېزىپ، جاي - جايلارغا ئەۋەتىشىنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. بۇ پەرماندا، خېلىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئەتىۋارلاش خاھىشلىرىنى چەتلەپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە ساپلىقىنى قوغداشنى قاتتىق تەلەپ قىلساق، دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئالىيلىرى توغرا كۆرسە بۇ پەرماننى يېزىپ چىقسام،.سىلى بىر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن جاي - جايلارغا تارقاتساقمىكىن!؟

— بولىدۇ!— چاغاتاي بۇرۇن بۇ ھەقتە ئويلىنىپ قويغاندەك، تېزلا كېسىپ جاۋاب بەردى،— بۇنى ياخشى

ئويلاپتىلا! بۇنىڭدا قاتتىق قول بولمىساق بولمايدۇ. پەرمانىنى سىلىق ـ سىپايە يازماي، قاتتىق بىسىم ھېس قىلىدىغان قىلىپ يازسىلا! قېنى، ئەمدى ئىككىنچى ئىشلىرىنى دېسىلە!...

ــ ئىككىنچى ئىش،ــ دېدى سەككاكىي جىددىي ۋە ئويلانغان قىياپەتتە چاغاتايغا تىكىلىپ،ــ دېمىسەم، خانلىقنىڭ تەقدىرىگە يامان ئاقىۋەت ئەكىلىشىدىن ئەنسىرىدىم، شۇڭلاشقا سىلىگە دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىرنەچچە كېچە بولدى، يۇلتۇز بۇرجلىرىنىڭ بېشارەتلىرىدىن ئامىدىنىڭ قۇت يۇلتۇزى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى ئايان بولدى. پېقىر ئۇنىڭ نەسلىكىنىڭ ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتىگە ئاپەت ئەكىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم...

كۆرگەن ئاجايىپ چۈشىگە تەبىر بېرىش ئۈچۈن چاقىرغاندا، سەككاكىي قاراقۇرۇم تەرەپتىكى يۇلتۇزلار ھەققىدە سۆزلەپ، بىر چوڭ يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئېقىپ كەتكەنلىكىنى دېگەنلىكى چاغاتاينىڭ يادىدا بولغانلىقىدىن، ئامىد ھەققىدىكى سۆزلىرىگىمۇ دەرھال ئىشەندى. ئۇ چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

ــ مەن ئامىدنىڭ بىرقانچە ئىشلىرىنىڭ پىشكەللىككە يولۇققانلىقىدىن خەۋىرىم بار، بايا ئۇنىڭ قۇت يۇلتۇزى زاۋاللىققا يۈزلىنىپتىكەن ـ دە؟! بولىدۇ، مەن ئۇنى ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇۋېتەي! نەسلىكى مېنىڭ خانلىقىمغىمۇ ئاپەت بولمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ سودىگەرچىلىكىنى قىلسۇن!

مۇتەپەككۇر خانلىق ئوردىسىدىن ئۆزىنىڭ ئەل ـ

يۇرتىغا يامانلىق قىلىدىغان بىر قارا يۈزنىڭ يوقالغانلىقىدىن خۇشال بولدى.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ماڭا دەيدىغان باشقا گەپ ـ سۆزلىرى بارمىكىن؟!

چاغاتاي: «يوق!» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمىسە مەن چىقاي! — دېدى سەككاكىي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

※ ※ ※

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن چاغاتاي ئامىدنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىرلىك مەنسىپىدىن قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. خاباشىنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىيىپ، سەل ـ پەل پۈلتىيىپ چىقىقان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئۇ چاغاتاي ئۆز سۆزى ۋە ئۆز ئەمىر ـ پەرمانىغا قارشى چىقىدىغانلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ: «ئەكېتىڭلار!» دەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكىدىن، گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. قاتتىق قول، ھاكىم تەبىئەتلىك چاغاتاينىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ ئەكېتىشكە بۇيرۇلغان ئادەم زادىلا تىرىك قالمايتتى. ئۇنى ئاچىقىپلا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى...

ئامىد گويا ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بېشى ساڭگىلىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، سەككاكىينى مىڭ قارغاپ، مىڭ تىللىدى. ئۇ مىنىپ كېتىۋاتقان يورغىسىنىڭ قاياقتا كېتىۋاتقانلىقىنى

بىلەنمۇ كارى بولماي، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئات ـ هارۋىلارغىمۇ دىققەت قىلماي، ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىلغاندەك، پەقەت مۇتەپەككۇرنىلا قارغاپ ۋە تىللاپ كېلەتتى. سەككاكىينى ھەربىر قارغاپ، ھەربىر تىللىغاندا، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى.

پىشايۋاندا پاراڭلىشىپ تۇرغان، چىرايلىق ياسانغان ئىككى ئايالى، دەرۋازىدىن ئاتتىن چۈشمەيلا، ھەر كۈنى كېلىدىغان ۋاقتىدىن خېلى بالدۇرلا قايتىپ كەلگەن ئېرىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. شۇ چاغدا ئېغىل تەرەپتىن چىققان ئات باقار ئىتتىك كېلىپ، ئامىدىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى. ئۇ ئۆز غوجايىنىنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئاتنى ئېغىل تەرەپكە ئەكەتتى. خاباش ئالدىغا ناز ـ كەرەشمە قىلىپ كەلگەن گۈزەل ئاياللىرىغىمۇ قارىماي، جىمى دەپىنە ـ دۇنياسىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ كەلگەن قىمارۋازدەك، بىر سەۋدايى ھالەتتە پېشايۋانغا قاراپ ماڭدى...

ئامىد سارايغا كىرىپ، دائىم سىلىقلىق تۇرىدىغان قوش قەۋەت كۆرپە، باش تەرىپىگە قويۇلغان قوش ياستۇققا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ ئۇستىدىكى قاما قۇلاقچىسى، قاما ياقىلىق پالتويىنىمۇ سالماي يېتىپ، بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياش بىلەن ياستۇق بىردەمدىلا ھۆل بولدى.

ساراي ئىشىكى يېنىغا كەلگەن ئىككى ئايال ئېرىنىڭ قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشكە پېتىنالماي ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالەتتە

قارىشىپ مۇرىلىرىنى قىسىشتى. ئىككىسى خاباشقا خوتۇن بولغاندىن بۇيان، ئۇنىڭ بۇنداق ھۆركىرەپ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغاچقىمۇ، ھەيران قېلىشتى...

ئامىد ئۇزاق يىغلىدى. بىرچاغدا ئۇ يىغىدىن توختاپ، يەنە سەككاكىينى قارغاپ ـ تىللاشقا باشلىدى. ئاخىر ھېرىپ ـ چارچاپ، قارغاپ ـ تىللاشتىنمۇ توختىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستىدىكى پالتويىنى سالدى، بېشىدىكى قاما قۇلاقچىسىنىمۇ ئالدى. بېشىغا ياستۇق يېنىدا تۇرغان ئاق بۆكىنى كىيىپ مەشكە قارىدى. ئوتى ئۆچۈپ قالغاندەك مەشتىن ئۆي ئىچىگە ئىسسىق چىقمايتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

ــ ھاي، كىم بار! مەشكە ئوتۇن سېلىڭلار!...

ھايال بولماي، خىزمەتچى ئايال بىر قۇچاق كەسلەنگەن قۇرۇق ئوتۇننى كۆتۈرۈپ كىرىپ، مەشكە تىزىپ سالدى. ئوتۇن بىرچاغدا گۇلدۇرلەپ كۆيۈپ ئۆي ئىچىنى ئىسسىتىۋەتتى...

ئوتۇن سالغىلى كىرگەن خىزمەتچى ئايال چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە يالغۇز قالغان قۇتبىدىنىنىڭ ئوغلى خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قارىراق كەلگەن چىرايى جىددىيلىشىپ، سەل ـ پەل پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرىمۇ زەھەر چېچىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دائىم قۇۋلۇق ۋە شۇملۇق بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان بۇ كۆزلەردىن يىغى بىر سۈيىقەستنىڭ شەپىسى كېلەتتى. خاباش يىغلىگىنىگە تەن بېرىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇ «يىقىلغان چېلىشىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، يەنە يىغى ـ

يېڭى ئۈچ ئېلىش پىلانلىرىنى تۈزىدىغانلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇزاق يىغلاپ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى خېلىلا يېنىكلەتكەن ئامىد، ئوردىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ سەككاكىي بىلەن قانداق ئېلىشىشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى.

«ياق! يېڭىلگىنىمگە تەن بەرسەم ئۆلگىنىم شۇ! يېڭىلىش تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا يېڭىشنىڭ ئانىسى! يېڭىلىشتىن تۇغۇلغان بۇ تەجرىبىلىك ئانا ئەمدى يېڭىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ يېڭىش... يېڭىش ئانىسى دېيىلىدۇ.» ئۇ خىيالدىن توختاپ، گۇرۇلدەپ ئوتۇن كۆيۈۋاتقان مەشكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مۇتەپەككۇرنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ئايتولدى كەلدى. ئۆتكەنكى تۈنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتە، ئۇنىڭ ئۆز سۆزلىرىنى رەت قىلماي ئولتۇرغانلىقى، خاباشنى يەنە بىر كۆرۈشۈش خىيالىغا كەلتۈردى. «ئايتولدىنى قولغا كەلتۈرۈۋالسام، سەككاكىينىڭ ئىچىدىن قان كەتكۈزۈۋېتەتتىم. ئۇنى ئۆزۈمگە كۈيۇ ئوغۇل قىلىۋالسامىلا، قولغا كەلتۈردۈم دېسەم بولىدۇ. ئۇ سىڭلىمنى كۆرمىگەنلىكىنى دېدى، بەلكىم كۆرمىگەندۇ؟! لېكىن، پۈتۈن ئالمالىقنىڭ يىگىتلىرى بىلىدىغان بىر قىزنىڭ گۈزەللىكى توغرىسىدا ئاڭلىمىغانمىدۇ يا ئۇنىڭ كۆڭلىنى مەختۇمسۇلا ئۇتۇۋالغانمىدۇ؟! بۇنداق بولۇشىنىڭمۇ ئېھتىمالى بار. ئايتولدى ئوقۇغان ھەمدە كېلىشكەن يىگىت! بەلكىم سەككاكىي بۇ قولىدا گۈل ئېچىلىدىغان يىگىتتىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئويلاپ، ساھىبجامالنى بېرىشنى پۇراتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن» ئۇ بېشى قاتقاندەك خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ

قالدى. كۆڭلىگە ئايتولدىنىڭ قەلبىنى ئۇتىدىغان يەنە بىر چارە كەلگەندەك، زەھەرلىك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. «مېنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيايىم ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالماسمۇ؟! كۇنسۇلۇدەك گۈزەل قىز بىلەن بىر ئۆمۈر يېتىپ يېسىمۇ بىر بۇرجىكى تۈگىمەيدىغان مال ـ دۇنيايىم ھېلىغۇ ئايتولدىكەن، ھەرقاندىقىنى ئاغزىمغا قارىتىپ، دېگىنىمنى قىلىدىغان قىلىۋېتىدۇ. بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئون ـ ئون بەش تىللا، بىرقانچە چوكا ئالتۇن قويۇپ، كۆزلىرىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋېتەي! بۇلارنى ئۇنىڭ جان دەپ ئالمىغىنىنى كۆرەي!...»

ئامىددەك ئادەملەر ھەممە نىمىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل تارازىسى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدەك بىلىپ، ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەنلەرنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇ تاپتا خاباشنىڭ ئايتولدىنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنياغا، چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلارغا دۈم چۈشىدۇ دەپ قارىشى، دەل خاباشنىڭ ئۆزىنىڭ ئادىتى ئەمەسمۇ؟!

ئامىد سەككاكىينىڭ ئىچىدىن قان كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئايتولدىنى سىڭلىسى ۋە مال ـ دۇنياسى بىلەن ئۆزىگە تارتىش نىيىتىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى.

ئاپپاق قىروۋ باغلىغان دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۈچى ھال رەڭگە كىرىۋاتاتتى. كەچ كىرىپ قەھرىتان قىشنىڭ يەنە بىر سوغۇق كۈندۈزىمۇ تۈگەۋاتاتتى. ئۇ پېشايۋاندىن چۈشۈپ خالا تەرەپكە ماڭدى...

※ ※ ※

ئامىدىنىڭ ياسىداق سارىيىدا ئايتولدى يەنە شىرەنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، قوش قەۋەت كۆرپىدە ساھىبخانىغا قاراپ ئولتۇراتتى. داستىخان سېلىنغان، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىدە نازۇنېمەتلەر تولۇپ تۇراتتى. ئىككىسى ناۋات سېلىنغان سىنچاي ئىچىپ پاراڭلىشاتتى.

بۈگۈنمۇ ئايتولدى ئاتىسى سەككاكىينىڭ زورى بىلەنلا كەلدى. بولمىسا ئۇ بۇ ئۆيگە زادىلا ئاياغ تاشلىمايتتى...

ئامىدىنىڭ روھىي ھالەت ۋە چىرايىدا تۈنۈگۈنكى قايغۇ ـ ھەسرەتلەر كۆرۈنەتتى. ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك، سەككاكىينى بىر كۈن تىللىمىغاندەك، ئايتولدىغا خۇش چىراي قاراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ قېلىن كالپۇكلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن قارا، قويۇق ۋە ئۇزۇن بۇرۇتى چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، بۈگۈن ئالايىتەن ساتىراشخانىغا بارغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئايتولدى! مېنىڭ ئۆتكەندە دېگەن سۆزلىرىمنى ئويلاندىڭىزمۇ؟! ئاتىڭىز سەككاكىي بىلەن مەسلىھەتلەشكەنسىز؟! ئۇ ئۇلۇغ نېمە دېدى؟!— سوئاللار كەينى ـ كەينىدىن قويۇلۇپ، ئايتولدىنى زېرىكتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ سوئاللارغا زادىلا جاۋاب بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق يۈزىسىدىنلا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

— سىڭلىڭىز بىلەن كۆرۈشمەي، ئۆزۈم بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ ئاتامغا قانداق دەيمەن؟! تېخى دېمىدىم. بۇ

ئىشتا، ئامىدكا، مېنى ئالدىراتماڭ! بۇ دېگەن ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش. ئوبدان ئويلىناي، سىڭلىڭىز بىلەن كۆرۈشەي، ئۇ قوشۇلسا، ئاندىن بىر قارارغا كەلمەمدىمەن! — دېدى ئايتولدى ئامىدقا جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ رەڭگىرويى، روھىي ھالىتىدىن كۈنسۈلۈغا ئۆيلىنىش قىزغىنلىقى زادىلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مەختۇمسۇلانى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمۈرلۈك دوستى نۇربەگنىڭ كۈنسۈلۈنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئايتولدىنىڭ ئامىدقا كۈيۈ ئوغۇل بولىمەن دېيىشى، مۇمكىن بولمايتتى، شۇنداقلا كۈنسۈلۈنى ئالمايمەن دەپ، كۈنسۈلۈدەك بىر گۈزەل قىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئەدەپسىزلىك قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئەڭ ياخشى چارە، ئۆزىنى قاچۇرۇپ ۋاقىتنى سوزۇش ھېسابلىناتتى.

— بۇ ئىشنى كەينىگە سوزۇۋەرمەيلى، ئىنىم! باھارغىمۇ ئاز قالدى. يەر - جاھان ئىسسىپ گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىڭلارنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى! مەن كۈنسۈلۈغا ھەم ئاتا، ھەم ئاكا، بۇ ئىككى ۋەزىپەمنى تېزرەك ئۆتۈۋېتىشكە ئالدىراۋاتىمەن. ماڭا تېزرەك جاۋاب بېرىڭ!

— بولىدۇ! — دېدى ئايتولدى بۇ سۆزنى تېزرەك تۈگىتىش ئويىدا تېزلا جاۋاب بېرىپ.

— سىلەر خارەزىمدىن كەلدىڭلار! — دەپ سۆز باشلىدى خاباش ئايتولدىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ مېيىقىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە باردەك كۆرۈنەتتى، — سىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىڭلاردىن ئوبدان خەۋىرىم بار. سەككاكىيمۇ ئۆز بىلىمى بىلەن ئائىلىسىنى بېقىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتقان ئادەم. سىزنىڭمۇ مۇھىم قىلىۋاتقان ئىشىڭىز يوق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، تۇرمۇشۇڭلار تازا باياشات ئەمەس. ئاتىڭىزنىڭ خانلىق بېرىدىغان ئىش ھەققى بىلەن جان باقىسىلەر. ئاڭلىغانسىز، مال ـ دۇنيايىمنىڭ ھېسابىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە سودا كارۋانلىرىم قاتنايدۇ. ئامبارلىرىمدىكى مال ـ دۇنيايىمنى كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز. تاغدىكى ئات ـ كالا، قويلىرىمنىڭ قانچىلىكىدىن خەۋىرىممۇ يوق! ئايتولدى، ماڭا كۈيئوغۇل بولسىڭىز، مەن سىزنى ئۆز ئوغلۇم دەپ بىلىپ، چوقۇم مال ـ دۇنيايىمنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن ھەممىسىنى سىز باشقۇرىسىز. ماڭا ھېساب بېرىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمايسىز!...— ئامىد سۆزىدىن توختاپ ئايتولدىغا قارىدى. ئۇ بۇ سۇمباتلىق يىگىتنى «خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋە چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىشنىڭ بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ لاسىدە بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قۇرغۇيىنى قويۇۋەتمەي، ئايتولدىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى.

«سەككاكىيمۇ سىر بەرمەيدىغان ئادەم. ‹ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق› دېگەندەك، بۇمۇ سىرىنى باشقىلارغا ئاسان بىلدۈرمەيدىغان قاتتىق مىجەزلىكتەك قىلىدۇ. ھېسابى يوق مال ـ دۇنيايىمنىڭ غوجايىنى قىلىمەن دېسەممۇ، چىرايىدا مىت قىلغان ئۆزگىرىشنى كۆرسەتمەي ئولتۇرغىنىنى قارا! توختا! ئالتۇن ـ كۈمۈش راستلا ئېتىكلىك كۆڭۈلنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماسمۇ؟!

مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن! ‹پۇلۇڭ بولسا، جاڭگالدا شورپا!›، پۇلنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ!...»

خاباش خىيال قىلاتتى. ئۇ تەييارلاپ قويغان تىللا ۋە چوكا ئالتۇنلىرىنى ئايتولدىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئويىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە، ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئايال بىر چىنە تاۋاقتا ئات گۆشى نارىنىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. نارىن بىلەن بىللە سۇرلەنگەن ئات گۆشىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىمۇ بىللە كىرىپ، ئىككىسىنىڭ دىمىقىنى غىدىقلىدى.

ئامىد يىگىتنى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان نارىنغا تەكلىپ قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى قول سالدى. ئىككىسى ئوخشىغان، گۆشى خېمىرىدىن كۆپ نارىننى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ئايتولدى ھەرقانداق يەردە تارتىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ قورسىقى ئاچ بولسا، ھەرقانداق سورۇندا قاراپ تۇرماي تاماقنى تويغۇچە يەيتتى.

— نارىن ئوخشاپتۇ! — دېدى ئايتولدى قولىنى تاۋاققا سوزۇپ.

— شۇنداق! بۇ يىل ئالاھىدە بىر بوردىتىپ، قىش كىرىشى بىلەن سويغۇزۇپ سۇرلەتتىم. ئات گۆشى تازا بابىدا سۇرلەنسە، تولىمۇ خۇش پۇراق ۋە تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنىم، ياش ئاتنىڭ گۆشى ئادەمگە پايدىلىق دەڭە! قېنى، چوڭ - چوڭ ئېلىڭ، تارتىنماڭ.

ئاخىر ئىككىسى تويۇپ، قوللىرىنى تاۋاقتىن تارتتى. پاكىز، ئاق ماتا لۆڭگىگە مايلىق قوللىرىنى ئېرتىپ، قېنىق دەملەنگەن سىنچاينى ھۇزۇرلىنىپ كەينى -

www.uyghurkitap.com

كەينىدىن ئىچتى. ئىشلەيدىغان ئايال كىرىپ، تاۋاقنى ئاچىقىپ كەتتى. ئىككىسى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، يەنە پاراڭغا چۈشتى.

بىرچاغدا ئامىد ئورنىدىن تۇرۇپ، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان، ئالدى ئىشكاپلىق ئۇستەلنىڭ ئىچىدىن بىر يېڭى كەشتىلىك قول ياغلىققا ئوراپ قويۇلغان تىللا بىلەن چوكا ئالتۇنلارنى ئەكىلىپ، ئايتولدىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى.

— بۇ مېنىڭ، ئايتولدى، ئازراق كۆڭلۈم! سىزگە يادىمى بولۇپ قالار. مېنىڭكى ئاخىرقى ھېسابتا سىزنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئېلىڭ، ئېلىڭ!...

— بۇ نېمە؟ — دېدى ئايتولدى قولى بىلەن ياغلىقنىڭ تېشىدىن تۇتۇپ.

— ئالتۇن! — دېدى ئامىد كۈلۈمسىرەپ.

يىگىت تۇتۇپ كۆرۈپ قانائەت قىلمىغاندەك ياغلىقنى يەشتى. ئۇنىڭ كۆزىدە، شىرەنىڭ بىر چېتىدە يېنىۋاتقان شامنىڭ يورۇقىدا جۇلالانغان تىللا ۋە چوكا ئالتۇنلار چاقناپ كەتتى. ئۇ يەنە ياغلىقنى بۇرۇنقىدەك باغلاپ قويۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئامىدقا تىكىلدى.

«ئالمىسام، — دەپ ئويلىدى يىگىت، — ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي قالىمەن. سىڭلىسىنى ماڭا بېرىشىنىڭ كەينىدىكى سۇيىقەست ۋە شۇملۇقى ئېچىلماي قالىدۇ. ئالسام، ‹يېگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ› دېگەن گەپ بار. بۇنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقىدا قالارمەنمۇ؟! بۇ مۇناپىقنىڭ غەرىزى، مېنى ئاتام سەككاكىيغا قارشى سېلىپ، مېنىڭدىن پايدىلىنىش ئىكەنلىكى ئېنىق. ئالمىسام، ئۇنىڭ بۇ شۇملۇق ئويۇنلىرىنى كۆرەلمەيمەن.

ئاخىرىدا ئاتام سەككاكىينى بۇنىڭ رەزىل تۆھمەت ۋە ھۇجۇملىرىدىن ساقلاپ قالالمايمەن. ئاتام سەككاكىي ئۇچۇن ئالاي!»

— ئامىد ئاغا، ئالىمسام مېنىڭدىن رەنجىيسىز. راستىنى دېسەم، كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتقۇم يوق! ئالاي!... رەھمەت سىزگە!

ئامىد بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. «بۇ دۇنيادا، — دەپ ئويلايتتى ساھىبخانا ئىچىدە، — ئالتۇن - كۈمۈشكە قىزىقمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟! پۇل شەيتانىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالالىغان يەردە، بۇنىڭدەك بىر سولتەكنى ھىجايتالامدۇ؟!»

ئايتولدى تىللا ۋە چوكا ئالتۇنلارنى ئالغان بولسىمۇ، ئامىد يەنىلا كۆڭلىدىكى شۇملۇقىنى شىرە ئۇستىگە چىقارمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ سىڭلىسىنى ئالىدىغان - ئالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى ئۆز دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىتىش ئويىدا بولدى: «كۈيۇ ئوغۇل قىلىۋالسام، ئۇ چاغدا بۇ سولتەك مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقمايدىغان بولىدۇ. «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» يەنە كۈتەي! ئۇ تولۇق ئىندەككە كەلسۇن! ئاندىن بۇ ئۆگىتىلگەن قارچىغىنى نېمىگە سالىمەن دېسەم، سالالايمەن!...»

— ئايتولدى! — دېدى ئۇ خىيالدىن توختاپ، — سىڭلىم ھەققىدىمۇ مېنى بۈگۈنكىدەك خۇشال قىلىشىڭىزنى كۈتىمەن! تېزرەك بولسۇن!...

ساھىبخانا ئايتولدىنى ئۇزىتىپ پېشايۋانغا چىقتى. ئۇنىڭ بىر مۇلازىمى ئايتولدىنىڭ ئېتىنى ئەكېلىپ پېشايۋان ئاستىدا تۇراتتى. يىگىت ئامىد بىلەن

خوشلىشىپ ئىتىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنى ئامىدنىڭ مۇلازىمى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئىتىغا مىندۇرۇپ قويدى...

※ ※ ※

ئايتولدى ئامىدنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئاتىسى كىتاب كۆرىدىغان، ئىلمىي ئەسەرلىرىنى يازىدىغان ئۆينىڭ چىرىغى يېنىق بولۇپ، دېرىزىسى يورۇپ تۇراتتى.

سوغۇق قاتتىق بولۇۋاتاتتى. قۇلاقچىسىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى چۈشۈرۈۋالغان ئايتولدى پېشايۋانغا چىقىپ، ئاتىسى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاستا ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟ ئىشىك ئوچۇق!— دېگەن تونۇش، يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن يىگىت ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى. ئۆيدىن چىققان ئىسسىق ھورغا ئايلىنىپ، ئايتولدىنىڭ كۆزىگە ھېچنېمىنى كۆرسەتمىدى. ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپ قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، چۈشۈرۈلگەن قۇلاقلىرىنى كۆتۈرۈپ باغلىدى. ئايتولدى ئانچە ئېگىز بولمىغان تۆت پۇتلۇق شىرەنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاتىسىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كەلدى. مۇتەپەككۇر بېشىغا ئاق بۆك، ئاق كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قارا پاختىلىق پىنجەك كىيىپ، قەلىمىنى شىرەگە قويماي، ئوغلىغا قاراپ تۇراتتى.

گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئۇزۇن ياستۇق مەشتىن چىقىۋاتقان ھارارەت ئۆي ئىچىنى ياز كۈنلىرىدەك ئىسسىتىپ، سىرتتىن مۇزلاپ كىرگەن ئادەمگە بىر خىل



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھۇزۇر ۋە راھەت بېغىشلايتتى. ئايتولدى مەشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى ئۇنىڭغا بىردەم قاقلاپ، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرىدىكى پىكىرنىڭ چىرىغى تېخى ئۆچمەي يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەته كىرسەممۇ بوپتىكەن!» دەپ، كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.

— ھە، ئامىدنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىڭمۇ؟! — دېدى يۇسۇف سەككاكىي ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى پۇشايماننى كۆرۈپ، — نېمە، مېنىڭ يېزىقچىلىق كەيپىمنى بۇزۇۋەتكىنىڭگە پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟! ئەسلىدە كىرمىسەڭ بولاتتى. كىرىۋېلىپ خىجالەت بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى!؟ — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئوغلىنىڭ قولىدىكى بىرنېمە چىگىلگەن ياغلىققا قارىدى، — قولۇڭدىكى نېمە؟

— ئالتۇن!

— ئامىد بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟!

— شۇنداق!

ئايتولدى ياغلىقنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يەشتى. شىرەنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان شاملارنىڭ يورۇقىدا تىللا ۋە چوكا ئالتۇنلار جۇلالىنىپ كەتتى.

— سېنى سېتىۋاپتۇ ـ دە! — دېدى مۇتەپەككۇر مىيىقىدا كۈلۈپ.

— ئامىدمۇ تازا قۇۋ تۈلكە ئىكەن. بۇگۈنمۇ ماڭا قورسىقىدىكى شەيتىنىنى چىقىرىپ كۆرسەتمىدى. سىڭلىسىنى ئالىمەن دېسەم چىقىراتتىمىكىن؟! — دېدى سەككاكىينىڭ ئۇدۇلىدا، شىرەنىڭ بۇ چېتىدە ئولتۇرغان يىگىت ئاتىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا بىر سەمىمىيلىك پارلايتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئالتۇننى ئالغاندىكىن، سىڭلىسىنىمۇ ئالىمەن دېسەڭ بولمامدۇ؟!— دېدى سەككاكىي يەنىلا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىڭلىسىنى قانداق ئالىمەن!؟ ئۇ ئۆمۈرلۈك ئاغىنەم نۇربەگنىڭ ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزى تۇرسا، ئۇنى ئالسام بولامدۇ؟! بۇ تازا ئۇچىغا چىققان قارا يۈزلۈك بولمامدۇ، ئاتا؟!— يىگىتنىڭ قارا ۋە قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىنىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدە ئار – نومۇس ۋە ۋىجداننىڭ پارلاق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئاتا ئوغلىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان سۆزلىرىنى، ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئار – نومۇس ۋە ۋىجداننىڭ پارلاق نۇرلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىدىن سۆيۈندى.

— توغرا ئوغلۇم! سەن ئۆمۈرلۈك ئاغىنەڭ ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنى ئالساڭ زادىلا بولمايدۇ! قول بەرگەن ئۆمۈرلۈك ئاغىنىسىگە خائىنلىق قىلىش، تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا، قوۋم – قېرىنداشلىرىڭدىن، ئەل – يۇرتۇڭدىن، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىن يۈز ئۆرۈش بولىدۇ! ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرپ – ئادەت ۋە رەسىم – يوسۇنلىرىنى بۇزغان ئوغۇل ۋە قىزلارنى شۇ مىللەتنىڭ سادىق پەرزەنتلىرى دېگىلى بولامدۇ؟! ئۆرپ – ئادەتلەر، رەسىم – يوسۇنلار، «تىل، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت، تۇرمۇش رىجىسى، مىللىي تارىخى، ئەقىدە – مىزانلىرى، پەخىر — ئىپتىخار ۋە ئار – نومۇس ئادەتلىرىدىن ھاسىل بولغان مىللەتلىك»① يۇرت – ئانا ۋەتەن، ئەزىز خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يولۇپ، مىللەتلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭ

① ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دىن، 5 – بەت.

بىرىنى بۇزغان ئادەمنىڭ ۋەتەن، خەلقىنى سۆيۈشىدە مەسىلە بولىدۇ. ۋەتەن خۇددى تۇغقان ئانىمىزدەك ئۆز پەرزەنتلىرىنى يارىتىدۇ، پەرزەنتلىرىمۇ ۋەتەننىڭ قىممەت ـ ئېتىبارىنى، تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى يارىتىدۇ. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن پەرزەنتلەر تىللاردا داستان بولىدۇ! ئەكسىچە، ۋەتىنىنى خارلىغانلار قارا يۈز، مۇناپىق بولىدۇ. ۋەتەن — بۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكان بولۇپ، مۇشۇ ماكاندا مەيدانغا كەلگەن بىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىمىز يەنى مىللەتلىكىمىز تەبىئىي ھالدا بىزنىڭ ماكانىمىز — بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى كۆپ ئادەملەر تازا بىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىللەتلىككە سەل قارايدۇ. ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى — مىللەتلىكى بولمىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر مىللىتىمۇ بولمايتتى. ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ كېلىۋاتقان گۈزەل مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆيمىگەن، ئەكسىچە خارلىغان ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەس! ئايتولدى، توغرا ئويلاپسەن! جانجىگەر ئاغىنەڭ ياخشى كۆرگەن قىزغا كۆز تىكىش بىزدە ئاغىنىدارچىلىقتا قار يۈزلۈك بولىدۇ!

كۆزلىرى چاقناپ، چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەن مۇتەپەككۇر سۆزدىن توختاپ ئايتولدىغا قارىدى. ۋاپادار ئوغۇلمۇ ئاجايىپ قىممەتلىك دەرس ئاڭلىغاندەك ئاتىسىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ

www.uyghurkitap.com

بىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، بىر ـ بىرىگە بولغان كۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت، بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشىنىش ۋە سادىقلىق نۇر چاچاتتى.

ــ ھە...ــ دەپ سۆز باشلىدى مۇتەپەككۇر يەنە مىيىقىدا كۈلۈپ،ــ قۇۋ تۈلكە ئىچىدىكىنى ساڭا كۆرسەتمەپتۇ ـ دە!؟...

ــ كۆرسەتمىدى.

ــ ئالدىرىما! ئۇ ئاخىر ساڭا ئىچىدىكى شەيتىنىنى كۆرسىتىدۇ. سەن دېگەندەك، ئوغلۇم، ئۇنىڭ مەقسىتى، سېنى ئۆزىگە تارتىپ، ماڭا قارشى قويۇشتىن ئىبارەت. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ شۇنداق، مەن ئۇنى ئەل ـ يۇرتقا بالا كەلتۈرىدىغان بىر مۇناپىق ھېسابلاپ ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتىم. ئۇ مېنىڭدىن ئۆچ ئېلىش كويىدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ يول ئىزدىمەكتە. ئۇنىڭ كۆزى ئاخىر ساڭا چۈشتى. سېنىڭدىن پايدىلىنىپ، غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن، سېنى سىڭلىسىنى بېرىش، بىھېساب مال ـ دۇنياسىغا غوجايىن قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە تارتماقتا. ئايتولدى، بۇ ئىشتا سەن توغرا يول تۇتتۇۋاتىسەن. چىدام ۋە تاقەت ھەممىنى يېڭىدۇ. ئامىد قانچىلىك قۇۋ ۋە ھىيلىگەر بولمىسۇن، ئاخىر تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدۇ. ساڭا ئىچىدىكىنى بۈگۈن دېمىسە، ئەتە چوقۇم دەيدۇ. سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتكىن، ئوغلۇم!

سەككاكىي شىرە ئۈستىدە تۇرغان ئالتۇنلارغا قارىدى. ئۇ كۆزىنى شام يورۇقىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇنلاردىن ئېلىپ ئايتولدىغا تىكىلدى.

— بۇ ئالتۇنلارنى ئاناڭغا ئەكىرىپ بەرگەن، ئۇ ساقلاپ قويسۇن! ئامما سېنى ئۆز دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىتالمىغاندىن كېيىن، تىللا ۋە ئالتۇنلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر دەپ يۈزسىزلىك قىلىشى مۇمكىن. شۇ چاغدا قايتۇرۇپ بېرىۋېتەرسەن! ئەگەر سورىمىسا، بۇ ئالتۇنلار بىلەن يېتىم - يېسىر ۋە يوقسۇللارغا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەرمىز.

— مەن، — دېدى ئايتولدى قول ياغلىقىنى باغلاۋېتىپ، — بۇ ئالتۇنلارنى نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىغا ياردەم قىلايمىكىن دېۋىدىم...

— بۇمۇ بولىدۇ! نۇربەگنىڭ قىلىۋاتقىنىمۇ ئۇلۇغ ئىش! ئايتولدى، مەن سۆزۈڭگە قوشۇلىمەن! — دېدى سەككاكىي، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاھىدە چاقناپ كەتتى...

※ ※ ※

باھار ئۆزىنىڭ ئىللىق تەپتى بىلەن بۇ گۈزەل ۋادىغا كېلىۋاتاتتى. قارلار ئېرىپ، يەر - جاھان ئەكچىپ، كۆنلەر ئىسسىپ قالدى. دەل - دەرەخلەر كۆكىرىپ بىخ چىقاردى. باغلارمۇ گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، گۈل ھەرىلىرىنىڭ تۈگمەس ناخشىسىغا تولدى.

ئالەم ئۆزىنىڭ ئاقلىقىدىن يېشىللىققا ئۆزگىرىپ، ئادەملەرنىڭ يۈرەك باغرىنى جۇشقۇن ۋە گۈزەل ھېسسىياتلارغا تولدۇردى. كەڭ ئېتىز ۋە دالالاردا، باغلاردا ئاجايىپ مۇھەببەتلىك ناخشىلار ياڭراپ، گۈللىنىۋاتقان تەبىئەت، ھېسسىياتلىنىۋاتقان ئادەملەرنى تېخىمۇ جانلاندۇراتتى.

كۈنلەر ئىسسىقا باشلىغاندىن تارتىپ، كوچىغا كۈندە بىر ـ ئىككى قېتىم چىقىدىغان بولۇپ قالغان كۈنسۈلۈ، بۈگۈنمۇ چىقىپ يوغان ئاق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ چوڭقۇر خورسىندى. ئۇ كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئاق بوغقۇچ كوچىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شېخىدا كۆرۈنمەيتتى. روھى چۈشكەن ساھىبجامال ئاستا ئاھ ئۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى: «مېنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟! مېنى ئەكېتىدىغان نىيىتىدىن ۋاز كەچتىمۇ؟! ‹سىزنى ئەكېتىدىغان چاغدا، دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن بىرىگە ئاق بوغقۇچ باغلىتىمەن› دېۋىدى، قېنى ئاق بوغقۇچى؟!» دېگەندەك ھەسرەتلىك سوئاللار قىز كۆڭلىنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتەندى.

ئۇ دەرۋازا ئالدىدا مەيۈس ۋە خىيالغا پېتىپ خېلى تۇردى. قايتا ـ قايتا دەل ـ دەرەخلەرگە قاراپ چىقتى. ئۇ مۇھەببەت ۋە ۋىسالىنىڭ بەلگىسى بولغان ئاق بوغقۇچنى كۆرەلمىدى. بىردىنلا قىزنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىگە ياش ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاق ۋە يوغان دەرۋازا ئالدىدا داۋاملىق تۇرۇۋەرگىسى كەلمىدى. كۈنسۈلۈ مەيۈس ۋە غەمكىن ھالدا قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن قورۇغا كىرىپ، پېشايۋانغا چىقتى. ئۇ بۇ يەردىمۇ تۇرماي، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزىنى ياتىدىغان كارىۋىتىغا تاشلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى...

قاتتىق سېغىنىش بىلەن كۈچلۈك ئىنتىزارلىق بىرلەشسە، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قاتتىق ئازابلايدۇ. سېغىنىۋاتقان يۈرەك ئىنتىزار بولغان خەۋەر ياكى

كېلىدىغان نەرسىگە ئىگە بولالمىسا، تىتىلىپ كېتىدىغاندەك قىينىلىدۇ. شۇ تاپتا سېغىنىش ئوتىدا كۆيۈۋاتقان كۈنسۇلۇ ۋە ئۇنىڭ يۈرىكى دەرۋازىسى ئالدىدىكى دەرەخ شاخلىرىغا ئاق بوغقۇچىنىڭ باغلىنىشىغا تەقەززالىق بىلەن ئىنتىزار بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكى، گۈزەلىنىڭ يۈرىكىدىن چىققان ياشلارنى كۆزلىرىدىن ئېتىلدۇرۇپ چىقاردى. قىز خېلىغىچە يىغلاپ ياتتى. بىرچاغدا ئۇ پېشايۋاندىن چىققان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، قول ياغلىقى بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى ئېرتتى. ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىنى قانچىلىك ئېرتسىمۇ، قىلياشتەك تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك قىزارغان كۆزلىرى، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى يوشۇرالماي، مەيۈس مۆلدۈرلەيتتى.

پېشايۋاندىن ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى ئۆتۈپ كەتتى. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ھويلىغا قارىدى. زىلۋا، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى بىلەن ساھىبجامال، دېرىزە يېنىدا ئۈنگەن سەرۋىگىلا ئوخشايتتى.

يەنە خىيال! يەنە مۇھەببەت!... يەنە دىدار تەشنالىقى ۋە ھەسرەت! قىز ئۆزى قاراپ تۇرغان تەرەپتە چاپچال تاغلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. شۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى چوققىلارنىڭ بىرىدە، قويۇق قارىغايلىقلار ئارىسىدا ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتى ياشايتتى. بىردىنلا قىزنىڭ كۆز ئالدىغا پېشانىسى كەڭ، قاشلىرى قويۇق ۋە قېلىن، قاپقارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قېشىدەك قاپقارا، قويۇق بۇرۇتى بار بىر يىگىت كېلىپ، يۈرىكىنى

قوغۇشۇندەك ئېرىتىۋەتتى. قانىتى بولسا، ئۇ شۇ تاپتا چاپچال تاغلىرىغا ئۇچۇپ بېرىپ: «نۇربەگ!» دەپ تۇۋلاپ يىگىتنى ئىزدەيتتى!...

«ياق! — دەپ ئويلايتتى كۆنسۇلۇ، — نۇربېگىم ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئۇنداق يىگىتلەردىن ئەمەس! بەلكىم ۋاقتى يەتمەيۋاتقاندۇ؟ دۇشمەنلىرى ئارام بەرمەيۋاتقاندۇ؟! يا كۆنلەرنىڭ ئوبدان ئىسسىشىنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟! كىم بىلسۇن، مېنىڭ نۇربېگىممۇ قۇياشنىڭ ئاستىدا، بىر ئېگىز چوققىدا تۇرۇپ، مەن تۇرغان شەھەرگە قاراۋاتقاندۇ؟! ياق، مۇھەببەت ۋە ۋىسال بوغقۇچى كوچىدىكى دەرەخ شاخلىرىغا چوقۇم باغلىنىدۇ.» بىردىن قىزنىڭ يۈرىكى مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق باھارى كەلگەندەك گۈل - چېچەككە تولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاق بوغقۇچ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە باغلىنىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ھاياجانلاندۇردى. كۆكۈل دېگەن ئۇلۇغ! ئۇنىڭدا ئالدىن سېزىدىغان بىر خاسىيەت، بىر سېھىر بار!...

قىز يەنە ھەر كۈنى چىقىپ دەل - دەرەخلەرگە قارىدى. ئۇ ئۈچىنچى كۈنى دەرۋازىدىن ئانچە يىراق بولمىغان، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكنىڭ قول يېتىدىغان پاكار شېخىغا باغلانغان، يېنىك ئۇچۇۋاتقان باھار شامىلىدا لەپىلدەپ تۇرغان ئاق بوغقۇچنى كۆردى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىر كۈچ بىلەن ئىتتىك بېرىپ ئاق بوغقۇچنى يېشىۋالدى. ئۇنىڭغا ئاق بوغقۇچ نۇربەگنىڭ ئاق كۆڭلى، مۇھەببىتىدەك كۆرۈنۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۆزگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە پەرۋامۇ قىلماي، بوغقۇچنى ئاغزىغا ئەكىلىپ

لەۋلىرىنى تەگكۈزدى. شۇ چاغدا كۇنسۇلۇنىڭ كۆزى ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، بىر ئاق تېرەك يېنىدا تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايالغا چۈشتى. بېشىغا گۈللۈك يۇڭ ياغلىق چىگىپ، ئۇستىگە كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك ۋە كالتە چاپان كىيگەن بۇ ئايالنىڭ كۈلۈمسىرەپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ساھىبجامال ئىختىيارسىز مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇ ئاق بوغقۇچنى سىز ئەكەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى قىز سالام - سەھەتنىمۇ ئۇنتۇپ خۇشاللىق ئىچىدە.

— ھە، مەن ئەكەلدىم، سىزنى تاغدا نۇربەگ كۈتۈپ قالدى. قاچان يولغا چىقالايسىز؟ ماڭىدىغان كۈن ۋە ۋاقىتنى بېكىتسىڭىز، مەن كېلىپ سىزنى ئەكېتىمەن، — دېدى ئايال پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەپ.

— مەن بىر - ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىۋالاي، سىلى ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن كەلسىلە! مەن چىقىمەن. مېنى كۆرۈپلا ماڭىدىغان تەرەپلىرىگە قاراپ مېڭىۋەرسىلە، مەن كەينىلىرىدىن ئەگىشىپ ماڭىمەن. خوش!

ئىچ - ئىچىگە خۇشاللىقى سىغمىغان كۇنسۇلۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىدىكى ئاق يولدەك ئاق بوغقۇچتىن كۆزىنى ئۈزمەي قورۇسىغا قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

كۇنسۇلۇنىڭ پۈتۈن روھىي ھالەت، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە زەررىچىلىكمۇ قايغۇ - ھەسرەت كۆرۈنمەيتتى. ئۇ گويا زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، دوزاختىن

www.uyghurkitap.com

جەننەتكە چىققاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھىلال ئايدەك قارا قاشلىرى تېگىدىكى قىلياشتەك كىرپىكلىرى چۆرىسىدە تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر خىل بەخت تۇيغۇسى ئۇچقۇنلىناتتى.

ساھىبجامال بۇ ئۆي، بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، جەنۇبتىكى قارىغايلىق مۇقەددەس تاغلارغا، ئەل ـ يۇرتىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان باتۇر يىگىتىنىڭ تاغ تۇراسىغا كېتىدۇ. دەل ـ دەرەخلىرى پوتلا تاشلاپ يوپيۇرماق چىقىراي دەپ قالغان كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، دەرۋازا ۋە ئىشىكلىرىنىڭ بەزىلىرى ئوچۇق، بەزىلىرى يېپىق قورۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۆنسۇلۇنىڭ يۈرىكى ئالتۇن بېلىقتەك، سۆيۈزۈك مۇھەببەت بۇلىقى ئىچىدە ئويناياتتى. گۈزەل باھار كېلىۋاتقان بۇ دەل ـ دەرەخ، بۇ ئۆي ـ قورۇلار، بۇ ئادەملەرگە ھاياجان بىلەن قاراپ كېتىۋاتقان كۆنسۇلۇ خىيال سۈرەتتى: «تەقدىرمۇ قىزىقتە!؟ بىر كېلىشكەن يىگىتنى پۈت ـ قولى باغلانغان ھالدا قورۇيۇمغا ئەكېلىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئوتىنى ياقتى. مەن بىر كۆرۈپلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مۇھەببەت ماڭا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان كۈچ ئاتا قىلدى. مەن يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆزىنىڭ تاغ تۇراسىغا يولغا سېلىپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ، مەن مۇقەددەس تاغلارنىڭ باتۇر بۈركۈتى بولغان سۆيگىنىمنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقاندا: ‹سىزنى تاغقا ئەكېتىمەن!› دېۋىدى، گېپىدە تۇرۇپ مېنى ئەكېتىشكە ئادەم ئەۋەتتى، مەن ئەتە

كېتىمەن. مەن ئەتە قارىغايلىق تاغلارغا، ئەركىن ـ ئازادە يۈرىدىغان مۇھەببەت دۇنياسىغا كېتىمەن... خوش ئالمالىق! بۈگۈن سېنى قانغۇچە كۆرۈۋالاي دەپ كوچاڭغا چىقتىم، مانا، ئايلىنىپ يۈرىمەن...»

قىز خىيال سۈرگەن هالدا مېڭىپ، شەهەر مەركىزىدىكى قايناق بازارغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالدى. كۈنچىقىش ئۆيۈقىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش خېلىلا ئېگىز ئۆرلىگەن بولۇپ، بۇ باهار كېلىۋاتقان شەهەرنى ئۆزىنىڭ ئىللىق ۋە قىزغىن تەبەسسۇمىدەك گۈزەل نۇرىغا بۆلۈپ كۆلۈمسىرەيتتى. بىردەمدىلا كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، يۈز ۋە بويۇنلىرى كىر قىز ۋە ئوغۇللار، قولتۇق تاياق تۇتقان مېيىپلار، بىرنەچچە قېرى بوۋاي ۋە مومايلار ئورىۋالدى. كۈنسۈلۈ بۇ يەرگە ئالايىتەن مۇشۇ بىچارىلەرگە سەدىقە تارقاتقىلى كەلگەنىدى. قىز ئالدىن تەييارلاپ قويغان پۇللىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ تارقاتتى. ئۇ ھەممىسىگە بېرىپ بولۇپ قارىۋىدى، كۆكلەشكە باشلىغان سۆگەت ئاستىدا چاچلىرى قاردەك ئاقارغان، يۈز ۋە پېشانىسىنى قورۇق باسقان، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان مومايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

ــ ئانا، ئوغۇل ـ قىزىڭىز يوقمۇ؟ــ سورىدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىگەن كۈنسۈلۈ ئالدىدىكى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالاي دېگەن مومايغا ئېچىنىپ قاراپ.

ئادەمگە ياشلىقىدا ئەمەس، قېرىلىقىدا بېرىلگەن ئارامخۇدا ياشايدىغان تۇرمۇش ئەڭ بەختلىك سانىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇنۇ چاچلىرى ئاپپاق ئاقارغان، چىرايى يادىڭغۇ، چىشلىرى سارغايغان، بىرقانچە كۈن، بىرقانچە ئاي، بىر قانچە يىلى قالغان ئانىنىڭ مۇنۇ كۈننى نېمە دېگۈلۈك؟! ئۇ كىشىلەرگە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تاپقان پۇلى بىلەن تويغۇدەك تاماق يېيەلەرمۇ؟!

ـــ مەن، قىزىم، پەرزەنت دىدارىنى كۆرەلمىدىم. ئېرىم بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن بېرى مېنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنۈم مانا مۇشۇ!ـــ دېدى ئاقباش موماي ئالدىدا ئولتۇرغان پەرىشتىدەك چىرايلىق قىزغا قاراپ.

كۈنسۈلۈ بۈگۈن ناشتا قىلىپ، ئىككى يەڭگىسىگە ئېيتىپ قويۇپ كوچىغا چىقتى. ئۇ ئالمالىقنى ئايلىنىپ ئۆنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېلىش، شەھەر مەركىزىدىكى قايناق بازارغا كېلىپ قەلەندەرلەرگە سەدىقە بېرىش نىيىتىدە كوچا ئايلىنىپ، ئاخىر شەھەر مەركىزىدىكى بازارغا كەلگەنىدى.

ـــ يۇرسىلە ئانا! مەن سىلىگە بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرەي! قورساقلىرىمۇ ئاچقاندۇ، ئاشپۇزۇلغا ئەكىرىپ ئوبدان تاماق يېگۈزەي!ـــ دېدى كۈنسۈلۈ مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قوللىرى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان موماي، بۈگۈن ئۆزىگە خىزىر يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ، يەردە ياتقان ئۆزۈن تايىقىنى ئېلىپ، شەپقەتچىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ساھىبجامال مومايىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ بازار ئىچىگە يول ئالدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى: بىرى جۇلدۇر ـ كېپەنلىك ئاقباش ئانا، يەنە بىرى گۈلدەك ئېچىلغان چىرايلىق

قىز. لېكىن، ئۇلارنىڭ يۈرىكى بىر خىل يېنىۋاتقان چىراغقىلا ئوخشايتتى. مۈكچەيگەن، دۈمبىسى چىقىپ قالغان ئانىنىڭ ھالسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئۆزگە مېھىر - شەپقەت ياغدۇرۇۋاتقان كۈنسۈلۈغا رەھمىتىنى ئېيتاتتى. ساھىبجامالنىڭ يۈرىكى بولسا، مېھرىبان ئانىسىنى يادىغا ئېلىپ، قېرىغىنىدا خارلىنىپ قالغان موماينىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ، ئانا قىلىۋالغۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. «ئامال قانچە؟! ئۇ ئەتە بۇ شەھەردىن كېتىدۇ! يىراق تاغلارغا كېتىدۇ! لېكىن، ئۇ بۇ ئاجىز موماينى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ. كۈنسۈلۈ تاغدىن ئالمالىقا ئادەم ماڭسىلا، ئۇنىڭدىن بۇ قارىغۇچىسى يوق، كوچىدا قالغان ئاجىز مومايغا پۇل ئەۋەتىپ بېرىشنى كۆڭلىدىن چىقارمايدۇ!...»

كۈنسۈلۈ مومايغا تاڭىدىغان يوغان ياغلىق، كىيىدىغان ئىككى قۇر چىت كۆڭلەك، كالتە چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك ۋە يازلىق ئاياغ ئېلىپ بەردى. ئاندىن ئاقباش ئانىنى ئاشپۇزۇلغا ئەكىرىپ، شورپىلىق، ئەركەك قوينىڭ گۆشىدە ئەتكەن پېتىر مانتىدىن تويغۇچە يېگۈزدى. ئىككىسى ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، قۇياشمۇ چۈشكە يېقىنلاپ باراتتى. ئانا ئېرى ئۆلگەندىن بېرى بۇنداق مەززىلىك، ياخشى تاماقنى يەپ باقمىغان بولغاچقا، ئالاھىدە راھەتلەندى. ئۇ كۈنسۈلۈنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي، ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن چىققان رەھمىتىنى توختىماي ئېيتاتتى.

— ئانا! — دېدى كۈنسۈلۈ بازاردىن قايتىدىغان چاغدا، موماي ئولتۇرىدىغان سۆگەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مانا، پۇل! بۇ پۇل بىلەن بىرقانچە ئاي ئوبدان يەپ - ئىچىپ

www.uyghurkitap.com

ياشايدىلا! مەن سىلىگە ئىمكانىيەت قىلالىسام لا يەنە پۇل ئەۋەتىپ بېرىمەن. خوش، مەن كېتەي! قېنى، ماڭا بىر دۇئا قىلىسىلا!

ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ياش چىققان موماي، پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇ يېيىلغان ئالىقانلىرىنى يۈزىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئاخىرىدا قېنى قاچقان، قورۇق باسقان يۈزىنى دۇئاسى ھۆلدىگەن ئالىقانلىرى بىلەن سىلاپ، ياراتقان ئىگىسىدىن ئالدىراپ تۇرغان پەرىشتىدەك قىزغا بەخت تىلىدى.

كۇنسۇلۇ بەخت ئىچىدە كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاقباش، ئاجىز ئانىغا قىلغانلىرىدىن تۇگىمەس خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. ئاستا شىرىلداپ تاغ سۈيى ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتقان گۈزەل شۇ تاپتا مېڭىپ ئەمەس، ھاياجان بىلەن قاناتلىنىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇشقىلا ئوخشايتتى. ئۆزىنىڭ قىلغان سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن رازى بولغان ئادەملەر كۇنسۇلۇدەك بەخت ھاياجىنىدا يايرايدۇ.

ئۇ ئەتىسى بىر كىچىك بوپىنى كۆتۈرۈپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى. كۇنچىقىش ئۇپۇقىغا ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياش، قىزغا ئاقىيول تىلىگەندەك قارايتتى. كۇنسۇلۇ خىيالىلا نېرىدا، ئاق تېرەك يېنىدا تۇرغان، ئۆزىنى ئەكەتكىلى كەلگەن ئايالنى كۆردى. ئايالمۇ بىر قاراپ قويۇپ كەينىگە بۇرالدى ـ دە، ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ساھىبجامال ئالدىدا كېتىۋاتقان ئايالنىڭ كەينىدىن ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يول ئالدى...

※ ※ ※

نۇربەگلەر ئالدىنقى تۇراسىنى تاشلاپ، كېيىن ياسىغان تۇراسىغا كۆچتى. بۇ كۆچۈش كۈنبەگنىڭ ئوغلى ئامىدنىڭ ئامبىرىدىن قېچىپ تاغ تۇراسىغا كەلگەندىن كېيىن بولدى. كېيىن ئۇلار يەنە «ئەۋلىيا» چوققىنىڭ كەينىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ ئۇ تەرىپىگىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئىككى تاغ تۇراسىنى ياسىدى. بىر قېتىم بۇرنىغا سۇ كىرگەن يىگىت ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىگە قوشۇلغىلى كەلگەن ھەربىر ئادەمنى ئىنچىكە، بىر مەزگىل سىناپ تەكشۈرۈپ، ئاندىن قوبۇل قىلىدىغان بولدى، ھەتتا بەزىلىرىنى ئادەم ئەۋەتىپ كەلگەن يېرىدىن ئەھۋالىنى ئېنىقلىدى. شۇنداق قىلىپ نۇربەگنىڭ تۇراسىدىكى قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقياالار بىلەن قوراللانغان يىگىتلەر ئەللىكتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق بولۇپ، داۋاملىق پىيادە ۋە ئاتلىق جەڭ مەشىقى قىلىپ بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. بىرقانچە قېتىم چاغاتاي خانلىقىنىڭ چېرىكى ئاز، چەت ياقىدىكى لەشكەرگاھلىرىغا چارلىغۇچى ئەۋەتىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، كېچىسى ھۇجۇم قىلدى. ھەربىر ھۇجۇم قىلغان لەشكەرگاھلىرىنى پاراكەندە قىلىپ ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتقان نۇربەگنىڭ قورقۇمسىز، باتۇر يىگىتلىرى نۇرغۇن قورال ـ ياراق، ئات، ئاشلىق ئولجا ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاغ تۇراسىغا ساق ـ سالامەت، غەلىبە ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ قايتىپ كەلدى.

ئەقىللىك ۋە قەيسەر نۇربەگ ئۆز تاغ تۇراسىغا قايتىپ كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ، ئىشلىرى قانچىلىك ئالدىراش ۋە جاپالىق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل قۇتقۇزغۇچىسىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سەرۋى قامەتلىك، كىرپىكلىرى قىلىياشتەك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاھۇ كۆزلۈكى كېلىپ، يۈرىكىگە سىغمىنىش گۈلخىنىنى ياقاتتى. بۇ گۈلخانىنىڭ ئوتى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. نۇربەگنىڭ يادىدىن ئۆزىنىڭ: «چوقۇم ئادەم ئەۋەتىپ سىزنى ئەكېتىمەن. ئاسماندىكى ئاينىڭ ئاق ۋە پاك نۇرى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىمەن!» دېگەن سۆزلىرى؛ كۈنسۇلۇنىڭ: «ئادىمىڭىزنى تېزرەك ئەۋەتىڭ، مەن كۈتىمەن! كەلگەن ئادەم قورۇنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلەردىن بىرىنىڭ شېخىغا ئاق بوغقۇچ باغلاپ قويسۇن!» دېگەن سۆزلىرىنى زادىلا ئۇنتۇمىدى. كېچە ـ كۈندۈز يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن كۈنسۇلۇنىڭ چىرايى، قۇلىقىدىن سۆزلىرى كەتمىدى. ئاخىر ئۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، تاغ تۇراسىغا كۈنسۇلۇنى ئەكېلىش قارارىغا كەلدى.

تاغلار كۆكىرىشكە باشلىغاندا، ئۆزى تۇرغان تاغ تۇراسىغا بىر ئېغىز كىچىك ياغاچ ئۆي ياسىدى. ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئۆز سەركەردىسىنى ئامىدىنىڭ چىرايلىق سىڭلىسىنىڭ قۇتقۇزغانلىقىنى بىلەتتى. نۇربەگ تاغقا چىققاندىن كېيىن، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخان چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىنى يېپىدىن يىگىنىسىگچە ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھەتتا ئۇ يوشۇرمايلا ۋاقتى كەلگەندە، كۈنسۇلۇسىنى تاغ

تۇراسىغا ئەكېلىدىغانلىقىنىمۇ دېدى. يىگىتلەر شۇ كېچە قىيىقاس ـ چۇقان سېلىپ ئۆز سەردارىنىڭ ئۆيىنى قوللىدى.

مانا، كۇنسۇلۇغا ئاتاپ ياسىلىۋاتقان كىچىك ياغاچ ئۆيمۇ پۈتۈپ قالدى. ئۇ يېنىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن يىگىتلىرىدىن ئۈچىنى ئېلىپ، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاقتۆپىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يېرىم كېچىلەردىن ئۆتكەندە يېزىغا كېلىپ، نۇربەگنىڭ ئاتا جەمەت بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ قورۇسى ئالدىدا توختاپ ئىشىكنى قاقتى. بىرچاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشىك ئالدىدا بىر بەرنا ئايال كۆرۈندى...

نۇربەگ كۇنسۇلۇنى تاغ تۇراسىغا ئەكېلىش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان بىر ئايال تېپىش ئويىغا كەلدى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاقتۆپىدىكى باھارخاننى لايىق كۆردى. ئەللىكلەردىن ئاشقان، تېنى ساغلام، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن، بالا يۈزى كۆرمىگەن ئايال ھەقىقەتەنمۇ كۇنسۇلۇغا ئەڭ ياخشى ھەمراھ بولالايتتى. تۇل ئايال باھارخانىنىڭمۇ يېزىدا تارتىشىدىغان بىرەر ئادىمىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئالدىن كېلىپ ئاتىسىنىڭ بۇ شىرەم تۇغقىنى بىلەن سۆزلەشمەيلا، بۈگۈن ئۈچ يىگىتى بىلەن كەلدى.

باھارخان نۇربەگلەرنى ئۆيىگە باشلىدى. چىراغ يېقىلغان ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، نۇربەگ كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى. كۈچىدىن قالمىغان گۆشمۇستەك ئايال قوشۇلۇپ، تاغقىمۇ بىللە چىقىدىغانلىقىنى، كۇنسۇلۇغا ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ

نۇربەگ ئاقتۆپىدە ئىككى يىگىت بىلەن قالىدىغان، باھارخان بىر يىگىت بىلەن ئالمالىققا بارىدىغان، ئۇلار كونسۇلۇنى ئەكەلگىچە، نۇربەگلەر باھارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن باھارخانلار ئالمالىققا قاراپ يولغا چىقتى...

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. نۇربەگ: «بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالدىمىكىن؟» دەپ ئويلاپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆي ئىچىدە تىپىرلاپ قالدى. كۈتۈشنىڭ ئېغىر ئازابىدا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەي، چەڭزە ـ بورىلىق تورۇسقا قاراپ ياتقان يىگىت قورۇ ئىشىكىنىڭ چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. كىيىملىرىنى سالماي ياتقان نۇربەگ بىلەن تەڭلا قالغان ئىككى يىگىتمۇ تۇرۇپ، سەردارىنىڭ كەينىدىن تالاغا قاراپ ماڭدى.

يېرىمى كۆيۈپ تۈگىگەن ئاي كېچىنى غۇۋا يورۇتاتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال توختىماي قارا دالا تەرەپكە ئۇچۇپ كېتەتتى. نۇربەگ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچاي دېيىشىگە، يېتىپ كەلگەن يىگىتلەردىن بىرى سەردارىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆز ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ باھارخان، كونسۇلۇ ۋە يىگىت ئۇچى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھويلىغا كىردى. نېرىدا قاراپ تۇرغان نۇربەگ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان كونسۇلۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۇنىڭغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى. كونسۇلۇمۇ ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تاشلاپ: «نۇربەگ!» دەپ توۋلاپ يىگىتىنىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك كەلدى...

※ ※ ※

كۈز كەلدى. ياپيېشىل تۆپىلىكلەر، ساي ـ سالالار، جىلغا ـ جىرالار ئالتۇن سۈيى ئىچىۋاتقاندەك ئاجايىپ چىرايلىق سېرىق رەڭگە كىرىۋاتاتتى. پەقەت بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئۆز رەڭگىنى ئانچە ئۆزگەرتىپ كەتمەيدىغان قارىغايلارلا ياپيېشىل تۇراتتى. شۇ يەرلىك مالچىلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئوت ـ چۆپ پىشىپ، قىممىز تازا كۆچىيىدىغان، ماللارمۇ تازا سەمرىيدىغان مەزگىل يېتىپ كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

كۈز توي پەسلى، ئۇيغۇرلار قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ تويىنى كۆپرەك مۇشۇ ئالتۇن پەسىلدە قىلاتتى. بەلكىم ئاشلىقلار پىشىپ ئامبارلاشتۇرۇلىدىغان، ماللارمۇ سەمرىيدىغان، قوللىرىمۇ خېلىلا ئىشتىن بوشاپ قالىدىغان بۇ پەسىل توي قىلىشقا ماس كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئاخشام سويۇلىدىغان ماللار سويۇلۇپ، گۆشى داش قازانلاردا پىشۇرۇلىدى. بۈگۈن تاڭ ئاتا ـ ئاتماي ئاشپەزلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، توي پولۇسىنى ئېتىشكە كىرىشىپ كەتتى.

بۈگۈن نۇربەگ بىلەن كۈنسۇلۇنىڭ ئۆمرىدە بىر بولىدىغان تويى!...

كۈنسۇلۇ تاغ تۇرادا بىر يازنى كۆلۈپ ـ يايراپ ئۆتكۈزدى. قىز كېچە ـ كۈندۈز يېنىدا باھارخان ھەدىسى، چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن يىگىتى نۇربەگ بولغانلىقتىن زادىلا زېرىكىپ قالمىدى. ئەكسىچە،

www.uyghurkitap.com

ئاكىسىنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىدىن، يەڭگىلىرىنىڭ ھومىيىپ قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ گۈزەل دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. كۇنسۇلۇ تاغ شارائىتىغا تېزلا ئۆگىنىپ، بۇ يەردىكى خۇش چاقچاق يىگىتلەر بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. ئۇ باھارخان ھەدىسى بىلەن بىللە بېرىپ، تاڭقوراي پىشقاندا كۇنگەيلەردىكى تاغ باغرىلىرىدىن، سۇلىرى ئۇنچە ـ مارجان چېچىپ ئاقىدىغان چاتلارنىڭ ئىچىدىن بۇ ئاجايىپ شېرىن تاغ مېۋىسىنى تېرىپ كېلەتتى. ئىككىسى تېرىپ كەلگەن تاڭقورايلارنى كەچكى تاماقتا يىگىتلەرگە ئاز ـ ئازدىن بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئالاتتى...

ياز مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. نۇربەگنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى دائىم ئۇنى «توي قىلمىۋال!» دەپ قىستايتتى. يىگىتمۇ بەزىدە: «توي قىلىۋالغىنىم ياخشىمۇ، يامانمۇ؟» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ توي قىلىش قارارىغا كەلدى.

كۇنسۇلۇ كەلگەندىن كېيىن، نۇربەگ ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كۆپ بىللە بولمىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن دېمەتلىك ۋە ئۆزىدىن چوڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆزىدە «ھا ـ ھا» لىشىپ يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. يېشىل قارىغايلىق، ساي ـ سالالىق تاغلارنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى تولىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. ئۇ كۇنسۇلۇ بىلەن بىللە گۈل ـ چېچەكلىك تۆپىلىكلەردە، سۈپسۈزۈك سۇلىرى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان جىلغا ـ جىرالاردا، ياپيېشىل قارىغايلىقلاردا سۆيگۈنىڭ شېرىن سەيلىلىرىنى ئانچە كۆپ ئۆتكۈزمىدى، ھەتتا كۇنسۇلۇنى

باغرىغا بېسىپ، قىزىلىق گۈلىنى ئۈزۈشنى ئەمەس، شېرىن لەۋلىرىگە لېۋىنى تەگكۈزمىدى... ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئايدىڭ كېچىلەردە؛ قۇياشنىڭ ئاپتىپى كۆلگەن كۈندۈزلەردە يېشىل قارىغايلىقلاردا؛ كېچە - كۈندۈز ناخشا ئۇزۇلمەيدىغان سايلاردا؛ بېشىدا بۈركۈتلەر قانات يېيىپ ئۇچقان قىيا ۋە چوققىلاردا؛ قوي، سىيىر، بۆلجۈرگەنلىرى، شېرىن تاڭقورايلار پىشىپ كەتكەن تاغ باغرى، تۆپىلىكلەردە بىرنەچچە قېتىم كۈنسۈلۈ بىلەن بىللە بولغان بولسىمۇ، غەيرىي خىياللاردا زادىلا بولمىدى...

قىزنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ئۇنىڭ قىزلىقى بولۇپ، بۇ بايلىق قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، قىزنىڭ قىزلىقى ئار - نومۇس بولۇپ، ئەخلاق - پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ. توي كېچىسى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك بايلىقىنى ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تەگكەن يىگىتكە تاپشۇرالىغان قىز، ئەلۋەتتە ئەخلاقلىق قىز بولىدۇ. ئۇنىڭ توي قىلغان يىگىتى بىلەن كېيىن ئۆتىدىغان تۇرمۇشىمۇ تاپا - تەنىسىز، كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە خۇشال - خۇراملىقتا چۆمىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يىگىت مەيلى كاتتا، مەيلى ئاددىي بولسۇن، توي قىلماي قىز ئالمايدۇ، قىزلارمۇ يىگىتلەرگە تەگمەيدۇ. توي كېچىسىنىڭ ئاق لاتىسىغا قىزىلگۈللەر چېچىلغاندا، بۇ كېچە ئەر - خوتۇن بولغان ئىككىسىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئۇنتۇيالمايدىغان، ئەڭ گۈزەل كېچە بولۇپ قالىدۇ.

بۇنداق كېچىنى ئۆتكۈزگەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كۆڭلى، مېھىر ـ مۇھەببىتى، تەقدىرى ئۆمۈرلۈك بىر ـ بىرىگە باغلىنىدۇ. بۇ كېچە، بولۇپمۇ قىزغا نىسبەتەن ئالغاندا، بىر سىناق كېچىسى بولىدۇ. بۇرۇنلاردا ئۇيغۇرلار قىزنىڭ قىزلىقى بولمىسا، بىر توقاچنى ئوتتۇرىدىن تېشىپ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتەتتى. ئارقىدىن قىزنىمۇ كۆدە ـ كۆرپىسى بىلەن يولغا سالاتتى. بۇ ئەلۋەتتە، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن خەلقئالەم ئالدىدا ئېيتقۇسىز ئېغىر دەرد بولاتتى...

ھەر ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بولغىنى ياخشى!

نۇربەگ كۇنسۇلۇ بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر ئايدىڭ كېچىدە، تاغ تۇراسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يېشىل قارىغايلىق يېنىدا، تۆۋەن تەرەپتىكى گۈزەل ساي ـ سالالارغا قاراپ تۇرۇپ كۇنسۇلۇغا: «توي قىلايلى» دېدى. قىز ئويلىنىپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى ئويناپ، يەرگە قاراپ جىم تۇرۇۋالدى.

ـــ يا توي قىلغۇڭىز يوقمۇ؟! ئىككىمىز توي قىلماي بۇنداق يۈرۈۋەرسەك بولمايدىكەن، بىللە ماڭساق تاغ تۇرادىكىلەر كۇسۇرلىشىپ بىزگە قارايدىكەن. توي قىلىدىغان بولغاندىكىن، كېچىكىپ توي قىلغاندىن، ھازىرلا توي قىلىۋەتسەك ياخشى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. قېنى، بىر نېمە دەڭ!

قىز ھېچنېمە دېمەي ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. نۇربەگ ئۇنىڭ كەينىدىن ھاڭ ـ تاڭ ئىلكىدە قاراپ قالدى. ئەتىسى باھارخان كېلىپ نۇربەگكە: «توي تەييارلىقىنى قىلىۋەر ئوغلۇم!» دېدى... شۇنىڭ بىلەن توي تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. كېچە ئاقتۆپىنىڭ

ئىمامنى نىكاھ ئوقۇشقا ئىككى يىگىت چۈشۈپ ئاچىقتى. كېچە تازا گۈش پىشۇۋاتقاندا، ئالمالىقتىن ئايتولدى ئاتىسىنىڭ تەبرىكىنى ۋە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالىمىنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، تاغ تۇرادا نۇربەگ بىلەن كۇنسۇلۇ تويىنىڭ ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىپ ياڭرىتىۋەتتى...

يىگىتلەر ئىمامنى يېزىدىن ئاچىقتى، قۇياش كۆلۈپ چىقىشىغىلا تاغ تۇرانى ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ياڭراق ناۋاسى جاراڭلىتىۋەتتى. يوغان داش قازانلاردا پىشقان پولۇدىن تارقىغان خۇش پۇراق كۆز كەلگەن تۆپىلىكنى بىر ئالدى. ھەرقايسى تۇرالاردىن كەلگەن يىگىتلەر، تويغا ئاتىغان قويلىرىنى ئۆڭكۈرۈپ ئەكەلگەن مالچىلار چۆپلۈككە سېلىنغان كىگىز ۋە گىلەملەردە قاتار ئولتۇرۇپ توي پولۇسىنى كۆلكە ـ چاقچاق بىلەن يېيىشتى...

كەلگەنلەر ئۇزىغاندىن كېيىن، ئاقتۆپىنىڭ ئىمامى نىكاھ ئوقۇدى. تۇزلۇق سۇغا چىلانغان ناننى يېگەن نۇربەگ بىلەن كۇنسۇلۇ ھاياتتا بولمىسا بولمايدىغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئالاھىدە ئۇلۇغلايدىغان نان بىلەن تۇزدەك قەدىر ـ قىممەتلىك ياشاشنى ئۆز كۆڭۈللىرىنىڭ لەۋھەسىگە يېزىۋالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قىز ـ يىگىت تويى بىر ناخشا ـ مۇزىكىلىق دىراما، توي بولغان قىز ـ يىگىت بۇ دىرامىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى ھېسابلىناتتى. دىرامىغا يەنە قىز ـ يىگىتنىڭ يارۇ دوستلىرى، تونۇش ـ بىلىشلىرى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، مەھەللىنىڭ جامائىتى بولۇپ نەچچە يۈز

www.uyghurkitap.com

ئادەم قاتنىشاتتى. بىراق، نۇربەگ بىلەن كۇنسۇلۇنىڭ تويى تاغ تۇرادا، ئالاھىدە بىر شارائىتتا بولۇۋاتقانلىقتىن، توي رەسمىيەتلىرىنىڭ كۆپى ئورۇنلانمىدى؛ ئەلچى ئەۋەتىش، رەھمەت ــ تەزىم، چاي ئىچۇرۇش دەيدىغان بىر قاتار پائالىيەتلەر بولمىدى. پەقەت تاغ تۇرادا يىگىتلەرگە ئاش تارتىپ نىكاھ ئوقۇلدى. كەچتە گۇلخان يېقىپ، ناخشا ــ ئۇسسۇل ئويناپ، قىز ــ يىگىتنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۇرۇش بولدى.

※ ※ ※

كەچكى گۇلگۇن شەپەقنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ شولىلىرى ئۇچۇپ، كۇنپېتىش ئۇپۇقى سۇس ئاق سېرىق رەڭدە يورۇپ تۇراتتى. يىگىتلەر يېشىل قارىغايلار ئارىسىدىكى خىلىلا كەڭ ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلىگەن قوزۇق ئوتۇنلار بىر كىچىك دۆڭدەك كۆرۇنەتتى. قامىتى خۇش پىچىم، چاققان بىر يىگىت ئاشخانىدىن يالقۇنلاپ تۇرغان بىر پارچە چوغنى ئەكېلىپ دۆۋىلەنگەن ئوتۇنغا ئوت ياقتى. ئاستا ــ ئاستا كۆتۇرۇلگەن كۆكۈچ ئىس بارغانسېرى چوڭىيىپ، بىرچاغدا لاپپىدە ئوت ئېلىپ قاراسلاپ كۆيۇشكە باشلىدى. ھەيۋەتلىك زور گۇلخاننىڭ قىزغۇچ يالقۇنلىرى ئىس ــ تۇتەك ئارىسىدىن ئاسمانغا كۆتۇرۇلۇپ، ئالتۇن ئۇچقۇنلىرىنى ھەر تەرەپكە چېچىشقا باشلىدى. قارىغاي چاراسلاپ كۆيىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن توختىماي چاراسلىغان ئاۋاز بىلەن بىللە ئۇچۇپ چىققان ئوت پارچىلىرى چۆرىسىگە چۇشەتتى. گۇلخان يورۇقىدا تۆت ئەتراپى يورۇپ، چۆرىسىدىكى

قارىغايلارغا ئۇنىڭ قىزغۇچ شولىلىرى چۈشۈپ، ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلدى.

تاغ تۇرانىڭ يىگىتلىرى بىردىن ـ ئىككىدىن گۈلخان چۆرىسىگە كېلىشكە باشلىدى. بىردەمدە گۈلخان چۆرىسىگە توپلانغان يىگىتلەر سۇلتان بەگ بىلەن كېلىنىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. نۇربەگ بىلەن قولدىشى ئايتولدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر توپ يىگىتلەر قارىغايلىق ئارىسىدىكى ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى كىچىك ياغاچ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ ئېيتىپ، يېڭىلا بەش ـ ئالتە كۈنلۈك يېڭى ئاي كۆتۈرۈلگەن تاغ كېچىسىنى جانلاندۇرۇۋەتتى:

«ھاي ـ ھاي ئۆلەن ھاي ئۆلەن، گۈل قايدا بار، يار ـ يار،
بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار. يار ـ يار.
ھاي ـ ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، قار كېلەدۇر، يار ـ يار،
بەرگى گۈلگۈن تونىنى كىيىپ يار كېلەدۇر يار ـ يار.
بەرگى گۈلگۈن تونىنىڭ بەرگى تولا يار ـ يار،
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ دەردى تولا يار ـ يار...
قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار ـ يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار ـ يار...»

سۇلتانبەگ بىلەن قولدىشىنى ئارىغا ئالغان يىگىتلەر كىچىك ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى.

«ئالا ـ ئالا كۆكنەك پاقا ئالۇر، يار ـ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر خاپا بولۇر يار ـ يار.

ئاپپاق ـ ئاپپاق توشقانلار ئۆيدە تولا يار ـ يار.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر تويدا تولا يار ـ يار...»

«يار ـ يار» چىلار ئۇزاق كۈتمىدى، ھايال بولماي چىرايلىق كىيىنگەن بەرنا ئايال باھارخان بىلەن ئاق ئەتىرگۈلدەك ياسانغان پەرىزات ـ كۈنسۈلۈ ئۆيدىن چىقتى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئاق رەڭنى پاكلىق ۋە ئەزگۈلۈكنىڭ بەلگىسى دەپ قاراپ كەلدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۇزىتىدىغان قىزلىرىنىمۇ ئاق ياغلىق، ئاق كۆڭلەك بىلەن ياساندۇرۇپ يولغا سالاتتى. كۈنسۈلۈمۇ بېشىغا ئاق يىپەك ياغلىق سېلىپ، ئۈستىگە ئېتەكلىرى كەڭ كۆڭلەك، ئېتەك ۋە قولتۇقنىڭ جىيەكلىرىگە چىرايلىق گۈللەر كەشتىلەنگەن ئاق پىنجەك كىيىپ، خۇش پۇراقلىق ئاق ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى يەردىن ئالماي، يېنىغا كەلگەن نۇربەگىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتتى. قارا كۆك رەختتىن يېڭى ئىشتان ـ چاپان كىيگەن قەددى ـ قامەتلىك نۇربەگىنىڭ قويۇق، كەڭ ۋە قارا قاشلىرى تېگىدىكى يوغان ۋە قاپقارا كۆزلىرى بەختتىن چاقنايتتى. ئۇلار گۈلخانغا قاراپ يول ئالدى. كۈنبەگىنىڭ يېنىدا ئايتولدى، كۈنسۈلۈنىڭ يېنىدا باھارخان، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يىگىتلەر مېڭىپ، «ھاي ـ ھاي ئۆلەن»نى ئېيتىپ، قاراسلاپ، ئالتۇن زەر چېچىپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ گۈلخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

نۇربەگلەر يېقىنلاپ كېلىشىگە گۈلخان چۆرىسىدە قارىشىپ تۇرغان يىگىتلەر قىيقاس ـ چۇقان بىلەن چاۋاك چېلىپ قىزغىن قارشى ئالدى. «قۇتلۇق

بولسۇن!»، «مۇبارەك بولسۇن!» دېگەندەك تەنتەنە شوئارلىرى جىمجىت كېچىنى ئاجايىپ جاراڭلىتىۋەتتى. كۈنپېتىش ئۈپۈقىدا تۇرغان ئورغاقتەك بەش ـ ئالتە كۈنلۈك ئاي بۇ توينى تەبرىكلەپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى.

كەچكى توي بەزمىسى مانا شۇنداق باشلاندى. بېشىغا ئاق مالخاي كىيگەن قىسقا بۇرۇتلۇق يىگىت ئالدىغا چىقىپ، توي بەزمىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن جاكارلىدى.

— دوستلار! نۇربەگ سەردار بىلەن كۈنسۈلۈ خېنىمنىڭ كەچكى توي بەزمىسى هازىر باشلاندى!...

لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان يورۇتۇپ تۇرغان قارىغايلىق تاغ تۇرانى يەنە قىيقاس ـ چۇقان ۋە چاۋاكلار جاراڭلىتىۋەتتى. بەزمىنى باشقۇرۇۋاتقان يىگىت يۇقىرى ئاۋازى بىلەن ئاتاقلىق ناخشىچى هەمراهنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

بېلىنى پوتىدا باغلىغان، كېلىشكەن يىگىت چىقىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، كۆپچىلىككە سالام قىلغاندىن كېيىن ناخشىسىنى باشلىدى. هەمراه ئېيتىۋاتقان بۇ ناخشىمۇ سوزۇلۇپ ئېيتىلىدىغان ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مۇڭى يوق ناخشا ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگمەيدۇ. يۈرەككە تەگمىگەن ناخشىنى ياخشى ناخشا دېگىلى بولمايدۇ. ناخشىچىنىڭ يېقىملىق ئاهاڭى بۇ ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، قاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان چۆرىسىدىكىلەرنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالدى. ناخشىنى جىمجىت ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ئېلىۋاتقان تىنىقى ئېنىق ئاڭلىناتتى. بۇ يېقىندا مەۋلانا سەككاكىي ئىجاد قىلغان

www.uyghurkitap.com

ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈزەل ئىلىغا بولغان مۇھەببەت يالقۇنلاپ تۇراتتى.

ئاجايىپ تەسىرلىك ناخشا تۈگىشى بىلەن مەيداننى گۈلدۈراس ئالقىش ۋە چاۋاكلار جاراڭلىتىۋەتتى. بەزىسى باشقۇرۇۋاتقان يىگىت: «ئۇسسۇل!» دەپ جاكارلىدى. ئۇسسۇل سېغىنىپ قالغان يىگىتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەيدانغا چۈشۈپ، كۆلگۈن چىرايلىرىدىن خۇشاللىق تەبەسسۇملىرىنى ياغدۇرۇپ شوخ، تېتىك ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. تاغ تۇرانىڭ سازەندىلىرى تەمبۇر، دۇتار، راۋاب، داپ، ساپايىلار بىلەن ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىپ، شوخ، ئويناق ناخشىغا جور قىلدى.

«ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
يارنىڭ بارمىكىن مەيلى.
بولسا ـ بولمىسا مەيلى،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى!

مەن بارايمىكىن ئاندا،
يار كېلەرمىكىن بۇندا.
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سېلىپ كېلەر بۇندا...»

ئۇيغۇر ـ يىگىت قىزلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇپلا ئاڭلايدىغىنى ناخشا، مېڭىپلا كۆرىدىغىنى ئۇسسۇل بولىدۇ. ناخشا بىلەن ئۇسسۇل ئۇلارنىڭ كۆزىگە سىڭىپ،

قۇلىقىغا قۇيۇلۇپ كەتكەچكىمۇ، ناخشا ـ ئۇسسۇل دېسە، يۈرەكلىرى ئويناپ، تەنلىرى يايراپ كېتىدۇ. راست، ناخشا ـ ئۇسسۇلسىز بۇ دۇنيا تولىمۇ زېرىكەرلىك بولغان بولاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جۇشقۇن ناخشىلىرى ۋە چىرايلىق ئۇسسۇللىرى بىلەن ھاياتىنىڭ ھەرقانداق ئېغىر جاپا ۋە كۈلپەتلىرىنى يېڭىپ بۈگۈنگە كەلدى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك ناخشا ۋە ئۇسسۇللىرىنى ئېيتىپ، ئەتىگىمۇ، نۇرانە كېلەچەككىمۇ يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ تېگىدىكى سىر خەلقىئالەمگە ئايان. ناخشا ـ ئۇسسۇلغا خۇشتار ئادەملەرنىڭ يۈرىكى گۈزەل بولىدۇ. يۈرىكى گۈزەل ئادەملەرلا گۈزەل ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ ئېيتالايدۇ ۋە ئوينىيالايدۇ. كەلگۈسى يۈرىكى گۈزەل ئادەملەرگە مەنسۇپ بولىدۇ!

ئۇسسۇل قىزىپ كەتتى. كەينى ـ كەينىدىن يېڭى ـ يېڭى ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىنغان ئاجايىپ يېقىملىق سازلارغا ئەگىشىپ، يىگىتلەر بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي قانغۇچە ئويناشتى. بىرچاغدا نۇربەگ بىلەن كۈنسۈلۈ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يىگىتلەر مەيداندىن چېكىنىپ، توختىماي ئوتۇن تاشلىنىۋاتقان گۇلخاننىڭ يورۇقى يورۇتقان مەيداننى ئۆزلىرىنىڭ كېلىشكەن سەردارى بىلەن گۈزەل كۈنسۈلۈغا بەردى. بىر ـ بىرىگە بويلىرى شۇنچىلىك ماسلاشقان نۇربەگمۇ، كۈنسۈلۈمۇ ئۇسسۇلنى شۇنچىلىك ئوبدان ئوينىدىكى، مەيدان چۆرىسىدە تۇرغان يىگىتلەر ئىككىسىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بېقىشقان كۆزلىرىدىن ۋە شۇنچىلىك گۈزەل ۋە سىلىق

ھەريكەتلىرىدىن سەممىمىي ۋە پاك مۇھەببەت يېغىپ تۇراتتى...

تۇن بىر يەرگە بىرىپ قالدى. بەزمىنى باشقۇرۇۋاتقان يىگىت سۇلتانبەگ بىلەن كېلىننى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇۋشنى ئېيتىپ، بەزمىنى تۈگەتتى. تاغ تۇرانىڭ باتۇرلىرى نۇربەگ بىلەن كۇنسۇلۇنى ئارىغا ئېلىپ، «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» نى ئېيتىپ ماڭدى. ئوچۇق ئاسماندا يورۇق يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان تاغ تۇرادىكى بۇ كېچە باتۇرلارنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىدىن ياڭراپ كەتتى.

## ئون بىرىنچى باب

# دۆلەت ئۇستازى

قاراجار ئىشىكنىمۇ چەكمەي، سەككاكىينىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى. قومۇش قەلىمىنى شىرتىلدىتىپ خەت يېزىۋاتقان مۇتەپەككۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ باش ۋەزىر ۋە لەشكەربېشىنىڭ ئۆز بۆلۈمىگە بۇنداق جىددىي ۋە ئالدىراش كىرىپ كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولغان ھالدا، قەلىمىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— كەلسىلە، قاراجار جانابلىرى! بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقىپ، مېنىڭ ئىشخانامغا قەدەملىرى يېتىپ قالدى؟! — دەپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئالدىغا كەلگەن سەككاكىي مېھمانغا جاي كۆرسىتىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— باش مەسلىھەتچى! — دېدى باش ۋەزىر سەككاكىي كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — مەن سېنىڭ يېنىڭغا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىردىم. سەن چاغاتاي خان بىلەن سۆزلەشمىسەڭ بولمىدى. چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن موڭغۇل خانلىقى خەتەرلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خەۋپ - خەتەرنى ۋاقتىدا ۋە چىرايلىق بىر تەرەپ قىلالمىساق، نەچچە مىڭ موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قۇربانلىقلىرى بەدىلىگە كەلگەن

چىڭگىزخان خانلىقى پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

— مەن، — دېدى قاراجارنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن مۇتەپەككۇر تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەقسەتلىرىنى زادىلا بىلەلمىدىم ۋەزىر جانابلىرى؟! مەن چاغاتاي خان بىلەن نېمە توغرىسىدا سۆزلىشىمەن؟! خانلىقنىڭ بىرلىكىگە ۋە مۇقىملىقىغا خەتەر بولۇۋاتقان ئىش نېمە؟!

باياتىن ئۆرە تۇرۇپ قاراجارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋە سۆزلىگەن باش مەسلىھەتچى قاراجارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئازراق ئارىلىق قويۇپ ئولتۇردى.

— خەۋىرىڭ بار! — دەپ سۆز باشلىدى خانلىقنىڭ لەشكەربېشى مۇتەپەككۇرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، — چىڭگىزخان ھايات چېغىدىلا ئۆگەداينى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتكەن. چوڭ خانىش بۆرتەدىن تۇغۇلغان جوجى، چاغاتاي، ئۆگەداي ۋە تولىلارنىڭ پەقەت ياش جەھەتتىن چوڭ - كىچىكلىك پەرقى بولسىمۇ، يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى يوق. جوجى بالىلارنىڭ چوڭى بولسىمۇ، ئۇ ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى. ھازىر بالىلارنىڭ چوڭى چاغاتاي بولۇپ قالدى، — قاراجار سۆزىدىن توختاپ، يانچۇقىدىن يوغان قول ياغلىقىنى ئېلىپ، تەرلەپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتتى. تېخىچىلا لەشكەربېشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن سەككاكىي، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلايتتى، — تۇنۇگۇن ماڭا كەلگەن خەۋەردە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى قاراجار سەككاكىيغا قاراپ، — ئۆگەداينىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئاتا تەختىدە ئولتۇرۇشىغا كەنجى ئوغۇل تولى قارشى چىقىپتۇدەك.

ياللۇغ چۇساي ئالايتەن تولىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «دۆلەتتە خان بولمىسا بولمايدۇ. ئاتىڭىز ۋاپات بولغىنىغىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ كەتتى. دۆلەتنىڭ تەختىدە خان يوق كېتىۋەرسە، دۆلەت بېشى يوق ئادەمدەك بولۇپ قېلىپ، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقۇشى مۇمكىن. چىڭگىزخان ھايات چېغىدا ئۆزى بېكىتكەن تەخت ۋارىسى ئۆگەداينى تېزرەك تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزسەك بولاتتى» دەپتۇدەك. تولى جىم ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئاخىر ياللۇغ چۇسايغا: «بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، كېيىنرەك بىر ياقلىق قىلايلى!» دەپ تەستە جاۋاب بېرىپتۇدەك. ھازىرغىچە ئۆگەداينىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەي كېچىكىشىنىڭ سەۋەبى شۇدەك. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدىم. باللارنىڭ چوڭى چاغاتاي خان ئوردىغا چىقىپ بىرنېمە دېمىسە بولمىدى. تۇيۇقسىز يانلىرىغا كىرىشىم، سىلىنى چاغاتاي خان بىلەن سۆزلىشىپ باقامدىكىن؟ دېگەن ئويۇم سەۋەب بولدى. چاغاتاي خان باللارنىڭ چوڭى بولغاندىكىن، خان جەمەتىدىكىلەرنى باش قوشقۇزۇپ، ئۆگەداينىڭ بالدۇرراق تەختكە ئولتۇرۇشىنى قوللاشنى بىرلىككە كەلتۈرسە بولاتتى. مەن مانا مۇشۇ مۇھىم ئىش بىلەن يانلىرىغا كىردىم. چاغاتاي سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ! بۇ ئىش ۋاقتىدا، توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، خانلىق ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى يوقىتىپ پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. سىلى، سەككاكىي جانابلىرى، چاغاتاي خان بىلەن ئوبدان بىر سۆزلىشىپ باققان بولسىلا!...

قاراجار ھاسىراپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ يوغان،

قوڭۇر كۆزلىرى چاقناپ، چىرايىمۇ جىددىيلىك ھالەتتىگە كىردى.

— راست، قاراجار جانابلىرى، سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئىشكەن، مەن بۇگۈن چاغاتاي خانىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي! ئويلايمەنكى، چاغاتاي خان، خانلىقنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنداقلا خانلىقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىمۇ خالىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مېنىڭچە، ئاكا — ئۇكىلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمدى خان — ۋەزىرلەر مۇناسىۋىتىگە ئايلىنىشىغا قارشى چىقمايدۇ. بۇ ئاتا ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم بولىدىغان ھادىسە! — دەپ سۆزدىن توختىغان مۇتەپەككۇرنىڭ يوغان كۆزلىرى ئالاھىدە بىر سېھىر، ئالاھىدە بىر خاسىيەت بىلەن چاقناپ كەتتى. باش ۋەزىر سەككاكىينىڭ كۆزلىرىگە قاراپ سەل — پەل ئەيمەنگەندەك بولۇپ، ئىچىدە: «كۆزلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ۋەھىمىگە سالىدىكەنە!» دەپ ئويلىدى.

— بولىدۇ، سەككاكىي جانابلىرى! — دېدى قاراجار ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنى سۆھبەتتىكىلارنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويارلا!

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن!

— خوش، مەن چىقاي!

سەككاكىي قاراجارنىڭ «تۇرۇپ قېلىڭ» دېگەن تەكەللۇپىغا قارىماي، ئىشىككىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى...

※ ※ ※

ئامىد سىڭلىسىنىڭ ئىز — دېرىكىنى زادىلا ئالالمىدى، ئۇنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەتمىگەن يېرى

قالمىدى. لېكىن، سىڭلىسى ھەققىدە بىرەر يىپ ئۇچىغىمۇ ئىگە بولالمىدى.

ئامىد ئىشكىباقارنىڭ سۆزىنى ئاربلاپ ئويلاپ قالاتتى، دەرۋازىغا قارايدىغان يىگىتنىڭ: «ناشتىدىن كېيىن بىر كىچىك بوپىنى كۆتۈرگەن كۇنسۇلۇ دەرۋازىدىن چىقىپ كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ ئىتتىك كەتتى...» دېگەن سۆزلىرى خېلى كۇنلەرگىچە خىيالىغا سالدى: «بىرەرى بىلەن قېچىپ كەتتىمۇ - يە؟!... لېكىن، ئامىدنىڭ ئايالىرى، ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان مۇلازىملىرى كۇنسۇلۇدىن بىرى بىلەن قاچىدىغان ياكى بىرەر يەرگە كېتىدىغان ھېچقانداق ئالامەتنى سەزمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەگەر راستلا قېچىپ كەتكەن بولسا، نېمىشقا شۇ چاغقىچە بىرەر خەۋىرىنى بەرمەيدۇ؟!...» دەپ ئامىد بۇ ئويىنىڭ باش - ئايىغىغا چىقالمىدى. ئاخىر ئۇ شەھەردىكى داڭلىق رەمچى ومايىنىڭ ئۆيىگىمۇ باردى. چاچلىرى ئاپپاق ئاقارغان، چىشلىرى سارغايغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، جادۇگەرگىلا ئوخشايدىغان قېرى موماي رەم ئېچىپ: «سىڭلىڭىز تىرىك، كۇنلىرى خۇشال - خۇرام ئۆتۈۋاتىدۇ، ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە خەۋىرىنى ئالىسىز» دېدى. رەمچى مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئامىد ھەيران بولۇپ، خېلىلا نۇرغۇن پۇل بېرىپ، قاراڭغۇ، زەي ئۆيىدىن خوشلىشىپ چىقتى.

كۇنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىل ئادىتى بىلەن تاڭ ئېتىپ، كەچ كىرىپ زادىلا توختىمايتتى. ياز ئۆتۈپ، قىش ئۆتۈپ يەنە باھار كەلدى. ئامىد سىڭلىسىنىڭ يوقاپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكىدىن ئۇنچىلىك قايغۇرۇپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالسىمۇ، سىڭلىسى بىلەن باغلىنىشلىق يەنە بىر ئىش ئۇنى ھەسرەتلەندۈرەتتى. ئۇ كۆنسۇلۇنى ئايتولدىغا بېرىپ، سەككاكىينىڭ بۇ بىقىۋالغان ئوغلىنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋېلىپ، سەككاكىينىڭ ھايات يىلتىزىنى كولاتماقچى ئەمەسمىدى؟! تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قىرىشقاندەك، كۆنسۇلۇنى تۇيۇقسىز غايىب قىلىپ، ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانىنى تۇتۇنۇدەك تۇزۇتۇۋەتتى. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دەيدىغان روھىي ھالەتتە قالغان خاپاش، ئەمدى قانداق قىلىپ ئايتولدىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى. ئۇ سەككاكىينىڭ بىقىۋالغان بالىسىنى كۈيئوغۇل قىلىپ ئاغزىغا قارىتالمىغىنى بىلەن، يەنە بىر يول ئارقىلىق قولغا قارچىغىدەك قوندۇرالايدىغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆنى بەرگەن تىللا ۋە چوكا ئالتۇنلىرىنى سۇرۇشتۇرمەي، تېگىدە نېمە ئوي، نېمە غەرەزنىڭ بارلىقىنى بىلمەي خۇشاللىق بىلەن ئالغانلىقى، ئامىدىنىڭ قولىغا قونغانلىقى ئەمەسمۇ؟! قۇتبىدىنىنىڭ ئوغلى ئايتولدىنىڭ پۇلغا ئامراقلىقىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولمىغانمىدى!؟... ئامىدا پۇل تولا، ئۇ ئادەتتە پىخسىق بولغىنى بىلەن ئايتولدىنى ئاغزىغا قارىتىشقا قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ ۋاي دېمەيدۇ. پەقەت ئايتولدى خاپاشنىڭ سىزغان سىزىقى، كۆرسەتكەن يولى بىلەنلا ماڭسا، پۇلنى ئايىمايدۇ.

كەلگەن ئىللىق باھار گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرغان، بۇلبۇللىرى تازا مەجنۇنلىنىپ ئىشقىي كۈيلىرىنى كۈيلەۋاتقان

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نۇرانە قۇياش ناماز دىگەردىن ئۆتكەندە، ئامىد ئايتولدىنى باشلاپ بېغىدىكى چىرايلىق شىپاڭغا چىقتى. تولدۇرۇپ چوغدەك گىلەم، قوش قەۋەتلىك قارا كۆك دۇخاۋا كۆرپىلەر سېلىنغان، ئوتتۇرىغا ئانچە چوڭ بولمىغان شىرە قويۇلغان ئورۇنغا كېلىپ، ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ، بىرى شىرەنىڭ شىمالىي بېشىدا، بىرى جەنۇبىي بېشىدا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت پۇتلۇق شىرەگە گۇللىرى ئاق، كۆكۈچ داستىخان سېلىنىپ، ئۈستىدە خىلمۇخىل نازۇ نېمەتلەر تولۇپ تۇراتتى. ئىككىسى ئولتۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئايتولدى يېرىم كۆتۈرۈلۈپ، قول باغلاپ ئالدىدىكى خاباشتىن يەنە بىر قېتىم قىزغىن ھال - ئەھۋال سورىدى. شۇ ئارىدا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان چاكار ئايال پەتنۇستا پىيالە ۋە چاي دەملەنگەن گۇللۇك چەينەكنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى پەتنۇسنى شىپاڭنىڭ چېتىگە قويۇپ، ئامىد بىلەن ئايتولدىغا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلدى. ئاندىن شىپاڭ سۇپىسىغا چىقىپ، شىرەنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، پەتنۇستىكى پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، ئالدىدا ئامىدقا، ئارقىدىن ئايتولدىغا ئىككى قوللاپ تۇتتى. يۈزىگە تەكشى چەككۈچ ئۇرۇلغان پىسكاشتىن بىرنى ئوشتۇپ شىرەگە قويۇپ، ئامىدلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئىككىسى سىنچاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇلبۇل چاڭىلداپ سايراۋاتقان، چۆرىسىدىكى گۇللەر رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ كەتكەن باغدىكى شىپاڭدا پاراڭغا چۈشتى.

ئالدى بىلەن ساھىبخانا ئېغىز ئاچتى. ئۇ يوقاپ كەتكەن سىڭلىسىنى تاشلاپ، باشقا ئىشتىن گەپ ئېچىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، سۆزىنى دەل كونسۇلۇدىن باشلىدى.

ئامىد چوڭقۇر، ھەسرەتلىك بىر تىنىۋېتىپ، ئاندىن ئايتولدىغا قارىدى.

— تەقدىرمۇ ئاجايىپ! بەزىدە تەقدىرنىڭ قىلغان شۇنداق قاتتىق چاقچىقىدىن دىمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ تىنالماي قالىسەن! سىڭلىمنىڭ يوقاپ كېتىشى مېنى ئىچىمدىن شۇنداق قاتتىق قېقىۋەتتىكى، بىر مەزگىل ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، كوچىغا چىقىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي قالدىم. سىڭلىم ئۆتكەن يىلى يازدا يوقاپ كېتىۋىدى، ھەش - پەش دېگۈچە قىش ئۆتۈپ يېرىم يىلدىن ئېشىپ قالدى، تا ھازىرغىچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. سىزنىڭ ئالدىڭىزدىمۇ، ئايتولدى، يالغانچى بولۇپ قالدىم. سىڭلىمنى بېرىپ، سىزنى ئۆزۈمگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىمەن دېگەن سۆزۈم يوققا چىقىپ، ئالدىڭىزدا مېنى خىجالەتكە قويدى...

— ئۇنداق دېمىسىلە! كونسۇلۇ ئۆزى يوقاپ كەتكەن تۇرسا، سىلى نېمىشقا يالغانچى بولۇپ قالدىلا؟! بۇنىڭدا سىلى زادىلا خىجالەتتە بولمىسىلا! ئۆزلىرى دېگەندەك، تەقدىرنىڭ ئويۇنى! — دېدى ئايتولدى ئامىدنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قولىغا ئالغان گۈللۈك پىيالىگە قاراپ تۇرۇپ.

شۇ تاپتا ئايتولدىنىڭ كۆزىگە تۆكۈلۈپ تۇرغان قىلياشتەك كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى ئاھۇ كۆزلىرىدىن بەخت خۇشاللىقى چېچىلىۋاتقان كونسۇلۇ كەلدى. ئۇ يىقىندىلا بېرىپ، ئاغىنىسى نۇربەگنىڭ ئۆيىدە ئىككى

كۈن تۇردى. كۈنسۈلۈ قورساق كۆتۈرۈپ ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزىلگۈلدەك ئېچىلغان ئىككى مەڭزىدىن زادىلا تەبەسسۇم كەتمەيتتى. نۇربەگ بىلەن ساھىبجامالنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىدىن خۇشال بولغان ئايتولدى بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا قايتىپ كېلىپ ئاتىسى سەككاكىيغا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— بولدى، — دەپ سەل ـ پەل ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئامىد، — ئايتولدى، سىزنى ئۆزۈم ئۆيلەپ قويىمەن. پۈتۈن ئىلى ۋادىسىنىڭ قەيىرىدە بولسۇن، كۆڭلىڭىزنى ئۇتالايدىغان پەرىزاتنى تېپىڭ! دەرھال ئالمالىقنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى ئەلچىلىككە ماڭدۇرايلى! — ئامىد شۇنچىلىك قىزغىن ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلىدىكى، ئۇنىڭ ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ ۋە كۆتمەك قاشلىرىنىڭ قۇيرۇقى گاھ چۈشۈپ، گاھ كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. قارامتۇل چىرايى جىددىيلىشىپ، سەل ـ پەل ھاياجان چاچاتتى.

— ئامىدكا! — دېدى ئايتولدى قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ، — ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت! ئالدىرىمايمەن، بۇ دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ئالدىراپ ـ سالدىراپ قىلىدىغان ئوقەت ئەمەس. ياراتقان ئىگەمنىڭ ماڭا ئاتىغان قىزى باردۇ؟! ئوبدان ئائىلىنىڭ ئوبدان قىزى بولمىسا، خوتۇن دېگەن ئەر بېشىغا بالا بولىدۇ...

— توغرا دېدىڭ! — دېدى خاباش ئورنىدىن سەل ـ پەل كۆتۈرۈلۈپ، — مەن پىكرىڭگە قوشۇلىمەن.

خاباش سۆزدىن توختاپ قالدى. شىپاڭغا ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئايال كىرىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان غوجايىنىغا تىكىلدى.

— تاماق تەييار بولۇۋىدى. ئەكىرسەم بولامدۇ؟!

— بولىدۇ، ئەكىرىڭ! قورساقمۇ ئىچىپ ناغرا چېلىپ كەتتى...

— سىڭلىم كۇنسۇلۇ ساڭا تازا باب كېلەتتى، — دېدى ئامىد ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئايال كەتكەندىن كېيىن سۆز باشلاپ، ئىغىر خورسىنىپ، — هازىر ئۇ قەيەرلەردە يۈرىدىكىن؟!

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئامىدكا! تەڭرىم ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىسىنى هەرقانداق يەردە خار قىلمايدۇ! — دېدى قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى بىر قۇر هۆسىنخەتتەك چىرايلىق بۇرۇتى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان ئايتولدى ئامىدقا تەسەللى بېرىپ.

ئۈستىدىن ئاق هور ئۆرلەپ تۇرغان چىنە تاۋاقنى كۆتۈرۈپ بايىقى زىلۋا بويلۇق ئايال باغقا كىرىپ كەلدى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە، كۆتۈرگەن جانان تاۋىقىدىكى دۆۋىلەپ ئۇسۇلغان قوي گۆشى كۆرۈندى...

قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇققا يېقىنلاپ باراتتى. شىمالدىكى تاغلاردىن كېلىۋاتقان سەلكىن شامال مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاخىرقى گۈل - چېچەكلىرىنى يەرگە تۆكەتتى. باياتىن دىماقلىرىغا گۈل - چىچەك هىدى ئۇرۇلغان ئامىد بىلەن ئايتولدى ئەمدى مەززىلىك قوي گۆشىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قورساقلىرىنىڭ راستىلا ئاچقانلىقىنى هېس قىلدى. ئىككىسى ئىشتىها بىلەن مەززە قىلىپ قودى گۆشىنى يەۋاتقاندا، ئايال چىنە

جاۋۇردا قوي گۆشىنىڭ مايلىق شورپىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئىككى ئاپقۇر چىنىگە ئۇسۇپ، پەتنۇس بىلەن ئالدىدا غوجايىنىغا، ئارقىدىن مېھمان يىگىتكە تۇتتى...

قوي گۆشىگە ئوبدان تويۇپ، مايلىق شورپىغا تازا قانغان ئامىد بىلەن ئايتولدى ئاق ماتا لۆڭگىگە قول ۋە ئېغىزلىرىنى ئېرتىپ، ئارقىدىن قىزىق سۇدا قول ۋە ئېغىزلىرىنى ئالدىرىماي يۇدى. ساھىبخانا ئىككى بېشى چۇچىلىق لۆڭگىدە قول ۋە ئېغىزلىرىنى ئېرتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قولىنى يۇيۇۋاتقان ئايتولدىغا قاراپ:

— مەن چىقىپلا كېلەي! — دېدى ـ دە، ھويلا تەرەپكە يول ئالدى.

شىپاڭدا ئايتولدى يالغۇز قالدى...

※ ※ ※

بۇلبۇل ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر قۇش! ئۆزى كىچىككىنە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى ـ ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان يېغانى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز كۈيگە ئايلىنىپ، ئاجايىپ گۈزەل باغقا جان بېغىشلايتتى. گاھ سوزۇپ، گاھ چاڭىلداپ سايراۋاتقان قۇش، ئۆز ناۋاسى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى توختىتىپ، نەپەس ئېلىشىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتاتتى. ئۇنىڭ كۈيىدە شۇنداق بىر سېھىرلىك كۈچ بار ئىدىكى، ھەرقانداق يۈرەكنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ جۇشقۇن، قايناق كۈي يۈرەكنىڭ قات ـ قاتلىرىغا كىرىپ، شۇنداق بىر تەسىرلىك تۈيغۇ ئويغىتاتتىكى، ئىختىيارسىز ئۆزۈڭمۇ

بىلمىگەن هالدا: «ئاھ!» دەۋېتەتتىڭ. سىنىڭ مۇشۇ بىر ئاھىڭغا بۇلبۇل كۈيىگە بولغان مەپتۇنلۇقۇڭ مۇجەسسەملەنگەن بولاتتى...

بۇلبۇلنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك كۈيىگە بەند بولۇپ ئولتۇرغان ئايتولدىنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا سايراۋاتقان بۇلبۇلغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پىغانىنى لاچىنىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدىن چاچاتتى. ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پىغانىنىڭ ئوتلۇق ئۇچقۇنلىرى چېچىلىۋاتقان كۆزلىرىدە: ئۈچ كۈنلۈك ھىلال ئايدەك قاپقارا قاشلىرى تېگىدىكى قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان، قاقاھلاپ كۈلسە زىنىخلىرى غۇنچىدەك كۆرۈنىدىغان، لېۋىنىڭ سول تەرەپ ئۈستىدە ئوقتەك بىر تال قارا خالى بار، قاپقارا ئىككى ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغا چۈشىدىغان، زىلۋا بويلۇق مەختۇمسۇلا تۇراتتى. ئاشىق يىگىت ئاھ ئۇرۇپ، ئىچىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت پىغانىنى ئاجايىپ گۈزەل ئاھەڭگە خۇددى بۇلبۇلدەك كۈيلىگىسى كېلەتتى...

ئامىد تېخىچە كىرمىدى. ئايتولدى شىپاڭدا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ مەختۇمسۇلانى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئويلىغانسېرى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى. چىن مۇھەببەت تەڭداشسىز كۈچ بولۇپ، ئۇ خۇشال قىلسا، ئۆزۈڭنى جەننەتتە؛ ئۇ ئازابلىسا، ئۆزۈڭنى جەھەننەمدە ھېس قىلىسەن! شۇ تاپتا ئايتولدىمۇ دوزاختا كۆيۈۋاتقاندەك ئېيتقۇسىز ئېغىر كۆيۈك ئازابىدا قىينىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەختۇمسۇلاغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى يا مەختۇمسۇلاغا، يا باشقا بىرىگە ئېيتالماي، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇرۇقتۇم بولۇپ

ئۆرتىنەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر كۇنى بۇ مۇھەببەتكە يول تاپالماي قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قىينىلىپ ئۆتەتتى. شۇ تاپتىمۇ يۈرىكى ئۇن ـ تىنسىز، ھېچكىمگە دېمەي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېتىۋېرىشكە چىدالماي، نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈپ بۇلبۇلدەك قاقشايتتى...

باغ ئىشىكىنى ئېچىپ خاباش كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا لىق بىر نەرسە تولدۇرۇلغان كۆك خالتا تۇراتتى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى. قولىدىكى خالتىنى شىرەنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئايتولدىغا قارىدى.

«مېنى سېتىۋالىدىغان ئالتۇنلارمىدۇ؟! ئەگەر خالتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولسا، بۇ قېتىم بىرىدىغىنى ئۆتكەندىكىدىنمۇ كۆپ ئىكەن. بوپتۇ، بۇمۇ ئاغىنەم نۇربەگنىڭ ئامىتى!— دېگەنلەرنى ئويلىغان يىگىت، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت دەردىنى ۋاقتىنچە يۈرىكىگە يوشۇرۇپ، ئامىدنىڭ دەيدىغان سۆزىنى كۇتتى.

— ئايتولدى، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمەڭ!— دېدى ئامىد يوغان گەۋدىسىنى خىجالەت بولغاندەك مىدىرلىتىپ،— «مەرتەم ـ مەرتەم ئۇچ مەرتەم» دەيدىكەن، مانا بىز ئۇچراشقىلىمۇ ئۇچ مەرتەم بولدى. ئەسلىدە سىزگە دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى، كۇنسۇلۇ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويغاندىن كېيىن دېمەكچى بولۇۋىدىم. بىراق، تەقدىر ماڭا بۇ كۇننى كۆرسەتمىدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ كۆڭلۇمدىكى گەپلىرىمنى بۇگۈن سىزگە دېيىش قارارىغا كەلدىم،— ئۇ يوغان بېشىنى سىلىپ، بىردەم گىلەمنىڭ گۇللىرىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ قالدى. ئارقىدىن ئۇ شىرەنىڭ تېگىدىكى خالتىنى ئېلىپ، ئايتولدىنىڭ

ئالدىغا قويۇپ، يىگىتكە تىكىلدى، — ئايتولدى، بۇنى ئالمىسىڭىز كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دېمەيمەن. بۇ مېنىڭ يەنىلا سىزگە ئازراق كۆڭلۈم!

— بۇ نېمە، ئامىدكا؟! — دېدى ئايتولدى خالتىنىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەيدىغان قىياپەتتە، ئالدىدا ئولتۇرغان خاباشقا هەيران بولغاندەك تىكىلىپ.

— ئازراق ئالتۇن! — دېدى ساهىبخانا ھېچقانداق ئوڭايسىزلانماي، گويا بۇنداق ئىشلارنى تولا قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەندەك بىر هالەتتە ئايتولدىغا قاراپ، — قېنى، ئېلىڭ ئۇكام! — ئامىد كۆزىنى ئالدىدىكى مېھماندىن يۆتكەپ، شىرە ئۈستىدىكى چېينىنى قولىغا ئالدى. ئۇ چاي ئىچكۈسى بولمىسىمۇ، بىر - ئىككى ئوتلاپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ئايتولدىغا قارىدى. ئايتولدى خاتىرجەم ئالتۇننى ئېلىپ يېنىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ئاندىن ئامىدقا: «دەيدىغان گېپىڭنى دېمەمسەن» دېگەندەك تىكىلدى. خاباش پىيالىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئۇزۇن، شالاڭ بۇرۇتى ئىككى تەرىپىگە چۇشۇپ تۇرغان ئاغزىنى ئاچتى.

— ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، بېقىۋالغان دادىڭىز ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمكەن! بىلىسىز، چاغاتايغا ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ، سەمەرقەندكە ئالايتەن ئۆزۈم بېرىپ، ئالالىقىقا ئەكەلدىم. ئۇنىڭ چاغاتاي خانلىقىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇشى مېنىڭ تۆھپەم! بۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ قولۇمدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. لېكىن، ئۇ بىلدىمۇ؟! ياق، بىلمىدى! ھەتتا مېنى چاغاتايغا چېقىپ، ۋەزىرلىك ئورنۇمدىن ئايرىۋەتتى. ئاشۇ قارا



www.uyghurkitap.com

نىيەت بىقىۋالغان ئاتىكىزنىڭ كاساپىتىدىن ئاران ئېرىشكەن بەختىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. قېنى، دەڭە ئايتولدى، ياخشىلىقتا ياخشىلىق قىلماي، يامانلىق قىلغان ئادەمنى قانداق ئادەم دەيمىز؟

— ياخشىلىققا يامانلىق قىلغان ئادەمنى ۋىجدانى يوق دېسەك بولار؟! يا قارا يۈز دەمدۇق؟! ۋىجدانى يوق ئادەم قارا يۈز بولىدۇ، قارا يۈز ئادەم ۋىجدانى يوق ئادەم بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى يوقمۇ، نېمە؟!...

— سىزنىڭ ئاشۇ بىقىۋالغان ئاتىكىزنىڭ يۈزى كۆمۈردىنمۇ قارا، ۋىجدانى يوق ئادەم! — سۆزدىن توختىغان خاباش خىيال سۈرگەن هالدا بىردەم جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزىپى چېچىلاتتى. كۆرۈنۈشىدىن ئەمدى دەيدىغان سۆزلىرىنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سۆزى ئىشەندۈرەرلىك بولمىسا، يول تېپىپ ئاقالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئامىد، يىگىتنىڭ يۈرىكىدە بىقىۋالغان دادىسىغا نەپرەت ئويغىتىش ئۈچۈن لايىق سۆزلەرنى ئىزدەيتتى.

— مەن خەققە ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىغان، زەررىچىلىك زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى كۆزلىمەيدىغان بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم...

«... هەي، مۇناپىق! سەن خەققە ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىغان، زەررىچىلىك زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان ئادەممۇ؟! ياق! سېنىڭ قانداق ئادەملىكىڭ هەممىگە ئايان! سەن سېپى ئۆزىدىن ئەل - يۇرتنىڭ بېشىدا ياڭاق چاقىدىغان ئادەم تۇرساڭ، سېنى ۋەزىرلىك ئورنۇڭدا ئولتۇرغۇزۇۋېرىشكە بولامدۇ؟! بۇ ئىشتا ئاتام

توغرا قىلدى! ئۇ سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتىنى بىر مۇناپىقنىڭ زۇلمىدىن ساقلاپ قالدى. ئاق كۆڭۈل، ئىبرىگە ۋاپادار، مىللىي ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىغان ھۆرىگۈلنىڭ بېشىغا چىققان سېنىڭدەك مۇناپىقتىن قۇتۇلغان ئەل ـ يۇرت خۇشال بولدى. سەن تېخى ھۆرىگۈلنىڭ ئوغلى نۇربەگنى تۇتۇپ بېرىپ چاغاتايغا ياخشى كۆرۈنمەكچى بولدۇڭ، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ ئازمۇ؟! ياق، سەن ئەل ـ يۇرتۇڭنى تونۇمايدىغان، ئەل ـ يۇرتۇڭنى قاقشىتىپ كېلىۋاتقان بىر قارا يۈز!» دەپ سۆزلەيتتى ئايتولدىنىڭ يۈرىكى ئالدىدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سۆزلەۋاتقان، ئار ـ نومۇس ۋە ۋىجداننى بىلمەيدىغان ئادەمگە قاراپ.

ـــ راستلا بىقىۋالغان ئاتىڭىز سەككاكىيغا چىش ـ تىرنىقىم بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتتىم. بۇ ئۆچلۈك كۆڭلۈمگە قىساس ئېلىش ئوتىنى ياقتى. مەنمۇ ئۇنى ئوڭدا قويالمىسام، بۇ ئالەمدىن قان يۇتۇپ ئارمان بىلەن كېتىمەن. بىراق، ئايتولدى، يەنىلا ساددىلىقىمدىن ئىنتىقامىمنى قانداق ئېلىشنى بىلەلمىدىم. ئاخىر سىز يادىمغا يېتىپ، سىزنى ياردەم بېرەمدىكىن دەپ ئۆيۈمگە چاقىردىم. سىڭلىم غايىب بولدى. ياخشى ئادەملەر، بىلمىدىم، ھەرقاچان مۇشۇنداق پىشكەللىكلەرگە يولۇقۇپ تۇرامدىغاندۇ؟! ئېيتىڭە، بېقىۋالغان ئاتىڭىز مېنىڭ ئىچ باغرىمنى قان قىلىۋەتتى، ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالمىسام بولامدۇ؟! بۇنىڭدا سىز ماڭا ياردەم قىلالارسىزمۇ؟! سىزنى ئۆيۈمگە چاقىرىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ...ـــ ئۇ ئاخىر ئۆز كۆڭلىنى ئايتولدىغا ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئاخىرقى

سۆزلىرىنى يېلىنغاندەك سوزۇپ، مۇڭلۇق ئاھاڭدا سۆزلەپ تۈگەتتى.

ئايتولدى ئاتىسىنىڭ: «ئامىدنىڭ ئاغزىدىن ئادەمنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ، ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ يەنىلا چىشىنى چىشىغا بېسىپ، ئامىدنىڭ سۆزلىرىگە قارشى چىقمىدى. ئۇ ئىچىدە: «سېنىڭ ئاتام سەككاكىيغا قانداق سۇيىقەست قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتكەنكى قېتىممۇ ئالتۇنۇڭنى ئالدىم. بۇ قېتىممۇ رەت قىلمىدىم. ئۆز ۋىجدانىم، ئۆز ئار ـ نومۇسۇمغا قارشى ئويناۋاتقان ئويۇنۇم، يەنىلا ئاتام سەككاكىي ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى سەن بىلمەيسەن!» دەپ ئويلاپ، رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتمەي، خاتىرجەم ھالدا سۆزىنى باشلىدى.

— سىز مېنىڭدىن قانداق ياردەم كۈتىسىز؟...

— ئاتىڭىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ماڭا يەتكۈزۈپ تۇرىسىز. كىملەر بىلەن كۆرۈشۈپ، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكلىرىنى، نۇربەگلەر بىلەن ئالاقىسى بار ـ يوقلۇقىنى ئىگىلەپ ماڭا دەپ بېرىسىز...

— بولىدۇ! بىزدە: «يېگەن ئېغىز ئۇيۇلىدۇ» دېگەن گەپ بار! ئالتۇنلىرىڭىزنى ئېلىپ تۇرۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلمىسام بولامدۇ؟ مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ ئامىدكا، چوقۇم سىزنى رازى قىلىمەن!...

قۇياش ئولتۇرۇۋاتاتتى. كۈنپېتىش تەرەپ ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ئايتولدى كۆڭ خالتىنى خاتىرجەم ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— كەچ كىرىپمۇ قالدى، مەن قايتاي! خوش! پات ئارىدا سىزنى خوش قىلىۋېتىدىغىنىمغا ئىشىنىڭ!...

ئۇ باغ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىلىق تۇمشۇقىدىن قارماقنى ئىلىنىغانلىقىدىن خوش بولغان خاباش يول ئالدى.

بۇلبۇل تازا پىغانىغا تولۇپ چاڭىلداپ سايراۋاتاتتى...

※ ※ ※

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا قاراجارنىڭ ئۆزگە دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىدىن چىقارمىغان سەككاكىي، چاغاتاي بىلەن كۆرۈشەلمىدى. ئۇ مۇھىم ئىش بىلەن چاغاتاينىڭ بورتالاغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇلبۇل تازا چاڭىلداپ سايراۋاتقان كۈنلەرنىڭ ھەربىرىدە مۇتەپەككۇر خاننىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوردىغا كېلىپ، چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسى ئالدىدىن ئۆتەتتى. قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىدا مۇلازىم ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپاتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ناشتىنى قىلىپ كەلگەن سەككاكىي خان قوبۇلخانىسى ئالدىدا تۇرغان مۇلازىم ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. مۇتەپەككۇر ئىتتىك كېلىپ، مۇلازىم ئوغلانغا خان بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى. ئوغلان قوبۇلخانىغا



www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىرىپ كېتىپ، ھايال بولماي چىقىپ، ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ تۇرۇپ، باش مەسلىھەتچىنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. سەككاكىي ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردى. مۇتەپەككۇرنىڭ ئىشىكتە كۆرۈنۈشى بىلەن ئورنىدىن تۇرغان قەددى ـ قامەتلىك چاغاتاي ئالدىغا كېلىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. ئىككىسى تىنچ ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، خان سەككاكىيغا ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسەتتى. ئۆزى ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ باش مەسلىھەتچىسىگە تىكىلدى. قوش قەۋەت دۇخاۋا كۆرپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سەككاكىي مۈشۈك كۆزلىرىدەك كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىككەن چاغاتايغا قاراپ سۆزىنى باشلىدى.

— مەن، خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا مۇھىم بىر ئىش بىلەن كىردىم،— مۇتەپەككۇر سۆزىنى شۇنداق باشلاپ، نەچچە كۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنلىكىنى دېمىدى. ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا قاراجار جانابلىرى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆزىگە دېگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى،— راستىنىلا، قاراجار جانابلىرىنىڭ دېگەنلىرى موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ۋاقتىدا ۋە توغرا ھەل قىلىنمىسا، خانلىقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپى بار.

چاغاتاينىڭ قاپقارا قاشلىرى تېگىدىكى كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن سەل ـ پەل كۆتۈرۈلۈپ:

— نېمە دەۋاتىسىلا؟ موڭغۇل خانلىقىنى پارچىلىۋېتىدىغان قانداق خەۋپكەن ئۇ؟— دېدى چىرايى

جىددىيلەشكەن، تىنىقى ئىتتىكلەشكەن خان سەككاكىيغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ئۆزلىرىگە مەلۇم، ھۆرمەتلىك ئاتىلىرى ھايات چېغىدىلا ئىنىلىرى ئۇگەداينى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتىپ بولغان. ئاتىلىرى ۋاپات بولغانغىمۇ يىلدىن ئاشتى، تېخىچە ئۇگەداي تەختكە چىقمىدى. بۇنىڭغا سىلىمۇ ئالدىراشچىلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلەلمىدىلە! ياللۇغ چۇساي ئالايىتەن ئەڭ كىچىك ئىنىلىرى تولىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئۇگەداينى ۋاقتىدا تەختكە ئولتۇرغۇزۇش موڭغۇل خانلىقىنىڭ، شۇنداقلا خان جەمەتىنىڭ مۇھىم ئىشى، بالدۇرراق ئۇگەداينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزسەك بولاتتى» دېگەن. لېكىن، ئىنىلىرى تولى ياللۇغ چۇسايغا: «بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، كېيىنرەك بىر تەرەپ قىلايلى!» دەپ، ئۇگەداينىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ياللۇغ چۇساي: «بۈگۈندىن قالسا، مۇنداق قۇتلۇق كۈن بولمايدۇ» دېسىمۇ، تولى ئاڭلىمىغان...

چاغاتاي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، كۆزى چاقنىغان، چىرايى جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. سەككاكىي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

— بۇ ئىش تېزدىن ھەل قىلىنمىسا، ئاقىۋەتى ياخشى بولماي قالىدىغاندەك قىلىدۇ. جۇجى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۆزلىرى شاھزادىلەرنىڭ چوڭى بولۇپ قالدىلا! سىلىنىڭ ئۇگەداينىڭ خان بولۇشىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشلىرى، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە

بولۇپ قالدى، — سەككاكىي ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ئۇنىڭ سىپھىر - خاسىيەت باردەك كۆزلىرى چاقناپ نۇر چاچاتتى، — ھازىر سىلەرنىڭ — چىڭگىزخان ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ - كىچىكلىك مۇناسىۋىتىدىن باشقا، خان ۋە ۋەزىرلىك، ھۆكۈمران ۋە بويسۇنغۇچى مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلدى. كېيىنكى مۇناسىۋەت ئېنىق ۋە توغرا ئايرىلىپ، شاھزادىلەرنىڭ قارىشى بىردەكلىككە ئىگە بولغاندىلا، موڭغۇل خانلىقىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكى ساقلىنىدۇ. بايا دېگىنىمدەك، سىلى ھەممە شاھزادىلەرنىڭ چوڭى، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ۋاقىتلىرى بولدى. مېنىڭ مەسلىھەتىم، ئۆزلىرى دەرھال چوڭ يايلاققا بېرىپ، ئۇگەداينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، تولۇي ۋە باشقا خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىللە توققۇز تەزىمنى بەجا كەلتۈرۈشلىرى كېرەك!...

چاغاتاي سەككاكىينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئولتۇردى. ئۇ باش مەسلىھەتچىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— رەھمەت! — دېدى ئۇ، — ھەرقانچە مۇھىم ئىشلىرىم بولسىمۇ، ھەممىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ئۇگەداينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم. ئاتا ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئاشقاندىلا، ئاتام قۇرغان بۈيۈك خانلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. خان جەمەتىدىكىلەرنى باشلاپ، بۈيۈك ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇگەداينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ كېلىش زادىلا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ مۇھىمى

ئىكەنلىكىنى بىلدىم. رەھمەت!ــ دېدى چاغاتاي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن بىللىلا ئورنىدىن تۇرغان سەككاكىينىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي.
ــ مەن ھازىر ھەممىسىنىڭ چوڭى بولۇپ قالدىم. بۇ ئىشنى بېرىپ مەنلا ھەل قىلالايمەن! ئەته بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ، ئۆگۈنلۈككە سەپەرگە چىقايلى! سىلىمۇ مېنىڭ بىلەن بىللە بارسىلا! ماڭا مۇھىم مەسلىھەت بېرىپ يېنىمدا تۇرسىلا!...
سەككاكىي خۇشال بولدى. ئۇ چاغاتاينىڭ بۇ ئىشتا ئاتىسىنى ھۆرمەتلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىدىكى خاننىڭ خېلىلا ئەقىللىك ۋە دانالىقىنى ھېس قىلدى.
ئۇلار ئەتىسى بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ، ئۆگۈنى ناشتىدىن كېيىن سەپەرگە ئاتلاندى. قاراجار خانلىقىنى باشقۇرۇپ قالدى.

※ ※ ※

سەككاكىيلار يولغا چىققان كۈنى قۇياش ناماز دىگەرگە يېقىنلاپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا كىتاب كۆرۈۋاتقان ئايتولدى دەرۋازىنىڭ تۆڭگىسىنى كىمدۇر بىرىنىڭ شاراقلىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «يىراقتىن كەلگەنلەر كىملەردۇر؟» دەپ ئويلاپ پېشايۋاندىن چۈشتى. ئايتولدى دەرۋازىدىن چىقىپ، ئۆمرىدە بىر قېتىم كۆرۈپ باقمىغان، ئاتلىرىدىن چۈشمىگەن بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنى كۆردى.

ئەر قەددى ـ قامەتلىك، قاشلىرى كەڭ ۋە قويۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چاقناپ تۇرىدىغان، بۇرنى قاڭشارلىق، يۇقىرىقى كالپۇكى ئۈستىگە تولۇپ كەلگەن بۇرۇتى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان، يۈز شەكلى تۇخۇمغىلا ئوخشايدىغان، بۇغداي ئۆڭ، تۇرقىدىن باتۇر ۋە ئەقىللىق ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. يېنىدا قاتار تۇرغان چوكاننىڭ چىرايىمۇ ئەرنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كېتەتتى. كۆرگەن ئادەملەرگە ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئەمەس، ئاكا ـ سىڭىللاردەك تەسىر بېرەتتى. ئايالمۇ ئەرگە ئوخشاش بويلۇق بولۇپ، قەددى ـ قامىتى يىگەن ـ ئىچكەندەك تولغان، چىرايىمۇ چىرايلىقلاردىن ھېسابلىناتتى. قارىماققا ئەر ئوتتۇز ئۈچ ـ ئوتتۇز تۆت ياشلاردا، ئايال ئوتتۇز ـ ئوتتۇز بىر ياشلاردا باردەك قىلاتتى. ئەرنىڭ ئاستىدىكى قارا قاشقا ئات بىلەن چوكاننىڭ ئاستىدىكى چىلان رەڭگىدىكى ئات نەسىللىك پەرغانە ئاتلىرىدىن بولۇپ، توختىماي ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەندەك ھارغىن كۆرۈنەتتى. قورساقلىرىمۇ ئىچىگە تارتىلىپ، دۈمبە ۋە ساغرىلىرىدا قاتقان تەر ئىزلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ تۇراتتى.

— ئىنىم!— دېدى ئايتولدىغا قارىغان ئەر،— بۇ سەككاكىي جانابلىرىنىڭ ئۆيىمۇ؟!

— شۇنداق!— دېدى ئايتولدى يەنىلا ناتونۇش ئەر بىلەن ئايالدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ.

— بىز ھۆرمەتلىك مۇتەپەككۇرنى دەپ،— دېدى كىلىشكەن، سۇمباتلىق ئەر،— يىراق سەمەرقەند شەھىرىدىن كېلىۋېدۇق.

— بۈگۈن ئەتىگەن چاغاتاي خان بىللە بىلەن موڭغۇل

دالاسىغا كەتتى... — ئايتولدىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان ئەر - ئايال بۇ كېلىشمىگەن تەقدىردىن ئاغرىنغاندەك بىر - بىرىگە: «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك غەمكىن قاراشتى.

ئالدىدىكى ئىككى ئاتلىقنىڭ ئۆزلىرى كەلگەن سەمەرقەندتىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئايتولدى، ئاتىسىنىڭ سەپەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىرقىسما بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ئۇلارغا قارىدى.

— مەن ئوغلى، ئىسمىم ئايتولدى. يىراقتىن كەپسىلەر، ئۆيدە ئانام بار، قېنى، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىڭلار! نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھېرىپ - چارچاپمۇ كەتكەنسىلەر! — دېدى ئايتولدى خۇش چىراي، قىزغىن كەيپىياتتا ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

ئايتولدى كەلگەن ئەر - ئايال مېھماننى تونۇمىسىمۇ، دەسلىپىدە كۆرۈپ ھەيران بولغان بولسىمۇ، يەنىلا چىرايىدىن خۇشخۇيلۇقنى يوقاتماي قىزغىن كەيپىياتتا ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

سەككاكىينىڭ ئوغلى دەرھال كېلىپ ئەرنىڭ قولىدىن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئۆزىنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈردى. ئەرمۇ چوكاننىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى. ئايتولدى ئەرنىڭ قولىدىن ئايالنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئىككىسىنى ھويلىغا باشلىدى. ئۆزى ئۇلارنىڭ كەينىدىن سەمەرقەندلىك مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى يېتىلەپ ھويلىغا كىردى.

كەڭ ئېتەكلىك دوخاۋا كۆڭلەك، ئۈستىگە چۆرىسىگە چىرايلىق كەشتە بېسىلغان پىنجەك كىيگەن، گۈللۈك هال ياغلىقنى چېكىلەپ تاڭغان تىللاخان پېشايۋاندا تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا مەختۇمسۇلا ئېچىلغان چىرايلىق گۈلنىڭ يېنىدا تۇرغان غۇنچىدەك كىرىشۋاتقان ئەر - ئايال مېھمانلارغا قارايتتى. تىللاخان بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ كەلگەن ئەر - ئايالنى كۆرۈپ، پېشايۋاندىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ مېھمانلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئالدىغا سەل - پەل ئېگىلىپ قول باغلاپ سالام قىلدى. سەمەرقەندلىك ئەر - ئايالمۇ قول باغلاپ، ئالدىغا ئازراق ئېگىلىپ تىللاخاننىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

تىللاخان مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. ئاتلارنى ئېغىلغا باغلىغان ئايتولدى ئىككى بېشى تومپايغان گىلەم خۇرجۇنلىرىنى يېشىۋېلىپ، ئېغىلنىڭ بىر چېتىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان ساراي ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدە، تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردە سەمەرقەندلىك ئىككى مېھمان ئارىلىق قويۇپ يانمۇيان ئولتۇراتتى. تۆۋەندە، ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغان تىللاخان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى.

— بىز سەمەرقەندتىن كەلدۇق، بۇ مېنىڭ سىڭلىم شەمشىئۇلقەمەر. مېنىڭ ئىسمىم ئىنايىتۇللاغوجا. بىز ئالمالىققا ھۆرمەتلىك سەككاكىي جانابلىرىغا قول بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن چىڭگىزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان خارەزىم دۆلىتىدە ھەربىي ئەمەلدار بولۇۋىدىم. قانلىق جەڭلەردە

نۇرغۇنلىغان سەپداشلىرىم ئۆلۈپ كەتتى. لېكىن، مەن يارىتقان ئىگەمنىڭ رەھمىتى بىلەن ئامان قالدىم. ھازىر سەمەرقەند يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلەي دېدى. سىڭلىم ئىككىمىز مەھمۇد يالاۋاچ جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھۆرمەتلىك سەككاكىينى پاناھ تارتىپ ئالمالىققا كەلدۇق. ئەمما، تەقدىر بىز بىلەن قىرىشقاندەك، مۇتەپەككۇرنى بۈگۈن ئەتىگەن سەپەرگە ئاتلاندۇرۇپتۇ. كەلگۈچە كۈتىدىغان بولدۇق...

تىللاخان، كېيىن كىرىپ يېنىدا ئولتۇرغان ئايتولدى ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇنچىلىك يىراق يەردىن سەككاكىينى دەپ كەلگەنلىكىنى بىلدى.

— ئىرىم بولمىغىنى بىلەن مانا بىز بار! — دېدى تىللاخان ئاكا - سىڭىل مېھمانلارغا خۇش چىراي قاراپ، — ئوغلۇم، قىزىم ئۇچىمىز ئىرىم كەلگۈچە سىلەرنى زېرىكتۈرمەي كۈتەلەيمىز. غەم قىلماڭلار! ئۆيلىرىمىز كەڭ، شەمشىئۇلقەمەر قىزىم مەختۇمسۇلا بىلەن بىللە بىر ئۆيدە، ئۆزىڭىز بىلەن ئوغلۇم ئايتولدى بىر ئۆيدە ياتىدۇ. قېنى، تارتىنماي ئازادە، ئۆز ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇڭلار! مەن چىقىپ چاي قىلاي! — دېدى تىللاخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايتولدىغا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— سەن چۆگۈنگە سۇ قۇيۇپ بەرگىن، مېھمانلار يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋالسۇن! — دەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بولىدۇ ئانا! — دېدى ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— چۆگۈنلەرگە سۇ قۇيۇپ قويدۇم، — دېدى مەختۇمسۇلا تالادىن ئۆي ئىچىگە كىرىپ، مېھمانلارغا ئېگىلىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلىپ.

ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن شەمسىئۇلقەمەرمۇ ئورۇنلىرىدىن يېرىم تۇرۇپ گۈزەلنىڭ سالىمىغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىلىسى كۆڭۈللىرىدە: «نېمىدېگەن چىرايلىق!» دەپ قارىشىپ قالدى.

ئانا ۋە ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، سەمەرقەندلىك مېھمانلار خېلىلا ئەركىن ـ ئازادىلىشىپ، تىنىقلىرىمۇ تەبىئىيلەشتى. ئىنايىتۇللاغوجا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايتولدىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتى. ئۇ پېشايۋاننىڭ قىرىدا تۇرغان مىس ئاپتۇۋىنى ئېلىپ خالاغا ماڭدى...

سەمەرقەندلىك ئىككى مېھمان بۇ ئۆيدە سەككاكىي قايتىپ كەلگۈچىلىك تۇردى.

※ ※ ※

يېقىندا چاغاتاي تەقدىم قىلغان ئاق قاشقىلىق جەرەن يورغىسىغا مىنگەن قەددى ـ قامەتلىك سەككاكىي چاغاتاينىڭ يېنىدا ئېتىنى بىر خىل يورغىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر سېھرىي، بىر خاسىيىتى باردەك كۆزلىرى يەنىلا نۇر چېچىپ چاقنايتتى. چاغاتاي ئات ئۈستىدە خۇددى ئېگەرگە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرۇپ، ئاستىدىكى قاراگىر يورغىسىنى ئىتتىك يورغىلىتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ سەل كەينىدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى، ھەممىنىڭ كەينىدە مۇلازىم ئوغلانلار، قوغدىغۇچى چېرىكلەر ئاتلىرىنى ھە دەپ دېۋىتىپ

www.uyghurkitap.com

ئىتتىكلىتەتتى. بىسلىماي چىقىۋاتقان گەپ ـ سۆز ۋە كۈلكىلەر بىلەن كېلىۋاتقان چاغاتايلار چۈشتە تاماق يەپ، بىرئاز سوزۇلۇپ ياتقاندىن باشقا، يولنى جىددىيلەپ داۋام قىلدى.

قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇقىغا يېقىنلاپ باراتتى، ئۇنىڭ نۇرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس هال رەڭگە كىرىۋاتاتتى. زەڭگەر ئاسماندىكى پارچە ـ پارچە ئاق بۇلۇتلار، ئىككى تەرەپتىكى قارلىق تاغ چوققىلىرى، دالادىكى دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەردە قۇياشنىڭ هال نۇرى خۇددى تەبەسسۇمدەك جۇلالىناتتى. يىراقتا ـــ ئۇلار كېتىۋاتقان يول چېتىدە، ئېگىز تۆپىلىكلەر ئاستىدا چۆرىسىدىكى تاملىرى ئاپپاق بىر بېكەت هويلىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بۈگۈن چاغاتايلار مۇشۇ بېكەتتە قونۇپ، ئەتە يولنى يەنە داۋام قىلاتتى. ئىتتىك كېلىۋاتقانلىقتىن ئۇلار بېكەتكە قۇياش ئولتۇرماي يېتىپ كەلدى. ئالدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ بىر مۇلازىم ئوغلان بىلەن ئىككى چېرىك كەلگەنلىكتىن، بېكەتنىڭ شاپ بۇرۇتلۇق، ئوتتۇرا بوي ئۇيغۇر باشلىقى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممە ئادەملىرىنى باشلاپ، يوغان، قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاراپ تۇراتتى. خان ۋە ئۇ باشلىغان توپ يېتىپ كېلىشىگە قىزغىن چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىپ، ھەربىرى خان، باش مەسلىھەتچى ۋە خانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى يۈلەپ ئاتتىن چۈشۈردى.

بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ غادىيىپ ماڭىدىغان چاغاتاي ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇتەپەككۇر ۋە باشقا يۇقىرى

دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىكەت ھويلىسىغا كىردى. چۆرىسىگە ئىككى قاتار ئاق تېرەك ۋە سۆگەت تىكىلگەن ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاتار سېلىنغان ئاپپاق ئۆيلەردە كەلگەن مېھمان ۋە خەت ـ ئالاقە توشۇيدىغانلار ئارام ئالاتتى. ھويلىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئۇستى يېپىلغان ئېغىل بولۇپ، بىر تەرىپىدە ئىككى چوڭ ئامبارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېغىل كەينى تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان ئېگىز ئوقۇرلاردا ئاتلىرى ھېرىپ قالغان خەت ـ ئالاقە توشۇيدىغانلارنىڭ ئاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلۇپ بېرىلىدىغان ئاتلار چۆپ يەۋاتاتتى. ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئاشخانا ۋە مېھمانلار تاماق يەيدىغان ئۆيلەر، كۈنپېتىش تەرىپىدە بىكەت باشلىقى ۋە بىر قىسىم ئائىلىسى بارلارغا سېلىنغان كىچىك ـ كىچىك قورۇلۇق ئۆيلەر كۆرۈنەتتى.

چاغاتاي بىلەن باش مەسلىھەتچىگە ئالاھىدە ئىككى ئېغىز ئۆي راسلانغان بولۇپ، قالغان ئۆيلەرگە خانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئىككى ـ ئۈچتىن ئورۇنلاشتى. چېرىكلار بۆلۈنۈپ بېكەتنى كۆزەت قىلىدىغان بولدى.

ئۆيلىرىگە كىرىپ ئورۇنلاشقان خان، سەككاكىي ۋە باشقىلار ھويلىغا چىقىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇقىغا پېتىپ، تاغ ـ دالا قىزغۇچ شەپەق شولىسىدا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— سەككاكىي جانابلىرى! — دېدى چاغاتاي يېڭىلا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، ئاپپاق لۆڭگىدە ئېرتىۋاتقان باش مەسلىھەتچىسىگە قاراپ، — بۇ بىكەتلەر ئۆزلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۆھپىسى! سىلى دېگەندەك يوللار راۋان، بېكەتلەر ئاۋات بولسا، پۈتۈن خانلىقنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىككە پايدىلىق بولىدىكەن! خانلىقنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرى بىرقانچە كۈندىلا ئەڭ يىراق جايلارغىمۇ يېتىپ بېرىپ، ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن!...

ــ چاغاتاي، مېنى سەمەرقەندتىن بىكار ئېلىپ كەلمىگەندىلا؟! كەلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە، ئەستايىدىل ئىشلىشىم، ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىشىم كېرەك ـ دە!؟ بولمىسا خەزىنىدىن بىكار يەيدىغان ئاق نانچى بولۇپ قالامدىمەن؟! تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەنىكەنمەن، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش مېنىڭ ۋىجدانىي بۇرچۇم بولىدۇ!

ــ بۇ دېگەنلىرىغۇ راست، سەككاكىي جانابلىرى! لېكىن، بۇنداق ياخشى بېكەتلەرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ماڭمىغان يوللىرى، چەكمىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرى قالمىدى. مەن خېلى كۆپ بېكەتلەرنى كۆردۈم. ھەممىسى بىر ـ بىرىدىن ياخشى! سىلىنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىنى قانچىلىك ماختىسام ئەرزىيدۇ!...

شاپ بۇرۇتلۇق بېكەت باشلىقى تاماقنىڭ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، چاغاتايلارنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدى. ئاستىغا تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان ھەم كەڭ، ھەم ئۇزۇن ئۆيگە كىرگەنلەر تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردە ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. تۆر تەرەپتە چاغاتاي، ئۇنىڭ يېنىدا باش مەسلىھەتچى ئولتۇردى. كېلىشكەن بىر يىگىت داستىخانلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلىپ، ئاندىن داستىخان سالدى. توقاچ ۋە تاتلىق ـ

تۇرۇملارنى قويۇپ، سىنچاي قۇيۇپ چىقتى. ئىككى - ئۈچ پىيالە سىنچاي ئىچكەندىن كېيىن، تاۋاق - تاۋاقلاردا قوي گۆشى تارتىلدى. چاغاتاي بىلەن سەككاكىيغا ئالاھىدە تاۋاق قويۇلدى. چاغاتاي يېنىدىكى غىلاپىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، تاۋاقتىن بىر يىلىكنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىغاندىن كېيىن، قالغانلار پىچاق ۋە بەكىلىرى بىلەن گۆش يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى.

— سەككاكىي جانابلىرى!— دېدى چاغاتاي پىچىقى بىلەن قولىدىكى يىلىك گۆشنى كېسىپ يەۋېتىپ،— يولدا دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇياقىقا سەپەرگە چىقىدىغان كۈننىڭ ئالدىدىكى ئاخشىمى ئۆيۈمگە ئامىد كەلدى. بىز بىللە چاي ئىچىپ، خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ئوچۇق دېمىسىمۇ، گەپ - سۆزىدىن يەنە ئوردامغا كېلىپ ئىشلەش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى سەزدىم،— بىر توغرام گۆشنى ئاغزىغا سېلىپ يېيىشكە باشلىغان چاغاتاي، گۆشنى يۇتۇۋېتىپ ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى راۋانلاشتۇردى. خېلى كۆپ يەرلەرگە يېقىلغان شاملارنىڭ يورۇقىدا ئىشتىھا بىلەن گۆش يەۋاتقانلارنىڭ ئېغىز ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، قىلىۋاتقان پاراڭلىرىمۇ ئاڭلىناتتى،— مەن بىر تەرەپتىن، ھازىر خانلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قىيىنلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئامىدنىڭ ئىقتىساد - مالىيە ئىشلىرىغا پۇختا سودىگەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنە بۇرۇنقى ۋەزىرلىك ئورنىغا يۆتكەپ كېلىشنى ئويلاپ قالدىم. لېكىن، بۇ ئويۇمنى ئۇنىڭغا دېمىدىم، سىلىدىن بىرنەرسىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىر پىكىرگە كېلىپ دېيىش ئويىدا بولدۇم. ئادەمنىڭ

بەختسىزلىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان يۇلتۇز بۇرجلىرى ئۆزگەرمەي تۇرۇۋەرمەس. ئادەمنىڭ بەخت يۇلتۇزى، قاراپ باققان بولساڭلا، ياخشىلىقتا قاراپ ئۆزگەرگەن بولسا، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوردىغا قايتۇرۇپ كەلسەك!...

بىر تال قوۋۇرغىنىڭ گۆشىنى سېپىغا قىزىل، كۆك... ھەر خىل قىممەت باھالىق تاشلار قويۇلغان بەكسى بىلەن ئالدىرىماي توغراپ يەۋاتقان سەككاكىي چاغاتاينىڭ ئادەمنى قايتا ۋەزىرلىك ئورنىغا قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. خان بىر پىكىرگە كېلىپ بولۇپ، ئۆزىنى سىناۋاتقان ئەھۋالدا، يەنىلا خاباشىنى ئوردىغا كەلتۈرمەسلىك مەيداندا چىڭ تۇرسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئاغزىدىكى گۆشنى يۇتۇۋېتىپ سۆزىنى باشلىدى:

— يۇلتۇز بۇرجلىرى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇلار بەزىدە يامانلىققا، بەزىدە ياخشىلىققا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئادەمنىڭ يۇلتۇزىمۇ ئۆزگەرگەندۇ؟! راستىلا ئۆزگەرگەن بولسا، ئوردىغا قايتۇرۇپ كەلسەك بولىدۇ.

— سىلى يۇلتۇز بۇرجلىرىغا بىر قاراپ باقسىلا!

— ماقۇل!...

چاغاتاي تاۋاقتىن يەنە گۆش ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى...

ئەتىسى سەككاكىي يولدا كېتىۋېتىپ چاغاتايغا خاباشىنىڭ قۇت يۇلتۇزى يەنە ئۇستۇنلۇككە ئۆتكەنلىكىنى ئېيتتى...

— ياخشى بولدى! — دېدى چاغاتاي سەككاكىي تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ، — قايتقاندىن كېيىن ئادەمنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىك ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن!...

«يەنە،— دەپ ئويلىدى مۇتەپەككۇر، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرى ئالاھىدە چاقناپ كەتتى،— ئامىد بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش باشلىنىدىغان بولدى. بۇ قېتىم ئۆتكەنكىدىن قاتتىق ۋە كەسكىن بولىدۇ!»

※ ※ ※

چىڭگىزخان ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەدايگە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەردى. ئۇ ئۆزى ئېمىلنى پايتەخت قىلىپ شۇ يەردە تۇراتتى. چىڭگىزخان ئالەمدىن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئاتا ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇنىڭ تەختىگە ئۆگەداي ئولتۇراتتى. بىراق، ئۇلۇغ ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆلگىنىگە بىر يىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچىلا بۇ تەخت بوش تۇراتتى. ئورخۇن، سېلېنگا، قاراقۇرۇم، بورخان خالدۇن ئەتراپىدىكى بارلىق موڭغۇل يايلاقلىرىدىن ئىبارەت ئاتا ماكانغا ۋارىس بولغان تولۇي ئۆگەداينىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى كەينىگە سۈرۈۋەتتى. ئوغۇللارنىڭ چوڭى جۇجى ئاتىسىدىن بۇرۇنلا ئۆلۈپ، چاغاتاي چوڭى بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇ ئۆگەداينى تەختكە تېزرەك ئولتۇرغۇزمىسا، نەچچە مىڭ موڭغۇل قېرىنداشلىرىنىڭ جېنى بەدىلىگە كەلگەن خانلىقنىڭ بىرلىكىگە خەتەر ماراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ باش مەسلىھەتچىسى يۇسۇف سەككاكىي ۋە بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك

ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يېنىغا ئېلىپ سەپەرگە چىقتى. چاغاتاي تولى ۋە خان جەمەتىدىكىلەرگە چۈشەندۈرۈپ، ئاخىر ھەممىسىنى باشلاپ، ئۆگەداينى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆگەدايخان ئۆكىسىنىڭ يېنىغا كەلدى...

ئاجايىپ يوغان ئۆينىڭ ئىچىگە تولدۇرۇپ رەڭدار گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، كۈنچىقىش تەرىپىدە چىڭگىزخان ھايات چېغىدا ئولتۇرغان تەخت تۇراتتى. تەختكە تۇتۇلىغان يىپەكتىن گىلەم سېلىنىپ، يالقۇنلاۋاتقان چوغدەك جۇلالىناتتى.

ئۆگەدايخان بېشىغا ئالتۇن تاج، ئۈستىگە ئالتۇن رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن موڭغۇل چاپىنى، پۇتىغا قىلىن چەملىك، كەڭ قونچى كەشتىلەنگەن موڭغۇل ئۆتۈكى كىيىپ، مۇھاپىزەتچى يىگىتلىرى بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. چاغاتاي، تولى، خان جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى تەخت ئالدىدا، ئىككى تەرەپتە تىزىلىپ تۇراتتى. ئۆگەداي ئاردىكى يولدىن مېڭىپ چاغاتاي، تولى ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى. ئۇ ئاخىر تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. بەكمۇ قامەتلىك، يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان ئىككى مۇھاپىزەتچى يىگىتى خاننىڭ كەينىدە، ئىككى يېنىدا تىك تۇردى. مۇراسىم باشلاندى. موڭغۇللارنىڭ قوتاز تېرىسىدىن ياسالغان دۇمباقلىرى، سېرىق مىس سۇناي ـ كانايلىرى، ئات بېشى غىجەكلىرى چېلىنىپ، ئاجايىپ تەنتەنىلىك مۇزىكا قارا ئۆي ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى...

مۇزىكا توختىغاندىن كېيىن چاغاتاي ئالدىغا ئۆتۈپ، تەخت ئۇستىدە ئولتۇرغان ئۆگەدايغا توققۇز قېتىم تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تولى، خان جەمەتىدىكىلەر، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار نۆۋەت بىلەن توققۇز قېتىم تەزىم قىلىپ خانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈردى[1]. چاغاتاي باشلىق تەخت ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى توققۇز قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن قەسەم بېرىش باشلاندى. ئېگىز بويلۇق چاغاتاي، تولى، خان جەمەتىدىكىلەر ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ئۆگەداينى خان دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا تولۇق بويسۇنۇپ، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆگەداي ئاكىسى چاغاتاينىڭ ئەڭ ئالدىدا، باشلامچىلىق بىلەن توققۇز قېتىم تەزىم قىلغانلىقىنى ۋە قەسەم بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ، ئولتۇرغان تەختىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىردەم سۆزلىيەلمەي، كۆزلىرى ياش ھالەتتە ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

ــ ئاكام چاغاتاي، ــ دېدى ئۆگەداي ھاياجان بىلەن سۆز باشلاپ، ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن يىغا پۇرىقى كېلەتتى، ــ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدە مېنىڭدىن چوڭ بولسىمۇ، ئاتىمىزدىن قالغان ئۇلۇغ خانلىقىمىزنى ھەممىدىن ئەلا

[1] «جامىئۇت تەۋارىخ» تا: «ئۇكىلىرى ئۆگەداي بىلەن تولىغا ئاللاھىدە دوستانە ھېسسىياتتا بولغانلىقتىن، ئۇ (چاغاتاي) ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆگەداينى قوللاپ، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، كەڭ يايلاقتا ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىغا ئۇكىسى تولى ۋە باشقا خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىللە بېرىپ، توققۇز تەزىمنى بەجا كەلتۈردى» دېيىلگەن. («تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2006 ـ يىللىق 2 ـ سان، 51 ـ بەت.)

www.uyghurkitap.com

بىلىپ، ماڭا توققۇز تەزىم قىلدى. مەن ئاكام چاغاتايغا: «خان ئاغىسى» دېگەن شەرەپلىك ئاتاقنى بېرىمەن![1]

مۇراسىم قىسقا، لېكىن تەنتەنىلىك ئۆتتى. قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ھەيۋەتلىك قارا ئۆيدىن چىقىپ ئۇگەداينىڭ تاج كىيىپ خان بولغانلىق شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

يايلاق ئاسمىنى زەڭگەر رەڭدە بولۇپ، ئاخىرلىشىۋاتقان يازنىڭ قۇياشى ئىسسىق نۇرىنى چاچاتتى.

ئۇزۇن، قارا ساقاللىق ياللۇغ چۇساي ئۇگەداي خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان چاغاتاينىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ، ئالايتەن دېگىلى كەلگەن سۆزىنى باشقىلارمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى:

— سىلى، چاغاتاي جانابلىرى، ئاكا بولسىلىمۇ، ۋەزىرلىك ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇگەدايخانغا توققۇز قېتىم تەزىم قىلىپ توغرا قىلدىلا! ئاتىلىرىدىن قالغان موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىرلىكى، مۇقىملىقى ۋە شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قالدىلا! سىلىلا تەزىم قىلىۋىدىلا، باشقىلارمۇ غىڭ قىلماي سالام قىلدى...

چاغاتاي ياللۇغ چۇساينىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قارىدى. ئاكىسى ۋە ياللۇغ چۇساينىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ توختىغانلىقىنى كۆرگەن ئۇگەدايمۇ توختاپ

---

① مىلادىيە 1329 - يىلىغا كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيزۇڭ خان (ئۇگەداينىڭ خەنزۇچە ئىسمى) قويدۇرغان «خان ئاغىسى» دېگەن تەۋەررۇككە بۇنىڭدىن كېيىن ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا پەرمان جاكارلىدى. (يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2006 - يىللىق 2 - سان، 51 - بەت.)

ئۇلارغا يۈزلەندى. خاننىڭ سول تەرىپىدە كېتىۋاتقان تولىمۇ توختاپ چاغاتايلارغا تىكىلدى.

— جانابلىرى، — دېدى چاغاتاي ياللۇغ چۇسايغا قاراپ، — ھەقىقەتەن موغۇل خانلىقىنىڭ ساداقەتمەن ۋەزىرى ئىكەنلا!

ئوت - چۆپلىرى يېڭىدىن سارغىيىشقا باشلىغان بىپايان يايلاق ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل ۋە يورۇق، باتۇر چىڭگىزخان قۇرغان، ئەمدى ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەداي تەختكە ئولتۇرغان كۈنىدە يېڭى بىر تۈزۈم دۇنياغا كەلدى. چاغاتاينىڭ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۆكىسى ئۆگەداينىڭ چوڭ خان بولۇشىنى قوللىغانلىقى ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنى باشلاپ توققۇز تەزىم قىلىشى كىچىك خانلىقلارنىڭ خانلىرى چوڭ خاننى دۆلەت ئاتىسى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان، چوڭ خان كىچىك خانلىقلارنىڭ خانلىرىنى ۋەزىرلىرىم دەپ قارايدىغان بىر دەۋرنىڭ تۈزۈمى بولۇپ قالدى. ھەتتا، بۇ تۈزۈم يەن سۇلالىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى كىچىك خانلىقلار ئۇچۇنمۇ ئاساس ئورناتتى...

※ ※ ※

چاغاتايلار ئۆگەداينىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدىن قايتىپ كەلگىنىگە بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى.

كۈز باشلىنىپ يامغۇرمۇ كۆپ ياغىدىغان بولۇپ قالدى. ئالمالىق شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدىكى پاتقاق قۇرۇمايلا، يەنە يامغۇر يېغىپ ئېخىمۇ پاتقاقلاشتۇرۇۋەتتى.

ئىككى كۈن دەم ئېلىپ، ئۈچىنچى كۈنى چاغاتاي تازا سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتقاندا، ئوردىنىڭ يىغىن ئاچىدىغان ئەڭ يوغان ئۆيىدە، ئالاھىدە چاقىرىلغان يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا ئۆزىنىڭ بارلىق ھەربىي سەركەردىلىرى، ۋەزىر - ۋۇزرالىرى تولۇق قاتناشتى.

كۈنچىقىش تەرەپتىكى تامغا تارتىلغان قاچا گۈللۈك يوغان گىلەمنىڭ ئاستىدا، خىلىلا ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان، ئۈچ پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان، ئىككى تەرىپى چىرايلىق رېشاتكىلىق سەھنىنىڭ ئۈستىگىمۇ گىلەم سېلىنىپ، تامغا يېقىن يەردە چاغاتاينىڭ ئولتۇرىدىغان تەختى تۇراتتى. كەينىدە نەقىشلىك يۆلەنچۈك، ئىككى يېنىدا قول قويىدىغان كەڭ ۋە يۇمشاق توقۇمىسى بار، ئالتۇن سۈيىدە سىرلانغان تەختنىڭ ئۈستىدە تولۇق موڭغۇل كىيىمى كىيگەن چاغاتاي كېرىلىپ، جىددىي قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ۋە سۈس مىس رەڭگىدىكى چىرايىدا ھۆكۈمرانلىق سۈرى ئىپادىلىنەتتى. سەل تومپىيىپ چىققان ئىككى مەڭزى شەپەقتەك جۇلالىنىپ، چىرايلىق، ئۆزىگە ياراشقان قاپقارا بۇرۇتىدا ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان ھاكىم مۇتلەقلىقى كۆرۈنەتتى.

سەھنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تولدۇرۇپ ئىران نۇسخىلىق گىلەملەر سېلىنىپ، ئىككى تەرىپىدە بىرقانچە ھەربىي سەركەردىلەر ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار مەرتىۋىلىرىگە قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارمۇ قىممەت باھالىق تونلارنى كىيىپ، ئۆينىڭ كۈنپېتىش تېمىغىچە يانغىمۇ، ئالدى - كەينىگىمۇ قاتار تىزىلىپ، چاغاتاينىڭ سۆز باشلىشىنى ئۈن - تىنسىز كۈتەتتى. چاغاتاي

يىغىننى باشلاش ۋاقتى بولغانلىقىنى بىلىپ، سۆز باشلاشقا تەييارلاندى. ئۇ ئوڭ قولىنى ئولتۇرغان تەختىنىڭ ئوڭ تەرەپ تۇتقۇچىغا تىرەپ تۇرۇپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ ئاغزىنى ئاچتى.

— مەن قاراجار ۋە باشقا ئەڭ يۇقىرى ۋەزىر ۋە ھەربىي سەركەردىلىرىم بىلەن كېڭەشكەن، ئۇلارنىڭ بىردەك قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىككى پەرمانىمنى جاكارلايمەن! ھەممىڭلارغا مەلۇم، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى خان بىردەم توختاپ يىغىن ئەھلىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، — باش مەسلىھەتچىم يۇسۇف سەككاكىي جانابلىرى ئالماليققا كېلىپ ماڭا باش مەسلىھەتچى بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەپ، خانلىقىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈردى. بۇ قېتىممۇ ئاتام چىڭگىزخان قۇرۇپ چىققان ئۇلۇغ موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن ماڭا دەل ۋاقتىدا ئەقىل كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىشلىگەنلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلىسەم، يىغىن بۈگۈنمۇ تۈگىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىگەن ئىشلىرىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، شۇڭلاشقا قىسقىلا دەپ ئۆتتۇم. مەن بۇ باش مەسلىھەتچىمگە «دۆلەت ئۇستازى»[1] دېگەن شەرەپلىك ئاتاقنى بېرىشنى لايىق تاپتىم. شۇنداق جاكارلايمەنكى، باش مەسلىھەتچىم يۇسۇف سەككاكىي

---

① «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى» يازغان «ئىلىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا، سەككاكىي چاغاتاي ئوردىسىغا كىرگەندىن كېيىن «دۆلەت ئۇستازى» (国师) دېيىلگەن. (خەنزۇچە نەشرى، 385 ـ بەت)

جانابلىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ «دۆلەت ئۇستازى»...
ئۆرە تۇرغان ھەربىي سەركەردىلەر، ۋەزىر – ۋۇزرالار قىزغىن چاۋاك چېلىپ، چاغاتاينىڭ پەرمانىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. لېكىن، سەپنىڭ ئەڭ كەينىدە تۇرغان ئېگىز بويلۇق، قورساق سالغان، چىرايى قارامتۇل، كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسى يوغان ئادەم تاتىرىپ چاۋاكمۇ چالمىدى. ئۇزۇن ۋە شالاڭ بۇرۇتلىرى يۇقىرى ۋە ئىككى تەرىپىدىن قورشاپ تۇرغان قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزى مىتىلداپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى...
بېشىغا ئاق سەللە، ئۇستىگە ئۇزۇن مۇۋۋت چاپان كىيگەن سەككاكىي چاۋاك ۋە سۆزلەر بېسىلغاندىن كېيىن ئالدىغا – ئىككى قاتارنىڭ ئارىسىغا چىقىپ، ئالدى بىلەن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ چاغاتايغا، ئاندىن بۇرىلىپ ھەربىي سەركەردە ۋە ۋەزىر – ۋۇزرالارغا سالام قىلدى.
— مەن، — دېدى مۇتەپەككۇر يۇقىرى ئاۋازدا سۆز باشلاپ، — ھۆرمەتلىك چاغاتاي خاننىڭ پەرمانىدىن، ھەربىي سەركەردە، ۋەزىر – ۋۇزرالارنىڭ قىزغىن قوللىشىدىن بەكمۇ ھاياجانلاندىم. سىلەرگە رەھمەت! مەن ماڭا بېرىلگەن «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن شەرەپلىك ئاتاقنى بىر قامچا قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقىمىزنىڭ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن!...
يەنە يوغان ئۆي ئىچى چاۋاكلار بىلەن جاراڭلىدى. سەككاكىي ئۆز ئورنىغا بېرىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھاكىممۇتلەق خان بويىنىنى سوزۇپ، ئۆرە تۇرغانلار ئارىسىدىن كىمدۇر بىرىنى ئىزدىگەندەك قارىدى.

— ئامىد جانابلىرى كەلدىمۇ؟ — دېدى چاغاتاي ئۆرە تۇرغانلار ئارىسىدىن ئامىدنى كۆرەلمەي ۋارقىراپ دېگۈدەك.

— كەلدى! مانا مەن! — دېدى ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلگەن خاباش ئەڭ كەينىدىكى قاتاردىن ئارىلىقتىكى بوش يەرگە چىقىپ، قول باغلاپ ئۆزىنى چاغاتايغا كۆرسەتتى. ئۇ ساقال - بۇرۇتىنى ياسىتىپ، چىرايلىق ياسىنىپ كەلگەنىدى.

— مەن باش مەسلىھەتچىم بىلەن كېڭىشىپ، ئامىد جانابلىرىنى بۇرۇنقى ۋەزىرلىك ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى لايىق كۆردۈم. ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ يەنە بۇرۇنقىدەك مېنىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرىم بولىدۇ. ئامىد جانابلىرى مالىيە ۋە ئىقتىسادتا، شۇنداقلا سودا ئىشلىرىغىمۇ ماھىر. بۇنداق بىر ئادەم خانلىقىمىزغا تولىمۇ زۆرۈر!...

يوغان ئۆي ئىچىنى يەنە قىزغىن چېلىنغان چاۋاك جاراڭلىتىۋەتتى. ئامىدنىڭ باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ ۋە كۆتمەك قاشلىرى ئاستىدىكى ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىدىن ياش چىققانلىقىنى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان مۇتەپەككۇر كۆردى. خاباش قاتتىق ھاياجانلىنىپ نېمە قىلىش، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، چاغاتايغا پارقىراپ قاراپ تۇراتتى. خان ئۇنىڭغا ۋەزىرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن ئۇقتۇرمايلا تۇيۇقسىز خۇش قىلىۋەتمەكچى بولغانمۇ، ئامىد: «بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ» دېگەندەك بىر ھالەتتە خۇشلۇقىنى باسالمايتتى. ئۇ قولىنى باغلاپ، بېشىنى تىزىغىچە ئېگىپ چاغاتايغا كەينى - كەينىدىن رەھمەت دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى...

يىغىن تۈگىدى. ھەربىي سەركەردىلەر، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئارقا ـ ئارقىدىن كىلىپ، يۈسۈف سەككاكىينىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۇنى تەبرىكلىدى. بىر چەتتە قول باغلاپ قاراپ تۇرغان خاباشىنىمۇ بەزىلەر كىلىپ قۇتلۇقلىدى. ئامىدنىڭ ئاغزى ـ قۇلىقىغا يىتىپ، خۇشاللىقىنى باسالماي، ئۇلارغا: «رەھمەت» دەيتتى...

سەككاكىي يىقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋىلىپ گىدەيگەن قىياپەتتە سوغۇق تىكىلدى. خاباش شۇ تاپتا ئىچ ـ ئىچىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان بولۇپ، قول باغلاپ ئېگىلىپ خۇشامەتنىڭ پىشقان قاغا جىگدىلىرى تۆكۈلۈۋاتقان ۋاقتىدىكى ھالىتىگە زادىلا ئوخشاشمايتتى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن قىساس ئوتىنىڭ كۆكۈچ يالقۇنلىرى ئاقاتتى. يىقىلغان ئادەم ئورنىدىن تۇرغاندا، تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى يىقىتقان پالۋانغا ھومىيىپ غەزەپ بىلەن تىكىلىدۇ. ئامىدنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى ۋە روھىي ھالىتى يىقىلغان ئادەمنىڭ ئورنىدىن تۇرغان چاغدىكى قىياپەت ۋە روھىي ھالىتىگە ئوخشايتتى.

ئالدىغا كەلگەن سەككاكىي قول بەرمەي: «مۇبارەك بولسۇن!» دەپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى قانىتى كەڭ ئېچىلغان ئىشىكتىن چىقىپ كىتىۋاتقان، بىشىنى تىك تۇتقان قەددى ـ قامەتلىك مۇتەپەككۇرگە تىكىلگەن ئامىدنىڭ ئىچىدە يىلانلار ۋىشىلداپ مىغىلدايتتى...

# ئون ئىككىنچى باب

## تۈلكىنىڭ بېشىغا چىققىنى چىرايلىق تېرىسى

سەككاكىينىڭ ياسىداق سارىيىدا يۈسۈف سەككاكىي بىلەن ئىنايىتۇللاغوجا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مۇتەپەككۇر ئۆگەدايىغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەمەرقەندتىن ئۆزىنى پاناھ تارتىپ كەلگەن كېلىشكەن مېھمان بىلەن ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشالمىدى. قىسقىلا ئەھۋاللاشقان بولسىمۇ، «دۆلەت ئۇستازى» كەلگەن غوجىنىڭ كېلىش مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. سەككاكىي «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن شەرەپلىك ئاتاققا ئىگە بولغان كۈنى كەچكى تاماقتىن كېيىنلا، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ سۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

مۇتەپەككۇر سارايىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يۆلىنىپ، قوش شام يېنىۋاتقان مىس شامدان قويۇلغان ئىشىك تەرەپتىكى دېرىزىنىڭ سەل تۆۋىنىدە، قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرۇپ ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. سارايىنىڭ شەرقىي تېمىغا يۆلىنىپ، سەككاكىيغا يېقىن ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان سەمەرقەندلىك مېھماننىڭ قارا قاشلىرى كەڭ ۋە قويۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چاقناپ تۇرىدىغان، بۇرنى قاڭشارلىق

بولۇپ، بوغداي ئۆڭ چىرايىدا سەمىمىيلىكى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئۇلۇغ زاتقا ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى ياغدۇرۇپ تىكىلگەن ھالدا قىزغىن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ تۇخۇمغىلا ئوخشايدىغان يۈز شەكلى ئەقىللىكلىكىدىن دېرەك بەرسە، يۇقىرىقى كالپۇكى ئۈستىگە تولۇپ كەلگەن قاپقارا، چىرايلىق، ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان بۇرۇتىدىن ئەرلىك غۇرۇرى ئىپادىلىنەتتى. يېشى خېلىلا چوڭىيىپ قالغان بۇ يىگىتنىڭ تەق - تۇرقى، روھىي ھالىتى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھەربىي كىيىمى كىيمىگەن ھەربىي ئىكەنلىكى بىلىنەتتى.

— بىر قېتىم ھۆرمەتلىك مەھمۇد يالاۋاچ جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇۋىدىم. ئۇ ئۇلۇغ مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى ۋە كېلىش مەقسەت - مۇددىئالىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

«مەن سېنى، ئىنىم، سىرتىڭدىن ئاڭلىغان، سەن قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىلگەن باتۇر ۋە ئەقىللىق يىگىت! — دەپ سۆزىنى باشلىدى مەھمۇد ئاكا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلىپ، — سەندەك بىر قابىلىيەتلىك يىگىتنى تەقدىر خارلىق كوچىسىدا تەمتىرىتىپ، ئاخىر مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەپتۇ. سەن، ئىنىم، ئەل - يۇرتقا كېرەكلىك ئادەم! ئالتۇن ھامان ئالتۇن، ئۇ ئەخلەت ئىچىدە قالسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يوقاتماي، ئاخىر بىر كۈنى ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. سەنمۇ مانا شۇنداق ئالتۇن ئادەم!...» دەۋاتقان سۆزلىرىدىن ئۆزى خىجىل بولۇپ قالدىمۇ، ئىنايىتۇللاغوجا سۆزىدىن

توختاپ، يۈزى سەل ـ پەل قىزىرىپ مۇتەپەككۇرگە تىكىلدى،ــ ئۆزۈمنى ماختايدىغان سۆزلەرنى دەۋېتىپ يۈزۈمگە خىجىللىق يالقۇنى ئۆرلىدى. سەككاكىي جانابلىرى، مېنى تازا بىر ماختانچاق ئوخشىمامدۇ دەپ قالمىسىلا، مەن مەھمۇد ئاكىنىڭ سۆزىنى ئەينەن دېدىم...

سەمەرقەندلىك مېھمان سۆزدىن توختاپ، راستلا خىجىل بولغان ھالەتتە ئالدىدىكى گىلەمنىڭ گۈللىرىگە قارىدى. مۇتەپەككۇر ئۇنىڭ ئىچكى روھىي ھالىتىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

ــ ئۇكا، سىزنىڭ تاشقى قىياپەت ۋە ئىچكى روھىي ھالىتىڭىزدىن ماختانچاقلىقنى كۆرمىدىم، ماڭا ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي ئادەمدەك تەسىر بەردىڭ! قېنى، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن!

ــ چىڭگىزخاننىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن مەھمۇد ئاكا، ئۇزۇن سىم ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ دەپ يەنە سۆزىنى باشلىدى ئىنايىتۇللاغوجا مەۋلانا يۈسۈفنىڭ سۆزىدىن كېيىن خىجىللىقى تاراپ،ــ «سەن مېنىڭ ئالدىمغا ئىش ئىزدەپ كەپسەن، مەن بىر چاغلاردا بىر ئۇلۇغنىڭ ئالدىغا يول ئىزدەپ بېرىۋىدىم. مەنمۇ ئۇ چاغدا سېنىڭدەك گاڭگىراپ، قايغۇ ـ ھەسرەت يۇتۇپ، قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەيتتىم. دانىشمەن كۆڭلۇم قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتۇپ، ماڭا خۇددى ھەسەن ـ ھۈسەندەك ھەم گۈزەل، ھەم داغدام يول كۆرسىتىپ بەردى.» مەھمۇد ئاكا ماڭا سىز بىلەن بولغان ئاشۇ قېتىمقى سۆھبىتىنى ھاياجان بىلەن

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بەردى. «شۇ كۈن ـــ دېدى ئۇ چىرايى نۇرلىنىپ،ـــ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس كۈن بولۇپ قالدى. چۈنكى، مەن شۇ كۈنى ماڭىدىغان ئەڭ توغرا يولۇمنى تاپتىم. قانداق شارائىتتا، قانداق ئەھۋالدا، قانداق بىر ئىشنى قىلماي، ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماي ھەممىدىن ئەلا بىلسەملا، توغرا يولدا ماڭىدىغانلىقىمنى بىلدىم. ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن ھېسابلاشماي ھوقۇق، شان ـ شۆھرەت ۋە ئىززەت ـ ئابرۇي قوغلاشماي، ئەل ـ يۇرتىنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيگەنلەرلا ھەقىقىي ئادەم سانىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتىنى قاڭغىر ـ قاقشىتىپ بېشى ئاسمانغا يەتسىمۇ، توققۇزى تەل بولۇپ قاقاھلاپ كۈلسىمۇ، ئۇلار ئار ـ نومۇس، ۋىجدان، ھەقىقەت ئالدىدا ھامان گۇناھكار بولىدۇ! ئېتى لەنەت ۋە نەپرەتنىڭ قاپقارا سىياھىدا يېزىلىپ تارىختا قالىدۇ!...»

«ئۇكا!ـــ دېدى مەھمۇد ئاكا بىردەم ھاياجىنىنى بېسىپ جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ،ـــ ساڭا خىزمەت تېپىپ بېرەلەيمەن. بۇنىڭغا سەنمۇ ئىشىنىسەن! مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغان بىر ئارزۇ بار: مەن ماڭا توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەن مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىيغا بىر خىزمەت قىلىۋالسام، بۇ دۇنيادىن بەختلىك كېتەتتىم!ـــ يالاۋاچ سۆزىدىن توختاپ بىردەم خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇنىڭ مۇلايىم كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ، ئىسسىق چىرايىدىن ماڭا بولغان بىر ئۈمىد يالقۇندەك ئۆرلىدى،ـــ مەن، ئۇكا، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئاشۇ كۆڭۈل ئارزۇيۇمنى سەن ئارقىلىق

ئورۇنلاش ئويىغا كېلىۋاتىمەن. خالىساڭ، پۈتۈن يول چىقىملىرىنى، ھەتتا بارغاندىن كېيىنكى ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە كېتىدىغان خىراجىتىڭنى مەن بېرىمەن! سەن ئالمالىق شەھىرىگە بېرىپ، ماڭا توغرا يول كۆرسەتكەن مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىينىڭ خىزمىتىنى قىلىسەن! قوشۇلساڭ، ئىنايىتۇللاغوجا، مېنىڭ ئارزۇيۇمۇ كۈلەتتى. سېنىڭ ئۆمرۈڭمۇ گۈللەيتتى!... قىلىدىغان خىزمىتىڭنى ئېنىق دېسەم، — دېدى سۆزىدىن توختاپ قالغان مەھمۇد ئاكا ئاخىرقى بىر جۈملىنى قوشۇپ، — ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ياردەم بېرىسەن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچىسى بولىسەن!»

سەككاكىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمەي، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى. مۇتەپەككۇرنىڭ كۆز ئالدىغا «بايات» مۇقامىنى ئېيتىپ بەرگىنىدە، مەھمۇدنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىدىن چىققان ئۈنچىدەك ياش كۆز ئالدىغا كەلدى؛ قۇلىقىغا: «سىلىنىڭ چالغان ساتارلىرى بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى تاشنى ئېرىتىپ، تاش يۈرەكنىمۇ يىغلىتىدىكەن!» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى؛ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشكەن خاتىرىلەر كەينى ـ كەينىدىن چاتما سۈرەتلەردەك ئۆتۈپ، مۇتەپەككۇرنى ھاياجانلاندۇردى...

«ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، مەۋلانامنى كۆرەلمەيدىغان بىر ۋەزىر ئۇنىڭغا ئورا كولاۋېتىپتۇدەك ‹كىم ياخشىغا ئورا كولىسا، كولىغان ئورىسىغا ئۆزى چۈشىدۇ› دېگەن گەپقۇ بار! بىراق، دىققەت قىلمىساق بولامدۇ؟! بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغدىن ئەنسىرەپ قالدىم. لايىق بىر ئادەم تېپىپ،

ئالمالىقتا ئەۋەتىش ئۈيىگە كېلىپ يۈرەتتىم. بۇ ئۈيۈمدىن ياراتقان ئىگەم تەسىرلەندىمۇ، سېنى ئالدىمغا ئەۋەتىپ بەردى. دېگىنە، بارامسەن؟!...» مەن مەھمۇد ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوتتەك بارغۇم كەلدى. بىراق، ئاتا ــ ئانام ئۆلۈپ، يالغۇز بىر تال سىڭلىم مەن بىلەن بىللە تۇراتتى، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ ھېچ يەرگە بارالمايتتىم. بىللە ئەكەتسەم، كۆرمىگەن ياقا يۇرتلاردا قىينىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. مەن يالاۋاچقا بۇ ئەھۋالىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئاڭلاپ، سىڭلىم بىلەن بىللە بېرىشىمنى ئېيتتى.

«يول ئازابى گۆر ئازابى!» دەپ سۆزلەپ كەتتى مەھمۇد ئاكا ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپ، ــ ئالمالىققا يېتىپ بېرىۋالساڭلارلا، ھەممە ئىشىڭلار ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. سەككاكىي خىزىردەك ياخشى ئادەم! ئۇ تونۇسۇن ــ تونۇمىسۇن، ھەرقانداق ئادەمگە ئۆپكىسىنى قاقىدۇ. ‹خەلق دېگەن شۇلارغۇ!؟ ئەمەت، سەمەت، قادىر، نادىر دەيدىغان ئادەملەردىن تەشكىل تاپىدىغۇ!؟ ئۇنىڭ بىر ئەزاسىغا كۆيمىسەڭ، خەلققە قانداق كۆيىسەن!؟›، دەيدىغان. مەۋلانام ئاكا ــ سىڭىل ئىككىڭلارنى چوقۇم قانىتى ئاستىغا ئالىدۇ. مەنمۇ خەت يېزىپ بېرىمەن. بارغاندىن كېيىن، مېنىڭ سېنى يامان يولغا سالمىغانلىقىمنى بىلىپ قالىسەن!...» شۇنداق قىلىپ، ــ دەپ سۆزىنى قىسقارتتى ئىنايتۇللاغوجا مۇتەپەككۇرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ــ مەھمۇد ئاكىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ سىڭلىمنى ئېلىپ ئالمالىققا قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇزۇن يول بېسىپ بىز ئالمالىققا كەلگەن كۈنى ئەتىگەندە ئۆزلىرى موڭغۇل يايلىقىغا

كېتىپتىكەنلا، كېلىشلىرىنى كۈتۈپ ئۆيلىرىدە ياتتۇق. تىللاخان ھەدەم مۇساپىرخانىلاردا يېتىشمىزغا زادىلا ئۇنىمىدى...

— بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىنىڭلار ياخشى بوپتۇ ئۇكام، مەن ئاكا ـ سىڭىل ئىككىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن! مەھمۇد سېنى ماڭا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. شۇنداق بولسۇن، ماڭا خىزمەت قىلىڭ! مېنىڭ ئامانلىقىمغا تىكىلىپ تۇرغان خەتەرمۇ يوق. مۇھىمى، مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا ياردەملىشىڭ!— سەككاكىي سۆزدىن توختاپ بىر ئاز ئويلانغاندەك تۇرۇپ، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئەتە مېنىڭ بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىڭ. مەن سىزنى خانغا تونۇشتۇراي، ئۇنىڭ خەۋەر تېپىپ قالغىنى ياخشى. سىلەر ھازىرچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋېرىڭلار. ئايتولدى يېقىن ئەتراپتىن ئۆي ئىزدەپ باقسۇن. مۇۋاپىق ئۆي چىقىپ قالسا، شۇ ئۆيگە كۆچۈپ بارارسىلەر!...

ئەتىسى سەككاكىي ئىنايىتۇللاغوجىنى ئېلىپ ئوردىغا باردى. چاغاتاي ئىنايىتۇللاغوجىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئۇ: «مەنمۇ سىزگە مۇۋاپىق بىر ياردەمچى ۋە مۇھاپىزەتچى بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم، بۇ يىگىتنىڭ كەلگىنى ياخشى بوپتۇ. ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ ئوردا خادىمى ھېسابلىنىپ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلسۇن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەندتىن كەلگەن ئىنايىتۇللاغوجا يۈسۈف سەككاكىينىڭ ياردەمچىسى ۋە مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ قالدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ئايتولدى ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان

www.uyghurkitap.com

باغۇبوستانلىق بىر هويلىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي تېپىپ بېرىپ ئۇلارنى كۆچۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ خېلىلا يېتىلگەن غوجا ھەر كۈنى دېگۇدەك مۇتەپەككۇر بىلەن ئوردىغا بىللە بېرىپ، بىللە كېلىدىغان بولدى...

※ ※ ※

ئىنايىتۇللاغوجا ئەكەلگەن مەھمۇد يالاۋاچنىڭ خېتىنى يۇسۇف سەككاكىي نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى. بۇگۇن يەنە كەچلىك تاماقتىن كېيىن، خەتنى قويۇپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ، شام يورۇقىدا ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بىر كۆرۈش كۆڭلۈمنىڭ ئارزۇسى بولغان، بىر مۇڭدىشىش ئۆمرۈمنىڭ ماۋزۇسى بولغان مۆھتەرەم ئۇستاز، يىگەن ـ ئىچكەنلىرى سىڭىپ، ئانا يۇرتلىرى ئۇستىدە گۇس ـ گۇس مېڭىپ، ئالتۇن تەنلىرى ساق، كۈنلىرى خۇشۋاق يۇرۇۋاتامدىلا؟! كۈندە كۆرۈپ جانجىگەر يۇرتداشلىرىنى، بىر تىل، بىر دىل قۇتداشلىرىنى كۇلۇۋاتامدىلا؟! سۆيۈملۈك رەپىقىلىرى، بىر جۈپ ئوغۇل ـ قىزلىرى چىرايلىرى خۇشخۇي، تىنىقلىرى خۇشبۇي، كۈندە گۇل كۆرۈۋاتقاندۇ؟! توپىسى كۆزۈمگە تۇتىيا يېرىم دەپ، يىقىلسام يۆلەيدىغان ئېلىم دەپ، مۇھەببەت ـ ئىشقىدا كۆيۈۋاتقاندۇ؟!...

مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىققان كالامىمنى، پۈتۈن

مېھىر ـ مۇھەببىتىم، ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىم سىڭگەن سالامىمنى قوبۇل قىلىڭ. ئۇلۇغ ئۇستاز! تىلەيمەن ئۆزلىرىگە سالامەتلىك بىر ئاللادىن بەش ۋاق نامىزىمدا، ئاستىمدا ئاق جايناماز!...

ئۆزلىرى كۆزۈمنى يورۇتۇپ، كۆڭلۈمدىكى قاراڭغۇلۇقنى تۈگەتتىلا! تىكەندىن قورقمىغانلارنىڭ قولىدا دىماقنى يارغۇدەك خۇش پۇراق گۈل ئەل ـ يۇرتۇم دەپ ماڭغانلارغىلا ئېچىلىدىغانلىقىنى ئۆگەتتىلا!...

ھۆرمەتلىك ئۇستاز! ئۆزلىرى ماڭا ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ توغرا يولىنى ئۆگەتكەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، يېگەن ـ ئىچكىنىم تېنىمگە سىڭىپ، يولۇمدىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خېيىم ـ خەتەرلەرنى يېڭىپ مېڭىۋاتىمەن، ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتىمەن! راست ئۆزلىرى دېگەندەك ئەل ـ يۇرتۇم دېگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرى روشەنلىشىپ يىراقلارنى كۆرەلەيدىكەن؛ ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدىمۇ كۈلەلەيدىكەن؛ ئەڭ قاتتىق سوغۇقلاردىمۇ يۈرىكى چوغ بولۇپ كۆيەلەيدىكەن!...

شۇ كۈنلەردە، بىلەمدىلا، مەۋلانام ئىززەت ـ ئابرۇيۇم، شانۇشۆھرىتىم گۈللىرى يۈلتۇز كۆككە يەتتى! بۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن ئۆزلىرىگە ئېيتىۋاتقان رەھمىتىممۇ كۆككە يەتتى...

قەدىردان ئۇستاز! ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ بىر قىممەتلىك سۆھبەتتىكى ئېيتقان «بايات» مۇقاملىرى، خۇددى ئۇگۇتلەنگەن بۇغدايدەك

سۆزلىرى ماڭا ئۆمۈرلۈك ساۋاق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەل ـ يۇرتۇم ئۈچۈن كۆيۈپ يۈرىكىم پارلاق بولدى. ئۆزلىرىگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن!؟ ياراتقان ئىگەمدىن ئالتۇن تەنلىرىگە ساقلىق، كۆڭلىرىگە خۇشۋاقلىق تىلەيمەن! بۇ دۇنيانىڭ شۇملۇقى كۆپ، ئېگىلمىسۇن قايغۇ ـ ھەسرەتتە شەمشادتەك قەددى ـ قامەتلىرى! كەم بولمىسۇن قىممەتلىك ئۆمۈرلىرىدە بەخت، تەلەي ـ ئامەتلىرى!...ئۆلمىسەم، تەقدىر نېسىپ قىلسا، بىر كۆرۈشۈش تىلىكىم مېنىڭ، يەنە بىر سۇ ئىچىپ قىممەتلىك سۆزلىرىدىن، ياشىراتتى يەنىمۇ ئۆمۈر پىلىكىم مېنىڭ! ھال ـ ئەھۋاللىرىدىن خەت ـ خەۋەر ئەۋەتىلسە، قۇتاتقاي تەشنالىقتا يۈرىكىم مېنىڭ!...

ماڭا خىزىردەك يولۇقۇپ يول كۆرسەتكەن دانا ئۇستاز، دەشت ـ چۆلدە قالغىنىمدا گۈل كۆرسەتكەن رەنا ئۇستاز! مەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلالمىدىم. ھەتتا بىر رەت مۇبارەك قوللىرىغا سۇ بېرەلمىدىم. ئورنۇمدا ئۆزلىرىگە قول بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئىنىم ئىنايىتۇللاغوجىنى ئالدىلىرىغا ئەۋەتتىم. مېنى كۆرگەندەك كۆرگەيلا! ئىشەنچلىك بىر مۇھاپىزەتچى يېنىمدا دەپ يۈرگەيلا! بۇ دۇنيانىڭ خەۋپ ـ خەتىرى كۆپ، كەينلىرىدىن تەگلىنىدىغان خەنجىرى كۆپ، يانلىرىدا يۈرۈپ ئىنايىتۇللاغوجا بالادىن ساقلىغاي، مېنىڭ ئۈچۈن ئالدىلىرىدا سەممىي ـ سادىقلىقىنى ئاقلىغاي!...

خوش، ئۇستاز، نەدە بولساقمۇ بولايلى ئامان،
ئۆزلىرىگە تولىمۇ موھتاج بۇ ھايات، بۇ جاھان!...»

يۇسۇف سەككاكىي مەھمۇد يالاۋاچنىڭ قومۇش قەلەمدە يېزىلغان خېتىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ھاياجاندا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان كۈز كېچىسىگە قارىدى. كۈنچىقىش تەرەپتىن ئاي چىقىۋاتقان بولسا كېرەك، قاراڭغۇ كېچە يورۇۋاتاتتى، بولۇپمۇ كۈنچىقىش تەرەپ خېلىلا يورۇپ، ئازراق بىر قىسمى كۆيۈپ تۈگىگەن تون مەلىكىسىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. خىيال بىلەن تىكىلگەن مۇتەپەككۇرنىڭ كۆڭلىمۇ گويا ئاي كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك يورۇپ، كۆز ئالدىغا مەھمۇد يالاۋاچ كەلدى: «ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ، قانداق ئىشلەشنى بىلگەن ئۇلۇغ ئادەم!» دەپ ھاياجاندا پىچىرلىدى...

※ ※ ※

ئامىد ھەر كۈنى سەككاكىي بىلەن بىللە ئوردىغا كېلىدىغان قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق ۋە رەتلىك كىيىنگەن يىگىتنى كۆرۈپ: «كىمدۇر بۇ؟» دەپ قاراپ قالىدىغان بولدى. ئاخىر ئۇ تاقەت قىلالماي: «يىگىتنىڭ كىملىكىنى چاغاتايخاندىن سوراي» دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈنپېتىش ئۇيپۇقى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەزگىلدە ئايتولدى ئۆيىگە كېلىپ قالدى.
يېڭىلا قايتىپ كېلىپ، ياسىداق سارىيىدا بېشىنى

www.uyghurkitap.com

ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، تورۇسقا قاراپ يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتقان ئامىد، سەككاكىي بىلەن بىللە ئوردىغا كېلىدىغان ناتونۇش يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي تىتىلدايتتى.

ئىشىك چېكىلدى، ئۇلىنىپلا: «ئامىد جانابلىرى، سىلى بىلەن كۆرۈشكىلى ئايتولدى كەپتىكەن!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىشىكى ئالدىغا ئامەت كەلگەندەك ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرغان خاباش: «مېنىڭ يېنىمغا كىرگۈزۈۋەتكىن!» دەپ ئۇنلۇك توۋلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەلگەن سەككاكىينىڭ ئوغلىنى كۈتۈۋېلىش ئۇچۇن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ پېشايۋانغا چىققاندا، ئايتولدى پېشايۋان پەلەمپىيىنىڭ باسقۇچىغا ئاياغ تاشلاپ چىقىۋاتاتتى. سەككاكىينىڭ ئوغلى ساقالسىز ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ خاباشقا قاراپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!...

ئايتولدى پېشايۋانغا چىقىپ، ئامىد بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. قىزغىن تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. ساھىبخانا يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى سارايغا باشلىدى. ئۇ ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان ئايالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— دەرھال چاي قىلىڭلار، مېھمان كەلدى!

ئۆيگە كىرىپ ئايتولدىنى تۆرگە باشلىغان بولسىمۇ، يىگىت تۆرگە چىقماي، ئامىد ئولتۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلىدا — شىمالىي تام تەرەپكە سېلىنىغان دۇخاۋا

كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئىككىسى يەنە بىر قېتىم سالام ـ سەھەت قىلغاندىن كېيىن، رەسمىي باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

— مۇبارەك قەدىمىڭىز ئۆيۈمگە يېتىپ قاپتۇ، ئىنىم، يېڭى بىر خەۋەر بارمۇ، قانداق؟ — دېدى ساھىبخانا ئايتولدىغا خۇش چىراي كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

— بولمامدىغان! — دېدى ئايتولدىمۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ تىكىلىپ، — ھەر كۈنى ياخشى ـ يامان خەۋەر دېگەندىن ئالەملىقتا مىڭى چىقار دەيمەن!؟ — يىگىتنىڭ كۈلۈمسىرىشىدە ئامىدنىڭ سوئالىغا ئەركىن ـ ئازادە جاۋاب بەرگەنلىكى بىلەن بىللە مەسخىرىمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ بىردەم سۆزدىن توختاپ، چىرايىنى ئادەتتىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — نەچچە كۈندىن بېرى كېلەي دەپ شۇنچە قىلساممۇ كېلەلمىدىم. بۈگۈن ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا دېگەندەك، كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە سالام بەرگىلى غىپپىدە كەلدىم.

— ئىنتايىن خۇشالمەن! مېنىڭ ئىككى كۆزۈممۇ يولىڭىزغا تىكىلىپ تۇراتتى، — دېدى ئامىدمۇ ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن ئۇزۇن، شالاڭ بۇرۇتىنىڭ سول تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قارىراق كەلگەن چىرايىدا راستىلا خۇشاللىقى ئىپادىلىنەتتى.

— ئۆزىڭىزگە، ئامىدكا، بىر مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزگىلى ئالايىتەن كەلدىم. لېكىن، ئالدىرايمەن، ئاتاممۇ، ئانامۇ، سىڭلىممۇ مېنىڭ قاياقتا كەتكىنىمنى

بىلمەي قالدى. شۇڭلاشقا، سۆزۈمنى دەپ بولۇپلا قايتمىسام بولمايدۇ! — ئۇ قىسقا يۆتىلىپ، يانچۇقىدىن ئالغان كەشتىلىك قول ياغلىق بىلەن ئاغزى - بۇرنىنى ئېرتىپ، جىددىي ھالەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاتام ئۇگەدايخانىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقىلى چاغاتاي بىلەن بىللە كەتكەندە، ئۆيىمىزگە ئىنايىتۇللاغوجا دېگەن بىرى شەمسىئۇلقەمەر ئاتلىق سىڭلىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئىككىسى سەمەرقەندتىن ئاتامنى دەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە چۈشتى. مەن يىراقتىن كەلگەن بۇ ئاكا - سىڭىلنىڭ نېمە ئوي، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، سىڭلىگە كېلىپ دېمىدىم. ھازىر ھەممە نەرسە ئېنىق بولدى. ئىنايىتۇللاغوجىنى مەھمۇد يالاۋاچ ئاتامنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەۋەتىپتۇ. ئاتام ئۇلارنىڭ كېلىش مۇددىئايىنى بىلگەندىن كېيىن چاغاتايغا بېرىپ يەتكۈزدى. چاغاتاي: «مەنمۇ ئۆزلىرىگە بىر مۇھاپىزەتچى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەي دەپ يۈرەتتىم، ياخشى بوپتۇ. مەھمۇد ئەۋەتكەن يىگىت سىلىنىڭ ئامانلىقلىرىنى قوغدىسۇن، ئىش ھەققىنى ئوردا بېرىدۇ» دەپتۇ. بۇ يەردە ئامىدكا، ئاتام چاغاتايغا دېمىگەن، لېكىن مەھمۇد يالاۋاچىنىڭ خېتىدە يېزىلغان ئىككى مۇھىم گەپ بار: بىرىنچى، كەلگەن يىگىت ئۆز ۋاقتىدىكى خارەزىم شاھلىقىنىڭ مەيلى پىيادە، مەيلى ئاتلىق بولسۇن قىلىچۋازلىقتا، ئوقيا ئېتىشتا ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن سانغۇنلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئىككىنچى، چاغاتاي ئوردىسىدا سىلىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىرى بار

ئىكەن، ئۇ ئامىدمۇ؟! ئەگەر شۇنداق بولسا، ماڭا دەرھال خەت يازسىلا، مەن چاقىرتىپ كېلىپ تازا بىر ئەدىپىنى بېرەي، دەپتۇ مەھمۇد يالاۋاچ. مەن مەھمۇد يالاۋاچنىڭ خېتىنى ئوقۇپ قېلىپ، بۇ سۆزلەردىن چۆچۈدۇم، دەرھال ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۇم. — ئايتولدى سۆزدىن توختاپ ئامىدقا قارىدى. ئۇنىڭ كەڭ ۋە قارا قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىنىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزىدە ئالدىدىكى ساھىبخاننىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرنى كۆرۈش قىزغىنلىقى چاقنايتتى. ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ئامىدنىڭ يۈرىكىدە جىددىي تەسىر قوزغىغانلىقىنى كۆرۈپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەرنېمە بولسا، ئامىدكا، ئېھتىياتچان بولسىلا! ئاتام مەھمۇد يالاۋاچقا خەت يېزىپ يۈرمىسۇن!...

خاباش راستىلا ئايتولدى يەتكۈزگەن خەۋەردىن چۆچۈدى. ئەگەر سەككاكىي خەت يېزىپ قالسا، چىڭگىزخاننىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن بۇ ۋەزىرى، ئۆزىنى نېمە قىلىمەن دېسە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئايتولدىنىڭ خەۋىرىدىن چۆچۈپ، چىرايى ئۆڭۈپ ئولتۇرالماي قالدى. ئايتولدى خاباشنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بولدى. ئۇ ئالغان «ئالتۇنلىرى» بەدىلىگە خەۋەر يەتكۈزگەن بولۇپ، ئاتىسىغا قارشى ھەرىكەت قىلسا يامان كۈندە قالىدىغانلىقىنى ئامىدقا ئەسكەرتكەنلىكىدىن ئېخمۇ شادلاندى.

ئۆيگە ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان ئايال سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى.

— چاي تەييار بولۇۋىدى، ئەكىرەيمۇ؟ — دېدى ئۇ تاپسىدىلا تۇرۇپ.

ئامىد ئىغىز ئاچقۇچە ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇگۈن چايغا ئولتۇرالمايمەن! ھېلىلا سىلىگە قانداق ئەھۋالدا ئۆيلىرىگە كەلگەنلىكىمنى دېۋىدىم، دەرھال قايتمىسام بولمايدۇ. چايلىرىنى ئىچكىلى ئالاھىدە كېلىمەن. خوش، مەن ماڭدىم.

ئايتولدى ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئايال ئىشىككە يېتىپ كەلگەن يىگىتكە ۋە غوجايىنىغا قاراپ، ئىشىكنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ قالدى. خاباش سەككاكىينىڭ ئوغلىنى تۇتۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەلپازىدىن راستلا ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توسمىدى.

— خوش، ئامىدكا! بۈگۈن شۇنداق بولۇپ قالدى، مېنىڭدىن رەنجىمىسىلە! — ئۇ بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك توختاپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان چاغاتايىنىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرىگە تىكىلدى، — دېگەنلىرىمنى باشقا بىرىگە دەپ يۈرمىسىلە! ئۆزلىرىگىمۇ، ماڭىمۇ ياخشى بولمايدۇ!...

ئامىد گەپ - سۆز قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئايتولدى ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقىپ كەتتى، خاباش كەينىدىن پېشايۋانغا چىقتى.

كۆز باغلىنىپ كۈنپېتىش ئۇپۇقى ھال سىرىق رەڭدە يورۇپ تۇراتتى. شىمالدىكى تاغلاردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان خېلىلا سوغۇق شامال يالاڭاچلىنىۋاتقان دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى شېخىدىن ئايرىپ يېلدىرلىتىپ ئۇچۇراتتى...

ئامىد ئىتنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئايتولدىغا قاراپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ قالدى.

※ ※ ※

يېڭىلا كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغان ئامىد داستىخىنى يىغىلغان شىرەنىڭ يېنىدا يالغۇز خىيال سۈرەتتى. شىرەنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن چېتىدە ئۈچ شام يېنىۋاتقان مىس شامدان تۇراتتى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى قىرىدىكى باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ ۋە كۆتمەك قاشلىرى تېگىدىكى سەل ـ پەل پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرى تىكىلگەن شاملار ئۇنىڭغا ۋەھىمە چېچىۋاتقاندەك تۈرۈلگەن قوشۇملىرىدىن ئەنسىزلىك تۆكۈلەتتى. «ئەگەر سەككاكىي مېنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمنى بىلىپ قالسىلا، مەھمۇد يالاۋاچقا خەت يېزىپ مېنى چاقىدۇ. ئۇ چاغدا مەن تۈگىشىمەن!— خاباش خىيالدىن توختاپ يەنە شامغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. شاملارنىڭ قىپقىزىل چوغلانغان چېچەكلىرى ئۇنىڭغا قان داغلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى قان ئېقىۋاتقان جاراھەتلەرگە تولغاندەك ئېچىشاتتى،— ياق!— دېدى ئۇ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— ئەمدى بوشاڭلىق قىلسام بولمايدۇ. ئۇ تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋېلىشىم كېرەك! ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى ئېلىشىشتا قايسىسى چاققان ۋە پەملىك بولسا، شۇ ئۇتۇپ چىقىدۇ.» ئۇ يەنە خىيالدىن توختاپ، يېنىۋاتقان شاملارغا قاراپ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەھىمە ۋە ئېچىشىشلاردىن خالىي بولۇپ، شۇملۇق چېچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. «مەن يەنە ئۆز ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالسام

بولمايدۇ! ئۇردىغا ئۇچىنچى قېتىم قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چاغدا پۇتۇنلەي تۈگىشىپ كېتىمەن! بۇ قېتىم مەن ئەمەس، سەككاكىي تۈگىشىپ كېتىشى كېرەك!» ئۇ يەنە خىيالىنى توختىتىپ، ئويلانغاندەك شاملارغا تىكىلدى! ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شاملارنىڭ چىچەكلىگەن چوغ رەڭلىك گۈللىرى قان ئېقىۋاتقان جاراھەتلەردەك ئەمەس، ئۇنىڭ شۇملۇق ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ئېچىلغان گۈللەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئامىدنىڭ چىرايىدىكى جۇدۇن تارقاپ، يوغان كاللىسىنى خۇددى تۈگمەندەك ئىشلىتىۋاتقانلىقى كۆزلىرىدىن كۆرۈنەتتى. «سەككاكىيدىن ئىنتىقام ئېلىشىمنى نەدىن، قانداق باشلايمەن!؟ مەن ئۇنىڭ پەرىزاتتەك قىزىنى تا ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. دەل مۇشۇ گۈزەلىدىن باشلىغىلى بولماسمۇ؟! ئەلچى كىرگۈزسەم قانداق؟! ناۋادا، قىزىنى بېرىدىغان بولۇپ قالسا، قانداق قىلىمەن؟! قول باغلاپ، باش ئېگىپ: ‹ھۆرمەتلىك قېيىنئاتا!› دەپ يۈرىمەنمۇ؟! راستلا ياخشى كۆرىدىغان قىزىنى بېرىپ قالسا، بىر مەزگىل پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ تاشلىۋەتسەم، سەككاكىينىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرغاندىنمۇ يامان بولمامدۇ؟!... بىراق، ئۇ ماڭا...» ئامىد يەنە خىيالدىن توختاپ ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالدى. چىرايى ئاچچىق بىرنېمە يەۋالغاندەك تۇرۇلۇپ، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىدىن ئىس ئۆرلىدى: «ساھىبجامالىنى بەرمەيدۇ. سەمەرقەندتىكى ھويلىسىدا قىزىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، ئەقىل - ھوشۇمنى يوقىتىپ تىكىلىپ قالغىنىمدا قانچىلىك ئاچچىق كەلگەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئەتىۋارلىقىغا

تىكىلىپ قارىغىنىمغا تازا ئاچچىقى كەلگەن ئادەمنىڭ ماڭا قىزىنى بېرىشى يوق گەپ! كىرگۈزگەن ئەلچىلىرىمنى قوغلاپ دېگۈدەك چىقىرىۋەتسە قانداق قىلىمەن؟! بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سەككاكىيغا قانداق قارشى تۇرىمەن؟!» ئۇ يەنە خىيالدىن توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالدىدىكى پىلدىرلاپ يېنىۋاتقان شاملاردىن سوئالىغا جاۋاب ئىزدىگەندەك ئۇلارغا تىكىلىپ قاراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چاغاتاي كەلدى. ئۇ خاننىڭ چىرايلىق قىز ــ چوكانلارغا ئامراقلىقىنى بىلەتتى: «توختا، بەرگىنىدىن بەرمىگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟! مېنىڭ ئۆچ ئېلىشىمغا تازا ئوبدان يول ئېچىلمامدۇ؟! ئامراق قىزىنى چىرايلىق قىز ــ چوكانلارغا ئامراق چاغاتايغا كۆرسىتىپ قويسام، ئۇ ئالىمەن دەپ، سەككاكىينىڭ ئۆپكىسىنى ئېچىدىن قېقىۋەتمەمدۇ؟! بولدى، كېچىكتۇرمەي ئەلچى كىرگۈزەي! ئەتە بولمايدۇ، چاغاتاي بىلەن قۇياسقا بارىمەن. كەلگەندىن كېيىن سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىمنى بىر تاۋاق پولۇغا چاقىرىپ دەي، ئۇلار سەككاكىينىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بارسۇن...»

ئۇ ئاخىر شۇنداق قارارغا كېلىپ خىيالىنى توختاتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى...

※ ※ ※

سەككاكىي تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمانلارغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. سۆسەر تۇماق كىيگەن سۇلايمان بەگ بىلەن ئاق سەللە يۆگىگەن قاراھاجىم كەلمەيدىغان ئىشقا كېلىپ قالغاندەك ئېغىر خىجىللىقتا ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئىگىز بويلۇق مېھمان بىلەن دوغىلاق مېھمان ئۆزلىرىنى ئەركىن - ئازادە كۆرسىتىشكە شۇنچىلىك تىرىشىشمۇ، يەنىلا خىجىللىقتىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ساھىبخانا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ: «نېمىگە كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

ئىنايىتۇللاغوجا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى. ئارقىدىن ئايتولدى شىرە قويۇپ، ئۈستىگە گۈللىرى ئاق، كۆكۈچ داستىخان سالدى. ئىككىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ، داستىخان سېلىنغان شىرە ئۈستىنى نازۇنېمەتلەرگە تولدۇرۇپ، گۈللۈك پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، پەتنۇستا مېھمانلار ۋە سەككاكىيغا تۇتتى. ئۇلارنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىككىسى چىقىپ كەتتى.

ئىككى مېھمان قاچا گۈللۈك گىلەم ئېسىلغان شىمالىي تام تەرەپتە، ساھىبخانا دېرىزىسى ئېچىلمىغان جەنۇبىي تام تەرەپتە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئۇنچىلىك چوڭ بولمىغان شىرە بۆلۈپ تۇراتتى. شىرە قويۇپ، چاي قۇيغۇچە بولغان ئارىلىقتا داۋام قىلغان جىمجىتلىق تېخى بۇزۇلماي، ئۇلار ئۈن - تىنسىز چاي ئىچىشەتتى. ئالمالىقنىڭ مۆتىۋەرلىرى بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، بىر - بىرىنى گەپ باشلاشقا ئۈندەيتتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى ئالدى بىلەن گەپ باشلاشتىن قېچىپ، ناۋات تەمى چىققان چاينى قىزىق - قىزىق ئىچەتتى. ئاخىر سۇلايمان بەگ چىدالمىدى. ئۇ تامىقىنى قىرىپ، ياسالما يۆتىلىپ يۈسۈف سەككاكىيغا قارىدى.

— بۇرۇندىن تارتىپ كېلىۋاتقان «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق!» دېگەن سۆز بار. بىز ئامالسىز، تەخىرسىزلىكتە ئالدىلىرىغا ئەلچى بولۇپ كەلدۇق. «بۇ ئەلچىلىكنى قىلمايمىز!» دېسەك، ئامىد ۋەزىرنى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىمىزدىن، قۇتلۇق ئۆيلىرىگە ئەلچى بولۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق. بىزدىن رەنجىمىگەيلا! — سۆزىنى شۇنداق باشلىۋالغان ئۆزۈن بۇرۇتلۇق سۇلايمان بەگ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بايىقى خىجالەتچىلىكلىرىمۇ تۈگەپ، ئۆزىنى خېلىلا ئەركىن - ئازادە تۇتۇپ سۆزلەيتتى، — ئامىد ۋەزىر ئۆزلىرىگە ئوغۇل بولۇپ، خىزمەتلىرىدە بولۇشنى ئۆزاقتىن ئارزۇلاپ كەلمەكتە...

بىر سېھىر، بىر خاسىيەت باردەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن سەككاكىي:

— نېمە؟ — دەپ چۆچۈگەندەك ئاچچىقى بىلەن قاتتىق توۋلاپ سۇلايمان بەگنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. دۆلەت ئۇستازىنىڭ غەزەپلەنگەن ئەلپازىنى كۆرگەن سۇلايمان بەگ يېنىدىكى قاراھاجىمغا ئالاقزەدىلىك ئىچىدە تىكىلدى. مۇتەپەككۇرنىڭ خېلىلا قاتتىق چىققان ئاۋازىدىن چۆچۈگەن قاراھاجىممۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

— ئاچچىقلانمىسىلا، تەخسىر! — دېدى قاراھاجىم بىرچاغدا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، تەخىرسىزلىكتا قالغان ئۆزۈن بۇرۇتنىڭ ئۇچى سەل كەينىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان سۇلايمان بەگنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش نىيىتىدە سۆز باشلاپ، — ئاۋۋال سۆزىمىزنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئاندىن قانداق

سۆزلىرى بولسا دىمەمدىلا! بۇنداق ئاچچىقلانسىلا، بىز دەيدىغىنىمىزنىمۇ دېيەلمەي قالىدىكەنمىز.

— شۇنداق!— دېدى بومبا ساقال - بۇرۇتلۇق قاراھاجىمنىڭ سۆزلىرىدىن خىلىلا ئۆزىگە كەلگەن سۇلايمان بەگ تېخىچە ئۆزىنى باسالماي تۇرغان سەككاكىيغا قاراپ،— بىز ئەلچى، بىزدە گۇناھ يوق! ئەلچىدە ئۆزىنى ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ دېگەنلىرىنى قارشى تەرەپكە تولۇق يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار! قېنى تەخسىر، ئاچچىقلىرىنى بېسىپ، سۆزىمىزنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىسىلا!— ئۇ توختاپ ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئارقىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئامىد جانابلىرى بىزگە: «ئىسلام دىنى بىر ئەر بىر ئەمەس، نەچچە خوتۇن ئېلىشقا يول قويىدۇ. مەن سەككاكىي جانابلىرىنىڭ يالغۇز قىزىنى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالدىم. قىزىنىڭ گۈزەل جامالى ئۇيقۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ كۆزۈمدىن كەتمىدى. ئاخىر ئوغۇل بولۇپ، سەككاكىي جانابلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى بولغۇسى قېيىنئاتامغا يەتكۈزسەڭلار! مېنىڭ ھەممە بايلىقىم قىزىنىڭ تويلۇقى بولسۇن. مەن بىر ئۆمۈر خىزمىتىنى قىلاي!» دەپ، بىزنى ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيدىلا؟!...

سەككاكىي چىشىنى چىشىغا بېسىپ، سۇلايمان بەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە چىداپ ئاڭلىدى. چىرايىدىن غەزىپى پۇرقىراپ ئۆرلەۋاتقان دۆلەت ئۇستازى گويا پارتلاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. «دۈشمىنىنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن سۆز يادىغا كەلدىمۇ، مۇتەپەككۇر تەستە ئۆزىنى

تۇتۇۋېلىپ، ئالدىدا ئولتۇرغان سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىمغا قارىدى.

— ئامىدقا بېرىپ دەڭلا: «مېنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان قىزىم يوق!» — ئېڭىكىنى قاپلىغان قاپقارا ساقىلى بۇرۇتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن سەككاكىينىڭ سۆزلىرى ئاغزىدىن ئېتىلغان قوناقتەك چىقتى، — بولدى، يەنە بۇ ھەقتە گەپ قىلماڭلار! ئىززىتىڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ، ئىززىتىڭلار بىلەن كېتىڭلار! بۇ ھەقتە يەنە گەپ قىلساڭلار، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالسام، مېنىڭدىن رەنجىمەڭلار!...

ئىككى ئەلچى بىر - بىرىگە قارىشىپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇلار تا بۇ ئۆيدىن خوشلىشىپ چىققۇچە بۇ ھەقتە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

※ ※ ※

ئامىد چاغاتاينىڭ قايتا ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن، قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ ئۆيىگە كۆپ بارىدىغان بولدى. بۈگۈن كەچتە ئۇ بىر خالتا تىللا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. يېڭىلا كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ دەم ئېلىپ ئولتۇرغان چاغاتاي، خاباشنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مۇلازىملىرىغا:

— باشلاپ كىرىڭلار! — دېدى. ئامىد ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا، قول باغلاپ بېشىنى ئېگىپ ھىجايدى. ئۇ ئۇدۇل كېلىپ چاغاتاينىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىدى.

— ئۆزلىرى بىلەن، ئائىلىلىرى، مۇڭداشقىلى

كېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ ئەكەلگەن بىر خالتا تىللانى يېنىغا قويۇۋېتىپ.

— ياخشى كەپسەن، مەنمۇ زېرىكىپ ئولتۇراتتىم، — دېدى چاغاتاي يېنىغا قويۇلغان خالتىغا قاراپ تۇرۇپ، — مۇنۇ نېمەڭ؟ كەلسەڭ زادى قۇرۇق كەلمەيسەن!

— ئازراق تىللا، مېنىڭ كۆڭلۈم! — دېدى چاغاتاينىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان خاباش شۇنچىلىك سەت ھىجىيىپ.

— بىرىۋاتىسەن، بىرىۋاتىسەن... سېنىڭ ئالتۇنۇڭ تۈگىمەمدۇ؟! — دېدى خان مىيىقىدا كۈلۈپ، — سەن بۇ دۇنيانىڭ جىمى ئالتۇنلىرىنى ئۆيۈڭگە يىغىۋالغانمىدىڭ؟!

— بۇ ئالتۇنلار، خان ئالىيلىرى، ئاتامدىن قالغان، ئۇ دۇنيانىڭ قانچىلىك ئالتۇننى يىغىۋالغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىز ئۇيغۇرلاردا: «تاپقان پۇلۇڭنى ساندۇققا سېلىپ ساقلىغاندىن يەر ئېلىپ قوي يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق، يا ئالتۇن ئېلىپ ساقلا» دەيدىغان سۆز بار. پۇل، مال ـ دۇنيا ۋە باشقىلارنىڭ قىممىتى مۇقىم بولمايدۇ، يەر بىلەن ئالتۇننىڭ قىممىتى ھەرقانداق چاغدا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭلاشقا دادام ئالتۇن يىغىپتىكەن...

— داداڭ ئەقىللىق ئادەمكەن! — دېدى چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى خالتىنى قولىغا ئېلىپ، تۇتۇپ جاراڭلىتىپ كۆرۈپ، — راست، ئالتۇن ھەرقانداق دەۋردە ئۆلمەيدۇ. قىممىتى ئاشسا ئاشىدۇكى، چۈشۈپ كەتمەيدۇ، — ئۇ خالتىنى يېنىغا قويۇپ ئامىدقا قارىدى، — ھە، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ بۇنچىلىك تىللا ئەكەلگىنىڭگە قارىغاندا، دېگىلى كەلگەن ئىشىڭمۇ خېلىلا بېشىڭنى ئاغرىتقان ئىشتەك قىلىدۇ. قېنى، دېگىن، قولىقىم سەندە...

— خان ئالىيلىرى، مەن سىلىنىڭ ئامانلىقلىرىنى كىچە - كۈندۈز ئويلايمەن. بەش ۋاق نامىزىمدا، ياراتقان ئاللادىن ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلەيمەن. سىلى بىلەنلا بىزنىڭ بۇ خانلىقىمىز قۇدرەت تېپىپ ياشناپ گۈللىمەكتە! شۇڭلاشقا ھەممە يەردە: «چاغاتايخان ئالىيلىرىنىڭ ئامانلىقى خانلىقنىڭ بەختى» دەيمەن! — ئۇ كەينى بىلەن سىيپىلاپ كېلىپ، مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى دەيدىغاندەك ھالەتتە چاغاتايغا تىكىلدى، — سەككاكىي دېگەن بۇ ئادەم دانا بولغىنى بىلەن قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. سىلى بەكمۇ ئىشىنىپ كېتىۋاتىدىلا، مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا بۇنداق ئىشىنىپ يۇقىرى مەرتىۋە، يۇقىرى ئابرۇي بېرىشلىرى دۆلەتنى دەپ قىلىۋاتىدىلا! لېكىن، قولىدىن سېھىرگەرلىك كېلىدىغان بۇ خەتەرلىك ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىدىلا! — خاباش بويىنىنى سوزۇپ، چاغاتاينىڭ بېشىغا بېشىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، جىددىي ھالەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى، — سېھىرگەرلىك بەكمۇ يامان! سېھىرگەرلەر ئادەمنى نېمە قىلىمەن دېسە قىلىۋېتەلەيدىكەن، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىۋېتەلەيدىكەن. ئۇ سەمەرقەندتىكى چېغىدا ئۆز ئۇستازى بىلەن ئۆچلىشىپ قېلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش نىيىتىگە كېلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئەپسۇن ئوقۇپ، بىر ئوت ئادەمنى پەيدا قىلىپ، ئۇستازىنىڭ يېنىغا كىرگۈزىدىكەن. ئۇستازى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئادەمنى كۆرۈپ، يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلىدىكەن...

— نېمە دەۋاتىسەن؟! بۇ دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟! — دېدى

www.uygurkitap.com

كۆزلىرى ئالاقزەدىلىك بىلەن چەكچەيگەن چاغاتاي ئامىدنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ.

— دېگەنلىرىم راست! ئىشەنمىسىلە، ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا! — دېدى ئامىد جىددىي ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي چاغاتايغا تىكىلىپ قاراپ، — ئۇنىڭ كۆزىگە قارىمامدىلا! ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان كۆزلىرىدىن سېھىرگەرلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟! — ئامىد شۇنچىلىك ئىشەندۈرەرلىك قىلىپ سۆزلەپ، ئاخىرىنى ئۇستىلىق بىلەن چۇشۇردى، — سىلىگىمۇ، چاغاتاي ئالىيلىرى، بىر كۈنى قەست قىلىپ قويمىسا بولاتتى دەپ، يۈرىكىم سۇ بولۇپ ئەنسىزلىكتە ياشاۋاتىمەن...

چاغاتاي ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ جىددىيلىشىپ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ سول تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ ئولتۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ كەتتى.

— مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا، سەككاكىيدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇۋىدىم. ماڭا شۇ چاغدا بۇ ئادەم سېھىرگەردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋىدى. ئۇنىڭ، بىلەمسەن، ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان كۆزلىرى مېنى خېلى بىر چاغلارغىچە بىئارام قىلىپ كەلدى، — چاغاتاي سۆزدىن توختاپ سەككاكىينى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر سېھىر، بىر خاسىيەت باردەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇرۇپ قالدى. ئامىد خاننىڭ سۆزلىرى ۋە روھىي ھالىتىدىن، ئۆز سۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئوبدانلا تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە خۇشال بولۇپ ئولتۇراتتى.

— مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىمەن. ئەكەلگەن تىللا ۋە ئاگاھلاندۇرۇشۇڭغا رەھمەت! بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ كۆزەتكىن! ناۋادا، بىرەر گۇمانلىق ئىشنى سەزسەڭ، دەرھال ماڭا دېگىن!...

چاغاتاي چارچاپ قالغاندەك، كەينىدىكى قوش - قوش تەكىيلەرگە يۆلەندى. خاباش سۆھبەتنىڭ نەتىجىلىك ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، خوشلىشىشقا تەييارلاندى.

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەن قايتاي، سىلى ئارام ئالسىلا! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — خوش!

— هاي، كىم بار! ئامىد ۋەزىرنى ئۇزىتىپ قويۇڭلار!... — دەپ توۋلىدى ياندىكى ئۆيگە قاراپ چاغاتاي...

※ ※ ※

ئامىد ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدىن سەككاكىينىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ ئوق يېگەن شىردەك ھۆركىرەپ كەتمىدى. ئۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنى ئۆزىگە بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. سۇلايمان بەگ بىلەن قاراھاجىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ، سارىيىغا كىرىپ ئولتۇرغان خاباش، تا كەچلىك تاماقچە تالاغىمۇ چىقمىدى. ئۇ چاغاتايغا گۈزەل مەختۇمسۇلانى قانداق كۆرسىتىشنى ئويلاپ بېشى قاتتى. خان ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگۈچە، دۆلەت ئۇستازىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ

قويماي دەپ، بىرنېمە دېمەسلىكنى مۇمكىن ئېدى. ئۆتكەنكى قېتىم كۆرۈشكىنىدە، خانغا سەككاكىينىڭ خەتەرلىك سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى دېگەن بولسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا چىرايلىق خوتۇن - قىزلارغا ئامراق چاغاتاي سەككاكىينىڭ پەرىزاتتەك چىرايلىق قىزىنى كۆرگەندە ئېغىز ئاچماي تۇرالمايتتى. خان ئېغىز ئاچسىلا، ئامىدنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ، سەككاكىيدىن ئۆچىنى ئالالايتتى. چۈنكى، مۇتەپەككۇر ئۆلسىمۇ قىزىنى چاغاتايغا بەرمەيتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا ھۆسن - جامالى تەڭداشسىز مەختۇمسۇلانى قانداق كۆرسىتىشنى ئويلاپ، خاباش ياخشى بىر چارە تاپالمىدى...

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يورغىلاپ ئۆتۈپ، سوغۇق قىشمۇ يېتىپ كەلدى. كەينى - كەينىدىن قار يېغىپ، كۈنلەر كۈندىن - كۈنگە سوغۇقلىشىپ، ساقال - بۇرۇتلارغا ئاق مونچاق ئاستى. دەل - دەرەخلەر ئۇن تاسقىغان ئاياللاردەك ئاپپاق ئاقىرىپ، ساڭگىلىغان چوڭ - كىچىك شاخلىرى كۈمۈش شاخلارغا ئايلىنىپ قالدى. ھەر يىلى ئالاھىدە بېقىلغان ياش بىيەلەردىن سوقۇم قىلىدىغان ئامىد بۇ يىلمۇ ئىككى ياش بىيەنى سوقۇم قىلىۋالدى. ئۇ چاغاتاينىڭ قوبۇلخانىسىغا ئالاھىدە كىرىپ، ئۇنى سوقۇم يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. چاغاتاي خۇشاللىق بىلەن ئامىدنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بارىدىغان كۈنىنىمۇ بېكىتىپ بەردى.

قىلىنغان ئالاھىدە تەييارلىقلار پۈتۈپ، چاغاتاي كېلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. سوغۇق قاتتىق

جاڭگىرلاپ تۇرغان، قۇياش ئىسسىق نۇرى يوق ئالتۇن تاۋاقتەك كۆرۈنۈپ ناماز دىگەرگە يېقىنلىغاندا، خان ئىككى مۇھاپىزەتچى يىگىتنى بىلەن ئامىدنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بېشىغا قاما تۇماق، ئۈستىگە قاما ياقىلىق بۆرە جۇۋا كىيگەن خاباش چاغاتاينى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى ـ قۇلىقىغا يېتىپ يوغان ئاق دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالدى. يېنىدا تۇرغان مۇلازىم يىگىتلىرى چاغاتاينى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئېتىدىن چۈشۈرۈپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قوللىرىغا ئالدى. ساھىبخانا قىلىدىغان قىلىق، دەيدىغان سۆز تاپالماي قالدى. ئۇ قولىنى باغلاپ، بېشىنى ئېگىپ، خۇشامەتنىڭ ئەڭ ئۇستا پىرىدەك ھىجىيىپ خاننى ئۆيىگە باشلىدى...

قايتىدىن ئالاھىدە ياسالغان سارايغا كىرگەن چاغاتاي ئۈستىدە بۆرە جۇۋا بولسىمۇ، ئات ئۈستىدە خېلىلا مۇزلىغانلىقتىن، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ياستۇق مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ مەشكە قاقلاندى. ئامىد يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېرىپ تۆردىكى دۇخاۋا كۆرپىنى ئەكېلىپ مەشنىڭ يېنىغا سالدى. چاغاتاي جۇۋىسىنى سېلىپ، قىزىق ھارارەت چېچىۋاتقان مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئامىد خاننىڭ جۇۋىسىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. چاغاتاي بىردەم مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىسسىنغاندىن كېيىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى. ئامىد دەرھال قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ تۆر تەرەپكە ئاپاردى. ئۇ يەنە مەش يېنىدىكى كۆرپىنى ئەكېلىپ، قوش قەۋەتلەپ سېلىپ، چاغاتاينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. چاغاتاي قوش قەۋەت كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، قوش ـ قوش قويۇلغان ماۋۇق تەكىيلەرگە يۆلەندى...

خۇشامەتچىلىك قاچان، قانداق پەيدا بولغاندۇ؟! بۇ پەسكەش ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئادەملەر باراۋەر ياشىغان، تاپقاننى تەڭ يېگەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قاچان ئادەملەر ئارىسىدا ئورۇن، هوقۇق، پۇل ۋە بايلىق جەھەتتىن يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەيدا بولغان بولسا، بۇ پەسكەشلىك دەل مانا شۇ چاغدا پەيدا بولدى. هۆرمەت ۋە ئېھتىرام ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىدىن چوڭلارغا، ئەل ـ يۇرت ئىچىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيى يۇقىرى مۆتىۋەرلەرگە قىلىدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاق سۆز ـ هەرىكىتى بولۇپ، هەرقانداق پەسكەشلىكتىن خالىي گۈزەل پەزىلەت هېسابلىناتتى. بۇ پەزىلەت ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولۇشى بىلەن بىللە خۇشامەتچىلىكمۇ بارلىققا كېلىپ، ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى هېسابلىنىدىغان هۆرمەت ۋە ئېھتىرامدىن ئېشىپ كېتىدىغان، ئار ـ نومۇس، ۋىجداننى چەيلەيدىغان پەسكەش سۆز ـ هەرىكەتلەردىن ئىبارەت بولغان خۇشامەتچىلىك سەھنىگە چىقتى. خۇشامەتچىلىك گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت هېسابلىنىدىغان هۆرمەت ۋە ئېھتىرامنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە پەسكەشلىشىشىدىن ئىبارەت. ئورنى يۇقىرى، هوقۇقى چوڭ، مال ـ دۇنياسى كۆپلەرگە قارىتا قول ئاستىدىكى ئورنى تۆۋەن، هوقۇقى يوق، كەمبەغەل بەزى كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان هۆرمەت ـ ئېھتىرامى چېكىدىن ئېشىپ، ئار ـ نومۇسلۇقلارنى سەسكەندۈرىدىغان بىر خىل پەسكەشلىككە ئايلاندى. ئورنى يۇقىرى، هوقۇقى چوڭ، پۇل ـ دۇنياسى كۆپلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئار ـ



www.uyghurkitap.com

نومۇس، ۋىجدان دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قىلىنىدىغان پەسكەش سۆز ۋە ھەرىكەتلەر «خۇشامەتچىلىك» دەپ ئاتالدى.

قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى پەيدا بولغاندىن كېيىن ئاقساقاللار، ھوقۇقدارلار، بايلار پەيدا بولدى. ھۆرمەت قىلىشقا ئەگىشىپ خۇشامەتچىلىكمۇ بازار تاپتى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا، ئورنى ۋە ئىززەت - ئابرۇيى يۇقىرىلارنىڭ، ھوقۇقى ئالاھىدە چوڭلارنىڭ، پۇلى ۋە دۇنياسى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغانلارنىڭ زوراۋان - ھۆكۈمرانلىقى خۇشامەتنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى. خۇشامەت تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، خۇشامەت قىلىنىۋاتقان ھۆكۈمران كەينىنى تۇتۇپ بەرسە، تىلى بىلەن يالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. خۇشامەت قىلىدىغانلارنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ، ئادەتتىكى ئورنى تۆۋەن، ھوقۇقى يوق، كەمبەغەل بەزى ئادەملەردىن باشقا، تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھوقۇقدار ۋە بايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ خۇشامەتچىلىك: خۇشامەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئار - نومۇس، ۋىجدان دەيدىغانلارنى بىلمەيدىغان پەسكەشلىكىنى كۆرسەتسىلا مەيلىتتىغۇ، ئۇنىڭ ئەل - يۇرتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان بىر ياخشىنى چېقىپ جازالىتىدىغان يېرى ئەڭ يامان بولدى! يېقىندىن بېرى ئامىدنىڭ قىلىۋاتقان خۇشامەتلىرىگە چاغاتاي بىلىپ - بىلمەي ئىشىنىپ سەككاكىيدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ خانلىقى ئۈچۈن، جانىجان ئەل - يۇرتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان بىر ئۇلۇغ يامان كۆڭلىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

خۇشامەتچىلىكنىڭ ئۇنۇپ چىققان يىلتىزى شەخسىيەتچىلىك بولۇپ، خاباشنىڭ قىلىۋاتقان پەسكەشلىكلىرى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرامدۇ؟!...

شىرە قويۇلۇپ، داستىخان سېلىنىپ، بىردەمدىلا شىرە ئۇستىگە تىزىلغان نازۇنېمەتلەردىن شىرەنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالدى. رەتلىك ۋە پاكىز كىيىنگەن يىگىتلەر يورغىلاپ يۈرۈپ خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار تىزىۋەتكەن ھەسەل، ئاق ماي، ھەر خىل مۇراببالار، قورۇق مېۋە ـ چېۋىلەر، تاتلىق ـ تۇرۇملار، پەشمەت، ناۋات، ئەللەي توقاچ، پېچىنە، مايلىق قاتلىمىلار داستىخان سېلىنغان شىرە ئۇستىنى بىر ئالدى. ئالاھىدە قىممەت باھالىق چاي بىلەن دەملەنگەن سىنچايدىن چىققان خۇش پۇراق دىمىقىغا ئۇرۇلغان ئادەم ئاجايىپ بىر ھوزۇر سېزەتتى. چاغاتاي بىلەن ساھىبجانا پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ سىنچايىنى قانغۇچە ئىچتى. بىردەمدىلا شىرە ئۇستى يىغىشتۇرۇلۇپ، بىر گۇللۇك چىنە تاۋاقتا قىزا ۋە ئات گۆشى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سوقۇم يېيىش باشلاندى. چاغاتايخان تاۋاقنىڭ چېتىدە تۇرغان، سېپىغا قوش ـ قوش قويۇلغان قىممەت باھالىق تاشلار قويۇلغان شامدانلاردا يېنىۋاتقان شاملارنىڭ يورۇقىدا ۋالىلداۋاتقان پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ قالدى. ئانچە چوڭ بولمىغان، ئالاھىدە ياسالغان پىچاق كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە قارىتاتتى.

— يېڭىسار پىچىقى! — دېدى خاباش چاغاتايغا كۈچۈكلىنىپ قاراپ، — شۇ ياقتىن كەلگەن بىر بۇرادىرىمنىڭ سوۋغىسى! ئۆزلىرىگە ياققان بولسا، خان

ئالىيلىرى، سىلىنىڭ بولسۇن! — دېدى ئۇ خاندىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان سېخىيلىكى بىلەن.

— رەھمەت! ئۆزۈم شۇنداق بىر ياخشى پىچاققا ئىگە بولۇشنى ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتىم. بۇ پىچاق ئارزۇلاپ يۈرگىنىمنىڭ دەل ئۆزى! ئامىد، ئەمىسە تارتىنىپ ئولتۇرمىدىم جۇمۇ، پىچاق ئەمدى مېنىڭ بولدى، — دېدى خان بىر مايلىق قېزىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، ئۇ پىچاقنىڭ ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك قېزىغا سالدى. چاچنىمۇ ئالالايدىغان ئۆتكۈر پىچاق، قېزىنى شۇنداق تېز كەستىكى، چاغاتاي تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— ئۆتكۈركەن! — دېدى ئۇ كېسىلگەن قېزا پارچىسىنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ.

— قىمىز تەييارلىۋىدىم، ئەكىرسۇنمۇ؟!

— قىمىز ئىچمەيدىغان موڭغۇل بولامدۇ؟! ئەكىرسۇن، ئىچىمەن! — ئامىد بوسۇغىدا تۇرغان ساقال - بۇرۇتسىز، چىرايىدىن تېخى يىگىرمىگىمۇ كىرمىگەن يىگىتكە قارىدى:

— قىمىزنى ئەكىرىڭلار!

ھايال بولماي بىر چىنە جاۋۇردا قىمىزمۇ كىردى. قىمىز بىلەن يۇمشاق، مايلىق، خۇش پۇراق گۆش خېلىلا يېيىلدى. چاغاتاي قىمىزنى كۆپ ئىچەتتى. ئۇ جاۋۇردىكى قىمىزنىڭ كۆپىنى ئىچىپ، تومپىيىپ چىققان ئىككى مەڭزى چوغدەك قىزاردى.

— ياخشى قىمىزكەن! — دېدى خان ئاپقۇردىكى ئاخىرقى قىمىزنى ئىچىپ تۈگىتىپ ئاغزىنى تامشىپ.

— قىشچە ھويلامدا بىيە باغلىتىپ قىمىز ئىچىمەن. ئۆتكەندە ئۆزلىرىگە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئاپارغان قىمىز باغلاتقان بىيىلىرىمنىڭ قىمىزى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات - پات ئاپىرىمەن!...

ئۆيگە يوغان گۈللۈك چىنە تاۋاقتا نارىن كۆتۈرۈپ ياش يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ جانان تاۋاقنى ئامىدقا بېرىپ قايتتى. خېمىرىدىن گۆشى كۆپ، گۆشى قىرغىزچە كېپەكتەك توغرالغان نارىن چاغاتاينىڭ ئىشتىيىنى غىدىقلىدى. ئۇ چاي، ياش بىينىڭ قېزىسى ۋە گۆشى، نەچچە ئايقۇر قىمىز بىلەن تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزى تويمىغاندەك تاۋاققا قول سالدى...

ئامىد تاماق بىلەن دەيدىغان گېپىنى تېخىچە دېيەلمەي بوغۇلاتتى. ئاخىر ئىككىسى قوللىرىنى قىزىق سۇدا يۇيۇپ، ئاپپاق لۆڭگىگە سۈرتكەندىن كېيىنلا، ئۇ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، چىش كولىغۇچ بىلەن چىشىغا كىرىپ قالغان گۆشلەرنى ئېلىۋاتقان چاغاتايغا قارىدى.

— خان ئالىيلىرى! — دەپ سۆزىنى باشلىدى مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىززەت - ئابرۇي دېگەننى بىلمەيدىغان ئامىد، — سەككاكىينىڭ بويىغا يەتكەن، چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلاردەك چىرايلىق بىر قىزى بارلىقىنى بىلەمدىلا؟!

— ئاڭلىدىم، لېكىن كۆرۈپ باقمىدىم.

— بىر كۆرۈپ باققان بولسىلا بوپتىكەن. ئادەمدىن شۇنداق چىرايلىق قىز تۇغۇلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىلا! بۇ ساھىبجامالنى ئاينىڭ بالىسى، كۈننىڭ بالىسى دەپلا قالىدىلا! قاراپ - قاراپ زادىلا تويمايدىلا! — ئامىد ئەڭ ئۇستا بېدىكتەك ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي مەختۇمسۇلانى ماختايتتى. چىرايلىق قىز - چوكانلارغا ئامراق چاغاتاي

كـۆرمىگەن، «ئـالەمدە قۇيـاشتەك بـىـر تاللا گـۈزەل» گـە قىزىقىپ قالدى.

ــ بىر كۆرۈپ باقسام بولغۇدەك!ــ دېدى چاغاتاي چىرايلىق بۇرۇتىنىڭ سول تەرەپ ئۇچىنى بۇراپ ئولتۇرۇپ،ــ سەن ماڭا بىر كۆرۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىن!...

ــ بولىدۇ!...

شۇنداق قىلىپ «تۆلكىنىڭ بېشىغا چىققىنى ئۇنىڭ چىرايلىق تېرىسى» دېگەندەك، مەختۇمسۇلانىڭ گۈزەللىكى ئۆز بېشىغا بىر بالا بولىدىغان بولدى.

※ ※ ※

... سەككاكىي قاتتىق قىيىنىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قىزى مەختۇمسۇلا بىلەن بۆلجۈرگەنلىك تاغ باغرىغا چىقىپ بۆلجۈرگەن تېرىپ يەۋاتقاندا، ئاجايىپ يوغان قاراقۇشنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مۇتەپەككۇر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قارا قۇشتىن قىزىنى قوغدايتتى. ۋەھشىي قارا قۇش ئۇنىڭ قوللىرى بىلەن قوغلىغىنىغا قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلماي، ھە دەپ ئېتىلىپ كېلىپ قىزىغا چاڭگا سالاتتى. گاھ قارا قۇش تىرناقلىرى ئۆتكۈر پۇتلىرى بىلەن مەختۇمسۇلانى قاماپ تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنسا، گاھى ئۇزۇن قاناتلىرى بىلەن سەككاكىينى ئۇراتتى.

ــ قاچ، قىزىم! قاچ، مەختۇمسۇلا!ــ دەپ ۋارقىرىدى مۇتەپەككۇر ئاتىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىدە بار ئاۋازى بىلەن قىزىغا قاراپ. قورقۇپ كەتكەن مەختۇمسۇلا

www.uygurkitap.com

ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك قاپقارا كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام يېشىنى تۆكۈپ، تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاچتى. ئۇ تاغ باغرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى چاتقاللىقلارغا كىرىۋېلىپ، توختىماي يۈگۈردى. قارا قۇش ئۇچۇپ كەلسىمۇ، تىكەنلىك، قويۇق چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىغا كىرەلمەي كېتەتتى. يۇسۇف سەككاكىي قىزىغا قاراپ ۋارقىرايتتى.

— مەختۇمسۇلا! چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسى بىلەن قاچقىن! ئۇنىڭ ئىچىدىن زادىلا چىقما! قارا قۇش چاتقاللىقلار ئىچىگە كىرەلمەيدۇ!...

شۇ چاغدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئايتولدى پەيدا بولدى.

— ئايتولدى!— دەپ ۋارقىرىدى سەككاكىي يەنە بار ئاۋازى بىلەن،— مەختۇمسۇلانى ئەپقېچىڭ! مەن ئۇنى سىزگە تاپشۇردۇم!...

ئايتولدىنىڭ ئاستىدا قومۇشتەك قولاقلىرى دىڭ، يۈگەن سىيرىپ چاپچىۋاتقان ئاق قاشقىلىق جەرەن ئات بولۇپ، ئۇ مەختۇمسۇلانى ئېگەرگە ئېلىپ، ئۆزى كەينىدە ئولتۇرۇپ چاتقاللىق ئارىلاپ ماڭدى. جەرەن قاشقا بولۇشىغا چېپىپ، چاتقاللىقلار ئارىسىدا ئاخىر كۆرۈنمەي قالدى...

قارا قۇش سەككاكىيغا ھۇجۇم قىلاتتى. گويا ئۇ: «قىزىڭنى قاچۇرۇۋەتكەن سەن!» دېگەندەك، مۇتەپەككۇردىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇناتتى. گاھ ئۇ يېيىلغان قاناتلىرى بىلەن ئۇرسا، گاھ ئۆتكۈر تىرناقلىق پۇتلىرى بىلەن تېپەتتى؛ مۇتەپەككۇرنىڭ بېشىنى ئىككى پۇتلىرى ئارىسىغا قىسىپ كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىدىغاندەك ھەرىكەت قىلاتتى. ئىككى قولى بىلەن

بېشىنى تۇسۇپ تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقان سەككاكىي يىقىلىپ دومىلاپ كەتتى. ئۇ دومىلىغانچە چاتقاللىقا كېلىپ بىر تالغا ئۇرۇلدى. مۇتەپەككۇر كۆزىنى ئاچقاندا، قارا قۇشنىڭ نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. يۈسۈف سەككاكىي ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاي دېيىشىگە يوغان قارا قۇش يەنە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئۇ قاتتىق بىر ۋارقىراپ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان «دۆلەت ئۇستازى» كۆڭلىكىنىڭ ئۇزۇن يەڭلىرى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ئېرتىپ يېنىغا قارىدى. قەدىناس ئايالى يېنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. دېرىزە تېخى يورۇمىغان بولۇپ، تاڭ ئاتىدىكى قاراڭغۇلۇق ئۆي ئىچىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتمەيتتى...

سەككاكىي كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدى.

«بۇ ئادەتتىكى قارا بېسىشمۇ يا ئالدىمدىكى تەقدىرىمدىن بېرىلگەن بېشارەتمۇ؟ — دەپ ئويلىغان مۇتەپەككۇر بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى، — قارا قۇش ئامىدمۇ؟! ئۇ مېنىڭدىن باشقا تەرەپلەردە ئۆچ ئالالماي، ئەمدى ‹ئاشىقلىق› تونىنى كىيىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ غەزىرى راستلا مەختۇمسۇلانى ئېلىشمۇ ياكى مېنىڭ بەرمەيدىغانلىقىمنى باھانە قىلىپ ماڭا قارشى چىقىشمۇ؟! ئۇ نېمىدەپ قارشى چىقار؟! ماڭا قانداق تۆھمەتلەرنى ئارتىپ، قانداق قارىلار؟! ياق، ئۇ بۇ يول بىلەن مېنىڭدىن ئۆچ ئالالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ... ئامىد...— سەككاكىي خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن بىر

دەھشەتلىك ئۆيدىن پۇتۇن بەدىنى شۈركۈنۈپ، سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى،ــ ئۇ، شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟!...»

مۇتەپەككۇرنىڭ كۆز ئالدىدىن ھۆرىگۈل پاجىئەسىنىڭ پۇتۇن جەريانى چاتما سۈرەتلەردەك تىزىلىپ ئۆتتى. بۇ چاتما سۈرەتلەردىن يۇسۇف سەككاكىي پۇتۇن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ شۈركۈنگەن دەھشەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى چەتكە قاقالمىدى. ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان ئامىدنىڭ بۇ ئىپلاسلىقنىمۇ قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ ئاخىرقى ئۇشۇقىنى ئېتىپ، مەختۇمسۇلانى چىرايلىق قىز ـ چوكانلارغا ئامراق چاغاتايغا سالا قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ھوشىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. مۇتەپەككۇر ئاستا ئىڭراپ، ئارقىدىن ئېغىر خورسىندى...

بۇ يۈرەكنى يەيدىغان ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ تالاغا چىققاندا تاڭ قاراڭغۇسى يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. كۈنچىقىش تەرەپتىمۇ يورۇقلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئاسماندا سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار چىمىرلاپ ياناتتى. ئاخىرلىشىۋاتقان قىشنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس باھارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

سەككاكىي پۇتۇن قايغۇ ـ ھەسرىتى بىلەن بىر ئاھ ئۇرۇپ، پېشايۋاندىن چۈشۈپ خالا تەرەپكە ماڭدى...

## ئون ئۈچىنچى باب

# كېچىدە ئوقۇلغان نىكاھ

يۇسۇف سەككاكىي داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز مەرىكىسىدىن كېيىن، ئوردىدىكى بىرقانچە ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى يېنىغا ئېلىپ، ئىنايىتۇللاغوجا باشچىلىقىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشىدا يىراق سەپەرگە چىقتى. ئۇ چاغاتاينىڭ ئېغىدىن ئۆتكۈزۈپ، سەمەرقەند قاتارلىق بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردىكى ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى تەرەققىياتى، جۈملىدىن، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇ يەرلەردە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى بىلىش نىيىتىدە ئاتلاندى...

مۇتەپەككۇرنىڭ سەپىرى كۆڭۈللۈك ۋە ئۇتۇقلۇق بولدى. چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان كەڭ زېمىندا ياشىغۇچى ئۇرۇق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىۋاتقان تىلنىڭ بىۋاستە ئالاقە رولىنى ئوينايالا قالماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ ئورتاقلىق شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن «دۆلەت ئۇستازى» ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. گەرچە بۇ رايوندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تىللىرىدا قىسمەن

www.uyghurkitap.com

يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بولسىمۇ، ئەمما شەكىللىنىۋاتقان تىل ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىق بارغانسېرى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەككاكىي: «بۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بۇ رايوندىكى يېڭى تەرەققىياتى» دەپ باھا بەردى.

مۇتەپەككۇر باشلىغان تەكشۈرۈش ئەترىتى باھار ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەردە شاد ـ خۇرام ھالدا مەركىزىي شەھەر ئالمالىققا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئالمالىق شەھىرىنىڭ كۈنپېتىش دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقاندا، كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ شولىلىرى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا، شىمالدىكى تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا چاقنايتتى...

چاغاتاي سەككاكىينىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئۇ ئامىدىنىڭ دۆلەت ئۇستازىغا قىلىۋاتقان زەھەرلىك سۇيىقەستىنى بىلمەي، ئالەمدە تەڭدىشى يوق گۈزەل مەختۇمسۇلانى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش ئويىدا خۇشال بولۇپ، سەككاكىينىڭ بىلىدىغان يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن قاراتتى. ئامىد مۇتەپەككۇر كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ دۆلەت ئۇستازىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆزىگە يەتكۈزگەندە، چاغاتاي خۇشاللىقتىن ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— بۇ تازا ياخشى پۇرسەت، — دېدى خاباش سەل پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ ـ چەكچىيىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان خانغا خۇشامەت بىلەن تىكىلىپ، — ئۇنىڭدىن ھال سورىغان بولۇپ ھازىرلا ئۆيىگە بارسىلا! بۇ ئۇنىڭ پەرىزاتتەك قىزىنى كۆرۈشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى، بۇنداق

ياخشى پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ. ھەرقانداق مۇھىم ئىشلىرى بولسىمۇ، خان ئالىيلىرى، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا! تەقدىر سىلىگە بېرىۋاتقان بۇ ئالتۇندەك پۇرسەتنى قوللىرىدىن چىقىرىپ قويمىسىلا!...

ئامىدنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ماختاشلىرى بىلەن باش مەسلىھەتچىنىڭ قىزى مەختۇمسۇلانىڭ گۈلدەك جامالىنى بىر كۆرۈشكە تازا ئىنتىزار بولغان خوتۇنپەرەس چاغاتاي ئۆز ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى توغرا تاپتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئامىدقىمۇ قارىماي ئىشىككە قاراپ يول ئالدى...

چاغاتاي كەلگەندە سەككاكىي ئۆزىدىن ھال سوراپ كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ، دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئارغىماق ئېتى ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان خاننى كۆرۈپ، بىردىنلا پۈتۈن ئەزايىغا ۋەھىمە كىرىپ، بېشىدىن تۈتۈن ئۆرلەپ چىقتى. بۇ ۋەھىمە باشقا ۋەھىمە ئەمەس، سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى ئۆزىنى قىيىنىغان ۋەھىمە بولۇپ، گويا خان ئارزۇلۇق قىزىنى ئالغىلى كەلگەندەك چىرايى تۇرۇلۇپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى...

مۇتەپەككۇر تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك قول باغلاپ سالام قىلىپ، ئىنايىتۇللاغوجىغا قارىدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، ھۆرمەتلىك چاغاتاي جانابلىرىنى ئاتتىن چۈشۈرۈڭ!...

ئىنايىتۇللاغوجا يۈگۈرۈپ بېرىپ، خاننى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئاتتىن چۈشۈردى. ئېگىز بويلۇق، قەددى ـ قامەتلىك، قاۋۇل چاغاتاي دۆلەت ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغانلىقىنى دېدى. سەككاكىي رەھمەت ئېيتىپ،

خانىنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان تەكەببۇرلۇقى بىلەن جاھىللىقى چىقىپ تۇرىدىغان مۇشۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدىن بىر سىرلىق تۇيغۇ كۆردى. مۇتەپەككۇرنىڭ يۈرىكىگە شۇررىدە قىلىپ ئاغرىق كىرىپ، بوغداي ئۆڭ چىرايىنى تۇرۇلدى. سەككاكىي ئىنايەتۇللاغوجىغا باشقا مېھمانلارنى ئۆزىتىپ قويۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى يەنىلا ئىچكى دۇنياسىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى بىلىندۇرمەي چاغاتاينى ئۆيگە باشلىدى...

راستلا يۈسۈپ سەككاكىينىڭ ئالدىدا چوڭ سىناق تۇراتتى. بىر ئۆمۈر ئىجرا قىلىپ كەلگەن ئېگىز، ئەل - يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى، ئەدەپ - ئەخلاقى، مىللىي ئىززىتى، ئىنسانىي ئار - نومۇس، ۋىجدانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىزىنى چاغاتايغا بېرىش - بەرمەسلىكى ئۇنىڭ ھايات - ماماتلىقىغا بېرىپ چېتىلاتتى. بەرسە ئۆتكەن ئۆمرىگە خائىنلىق قىلىپ، خانىنىڭ ھۆرمەتلىك قېيىنئاتىسىغا ئايلىنىپ، سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتىدىن، گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مىللىي ئىززەت - ھۆرمىتىدىن، پاك ئار - نومۇس، ۋىجدانىدىن ئايرىلاتتى، بەرمىسە ئۆلۈغ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالاتتى...

چاغاتاي ھويلىغا كىرىپ ھەممە ياقنى، پېشايۋان ئۈستىدىكى ئۆيلەرگە كىدىغەن ھالدا بىر كىشىنى ئىزدەۋاتقاندەك قاراشقا باشلىدى. ساھىبخانا باشلىغان پېشايۋان ئۈستىدىكى ئالاھىدە ياسالغان سارايغا كىرگۈچە ئۇنىڭ مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى ئىزدىشىنى زادىلا توختاتمىدى.

سارايغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇتەپەككۇر چاغاتاينىڭ ھال - ئەھۋالىنى يەنە بىر سورىدى. خان ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىپ، دۆلەت ئۇستازىنىڭ سەپىرى ھەققىدە گەپ قىلمىدى. ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى يوقىتىش ئۇچۇن، سەككاكىي ئۆزىنىڭ سەپىرى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ خاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىگە تارتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يامان نىيىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

— دۆلەت ئۇستازى! — دېدى چاغاتاي دېرىزە تەرەپكە تىكىلگەن كۆزلىرىنى مۇتەپەككۇرگە يۆتكەپ، — بولدى، سەپىرىڭىز ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئوردىغا بارغاندا سۆزلەيسىز، — ئۇ ئېچىلغان ئىشىككە سۆزىدىن توختاپ قاراپ قالدى. ئۆيگە شىرە كۆتۈرۈپ ئايتولدى كىرىپ كەلدى. ئۇ شىرەنى تاپىندا قويۇپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان چاغاتايغا قول باغلاپ سالام قىلدى، ئاندىن شىرەنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خاننىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ ئوغلۇم ئايتولدى! — دېدى سارايىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى دېرىزىلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساھىبخانا چاغاتايغا قاراپ.

خان قەددى - قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىتنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قاراپ چىقىپ، سەككاكىيغا تىكىلدى:

— ئوغلىڭىز ئوقۇغانمۇ؟! نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئوقۇغان! — دېدى مۇتەپەككۇر ئېغىر بىر خورسىنىپ، — ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن!...

— بولماپتۇ! — دېدى چاغاتاي، — ئوردىغا بېرىپ

ئىشلىسۇن، مەن ئوردىبېشىغا ئېيتىپ قويىمەن،— ئەقىللىك ۋە قۇۋ خان پۇرسەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ، بىردىنلا چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتتى،— نېمىشقا ئائىلىڭىزدىكىلەر كىرىپ ماڭا سالام قىلمايدۇ. ئوغلىڭىزنىغۇ كۆردۈم. ئايالىڭىز بىلەن قىزىڭىز كىرسۇن. تونۇشۇپ قالايلى!...

سەككاكىي قىيىن ھالەتتە قېلىپ، دەسلەپتە نېمە دېيىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى، ئەمما ئۇ تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەندەك، شىرەگە نازۇنېمەتلەرنى ئەكىرىپ تىزىۋاتقان ئوغلىغا قارىدى.

— ئاپاڭ بىلەن سىڭلىڭنى چاقىرغىن! كىرىپ خانغا سالام بەرسۇن!— دېدى مۇتەپەككۇر چىشىنى چىشىغا بېسىپ، شۇ تاپتا ئۇ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئولتۇراتتى. يۈسۈف سەككاكىينىڭ قارا ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى بىر سېھىر، بىر خاسىيەت باردەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى چاقناپ، ئېڭىكىنى قويۇق بۇرۇتىغا تۇتىشىپ كەتكەن ساقىلى قاپلىغان بۇغداي ئۆڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەم چاغاتاي بولمىغان بولسا، ئۇنى شۇ تاپتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەتتى.

ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن تىللاخان سارايىنىڭ ئىشىكىدە كۆرۈندى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ سالام قىلدى. تولغان ۋە قامەتلىك ئايالنىڭ ئىككى مەڭزى شەپەقتەك قىزارغان چىرايىدا تەبەسسۇم كۆرۈنەتتى. ئۇ سالام قىلىپ بولۇپ ماڭاي دېۋىدى، چاغاتاي ئېغىز ئېچىپ قالدى.

— قىزىڭىز كەلمىدىغۇ؟

«جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا!» دېگەندەك، چاغاتاينىڭ كۆرمەكچى بولۇۋاتقىنىمۇ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، مۇتەپەككۇرنىڭ گۇمانى تۇماندەك كۆتۈرۈلۈپ، ئالايتەن مەختۇمسۇلانى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى. بۇ ئۆزىگە پۈتۈن چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگىمۇ كۆزى يەتتى.

— كىرىۋاتىدۇ!— دېدى تىللاخان ئىشىكنىڭ ئالدىدىن كەينىگە يېنىۋېتىپ.

مەختۇمسۇلامۇ ئادەتتىكى كىيىمى بىلەن ئىشىككە كەلدى. چاغاتاي چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلارغىلا ئوخشايدىغان مەختۇمسۇلانى كۆرۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— دۆلەت ئۇستازى!— دېدى ئۇ مەختۇمسۇلادىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپ تۇرۇپ،— قىزىڭىز راستىلا چىرايلىقكەن! كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقىل - ھوشىنى ئالىدىكەن...

※ ※ ※

سەككاكىي چاغاتاي ئۆيىگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەر خىل ۋەھىمىلىك خىياللاردىن خالىي بولالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ئازرۇلۇق قىزى مەختۇمسۇلانىڭ تەقدىرى ئويغا سالاتتى. مۇتەپەككۇر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، قىزىنى ياتلىق قىلىۋېتىشنىڭ تازا ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بېقىۋالغان ئوغلى ئايتولدى كەلدى. «مانا، بۇنىڭدىن ئارتۇق يىگىت بولامدۇ؟! ‹ئالتۇن

ئۇزۇككە ياقۇت كۆز، دېگەندەك، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تازا باپ كېلىدۇ!...» مۇتەپەككۇرنىڭ كۆز ئالدىغا ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن تىكىلىپ قالىدىغانلىقى كەلدى...

«ئىككىسى ئاكا ـ سىڭىللاردەك بىر ئائىلىدە بىللە چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى باشقا ـ باشقا بولغانلىقتىن ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېتىپ قويسام بولىدۇ» دەپ ئويلىغان يۇسۇف سەككاكىي ئاخىر ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى چېتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى...

مۇتەپەككۇرنىڭ بۇنداق ئوي ۋە قارارغا كېلىشىگە، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيىگە كېلىپ كەتكەن چاغاتاي سەۋەبچى بولدى. بىر چوڭ خانلىقنىڭ خانى بولغان چاغاتاينىڭ باش مەسلىھەتچىسى سەپەردىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئوپئول ـ توپئول ئۆيىگە يېتىپ كېلىشى سەككاكىينى ئويلاندۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەيش ـ ئىشرەتكە ئامراق خوتۇنپەرەس خاننىڭ: «نىمىشقا ئايالىڭ، بالىۋاقاڭ كىرىپ ماڭا سالام قىلمايدۇ!» دېيىشىنىڭ تېگىدە بىر يامان غەرەز باردەك بىلىنىپ كەتتى...

«چاغاتاينىڭ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپلا ئۆيۈمگە كېلىشى، ئايالىم ۋە بالىلىرىمنىڭ ئۆزىگە سالامغا كىرىشىنى تەلەپ قىلىشى ئالدىن پىلانلانغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ كەينىدە ماڭا چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان ئامىد يوقمۇ؟! ياق! بۇنىڭ ھەممىسى خاننىڭ ئەيش ـ ئىشرەت، خوتۇن ـ قىزلارغا ئامراقلىقىنى بىلىدىغان خاباشنىڭ قىلىۋاتقان شۇملۇقى! جېنىمدىن ئەزىز قىزىمنى چاغاتايغا سالا قىلىپ، خان بىلەن

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىن پۇرقىرىتىپ قارا قويۇن چىقىرىپ، مېنى كۆزىدىن يوقىتىش، مانا بۇ ئامىدىنىڭ تۈپ غەرىزى!» دېگەنلەرنى ئويلىغان مۇتەپەككۇر ئىككى كۈننى چاغاتايدىن بىرەر سادا چىقامدىكىن دەپ تىڭشاپ ئەندىشىدە ئۆتكۈزدى، لېكىن چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى دۆلەت ئۇستازىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرى ھەققىدىمۇ بىر ئېغىز گەپ سورىماي، بىرياققا كېتىپ قالغاندەك ئوردىدىمۇ كۆرۈنمىدى. سەككاكىي ئۆزى قوبۇلخانىسىغا كىرىپ، سەپىرى ھەققىدە بىرنېمە دېيىشنى خالىمىدى. نېمىشقىدۇر ئۇ چاغاتايغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بەلكىم، مۇتەپەككۇر قىزى ھەققىدە چاغاتاينىڭ گەپ ئېچىپ قېلىشىدىن قېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرمىگەندۇ؟!...

بۈگۈن جۈمە. جۈمە نامىزىنى ئالمالىقنىڭ چوڭ مەسچىتىدە ئوقۇپ، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن مۇتەپەككۇر، پېتىر مانتىغا گۆش توغراۋاتقان ئايالىغا قاراپ، ياغاچ سۇپىنىڭ دېرىزە تەرەپتىكى چېتىدە پۈتىنى ئالماپ ئولتۇراتتى. ئۇ قوش قەۋەت كۆرپىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئايالىنىڭ مايلىق قوي گۆشىنى ئالدىرىماي، بىر خىل چوڭلۇقتا توغراۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى. يۇسۇف سەككاكىينىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرى گۆش توغراۋاتقان ئايالىنىڭ قوللىرىدا بولسىمۇ، ئۆزىنى قىيناۋاتقان خىياللىرى يەنىلا ئارزۇلۇق قىزىدىن نېرى كېتەلمەيتتى.

— تىللا! — دېدى كەڭ پېشانىسىدە سۇزۇك، ئۇششاق تەر تامچىلىرى چاقناپ، ئىككى مەڭزى ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك قىزارغان جورىسىغا تىكىلگەن

مۇتەپەككۇر، — چاغاتاي ئۆيىمىزگە كىلىپ كەتكەندىن بىرى ئىغىر ۋە ۋەھىمىلىك خىياللاردىن قۇتۇلالماي قالدىم. ئامىد دىگەن ئادەم سۇرەتلىك ھايۋاننىڭ ئەلچىلىرىگە قىزىمنى بەرمەيدىغانلىقىمنى دىگىنىمدىن كىيىن، بۇ ماڭا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى چىقىۋاتقان مۇناپىق تىنچ ياتمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ مىنى يىقىتىشنىڭ كويىدا چاغاتايغا مەختۇمسۇلانى تازا ماختاپ بەرگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەيش - ئىشرەت، خوتۇن - قىزلارغا ئامراق بۇ خان مەختۇمسۇلانى بىر كۆرۈش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، مەن يوق بىزنىڭ ئۆيگە كىلەلمىگەندەك قىلىدۇ. بولمىسا، مىنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلىغان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بىزنىڭ ئۆيگە ئالدىراپ - تىنەپ يىتىپ كىلەمدۇ؟! ئۇنىڭ: «ئايالىڭ، بالىلىرىڭ كىرىپ نىمىشقا ماڭا سالام قىلمايدۇ!» دىيىشىمۇ مەختۇمسۇلانى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن چارىسى. چاغاتايىنى بۇ كويغا سالغان، خاننىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان بىلىدىغان ئامىد!...

تىللاخان گۆش توغراشتىن توختاپ، ئىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۈن - تىنسىز، قاپقارا كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ۋەھىمە بىلەن ئاڭلايتتى. قازان بىشى تەرەپتە ئولتۇرغان ئايال ئىرىنىڭ سۆزلىرىدىن چۆچۈگەندەك بىر قىياپەتتە ئىرىگە قارايتتى. سەككاكىي ئىغىر ئۇھ تارتىپ، بىردەم ئويلانغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى.

— مەن، — دەپ يەنە سۆزىنى باشلىدى ئايالىغا قاراپ مۇتەپەككۇر قارا ۋە قويۇق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى سەل - پەل پۇلتىيىپ چىققان بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن يەنە شۇ ۋەھىمە بىلەن خىيال

پۇرقىراپ ئۆرلەيتتى،— مەختۇمسۇلانى مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ياتلىق قىلىۋېتىشنى ئويلاپ قالدىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يەنىلا ئايتولدىنى لايىق كۆردۈم. مەختۇمسۇلانىڭ قېنى بىلەن ئايتولدىنىڭ قېنى بىر ئەمەس. ئىككىسى بىر ئائىلىدە ئاكا ـ سىڭىلدەك بىللە ئۆسكەن بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى باشقا ـ باشقا. ئىككىسىنى چېتىپ قويساق، دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قائىدىمىزگىمۇ خىلاپ كەلمەيدۇ. سەن قوشۇلساڭ، تىللا، ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېتىپ قويايلى!...

تىللاخانىنىڭ روھىي جەھەتتىن ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغانلىقتىن، ئېرىنىڭ سۆزلىرىدىن گاڭگىراپ قالدى. شۇ كۈنگىچە ئېرى بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ باقمىغان، ئېرى كەلسە ئاستىغا قوش قەۋەت كۆرپە سېلىپ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان، كۆڭلىگىنىڭ ياقىسىنى كىر قىلماي، تامىقىنى ۋاقتىدا بېرىپ كېلىۋاتقان ۋاپادار ئايال نېمە دېيىشنى بىلمەي بىرھازا ئېرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئىككىسى نېمە دەيدىكىن! بېشىنى چېتىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېقىشىمىز كېرەكقۇ؟!...

— مېنىڭ ساڭا بۇلارنى دېيىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ، بۇ ئىشنى مەختۇمسۇلاغا دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ باقساڭ دېيىشتىن ئىبارەت. تىللا، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەي بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە قىلىپ، مەختۇمسۇلانىڭ جاۋابىنى ئېلىپ بەرگىن! كۆڭۈل دېگەن

ئاجايىپ ئۇلۇغ، ئۇنىڭدا بىر ئىشلارنى ئالدىن سېزىدىغان بىر خاسىيەت بار. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر يامانلىقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولۇۋاتىدۇ. يامانلىقنى ئويلىمىغىچە ياخشىلىق يوق. ئىشقىلىپ، بۇ ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى!...

— بىرقانچە كۈن بولدى، مېنىڭ ئوڭ قاپىقىم توختىماي تارتىدىغان بولۇپ قېلىۋىدى، تارتقىنى مۇشۇ ئىشلاركەن — دە!...

سەككاكىي ئايالىنىڭ سۆزىگە بىرنېمە دېمەي، ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا دەرۋازىنىڭ زەنجىرى شاراقلاپ قالدى.

— كىملەردۇر بۇ!— دېدى قاش — قاپىقى تۈرۈلگەن يۇسۇف سەككاكىي ئىشىككە قاراپ قەدەم تاشلاپ، تىللاخانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، توغرالغان گۆش، دۈشە، يوغان پىچاق، ئاستىغا سالغان داستىخانلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

※ ※ ※

ئايتولدى باشلاپ كىرگەن ئىككى مېھماننى كۆرۈپ، سەككاكىي ھەيران قالدى. ئىككىلىسى ئوردىنىڭ ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى بولۇپ، دائىم بىللە يۈرىدىغان يېقىن ئاغىنىلەردىن ھېسابلىناتتى. بوي ئېگىزرەكىنىڭ ئىسمى كېرەمقارى بولۇپ، ئاق يۈزلۈك، ساقال — بۇرۇتىنىڭ تايىنى يوق كوسا ئادەم ئىدى. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى نىيازمۇللا بولۇپ، كېرەمقارىدەك ئېگىز بولمىسىمۇ، پاكارغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكىدە خۇددى

ئۆچكىنىڭ ساقىلىدەك سىم ساقىلى، تۆشۈكلىرى يۇقىرىغا قارىغان پۇچۇق بۇرنىنىڭ ئاستىدا قويۇق بۇرۇتى بولۇپ، سەل قىسىلىپ تۇرىدىغان سول كۆزى ئوڭ كۆزىدىن كىچىكتەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن، هال ـ ئەھۋال سوراشتى.

«بۇ ئىككىسى نېمىگە كەلگەندۇ؟! ماڭا دەيدىغان بىرەر ئىشى بارمىدۇ؟» دەپ ئويلىغان ساھىبخانا ئۇلارغا خىيال بىلەن قارايتتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۆي ئىچىنى قاپلىغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، سارايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دېرىزىسى يېنىدا ئولتۇرغان مۇتەپەككۇر سۆز باشلىدى.

— مۇبارەك قەدىمىڭلار ئۆيىمىزگە يېتىپ قاپتۇ. بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭلار؟!— دېدى مۇتەپەككۇر گىلەم ئېسىلغان شىمالىي تام تەرەپتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان كېرەمقارى بىلەن نىياز موللىغا قاراپ.

نىياز موللىدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭدەك كۆرۈنىدىغان كېرەمقارى يۆتىلىۋېلىپ سۆز قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ كوسا چىراي ۋە يوغان كۆزلىرىدە ئەيمىنىشۋاتقاندەك بىر ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ھۆرمەتلىك سەككاكىي جانابلىرى، بىز چاغاتاي خانىنىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ كېلىپ قالدۇق...

سەككاكىينىڭ بېشىدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۆرلىگەن غەزەپ ئوتى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئارام بەرمىگەن ۋەھىمىلىك خىيالنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى بىلدى. يۈسۈپ سەككاكىينىڭ

كۆزلىرىگە چاغاتايىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ھىجىيىۋاتقان ئامىد كەلدى. مۇتەپەككۇر يۈرىكىنىڭ قات ـ قاتلىرىدىن تاشقىنلاپ چىقىۋاتقان غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئۇنىڭغا شۇنداق بىر قارىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدا تېخى بىر ئادەمگە بۇنداق نەپرەتلىنىپ قاراپ باقمىغانىدى.

مۇھەببەت بولمىسا، نەپرەتمۇ بولمايدۇ، بۇ ئىككىسى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا ئوخشاش، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولسىمۇ، يەنە بىر ـ بىرىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا شەرت قىلىدۇ. بۇنداق شەرت قىلىشى: بىرى بولمىسا، يەنە بىرىمۇ بولمايدىغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بىرى قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، ئىككىنچىسىمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتىنى، ئىززەت ـ ئابرۇيى، ئار ـ نومۇسىنى جېنىدىنمۇ ئەلا بىلىدىغان ئۇلۇغ شۇ تاپتا چاغاتايىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ كۆرەڭلەپ ھىجىيىۋاتقان ئامىدنى ئېغىز چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋەتكىسى كېلىپ تۇراتتى. «بۇنداق مۇناپىقلاردىن بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز ئازمۇ؟! ئۇلارنىڭ بۇ ئەزىز زېمىن ئۈستىدە مېڭىپ يۈرگىنىدىن يوقالغىنى ياخشى!»

كېرەمقارى ھەربىر سۆزىنى دانىمۇدانا چىقىرىپ سۆزلەيتتى. سەككاكىي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى گاھ ئاڭلاپ، گاھ ئاڭلىماي. قايناپ تېشىۋاتقان غەزىپى ئىچىدە قىينىلىپ كېتىۋاتسىمۇ، يەنىلا ئەقىل ئاتلىق ئۇلۇغ ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، دىۋەيلەپ كەلگەن ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن ئارزۇلۇق قىزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ

غېمىنى قىلاتتى. بىردىنبىر ئامال، مەختۇمسۇلانى ئايتولدىغا مەخپىي نىكاھلاپ، نۇربەگنىڭ قېشىغا قاچۇرۇۋېتىش ئىكەنلىكىنى ئەمدى تېخىمۇ ئېنىق بىلدى...

— خان ئۆزلىرىگە ئوغۇل بولۇشنى خالايدىكەن...

خىيال قىلىۋاتقان سەككاكىي كېرەمقارىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاپپاق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئىككى ئەلچى قورقىنىدىن رەڭگى ئۆچۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. سۆزلەۋاتقان كېرەمقارى سۆزىدىن ئادىشىپ دۇدۇقلاپ قالدى. نىيازمولىلىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۆزى شۈمشەيدى.

— سەككاكىي جانابلىرى، بىزدىن رەنجىمىسىلە!— دېدى كېرەمقارى ساھىبخانىغا يېلىنغاندەك تىكىلىپ،— چاغاتاي بېرىگلار دېگەندىكىن، بىز ياق دېيەلمىدۇق. ئامالسىز كەلدۇق. بىلدىلا، ياق دېسەك، بىگىز قولى بىلەن بىزنى كۆرسىتىپ جېنىمىزنى ئالىدۇ.

— بىلىمەن... ئۇكىلىرىم! سىلەردە گۇناھ يوق. گۇناھ باشقا بىرىدە!— يۇسۇف سەككاكىي ئويلانغاندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،— چاغاتاي ماڭا تۆت - بەش كۈن ۋاقىت بەرسۇن. مەن ئۆيدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەي! ئېنىق جاۋابنى تۆت - بەش كۈندىن كېيىن كېلىپ ئېلىڭلار!...

سەككاكىي تازا ئاچچىقى كەلگەندە، تۆۋەن كالپۇكىنى چىشلەپ ئالاتتى، مانا، ئۇ كالپۇكىنى قانىتىۋەتتى. ئۇ تۆۋەن كالپۇكىنى بىردەم چىشلەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، ئاندىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى قىلدى.

ئاچچىق ئادەمنىڭ ئەقلىنى يەيدۇ. ئاچچىقى قانچىلىك قاتتىق كەلسە، ئەقلىنىمۇ شۇنچىلىك كۆپ يەيدۇ. مۇتەپەككۇرنىڭ تۆۋەن كالپۇكىنى چىشلەپ، ئۆزىنى بىر ئاز تۇتۇۋېلىپ سۆزلىشىمۇ، ئەقىل بىلەن ئاچچىقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان ياخشى چارە ھېسابلىناتتى.

— ئولتۇرۇڭلار ئىنىلىرىم! قوزغالدىڭلارغۇ!؟ چاي ئىچىپ چىقىڭلار! — دېدى ساھىبخانا بايىقى بوراندەك كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق ۋە روھىي ھالەتلىرىدىن خېلىلا پەسىيىپ.

— خوش! بىز قايتايلى، ئوردىدا يازىدىغان ئىشلار بار ئىدى، — دېدى كېرەمقارى ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، نىيازموللا ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ بۇرادىرىگە قارايتتى.

※ ※ ※

تۈن كېچە... ئالمالىق شۇ تاپتا جىمجىت ئۇيقۇدا ياتاتتى. قارا باسقاندەك ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلىنىدىغان ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياز كېلىۋاتقان باغۇبوستانلىق شەھەر شېرىن ئۇيقۇدا ئارام ئالاتتى...

مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ بىر تاللا شام يورۇتقان ئىچكىرىكى ئۆيدە ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ نىكاھى ئوقۇلۇۋاتاتتى. ئۇنچىلىك چوڭ بولمىغان، ئاستىغا تەڭلىمات، تۆر تەرىپىگە بىر پارچە ئىران نۇسخىلىق گىلەم سېلىنغان ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدە سەككاكىي بىلەن ئىمايتۇللاغوجا ئارىلىق قويۇپ

يانمۇيان، ئىككى پۇتى ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ تەق ـ تۇرقى ۋە رەڭگىرويىدا بىر خىل جىددىيلىك، خەۋپسىرىگەندەك روھىي ھالەت ئىپادىلىنەتتى. ئۆينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدە تىللاخان بىلەن شەمشىئۇلقەمەرلەرمۇ باشلىرىنى سىلىپ، جىددىي، ھېلىلا ئۆيگە بىر قورقۇنچلۇق بالا ـ قازا بېسىپ كىرىدىغاندەك قىياپەتتە يانمۇيان ئولتۇراتتى. قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن تىللاخاننىڭ تاتارغان چىرايىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلەتتى. ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

مۇتەپەككۇرنىڭ ياردەمچىسى ۋە مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان قاشلىرى كەڭ، قارا ۋە قويۇق سەمەرقەندلىك يىگىت، يوغان ۋە چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ئاق داستىخان ئۈستىدە تۇرغان گۈللۈك پىيالىگە تىكىپ نىكاھ ئوقۇيتتى. گۈللۈك پىيالە ئىچىدە تۇزلۇق شاكىراب ۋە ئۇنىڭغا چىلانغان ئىككى نان پارچىسى كۆرۈنەتتى. بۇ نىكاھى ئوقۇلۇۋاتقان يىگىت بىلەن قىزنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەيدىغان خاسىيەتلىك نان پارچىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇز بىلەن نانىنى ھەممىدىن ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇ تۇز، بۇ نان نىكاھى ئوقۇلۇۋاتقان قىز بىلەن يىگىتنىڭ ھاياتىغا تۇزدەك تەم كىرگۈزۈپ، ھاياتتا ناندەك ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىناق ياشىشىنى بىلدۈرەتتى.

بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان سەككاكىينىڭ

رەڭگىرويى مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە خېلىلا سارغىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مۇتەپەككۇرنى ئوقۇلۇۋاتقان نىكاھنى ئاڭلاۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، قاتتىق خىيال جاڭگىلىدا نىمىنىدۇر ئىزدەۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈكتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر سېھىر، بىر خاسىيەت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى يەرگە تىكىلگەن بولسىمۇ، خىيال بىلەن نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى، رەڭگىرويى ۋە روھىي ھالىتىدىن بىر جىددىي جەڭگە ئاتلىناچان تەييارلىنىپ بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناۋاتقان خىيال، بۇ جەڭنى قانداق كۈتۈۋېلىش، قانداق قىلىش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەرقانداق مەغرۇر ۋە قەيسەر ئادەم بولسىمۇ، خىيال ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىگە قاراپ يۈت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر، بالا ـ قازا ۋە جەڭلەرگە قانداق قارشى تۇرۇشنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ، بولۇپمۇ بۇ ھاياتنىڭ ئۆزى بىر جەڭ مەيدانى. ياخشى ـ يامان ئېلىشىدىغان جەڭگاھنى ئوبدان بىلىدىغان ئەقىللىك ۋە باتۇر ئادەملەر ئەقىل بىلەن ئويلىنىپ، باتۇرلۇقى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان...

مانا، تۈن كېچىدە ئوقۇلۇۋاتقان نىكاھمۇ كېلىۋاتقان ئاشۇ خەۋپ ـ خەتەر، بالا ـ قازا ۋە جەڭگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟! مەۋلانا سەككاكىي ئاخىر ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ توينى قىلمايلا، نىكاھنى ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن يېرىم كېچىدە ئىنايتۇللاغوجىغا ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، نۇربەگلەرنىڭ تاغ تۇراسىغا

كەتكۈزۈۋېتىش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر چاغاتاي ۋە ئامىدتىن كېلىدىغان بارلىق خەۋپ ـ خەتەر ۋە ئەسكىلىكلەرگە بىر ئۆزى قارشى تۇرىدىغان، بېشىغا نېمە كەلسە كۆرىدىغان بولدى.

ئوقۇۋاتقان نىكاھمۇ ئاخىرلىشىپ قالاي دېدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، قوللىرىنى باغلاپ يالغۇز تۇرغان ئايتولدىغا قارىدى. مەختۇمسۇلا ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يەردە تۇرۇپ ئوقۇلۇۋاتقان نىكاھنى ئاڭلايتتى. ئىنايتۇللاغوجا ئالدىدا: «ئايتولدى! ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ قىزى مەختۇمسۇلانى ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ كۈيۈ ئوغۇلدىن سورىدى. «ئالدىم!» دېدى ئايتولدى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قارا ۋە قوشۇما قاشلىرى تېگىدىكى لاچىننىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدىن خۇشاللىقنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنلىغاندەك كۆرۈندى. ئارقىدىن ئىنايتۇللاغوجا مەختۇمسۇلادىن: «سىز ئۆزىڭىز ھەقدار تۇرۇپسىز، ئىككى دۇنيا ھالال جۇپ بولۇش ئۈچۈن ئۆ رازىلىقىڭىز بىلەن ئايتولدىغا تەگدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. مەختۇمسۇلانىڭ زىل ۋە ئاستا چىققان: «تەگدىم!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئىنايتۇللاغوجا ئاخىر نىكاھنى تۈگىتىپ، ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۆيدىكى ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئىنايتۇللاغوجا يۇسۇف سەككاكىي بىلەن تىللاخان، ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلالارنى قۇتلۇقلاپ، داستىخان ئۈستىدىكى پىيالىنى ئېلىپ، سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەرگە سۇندى. ھايالىق قىز ئورنىدىن

تۇرۇپ، ئىككى قوللاپ ئاكىسىنىڭ قولىدىكى پىيالىنى ئېلىپ، تېخىچىلا ئىشىك يېنىدا تۇرغان ئايتولدىنىڭ يېنىغا كەلدى. كۈيۈ ئوغۇل شەمشىئۇلقەمەر تۇتقان پىيالىدىن شاكىرابقا چىلانغان نان پارچىسىنىڭ بىرىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا تەرەپكە بۇرۇلۇپ پىيالىنى تۇتتى...

ئۆزىنى تۇتالمىغان تىللاخاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئېقىپ، قايغۇ - ھەسرەتلىك ئۈنى ھەممەيلەننى ئۆزىگە قاراتتى. شۇنچىلىك قىلسىمۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ قالالمىغان ئانا، يالغۇز قىزى مەختۇمسۇلانىڭ، بېقىۋالغان جانجىگىرى ئايتولدىنىڭ بۇ تۈن كېچىدىكى يوشۇرۇن ئوقۇلغان نىكاھىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاخىر ئانىلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى، مېھىر - مۇھەببىتى ۋە قايغۇ ھەسرىتى بىردىنلا پارتلىغاندەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى قارا بوراندا قالغان سۆگەتتەك قاقشاپ - زارلىنىپ سىلكىنەتتى. شۇنداق، جاپاكەش ۋە غەمگۇزار ئانا يىغلىماي چىدىيالامدۇ؟! ئۇ توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئۆز يۈرىكى ئاستىدا يېتىلگەن سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى مىڭبىر قىيىنىلىپ تۇغىدۇ. راست، بۇ بىر جەڭ! ئانا تۇغۇلغان بالىسىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ. ئانا كېچىلىرى كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، تۇغۇلغان جانجىگىرىنىڭ يىغلاۋاتقان ئاغزىغا كۆكسىنى سېلىپ، ئاق سۈتىنى ئېمىتىپ، ئىچ - ئىچىدىن چىقىدىغان مېھىر - مۇھەببەت، ئەللەيي ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. جاندىن ئەزىزىنىڭ بۆشۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ھەتتا، قارا كۆزى خىرىلا چوڭ بولۇپ،

ئاق ـ قارىنى تونۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ يەنىلا غەم ـ ئەندىشىدە شامدەك كۆيىدۇ... مانا، شۇنداق چوڭ قىلغان، بىر تال ئارزۇلۇق مەختۇمسۇلاسىنىڭ تويىنى، تۇن كېچىدە ئۆزلىرىلا نىكاھىنى ئوقۇپ قىلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان بولغىيتتى؟! ئەلچىلەر كىرمەي، رەھمەت ـ تەزىملىرى بولماي، چاي ئىچكۈزمەي، ئەل ـ يۇرتقا داستىخان سېلىپ ئاش تارتماي، ناغرا ـ سۇناي چېلىپ داغدۇغا قىلماي، «يار ـ يار ناخشىسى»نى ئېيتىپ كۆچۈرمەي، دەككە ـ دۈككىدە ئوقۇلۇۋاتقان نىكاھ، ئانا يۈرىكىگە سىغماي ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىتىشى تەبىئىي ئەمەسمۇ؟!

ئورنىدىن تۇرغان يۇسۇف سەككاكىي ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلىگەن قايغۇ ـ ھەسرىتى بىلەن يىغلاۋاتقان جورىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— بولدى، يىغلاۋەرمەڭلار! بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى! ئانىسى، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار! — ئۆپكىسى ئۆرۈلگەن مۇتەپەككۇر يانچۇقىدىن ئاپپاق قول ياغلىقىنى ئېلىپ، كۆزلىرىنى ئېرتىۋېتىپ سۆزلەيتتى.

※ ※ ※

كۈنچىقىش ئۇپۇقى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۇزۇلۇپ كېلەتتى. يېڭىدىن ئاقىرىۋاتقان تاڭ كېچىنىڭ تۈگەپ، يېڭى بىر كۈندۈزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى.

مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينىڭ ئېچىلغان دەرۋازىسىدىن ئالدىدا يېنىغا قىلىچ ئاسقان، قاشقىسى ئاق قاراگىر ئاتقا مىنگەن قەددى ـ قامەتلىك

ئىنايىتۇللاغوجا چىقىپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئادەم قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئېگىز بويلۇق، كۆكسى كەڭ ۋە ئالدىغا سەل تومپىيىپ چىققان ئايتولدى كېلىشكەن، قومۇش قۇلاقلىرى دىڭ تۇرغان تورۇق ئېتىنىڭ بېشىنى ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ يېنىغا كېلىپ تارتتى. ئۇچىنچى بولۇپ دەرۋازىدىن ئاق ئارغىماق ئاتقا مىنگەن، ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي ھۆر ـ ھۆر يىغلاۋاتقان، ئايتولدىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يىگىتلەردەك ياسانغان مەختۇمسۇلا چىقتى. بېشىغا ئاق بۆك، ئۇستىگە ئاق پەشمەت كىيگەن مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بىلەن كەڭ ئېتەكلىك دوخاۋا كۆڭلەك كىيگەن تىللاخانلارمۇ چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈك ئۇستىدە يانمۇيان توختىدى. مەختۇمسۇلا مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە بېشىدا شامدەك كۆيگەن ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا ئۆزىنى باسالماي ئېسەدەپ يىغلايتتى.

— خوش! بولدى، مېڭىڭلار! ياراتقان تەڭرىم، سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!... يولۇڭلار ئاق ۋە بىخەتەر بولسۇن، — دېدى مۇتەپەككۇر ئاۋازىدىن يىغا پۇرىقى كېلىپ.

— خوش، سۆيۈملۈك ئاتا! خوش، كۆيۈملۈك ئانا! — دېدى ئايتولدى كۆۋرۈك ئۇستىدە قۇياش بىلەن ئايدەك يانمۇيان تۇرغان غەمگۇزارلىرىغا بۇرىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ يىغلىۋېتەي دەپ قالغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

مەختۇمسۇلا توختىماي ئېسەدەپ يىغلايتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى تەرەپكە بۇرىلىپ قاراپ.

— جېنىم ئاتا! جېنىم ئانا! خوش! ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار!— دېدى ـ دە، ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

يېڭىلا كۈنچىقىش ئۇپۇقىغا ئۆرلىگەن چولپان، ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان قاتتىق يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ، ھەيران بولغاندەك زېمىنغا قارىدى. تاڭ سەھەرنىڭ گۈزەل جارچىسى ئىككى ئاتلىقنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان ئۈچىنچى ئاتلىقنىڭ تېخىچىلا يىغىسىنى باسالماي، ئېسەدەپ يىغلاپ پات ـ پات كەينىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى...

يېڭىدىن يورۇپ كېلىۋاتقان ئالمالىق شەھىرىنىڭ كوچىلىرى جىمجىتلىق ئىچىدە ھۇۋلايتتى. ئېچىلغان بىرەر دەرۋازا ۋە ئىشىكلەر كۆرۈنمەيتتى. ئىنايىتۇللا، غوجا باشلىغان ئايتولدى ۋە مەختۇمسۇلا ئاتلىرىنى يورىتىپ ۋە يورغىلىتىپ، ئالمالىق شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. سەككاكىينىڭ ئۆيىگە سىپىلنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسى يېقىن بولسىمۇ، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان ئامىدنىڭ پايلاقچىلىرى پايلاپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ پىكرى بىلەن يىراق شىمالىي دەرۋازىسىدىن چىقىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شىمالىي دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن چىقىپ شىمالدىكى تاغلارغا قاراپ ماڭغاندەك بىر ئاز مېڭىپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ سىپىلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئۆتۈپ، مىڭلاقىغا قاراپ يول ئالاتتى. مىڭلاق يېنىدىكى ئىلى دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ، ئاندىن چاپچال تاغلىرىغا — نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىغا كېتەتتى...

بۇ تەقدىر تۇيۇقسىز يۈز بېرىپ، ئىشلار ۋاقتىدىن بۇرۇن، تېز ۋە يوشۇرۇن بولۇۋاتقانلىقتىن، نۇربەگلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈلمىدى. مەرھۇم كۈنبەگ ئوغلىنىڭ تاغ تۇرادىن باشقا، ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلاننىڭ بېرىپ پاناھلىنىدىغان يېرىمۇ يوق ئىدى...

سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىدىغانغا يەنە ئازراق ۋاقىت بار ئىدى. ئۇلار ئادەمسىز ئارقا كوچىلار بىلەن ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى تارتىپ ئاستا ماڭدى.

كۈنچىقىش ئۇپۇقى خېلىلا ئاقىرىپ ئاستا ـ ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى. قىزارغان ئۇپۇق نۇرلۇق پەرىشتىنىڭ يەر تېگىدىن چىقىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى. شىمالدىكى تاغلاردىن ئاستا ئۈچۈپ كەلگەن لەرزان سەلكىن، قارشى كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى...

مانا، سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى. مەختۇمسۇلاننىڭ يىغىسى توختىغان بولسىمۇ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئىسسەدەيتتى، كەينىدە قالغان ئاتا ـ ئانىسىغا قارىغاندەك كەينىگە قاراپ ئاھ ئۇراتتى. قىزنىڭ ئاستىدىكى قۇلاقلىرى دىڭ تۇرغان ئاق ئات يېنىك يورغىلاپ، ئالدىدىكى ئىككى ئاتنىڭ كەينىدىن قالماي كېتىۋاتاتتى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۈن ـ تىنسىز، ئالدى ـ كەينىگە، ئىككى يېنىغا سەگەكلىك بىلەن قاراپ توختىماي ماڭاتتى. شۇ كۈنلەردە ئامىدنىڭ پايلاقچىلىرى سەككاكىينىڭ ھويلىسى چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. «سەككاكىي ئۆز قىزىنى قاچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن» دەپ قارىغان خاباش، چاغاتايغا دېمەيلا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى پايلاقچىلىققا قويىدى. ئايتولدىلارنىڭ تەلىيىگە بۇگۈن

تاڭ ـ سەھەردە ھويلىسى ئەتراپىنى كۆزىتىدىغان پايلاقچىلاردىن بىرەرى دەرەخ دالدىسىدا ئۇخلاپ قالدىمىكىن، كۆرۈنمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنايىتۇللاغوجا بىر چىقىپ كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلالار كوچىغا چىقتى. ئۇلار ساق ـ سالامەت سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگۈچە ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقمىدى.

سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلىشىنى بىرقانچە ئادەم كۈتۈپ تۇراتتى. ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن ئايتولدى كۈتۈپ تۇرغانلارغا قاراپ، ئۆزلىرى تونۇيدىغانلاردىن بىرىنىمۇ كۆرمىدى...

مانا، ھەيۋەتلىك سېپىل دەرۋازىسىمۇ ئېچىلدى. ئىنايىتۇللاغوجا تۈن كېچىدە نىكاھىنى ئوقۇغان ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى سېپىل دەرۋازىسىدىن ساق ـ سالامەت ئاچىقىپ، شىمالدىكى تاغلارغا قاراپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ سېپىلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە يول ئالدى. ئۇلار توختىماي جىدەللەپ مېڭىپ، قۇياش چۈشتىن قايرىلغاندا مىڭلاققا يېتىپ كەلدى. ئۈچى بىر ئاشخانىدا قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ يەنە ئاتلىرىغا مىندى. ئىنايىتۇللاغوجا لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى بويىدا ئايتولدى ۋە مەختۇمسۇلا بىلەن خوشلاشتى. ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلا كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ نىكاھى ئوقۇلغان بولسىمۇ، تېخى بىر ياستۇققا باش قويمىغان ئەر ـ خوتۇننىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ، ئاق قاشقىلىق قارا گىرىنى يېتىلەپ يەنە كەلگەن يولىغا بۇرالدى.

www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

ئۆتكەن قېتىم كەلگەن چاغاتاينىڭ ئەلچىلىرى كېرەمقارى، نىيازمولللار سارايىنىڭ تۆر تەرىپىدە، سىلىقلىق دۇخاۋا كۆرپىدە، تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە ساھىبخانىغا قاراپ قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. كوسا چىراي، ئېگىز بويلۇق كېرەمقارىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سىم ساقال، ئوتتۇرا بويلۇق نىياز موللىنىڭ بېشى ھەمراھىنىڭ مۇرىسىگە تەڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىدىن كىچىكرەك كۆرۈنىدىغان سول كۆزى قىسىلىپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يان تەرەپتىكى ئىككى دېرىزە ئارىلىقىدا ئولتۇرغان مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىيغا قاراپ قوياتتى.

— بۇگۈن سىلەرنى كېلىدۇ دەپ ئويلىۋىدىم، ئويلىغىنىمدەك كەلدىڭلار! كەلگىنىڭلار تولىمۇ ياخشى بولدى. كەلمىگەن بولساڭلار ئۆزۈم چاغاتاي خانىنىڭ ئالدىغا باراي دەپ تۇراتتىم،— دېدى ئېگىكىنى قاپلىغان قاپقارا ساقىلى، ئۇنىڭغا تۇتىشىپ كەتكەن ئۇزۇن ۋە قويۇق بۇرۇتى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىدىغان مۇتەپەككۇر ئېغىر ـ بېسىق ۋە جىددىي قىياپەتتە سۆزلەپ، ئۇنىڭ قاپقارا ۋە ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى بىر سېھىر، بىر خاسىيەت باردەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى چاقنايتتى،— بۈگۈن كېچە، قارىماسىلەر، ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلا قېچىپ كېتىپتۇ. بىلىسىلەر، مەختۇمسۇلا ئۆز پۇشتۇمدىن تۆرەلگەن قىزىم بولسىمۇ، ئايتولدى بېقىۋالغان بالا ئىدى. ئىككىسى ئىش ـ پەش تارتىشىپ يۈرەتتىمىكىن، بىز بىلمەپتۇق. چاغاتاي خان

مەختۇمسۇلانى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن، سىلەرنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىزگە بىلدۈرمەي يوشۇرۇن تەييارلىق قىلىپ بۈگۈن كېچە، قايسى ۋاقىتلاردا قاچتىكىن، قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىگەن ئانىسى قىزىمىز تۇرىدىغان ۋاقىتتا تۇرمىغاندىكىن، ئىشىكنى ئۇرسا، ئىچىدىن جاۋاب چىقماپتۇ. ھەيران بولغان ئانىسى ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە، سېلىقلىق ئورۇندا مەختۇمسۇلا كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئاللا - توۋا قىچقىرىپ مېنىڭ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئىككىمىز ئايتولدىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆردۇق. ھويلا - ئارانىنى ئاختۇرۇپ ھېچنەدىن ئىككىسىنى تاپالمىدۇق. ئاخىر ئۇلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ، بىزگە تۇيدۇرماي قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق. سىلەر كەلمىگەن بولساڭلار، ئۆزۈم بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى چاغاتايغا دەي دەپ تۇراتتىم. سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار ياخشى بولدى...

ئەقىللىك ئادەملەر ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتىپ، ئۆز بېشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ. ئەگەر سەككاكىي ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى ئۆزى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى دېسە، چاغاتاي كەچۈرەرمىدى؟! ياق! مەختۇمسۇلانى كۆرگەن كۈنىدىن تارتىپ، ئۇنى ئېلىش قارارىغا كەلگەن خان زادىلا كەچۈرمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئەل - يۇرتى ئۈچۈن بىرقانچە كۈن بولسىمۇ ئۇزۇنراق خىزمەت قىلىشنى ئويلايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز يولى بىلەن كەلمىگەن ئۆلۈمگە بېشىنى تۇتۇپ بەرمەيتتى. يەنىلا ئەل - يۇرتى ئۈچۈن ياشاشنى ئويلايدىغان مۇتەپەككۇر، ئۆزى قاچۇرۇۋەتكەن ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى ئۆزلىرى

قاچقان قىلىپ ئۆزگەرتتى. بۇ زادىلا ئار ـ نومۇس، ۋىجداننى قاربلايدىغان يالغانچىلىققا كىرمەيتتى. بەلكىم بۇنى كۈرەش ئۇسۇلىغا ياتىدىغان ئوبدان چارە دېگىلى بولاتتى.

سەككاكىينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئاق يۈزلۈك، ساقال ـ بۇرۇتىنىڭ تايىنى يوق كېرەمقارى يېنىدىكى نىياز موللىغا قارىدى. بۇرنى پۈچۈق، بۇرۇتى قويۇق، ئۆچكە ساقال نىيازموللىمۇ، ئوڭ كۆزىدىن كىچىكرەك سول كۆزىنى قىسىپ كېرەمقارىغا تىكىلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ تىكىلىشىدە: «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك بىر سوئال ئىپادىلىنەتتى.

ــ خوش، مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي جانابلىرى، بىز قايتايلى. ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلا قىزنىڭ قىچىپ كەتكەنلىكىنى چاغاتاي خانغا يەتكۈزەيلى!...

كېرەمقارى قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. نىياز موللىمۇ كۆتۈرگەن قولى بىلەن كېرەمقارىدەك يۈز ـ كۆزىنى سىيپاپ دۇئا قىلدى. يۇسۇف سەككاكىي ئورنىدىن تۇرغان چاغاتاينىڭ ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ كەينىدىن ماڭدى.

چاغاتاينىڭ ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ قايتىپ ھويلىغا كىرگەن مۇتەپەككۇر پېشايۋان ئۇستىدە ئۆزگە قاراپ تۇرغان، تەق ـ تۇرقىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت پۇرقىراتقان تىللاخاننىڭ يېنىغا چىقتى.

ــ كەتتىمۇ؟ ــ دېدى ئايالى يېنىغا كەلگەن قەدىردانىغا ۋەھىمىلىك قاراپ.

ــ كەتتى! ــ دېدى سەككاكىي بىر ئاز تورۇۋېلىپ، ئاندىن جورىسىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت چىچىلىۋاتقان، سەل ـ پەل سارغايغان چىرايىغا

قاراپ سۆز باشلىدى،— تىللا! بىز ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى قاچۇرۇۋېتىپ توغرا قىلدۇق، ئار - نومۇس، ئىززەت - ئابرۇيىمىزنى ساقلاپ قالدۇق. بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ بىزنىڭ يۈزىمىز يورۇق بولىدىغان بولدى!— يۈسۈف سەككاكىي شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن سۆزلىدىكى، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ بىردەم سۆزدىن توختاپ ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— مەيلى تىللا، بېشىمىزغا قانداق بالا - قازا كەلمىسۇن، پاك ۋىجدان، پاك ئار - نومۇسىمىز بىلەن كۈتۈۋالايلى! مېنىڭ ساڭا دەيدىغان يۈرەك سۆزۈم مۇشۇ! سەن، تىللا، ئەڭ يامان كۈنلەرگە روھىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويغىن، كېيىن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويمايسەن!— ئۇ يەنە بىردەم سۆزدىن توختاپ ئايالىغا جىددىي تىكىلدى،— ئەلچىلىرىدىن مەختۇمسۇلا بىلەن ئايتولدىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان چاغاتاي قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، غەزىپىنى باسالماي يېرىلىپ كەتكۈدەك بولىدۇ. مۇناپىق ئامىدىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغان چاغاتاي چېرىك ئەۋەتىپ مېنى تۇتۇشى تۇرغانلا گەپ!...

سەككاكىي بېشىنى كۆتۈرۈپ جەنۇب تەرەپتىكى تاغلارغا قارىدى. قاتمۇقات، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلغان ئەزىم تاغلارغا يېقىنلاپ قالغان قۇياش قىزىق ھارارىتىنى چاچاتتى. مۇتەپەككۇر بۇ نۇرلۇق قۇياشنىڭ قارا بورانلاردىن، قارا بۇلۇتلاردىن قورقماي، ئۇلارنى يېرىپ يەنە چىقىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىمۇ قۇياشتەك چىقىۋاتقان

قارا بوران، قارا بۇلۇتلار ئىچىدە قىيىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

«مېنىڭدىمۇ قۇياشنىڭ مىجەزى بار! — دەپ ئويلىدى سەككاكىي، — بىر مەھەل قارا بوران، قارا بۇلۇتلار يۇتۇپ كەتسىمۇ، ئاخىر مەنمۇ قۇياشتەك ئۇلارنى يېرىپ چىقىمەن!...»

تىللاخان ئېرىگە قاراپ چوڭقۇر بىر ھەسرەتلىك نەپەسلەندى...

※ ※ ※

چاغاتايخاننىڭ ئىشخانىسى.

ئامىد ئىشىككە يېقىن يەردە، قول باغلاپ چاغاتايخانغا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. قورساق سالغان، بويى ئېگىز، چىرايى قارامتۇل خاباش باش تەرىپى ئىنچىكە، ئاياغ تەرىپى كەڭ كۆتمەك قاڭشىرى تېگىدىكى ئاق پاختىسى يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان خۇشاللىقىنى باسالماي، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا تىكىلىپ تۇراتتى.

چاغاتاينىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئىشخانىسىنى بېشىغا كىيىپ غەزەپ بىلەن كاركىراپ سۆزلەيتتى.

سەككاكىينىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن كىرەمقارى بىلەن نىياز موللا ئەھۋالنى ئېيتىماي ـ تېمىتماي ئامىدقا يەتكۈزدى. گويا قىماردا ئۇشۇقى ئالچۇ قوپقاندەك خۇشال بولغان خاباش ئوردىغا كېلىپ، ئىككى پۇتۇكچىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ياساپ ـ كۆپتۈرۈپ

چاغاتايغا يەتكۈزدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان چاغاتاينىڭ چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ، ئىشخانىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي مېڭىپ، ئاچچىقى بىلەن كاركىراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ قارىدىغان مىس رەڭلىك چىرايىدا زەھەرلىك چايانلار مىغىلدايتتى. ئىشىكتىن بىرىدە ئۆرە تۇرغان ئامىد چاغاتاينىڭ ئورنىدىن ئۇچۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھىجايدى. ئۇ قول باغلاپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىۋاتقان غوجايىنىغا ئۈن ـ تىنسىز قاراتتى.

ــ ياق! ياق! مەن ئىشەنمەيمەن! ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى يالغان! بۇ سەككاكىينىڭ ئويۇنى! ئۇ قىزى بىلەن ئوغلىنى ئۆزى قاچۇرىۋەتكەن!ــ دەپ كاركىرايتتى خان ئامىدنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ.

چاغاتاينىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلانغان ھالىتىنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان خاباش ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇ سەككاكىينى تېخىمۇ قارىلاپ يامان كۆرسىتىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ، لاۋۇلداۋاتقان ئوتقا يەنە ماي چېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. قايتا ۋەزىرلىك ئورنىغا ئولتۇرغان خاباش مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىيدىن ئۆچ ئېلىشنى بىر دەقىقىمۇ يادىدىن چىقارماي، پەيت تاپسىلا چاغاتايغا قارىلاپ كېلەتتى. ئۇ ھەتتا چاغاتايغا: «غەرىزى يامان» دەپ سەككاكىينى ئەيىبلەش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

ــ خان ئالىيلىرى، كۆرمەمدىلا، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بۇرۇن بىلمەپتىكەنمەن.

سىڭلىمگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، باشقىلاردىن ئاڭلاپ
چۆچۈپ كەتتىم. يۈسۈپ سەككاكىي ئۆچەكىشىپ قالغان
ئادەمنى سېھىر ئوقۇپ، ھەتتا ھايۋانغىمۇ
ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن! مەن سىڭلىمگە يېقىنىدىن بېرى بۇ
ھەقتە توختىماي سۆزلەپ كېلىۋاتىمەن! ئۆزلىرىنى بۇ
خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن. سىڭلىمگە سەمەرقەند
شەھىرىدە بولغان بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگىنىم
يادىمدا... سەككاكىي ئاغزىغا ئېلىم سالغان ئۇستازى
بىلەن ئۆچلىشىپ قېلىپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش
نىيىتىگە كېلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئەپسۇن ئوقۇپ، بىر
ئوت ئادەمنى پەيدا قىلىپ، ئۇستازىنىڭ يېنىغا
كىرگۈزىدىكەن.① ئۇستازى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئادەمنى
كۆرۈپ، يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلىدىكەن!...

— سۆزلەپ بەرگىنىڭ ئېسىمدە! مەنمۇ بۇ
سەككاكىيدىن قورقىمەن! ماڭا سېھىر ئوقۇپ قەست
قىلمىسا بولاتتى دەپ دائىم يۈرىكىم سۇ!...— دېدى
چاغاتاي ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ئامىدقا قاراپ.

— سىلى، ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، سەككاكىينىڭ
قىزىنى ئالىمەن دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىپ قالدىلا!
ئەمدى بۇ خەتەرلىك ئادەمنى تېزدىن كۆزلىرىدىن
يوقاتمىسىلا، ئۆزلىرىگە قەست قىلىشى تۇرغانلا گەپ!
قاچۇرۇۋەتكەن ئوغلى بىلەن قىزىنى سەۋەب قىلىپ،
سەككاكىينى تۇتۇپ خونخاي زىندانىغا تاشلاتسىلا،
ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدۇ!— ئۇ سۆزىدىن توختاپ
گويا ئەڭ مۇھىم يېرى قالغاندەك، يەنە داۋاملاشتۇرۇپ

① ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» كىتابىدىن.



www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ كەتتى، — بىلەمدىلا، يۇسۇف سەككاكىي سىلىنى موڭغۇل دەپ ياراتمىدى. ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئۇلۇغ خان ئىكەنلىكلىرىنى كۆزىگە ئىلمىدى. «دۆلەت ئۇستازى» دەپ ئاللاھىدە ئەتىۋارلاۋاتقانلىقىنى بىلمىدى. بۇ قارا يۈزنى ياخشى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟! بولدى، كۆزلىرىدىن تېز يوقاتسىلا! بولمىسا، باشلىرىغا چوقۇم بالا بولىدۇ. بۇ قارا يۈزدىنمۇ ياخشى ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار بار. مەن خىزمەتلىرىگە دەرھال ئەكېلىپ بېرەلەيمەن! — پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى كۆتمەك قاشلىرى تېگىدىكى سەل - پەل پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىگە يىغقان قۇتبىدىن باينىڭ ئوغلى قايناپ سۆزلىدى. تېخىچىلا ئاچچىقىنى باسالمايۋاتقان، مىس چىرايىدا زەھەرلىك چايانلار مىغىلداۋاتقان، مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىنىقى پەسەيمىگەن خان خاباشنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى. شۇ چاغدا ئامىدنىڭ يادىغا يۇسۇف سەككاكىينى قارىلايدىغان يەنە بىر ئىش كېلىپ، چاغاتاينىڭ سۆز باشلاپ كېتىشىدىن قورققاندەك، ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن شالاڭ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزىنى يەنە ئالدىراپ ئاچتى:

— سىلى بىلمەيدىلا، چاغاتاي ئالىيلىرى، قارا يۈز سەككاكىي ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى چاپچال تاغلىرىدىكى نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىغا قاچۇرۇۋەتتى. بۇ مېنىڭ پەرىزىم ئەمەس، ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمغا ئاساسەن دەۋاتقان ئىشەنچلىك سۆزۈم. بۇ يەردە مەن تەكشۈرۈۋاتقان، تېخى ئۆزلىرىگە دېيىشكە، خان

ئالىيلىرى، ئۆلگۈرمىگەن بىر سىر بار: سىلى بىلمەيدىلا، تىلىنىڭ تېگىدە تىلى، دىلىنىڭ ئىچىدە زەھىرى بار يۈسۈف سەككاكىينىڭ چاپچالدىكى نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسى بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار،— خاباش سۆزىدىن توختاپ، ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان چاغاتايغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا، سۆزىنىڭ خانغا قانچىلىك تەسىر قىلغىنىنى بىلمەكچى بولغانلىقى كۆرۈنەتتى،— يۈسۈف سەككاكىي بەكمۇ ھىيلىگەر ئادەم، ئۇ كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئاستىرتىن تاغ تۇراسى بىلەن تىلىنى بىر قىلىپ، ئۆزلىرىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك خانلىقلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلماقتا. سىلىگە ئوچۇق دەيدىغان ۋاقىت كەلدى: سەككاكىي شان ـ شۆھرەتلىك خانلىقلىرىغا كېرەكلىك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنلىرى! ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن، خانلىقلىرى ئۈچۈن كەلگەن بۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېزرەك كۆزلىرىدىن يوقاتمىسىلا، ئەتە باشلىرىغا چوڭ بالا بولىدۇ!...

پۇرسىتىنى تېپىپ، دەل جايىدا توقۇلغان ئىغۋا نېمىدېگەن يامان!؟ بۇنداق پىتنە ـ پاسات بىردەمدىلا ئاقنى قارا، ياخشىنى يامان قىلىۋېتىدىغانلىقى مانا كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ! ھوقۇق، مەنپەئەت ۋە شان ـ شۆھرەتنىڭ كويىدا ئامىد دەيدىغان مۇناپىق بىر ئۇلۇغ ئادەمنى؛ ئەل ـ يۇرت مۇھەببىتى بىلەن ياشاپ، ئەل ـ يۇرتى ئىشقىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىۋاتقان ۋاپادار ئوغۇلنى؛ ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن

خۇش پۇراقلىق گۈلدەستە تىزىۋاتقان مۇتەپەككۇرنى چاغاتايغا، چاغاتاي خانلىقىغا قارشى خەتەرلىك دۈشمەن قىلىپ قويىدى. مەختۇمسۇلانىڭ شەھۋانىي ئىشقىدا ئوت ـ كاۋاپ بولغان چاغاتاينىڭ بۇ قىزدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىدا، ئامىدنىڭ تازا كېلىشتۈرۈپ دەل جايىدا توقۇغان ئىغۋالىرىغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!...

سەككاكىينى كۆزدىن يوقاتمىسا، چاغاتاي ئوردىسىدا ئۆزىگە ياخشى كۆز يوقلۇقىنى بىلگەن خاباش، كەلگەن پۇرسەتنىڭ دۇمبىقىنى يېرىلغۇچە چېلىپ، ئىچىدىكى بارلىق ھەسرەت ۋە پىغانىنى تېشىغا چىقارغاندەك، چاغاتاينىڭ بىرنىمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئۈمىد بىلەن ئۈنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ــ بولدى، ماڭا ئەمدى سەككاكىينىڭ كېرىكى قالمىدى! مەن ھازىرلا چېرىك ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتىمەن، ئەتە ئەتىگەندە مەھبۇس ھارۋىسىدا خۇنخاي زىندانىغا ئەۋەتىپ بېرىمەن! ئۇ ئۇ يەردە كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرمەي بۇ دۇنيادىن خوشلاشسۇن!

چاغاتاينىڭ سۆزلىرىدىن ئامىدنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ تازا بىر قاقاھلاپ كۈلگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ خاننىڭ ئالدىدا ئۆز خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىپ، ئىچكى سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدى. چاغاتايمۇ ئۆزىنىڭ سەككاكىينى خۇنخاي زىندانىغا تاشلاش قارارىدىن كۆڭلى تىنىپ، ئاچچىقى ياندىغاندەك ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ــ سەن، ــ دېدى ئۇ ئۆزىگە قاراپ قول باغلاپ، بېشىنى سەل ـ پەل ئېگىپ تۇرغان خاباشقا تىكىلىپ، ــ چىقىپ مېنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنۇمنىڭ سەردارىنى

www.uyghurkitap.com

چاقىرىۋەتكىن! ئۇ چېرىك باشلاپ بېرىپ سەككاكىينى تۇتۇپ كەلسۇن!

— خوپ! — دېدى ئامىد قورساق سالغان پوغان گەۋدىسى بىلەن ئىشىك تەرەپكە يورغىلاپ مېڭىپ.

※ ※ ※

قۇياش غەربىي ئۇپۇققا يېقىنلاپ باراتتى. ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭلىك نۇرى شۇ تاپتا بىلىنەر - بىلىنمەس ھال رەڭگە كىرىۋاتاتتى. شىمالىدىكى تاغلار تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان سەلكىن شامال ئالمالىق كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپيېشىل يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئوينايتتى...

چاغاتاينىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ دوغىلاق، شالاڭ ۋە قوڭۇر ساقال - بۇرۇتلۇق، نۇربەگ يىگىتلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلمەي، ئاران قېچىپ كېلىۋالغان سەردارى بىرقانچە چېرىكىنى باشلاپ، كوچىلاردىن توپا - چاڭ ئۆرلىتىپ، يۇسۇف سەككاكىينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى تارتىپ توختىدى. سېمىز، ئوتتۇرا بويلۇق باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېتىدىن چۈشكەن موڭغۇل چېرىك يېپىقلىق تۇرغان دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىۋىدى، ئېچىلىپ كەتتى...

چېرىكلەر ھويلىغا باستۇرۇپ كىردى. ئاتلارنىڭ ئوپۇر - توپۇرى، دەرۋازىنىڭ جالاقلاپ ئېچىلىشىنى ئاڭلىغان مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي بېشىدا ئاق بۆك، ئۇستىدە كەڭ ۋە ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك بىلەنلا پېشايۋانغا

ئىتىلىپ چىقتى. ئۇ پېشايۋانغا چىقىدىغان پەلەمپەيلەر ئالدىدا تۇرغان تۆت ـ بەش چېرىكنى كۆرۈپ، ئالاقزەدە بولۇپ كەتمىدى. پەقەت چىرايى جىددىيلىشىپ، ئۆزى ئويلىغان خەتەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. قەدىناسىنىڭ كەينىدىن چىققان تىللاخان رەڭگى ئۆچۈپ: «نىمە گەپ بۇ؟!» دېگەندەك ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى. تىللاخان بىلەن بىللە دېگۈدەك چىققان ئىنايىتۇللاغوجا تەلەتى سورۇن چېرىكلەرنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەندى. ئاتلىرىدىن چۈشكەن ئىككى چېرىك يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پېشايۋانغا چىقىپ، سەككاكىينىڭ ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلاشقا ئۇرۇندى.

— باغلىمىساڭمۇ قېچىپ كەتمەيمەن! — دېدى چېرىكلەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىققان سەككاكىي ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان دوغىلاق چېرىك باشلىقىغا قاراپ موڭغۇلچە.

تىللاخان چىدالمىدى. ئۇ يىغلاپ ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئېرىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— بىزنىڭ ئادەم نېمە گۇناھ قىلدى؟ نېمىشقا تۇتىسىلەر؟ — دەيتتى ۋاپادار ئايال ئېرىگە يېپىشىپ تۇرۇپ.

— بۇ چاغاتايخانىنىڭ بۇيرۇقى! — دېدى چاغاتاي مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى قەدىناس جورىسىغا يېپىشىپ يىغلاپ ـ قاقشاۋاتقان تىللاخانغا قاراپ.

— بولدى تىللا! يىغلىما! چېرىكلەرنىڭ كېلىپ مېنى تۇتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تىللا، ساڭا ھەرقانداق ئېغىر بالا ـ قازا كەلسىمۇ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالغىن دېگەنىدىمغۇ؟! يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۇلارنى ئېرىتەلمەيسەن! يالۋۇرۇپ ـ

يىغلاپ بىكاردىن بىكار ئۆزۈڭنى ئۈپراتما! غەيرەتلىك بول!...

— مەن يالغۇز قېلىپ سىلىسىز قانداق ياشىيالايمەن؟! سىلىنى تۇتسا مېنىمۇ بىللە تۇتسۇن. سىلىدىن زادىلا ئايرىلىپ قالمايمەن! نېمە بولساق بىللە بولىمىز!...

سەككاكى ئۆزىگە قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي جىددىي، غەزەپلەنگەن ھالەتتە تۇرغان ئىنايتۇللاغوجىغا تىكىلدى.

— ئىنايتۇللاغوجا سىڭلىڭىز بىلەن كۆچۈپ كېلىپ، ھەدىڭىز تىللاخان بىلەن بىللە تۇرۇڭلار! ئۇ يالغۇز قالمىسۇن! ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار! مەنمۇ مۇنداقلا قارىلىنىپ كەتمەسمەن، ئاقلىنىپ قايتىپ كېلەرمەن!... بولدى تىللا، مېنى قويۇۋەت، مەن ماڭاي!

مۇتەپەككۇر ئۆزىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغان قەدىناس ۋە ۋاپادار ئايالىنى قولى بىلەن، قويۇۋەت دېگەندەك ئاستا ئىتتەردى. ئۇنىڭچە ئىنايتۇللاغوجىمۇ كېلىپ تىللاخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— قويۇۋەتسىلە! بىز بار! سىڭلىم ئىككىمىز بۈگۈنلا كۆچۈپ كېلىپ، سىلى بىلەن بىللە تۇرىمىز! — دېدى.

تىللاخان قويۇۋەتمەي، جېنىدىن ئەزىز ئېرىگە تېخىمۇ مەھكەم يېپىشىپ كەتتى. يۈسۈف سەككاكى ئايالىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىشقا شۇنچىلىك ئۇرۇنۇپ ئامال قىلالمىدى. ئىنايتۇللاغوجىمۇ تارتىپ مۇتەپەككۇردىن ئاجرىتالمىدى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ باشلىقى موڭغۇلچە بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، قاراپ تۇرغان ئىككى چېرىك تىللاخاننى ئىككى تەرىپىدىن كېلىپ تۇتۇپ، تارتىشقا باشلىدى.

— بولدى، تىللا، مېنى قويۇۋەت! — دېدى سەككاكىي ئايالىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىشقا تىرىشىپ.

ئىككى قاۋۇل چېرىك تىللاخاننى تارتىپ، بىردەمدىلا بىر چەتكە چىقىرىپ قويدى. ئىنايىتۇللاغوجا ئىتتىك كېلىپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇتۇۋالدى.

— خوش، تىللا! قەيسەررەك بولغىن! — سەككاكىي پەلەمپەيدىن يەرگە چۈشۈپ، يەنە بويىنىنى سوزۇپ پېشاۋاندا قالغان ئىنايىتۇللاغوجىغا تىكىلدى، — خوش، ئىنايىتۇللاغوجا! خوش! تىللاخاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالارسىز! ئۇنى بىر ئاللاغا ۋە سىزگە تاپشۇردۇم! قايتا كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار!...

چېرىكلەر مۇتەپەككۇرنى ھەيدەپ ماڭدى. تىللاخان بىلەن ئىنايىتۇللاغوجا پېشايۋاندىن تەڭ دېگۈدەك چۈشۈپ، دەرۋازىغا ئۇچقاندەك كەلدى. دەرۋازىدىن چىقىپ ئىككىسى كۆۋرۈك ئۈستىگە كەلگەندە، ئاتلىق موڭغۇل چېرىكلىرى ئاق بۆكلۈك، ئاق كۆڭلەك، ئاق ئىشتانلىق مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. تىللاخان بۇنى كۆرۈپ يەنە چىدالمىدى. ئۇ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاپ، بىر ـ ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ھوشىدىن كەتتى.

بىردەمدىلا ئادەملەر يىغىلدى. ئۇلار ھۆرمەتلىك سەككاكىينى موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ تۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلەلمەي، كەينىدىن بىر ـ بىرلىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ سۆزلىشىپ، ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

كۈنپېتىش تەرەپ گويا ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيەتتى.

※ ※ ※

قۇياش كۈنچىقىش ئۇپۇقىغا بىر ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا ئۆزىنىڭ قىزىق ھارارەتلىك نۇرىنى چاچاتتى. بۇ يازنىڭ تازا پىژغىرىم تومۇز كۈنلىرى بولۇپ، چۈشكە بارغاندا، يەر ـ جاھان ھۆپۈلدەپ كۆيەتتى. توپىلىق يوللاردا يالاڭئاياغ ماڭغان ئادەملەر يەرنىڭ قىزىقلىقىدىن ماڭالماي قالاتتى. تال ـ سۆگەت، تېرەك، مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار ۋە ئۇلارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى خۇددى ھاۋا يېتىشمەي قىينىلىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. پەقەت كەچ كىرىپ، تاغ تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇچۇپ كەلگەندىلا، تەبىئەتنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، خېنىملارنىڭ قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن پەيپەيزىلەردەك شىۋىرلاشقا باشلايتتى...

ئەتىگەندىلا قۇياشنىڭ شۇنچىلىك قىزىق چىققىنىغا قاراپ، بۈگۈنكى كۈننىڭ تازا قىزىرىپ كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى.

بۈگۈن ئالمالىق شەھىرى بالدۇرلا ئويغىنىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك چايلىرىنى ئالمان ـ تالمان ئىچكەن ئەر ـ ئايال ۋە باللار كوچىلاردا توپ ـ توپ بولۇپ، ئۆزئارا چۇرقىرىشىپ سۆزلىشىپ، چاغاتاي ئوردىسى تەرەپكە ئاقاتتى. بۇ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئىچىدە باشلىرىغا يوغان ئاق سەللە يۆگەپ ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن ئاخۇن ۋە موللىلار؛ چىرايلىق كىيىنگەن، ساقال ـ بۇرۇتى چىرايلىق ياسالغان، قول ـ ئىلكىدە بار سودىگەرلەر ۋە بايلار؛ كۆڭلەك ۋە كالتە چاپانلىرىغا نەچچە ياماق

چۈشكەن كەمبەغەللەر، يالاڭئاياغ قىز ـ ئوغۇللار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چىراي ۋە روھىي ھالەتلىرىدە بىر خىل جىددىيلىك، ئەنسىرەش، شۇنداقلا ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چوڭلار ۋە ياشلارنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان بالىلار نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلمەي، گويا ئوردا ئالدىدا قىزىق ئويۇن قويىدىغاندەك، ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ چۇرقىرىشاتتى...

مانا، ئوردا ئالدىدا مىغىلدىغان ئادەملەر! توختىماي چىقىۋاتقان ۋاڭ ـ چۇڭ، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن چوڭ كوچا بوگۇن ئۆز ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان شۇنچىلىك كۆپ ئادەملەر بىلەن قايناتتى...

ئوردىنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېگىز تاملىرى كەينىدە نەيزە تۇتقان موڭغۇل چېرىكلىرى تۆۋەندىكى ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىۋاتقان ئادەملەرگە ھومىيىپ قارايتتى. ئۇلار ھەر يەر ـ ھەر يەردە توپ ـ توپ تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، پارقىراپ كۆز تىكەتتى.

— قۇياش يەر يۈزىگە ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش نۇرىنى چاچسا، مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئەل ـ يۇرتىغا مېھىر ـ مۇھەببىتىنى چاچىدىغان ئادەم!— دەپ سۆزلەيتتى. كوچىنىڭ چېتىدە تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ساقىلى يوق، قارا بۇرۇتلۇق ئادەم ھاياجان بىلەن،— بىر ئەل ـ يۇرتنىڭ مۇشۇنداق ئۆزىنى خەلقىگە بېغىشلىغان دانالىرى قانچىلىك كۆپ بولسا روناق تاپالايدۇ. ئەل ـ يۇرتنى يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئەل ـ يۇرت قىلىدىغانلار دەل ھۆرمەتلىك يۈسۈف سەككاكىيدەك

دانىشمەنلەر بولىدۇ. ئەكسىچە، ھوقۇق ـ مەنپەئەت ۋە شان ـ شۆھرەت كويىدا ئامىدتەك ھەرقانداق ئىپلاسلىقنى قىلىدىغان ئادەملەر قانچىلىك كۆپ بولسا، بۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ شورى شۇنچىلىك قۇرۇيدۇ.

— گەپنىڭ چىن ـ پىششىق پوسكاللىسىنى دېدىلە! — دېدى كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇرۇتلۇق ئادەم سۆزىدىن توختىشى بىلەن پېشانىسى كەڭ، قاشلىرى قوشما، چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك، بويى ئېگىز ئادەم سۆز باشلاپ، — ھۆرمەتلىك سەككاكىي جانابلىرى چاغاتاي ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ سۆزىمىزنىمۇ قىلىدىغان، بىزگە كۆيۈنىدىغان ئادەم بار بولدى. بىز بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن ئار ـ نومۇس، ۋىجدان، ئىززەت ـ ھۆرمەت دېگەنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى؛ ئۆز ئەل ـ يۇرتىغا خىزمەت قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆردۇق. ئامىد ئادەم ئەمەس. ئۇ ئادەم سۇرىتىدىكى بىر ھايۋان. ئۇ ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان، غوجا ئاكىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى ئۆز ئۆمرىنىڭ مەنىسى ۋە بەختى دەپ بىلىدىغان بىر مۇناپىق! سەككاكىي تۇرغان دەشت بېشىللىققا ئايلانسا، ئامىد تۇرغان گۈل ـ چېچەكلىك ئوتلاق دەشتكە ئايلىنىدۇ!...

سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئوردىنىڭ يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى قاراسلاپ ئېچىلىپ ئالدىدا يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان، قوللىرىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان موغۇل ئاتلىق چېرىكلىرى چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىغا ئوخشاش دۇبۇلغا، ئۇستىگە قوڭۇر چەمدىن تىكىلگەن ساۋۇت كىيگەن بولۇپ، مىس

چىرايلىرىدىن ۋەھشىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىرەر يۇزدەك ئاتلىق چېرىك چىققاندىن كېيىن، چۆرىسىنى ئاتلىق چېرىكلەر قورشىۋالغان مەھبۇس ھارۋىسى چىقتى. ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى چوڭ بولۇپ، تەگىنىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئادەم بويىدا ئېگىز رېشاتكىدەك تۆمۈرلەر ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۈستى تەرىپىمۇ، مەھبۇسنىڭ بېشى چىقىپ تۇرىدىغان ئورۇندىن باشقا يەرلىرىمۇ ياپىلاق تۆمۈرلەر بىلەن تەكشى ئارىلىق قويۇپ يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇزۇن، كەڭ ئاق كۆڭلەك، ئاق تامبال كىيگەن مۇتەپەككۇرنىڭ ئاق بۆكلۈك بېشى ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى تۆپىسى ۋە تۆت تەرىپىگە ئۇزۇن ۋە ياپىلاق تۆمۈرلەر قېقىلغان قەپەستىن چىقىپ، ئۆزى قەپەس ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ، ئالدى ۋە ئىككى يېنىغا قاراپ باراتتى. پېشانىسى كەڭ، بۇغداي ئۆڭ، مەڭىز سۆڭىكى سەل ـ پەل پۈلتىيىپ چىققان، قاشلىرى قارا ۋە ئۆسكىلەڭ، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى ئالاھىدە بىر خاسىيەت ۋە سېھىر باردەك چاقناپ تۇرىدىغان، قۇلىقىنىڭ ئاستىدىن تارتىپ تا پۈتۈن ئېڭىكىنى قاپلىغان قاپقارا ساقىلىغا قاپقارا بۇرۇتى تۇتىشىپ كېتىدىغان، ئېگىز بويلۇق، مۈرىلىرى كەڭ، قەددى ـ قامەتلىك مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي ئىككى يېنىدا مىغىلداپ، قوللىرىدىن سوزۇپ، ئۆزىگە قاراپ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىۋاتقان سۆيۈملۈك قان ـ قېرىنداشلىرىدىن كۆز ئۈزمەي، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھاياجان بىلەن تىكىلەتتى.

ئاق بۆكلۈك بېشىلا چىقىپ تۇرىدىغان تۆمۈر قەپەسلىك ھارۋىدا كېتىۋاتقان سەككاكىينىڭ ئالدى ـ

كەينى ۋە ئىككى يېنىدا قىلىچ ئېسىپ ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان موڭغۇل ئاتلىق چېرىكلىرى قوغداپ باراتتى. ئالمالىق شەھىرى ۋە يېقىن يېزا - قىشلاق، جاڭزىلاردىن كەلگەن ئادەملەر موڭغۇل ئاتلىق چېرىكلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئىككى يېنىدا چۇقان كۆتۈرۈپ تەڭ ئىلگىرىلەيتتى.

— مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي جانابلىرى گۇناھسىز!

— خۇنخاي زىندانغا مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىي جانابلىرى ئەمەس، مۇناپىق خاباش ئامىد تاشلىنىشى كېرەك!

— چاغاتاي خاندىن ئادالەت تەلەپ قىلىمىز!

دەل - دەرەخلىك، توپا - چاڭ ئۆرلەۋاتقان كوچا مىغىلدىغان ئادەملەرنىڭ ھەققانىي يۈرەك سۆزلىرىدىن جاراڭلايتتى. چىرايىدىن ۋەھىمە ۋە قورقۇنچنىڭ زەررىچە تەسىرى كۆرۈنمەيدىغان، ئۆز ئۆلۈمىگە كۈلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك مەغرۇر ۋە قەيسەر مۇتەپەككۇر، بىردەممۇ يادىدىن چىقارمىغان ئەل - يۇرتىغا تويماي قاراپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا تۈگىمەيدىغان مۇھەببىتى چېچىلاتتى...

خەلق توختىماي تۇۋلايتتى. ئۇلار مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى پەرىشتىدەك ئادەم دەپ مەدھىيەلەپ، خاباش ئامىدنى ئىبلىس، ئالۋاستى دەپ قارىلايتتى.

يۇسۇف سەككاكىينى ئېلىپ ماڭغان تۆمۈر قەپەسلىك ھارۋا دەل - دەرەخلىك شەھەردىن چىقىپ توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. مۇتەپەككۇر ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتىغا قاراپ سۆزلەيتتى.

— رەھمەت سىلەرگە قان قېرىنداشلىرىم! بولدى،

www.uyghurkitap.com

قىلىشلار! خوش! ئۆلمىسەم يەنە سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىمەن! ئامىدتەك ئادەم سىياقىدىكى مۈناپىقلار ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى يوقىتالمايدۇ. نۇرلۇق قۇياشنى قارا بۇلۇتلار يۇتۇۋېلىپ يوقىتىۋېتەلىگەنمۇ؟! ياق، ئۇ يەنىلا ئاسماندا نۇر چاچماقتا! ئادالەت ۋە ھەقىقەتمۇ خۇددى پارلاق قۇياشتەك بۇ دۇنيادىن يوقالمايدۇ! ئۇ ئۇلۇغ خەلقلا بولىدىكەن، ھامان بولىدۇ! ھەقىقەت بەزىدە ئېگىلگىنى بىلەن زادىلا سۇنمايدۇ!...

سەككاكىينىڭ تەكرار ـ تەكرار تەلەپ قىلىشى بىلەن ئاخىر شەھەردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئادەملەر توختاپ يول ئۈستىدە كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش دېلمۇك تاغلىرىغا يېقىنلاپ كېتىۋاتقان ھارارەتلىك قۇياشنىڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ چاقنايتتى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنى ئېلىپ ماڭغان مەھبۇس ھارۋىسى ۋە ئۇنى قورشاپ ماڭغان موڭغۇل ئاتلىق چېرىكلىرى ئۇزاپ، ئاخىر ئۆرلىگەن توپا ـ چاڭ بىلەن كۆزلەرگە كۆرۈنمەي قالدى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خاتىمە

# ئاكا ـ سىڭىلنىڭ ئۆلۈمى

دۇنيادا ئادەمدىنمۇ كۆتۈرۈشلۈك باشقا بىرى بولمىسا كېرەك!؟ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قايغۇ ـ ھەسرەت، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن يەر يېرىلىپ، تاغلار ئۆۋۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئادەم ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، بېشىغا چۈشكەن ئاسماننى كۆتۈرەلەيتتى، ئايىغى ئاستىدا يېرىلغان يەرنىمۇ تىندۇرالايتتى. تىللاخان يىغلاپ ـ قاقشىسىمۇ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلسىمۇ، يەنىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كۈنلەرنى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلىگەن ئاھۇزارى بىلەن سارغايتىپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى...

چاغاتاي مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى تۇتۇپ كەتكەن كۈنىلا، ئىنايىتۇللاغوجا سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەرنى ئېلىپ، ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۆيگە قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ يالغۇز قالغان. ئىككى كۆزى ياشتىن قۇرۇمايۋاتقان تىللاخاننىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، مۇتەپەككۇرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى ئوردا تەرەپكە كەلگەن ئىنايىتۇللاغوجا، ئوردا ئالدىدا دولقۇنلاۋاتقان ئادەملەردىن، چاغاتاي «دۆلەت ئۇستازى»نى خۇنخاي زىندانىغا تاشلايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئوردا

ئالدىدا تۇرۇپ، نەچچە يۈز قۇراللىق موڭغۇل
چېرىكلىرىنىڭ مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىينى ئۈستى
تۆمۈر قەپەسلىك مەھبۇس هارۋىسىدا خۇنخاي زىندانىغا
ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، يېشىنى تۇتالماي قالدى.
ئۇلۇغنىڭ مەھبۇس هارۋىسى ئۈستىدىكى تۆمۈر
قەپەستىن چىقىپ تۇرغان ئاق بۆكلۈك، خاسىيەتلىك
كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن قاپقارا ساقال - بۇرۇتلۇق
بېشى، ئىككى تەرىپىدە قالماي كېلىۋاتقان جانىجان
قېرىنداشلىرىغا مېھىر - مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلەن
تويماي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىنايىتۇللاغوجا بۇ
نۇرانە چىرايدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىنى ئالالماي
قالدى. ئۇ كېلىپ كۆرگەنلىرىنى كۆز ياشلىرىنى
تۇتالمىغان هالدا تىللاخان بىلەن شەمشىئۇلقەمەرگە
سۆزلەپ بەردى. ۋاپادار ئايال ئاڭلاپ، يىغلاپ - قاقشاپ
يەنە هوشىدىن كەتتى. ئاكا - سىڭىل بېشىدا پەرۋانە
بولۇپ، يۈزىگە سۇ سېپىپ، مىڭ تەستە تىللاخاننى
هوشىغا كەلتۈرۈپ تەسەللى بەردى. بىچارە ئايال
توختىماي قاقشاپ يىغلايتتى، سەككاكىي دېسە،
سەككاكىي دەپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتى...

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمىغاندەك، تىرىك
ئايرىلغاننىڭ دەردىدە تېخىمۇ ئۆلگىلى بولمايتتى. يېقىن
ئەتراپتىكى بازارغا بېرىپ قاسساپتىن گۆش،
ئوتياشچىدىن ئوتياش ئەكېلىۋاتقان ئىنايىتۇللاغوجا خىيال
بىلەن مەۋلانا يۈسۈپ سەككاكىينىڭ هويلىسىغا يېقىنلاپ
كېلەتتى. كەڭ ۋە قويۇق قارا قاشلىرى تېگىدىكى يوغان
ۋە چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن خىيال ئۇچقۇنلايتتى.
يۇقىرىقى كالپۇكى ئۈستىگە تولۇپ كەتكەن، ئىككى

www.uygurkitap.com

ئۇچى سەل ـ پەل كەينىگە قايرىلغان قاپقارا، قويۇق بۇرۇتلىرىدىن ئەرلىك غۇرۇرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەزىمەت ئەمدىكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش، ئالدىدىكى يولنى قانداق بېسىشنى ئويلاپ باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان ئوي ـ خىياللىرىنىڭ ئىچىدە «ئايتولدىلار بىلەن قانداق ئالاقە باغلاش» دېگەن بىر مەسىلە خۇددى يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دېلمۇك تاغلىرىدىكى باتۇرلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋالىسىلا ھەممە ئىشنىڭ يورۇشۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى...

بارغانسېرى يەر ـ جاھاننى قىزىتىۋاتقان قۇياش قوزا چۇشكە يېقىنلاپ باراتتى. كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىق بويلىرىغا تىكىلگەن ئېگىز ئاق تېرەكلەرنىڭ ياپيېشىل يوپۇرماقلىرى مىت قىلماي جىمجىت ئۆگدەيتتى. خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرگەن قەددى ـ قامەتلىك ئىنايىتۇللاغوجا يۇسۇف سەككاكىي ھويلىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاق تېرەكلەرنىڭ دالدىسىدا تۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قالدى.

«كىملەردۇر بۇلار؟! نېمىشقا ئاق تېرەك دالدىسىدا تۇرۇپ، گاھ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە، گاھ سەككاكىي ھويلىسىغا قارايدۇ؟!— دەپ ئويلىدى چىرايى بوغداي ئۆڭ، يېشى ئوتتۇزلاردىن ئېشىپ قالغان ئىنايىتۇللاغوجا كۆزىنىڭ قىرىدا ئاق تېرەك دالدىسىدا تۇرغانلارغا قاراپ،— بىزنى نازارەت قىلىۋاتقان ئوردىنىڭ يا مۇناپىق ئامىدىنىڭ ئادەملىرىمىدۇ؟!...— ئۇ ئاق تېرەك دالدىسىدىكىلەرنى كۆرمىگەندەك بېشىنى سىلىپ مىڭىۋەردى.

ئىنايىتۇللاغوجا قوي گۆشى ۋە ئوتياش سېلىنغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ، يولنىڭ چېتى بىلەن كېلەتتى. ئۇ ھېچ ياققا قارىماي، بىپەرۋا كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، خىياللىرى كۆڭۈل ئېرىقىدا توختىماي ئاقاتتى: «بىز نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋېتىپتۇق. ئاق تېرەك دالدىسىدا تۇرغان ئۇ بىرنېمىلەر كېچىسىمۇ بىزنى كۆزىتەمدىغاندۇ؟! ئۇلارنىڭ نازارەت قىلىۋاتقىنى بىزمۇ يا تاغدىكى ئايتولدىمۇ؟! بەلكىم، سەككاكىي قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، تاغدىكى ئوغلى ئايتولدى كېلىدۇ دەپ قاراپ بۇ ئادەملەرنى ئەۋەتكەندۇ؟!...»

خىيال تۈگىمەيتتى. كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان ھەر خىل خىيال ۋە پەرەزلەر بۇ خارەزىم شاھلىقىنىڭ سەردارىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «ئايتولدى كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟!» دېگەن سوئال چاقماقتەك چاقناندا، كەڭ ۋە قويۇق قاشلىرى تۈرۈلۈپ، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ چاقناپ كەتتى.

«تاغ تۇرادىكىلەر بىلەن ئالاقىلەشمىسەك بولمىدى!» دەپ ئويلىغان ئىنايىتۇللاغوجا، ئارقىدىن: «قانداق ئالاقىلىشىمىز؟» دەپ خىيالدىن توختاپ قالدى. ئۇ ھويلىغا كىرگەندە پېشايۋان ئۈستىدە، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ پەرىشان ھالەتتە تۇرغان تىللاخاننى كۆردى...

※ ※ ※

ئىنايىتۇللاغوجا ئارامىدىن ئايرىلدى. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا، ماڭسا ـ ياتسا ئويلايدىغىنى، تاغ تۇرادىكىلەر

بىلەن قانداق ئالاقە باغلاش بولۇپ قالدى. شۇنداق خىيال بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان، ئۈستىگە كەڭ ئېتەكلىك، گۈللىرى كۆك چىت كۆڭلەك كىيگەن خۇش چىراي، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كېلىپ، ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ كۆزلىرىنى خۇشاللىقتىن چاقنىتىۋەتتى. بۇ كۇنسۇلۇنى ئالمالىق شەھىرىدىن تاغ تۇراغا ئەكەتكەن باھارخان بولۇپ، ئەمدى ئۇ تىللاخاننى چاپچال تاغلىرىدىكى ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلاننىڭ يېنىغا ئەكەتكىلى كەلگەنىدى.

باھارخان ئاددىي ــ ساددا، ئوچۇق ــ يورۇق، سەھرا ئاياللىرىغا خاس مىجەزلىك ئايال بولۇپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن تىللاخان بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتى. تېخىچە ئىككى كۆزى ياشتىن قۇرۇماي كېلىۋاتقان تىللاخان ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى مەڭزى ئاناردەك گۈلگۈن ئايالنى ئوغلى ئايتولدى بىلەن قىزى مەختۇمسۇلاننىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يىغلىغان پېتى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، باھارخاننى ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلانى باغرىغا باسقاندەك قۇچاقلىۋالدى. قوش قاناتلىق ئىشىك يېنىدا ئۇلارغا قاراپ ئۆرە تۇرغان ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن شەمشىئۇلقەمەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

تىللاخان ئوغلى بىلەن قىزىدىن ۋە سۆيۈملۈك جورىسىدىن ئايرىلىپ ئىككى قانتى يۇلۇنغان بىچارە قۇشقىلا ئوخشاپ قېلىۋىدى، باھارخان كېلىپ، ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلاننىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، بىر قانىتىنى چىقاردى. «بالام!» دېسە يۈرەك باغرى كۆيىدىغان ئانا، ئوغۇل بىلەن قىزىنىڭ چاپچال تاغلىرىدا خاتىرجەم

ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىنى باسالماي قالدى. دېلمۇك تاغلىرىدىن كەلگەن ئىلاھىيە نۇربەگ ۋە ئايتولدىلارنىڭ مەۋلانا يۇسۇف سەككاكىينى خۇنخاي زىندانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىنى كېڭىشىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزگەندە، تىللاخان يەنە بىر قانىتىنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ مىسكىن، كۆزى ياشتىن قۇرۇمايدىغان، سەۋدايىغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن، هاياتتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئايالنىڭ يۈرىكىدە يەنە ئۈمىد گۈللىرى پورەكلىدى. باهارخان بىلەن قانماي سۆزلىشىۋاتقان تىللاخان يەنە بۇرۇنقى تىللاخانغا ئوخشاپ قالدى، تولا يىغلاپ قىزارغان كۆزلىرىدە ئۇچقۇن، تاتارغان چىرايىدا بۇرۇنقى قىزىللىق بىلىنەر ـ بىلىنمەس پەيدا بولدى.

شەمشىئۇلقەمەر ئەتكەن ئوخشىغان پولۇنى يەۋېتىپ، ئارقىدىن راسلىغان داستىخان چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ قېنىق دەملەنگەن خۇش پۇراقلىق سىنچاينى ئىچىۋېتىپ، تىللاخاننىڭ باهارخانغا قويۇۋاتقان سوئاللىرى زادىلا تۈگىمەيتتى. ئۇ ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ تاغدا خاتىرجەم ۋە خۇشال ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، يەنە توختىماي سوراۋېرەتتى...

«خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىمىز غىنىڭ قىلماپتۇ» دېگەندەك، ئىنايىتۇللاغوجىنى قېيىنىغان خىيال مانا شۇنداق ئاسانلا هەل بولدى. شۇ كۈنى باهارخان تىللاخانلارنىڭكىدە قونۇپ قالدى. تا يېرىم كېچىگىچە تىللاخان بىلەن باهارخاننىڭ پارىڭى تۈگىمىدى...

دېلمۇك تاغلىرىدىكى نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىدىن

www.uyghurkitap.com

كەلگەن پەرىشتە تىللاخاننى ئەكېتەتتى. قانداق ئەكېتىشتىمۇ، تاغ تۇرادىكىلەر سەككاكىي ھويلىسىنىڭ نازارەت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئوبدان بىر چارە تۈزۈپ چىققانىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن تىللاخان باھارخاننىڭ ئاق ياغلىقىنى تېڭىپ، كەڭ ئېتەكلىك، گۈللىرى كۆك چىت كۆڭلىكىنى كىيىپ، «باھارخان» بولدى. سەككاكىينىڭ ۋاپادارى تېنەپ ـ تەمتىرىمەي، ئالمالىقنىڭ ئاق تېرەكلىك كوچىلىرىنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ، ئالمالىق مەدرىسەسىنىڭ يېنىغا كەلدى. تىللاخاننى ئۇ يەردە تاغ تۇرانىڭ ئىككى باتۇر يىگىتى كۈتۈپ تۇراتتى.

بويلىرى تەڭ دېگۈدەك ئىككى ئەزىمەت تىللاخاننىڭ كەينىدىن ماراپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا بويلۇق بىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئىككىسى ئۆزئارا بىرنېمە دېيىشىۋاتقاندا، تىللاخان كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. ئىككى يىگىتنىڭ بىرى تىللاخان بىلەن كۆرۈشۈپلا، كوچىنىڭ تىللاخان كەلگەن تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى. يولۇاس مېڭىشىدا كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ بۇ ھەرىكىتى شۇنچىلىك تېز ۋە تەبئىي بولدىكى، تىللاخاننى ماراپ كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق بىلەلمەي قالدى.

كوچىدا ئادەم كۆپ كۆرۈنمەيتتى. بىرقانچە باللار تەپكۈچ تېپىپ ئوينىشىۋاتاتتى. ئارىلاپ بېشىغا ئاق بۆك كىيگەن ئەرلەر، ھەر خىل رەڭدىكى نېپىز ياغلىق تاڭغان ئاياللار كۆرۈنۈپ قالاتتى.

تىللاخان يەنە بىر يىگىتنىڭ كەينىدىن مەدرىسەنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار يوغان ھويلىنىڭ غولىغا ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان ئاق تېرەك ۋە

قارىياغاچلىق تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى. كوچىنىڭ چېتى بىلەن ماراپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا بويلۇق ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويۇپ مەدرىسەنىڭ ئىچىگە كىردى. يەنە بىر يىگىتمۇ كوچىنىڭ چېتى بىلەن يۈگۈرگەندەك كېلىپ مەدرىسەگە كىرىپ كەتتى... ئارىدىن ئۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئىككى يىگىت بىلەن تىللاخان مەدرىسە ئىچىدىن چىقىپ، ئۆزلىرى چۈشكەن دەڭگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنى دەڭدە باھارخان كۈتۈۋالدى...

ناماز دىگەر يېقىنلاپ كېلەتتى. قۇياشنىڭ قىزىق ھارارىتى تېخىچە يانماي، كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى ئىسسىقتىن جىمجىت ئۈگدەيتتى. شۇ چاغدا دەڭ دەرۋازىسىدىن خىل ئاتلارغا مىنىپ چىققان ئىككى يىگىت بىلەن باھارخان تىللاخاننى ساق - سالامەت ئېلىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار جىددەللەپ مېڭىپ، ئالمالىق سېپىلىنىڭ كۈنچىقىش دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى...

※ ※ ※

ئاكا - سىڭىل ئىككىسى باھارخان كېلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئات ئۈستىگە چىقىپ، مىڭلاققا قاراپ يول ئالدى. باھارخان ئۇلارغا ئايتولدىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، ھايال بولماي چاپچال تاغلىرىغا چىقىپ كېتىشنى تاپىلاپ كەتكەندى. ئىككىسى توختىماي يول بېسىپ، ھېرىپ - ئېچىپ كۆز باغلانغاندا، ئىلى دەرياسى بويىدىكى مىڭلاق شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

ئىنايىتۇللاغوجا ئۇچرىغانلاردىن سوراپ، شەھەرنىڭ دەريا بويى تەرىپىدىكى بىر كونا دەڭگە كېلىپ چۈشتى. ئۇلار دەڭ ئاشخانىسىدا تاماق يەپ كىرىپ، كېچىنى ئاستىغا بورا، ئۈستىگە كىگىز سېلىنغان كىچىك ئۆيدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتلىرىغا مىندى.

ئىنايىتۇللاغوجا قورساقلىرىنى دەريا بويىدىكى ئاشخانىلاردا تويغۇزۇپ، كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، دېلمۇك تاغلىرىغا — ئايتولدىلارنىڭ يېنىغا كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئاكا - سىڭىل ئىككىسى جېدەللەپ مېڭىپ، دەريا بويىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئىنايىتۇللاغوجا ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ توختىدى. ئاكىسىنىڭ توختىغانلىقىنى كۆرگەن شەمشىئۇلقەمەر ئەجەبلىنىپ، كېمە بويىغا قاراپ ئېتىنىڭ بېشىنى تارتتى. قىز دەريا بويىدا بىرنەچچە موڭغۇل چېرىكلىرى بىلەن بىللە يەتتە - سەككىز ئادەمنىڭ كېمىگە چىقىۋاتقانلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئالمالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلاردىن باشقا، ئىلى ۋادىسىنى تولۇق بىلىپ كەتمىگەن خارەزىملىك سەردار كېمە بويىغا قارىغىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. شەمشىئۇلقەمەرمۇ ۋەھىمە بىلەن بىر ئاكىسىغا، بىر دەريا بويىغا قارايتتى. ئىنايىتۇللاغوجا تەۋەككۇل قىلىپ كېمىگە بېرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. سىڭلىسىمۇ ئاكىسىغا ھېچنېمە دېمەيلا، كەينىدىن ئۇن - تىنسىز ئەگەشتى...

ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەر يەنە

بىر ئاز كېچىكىپ ئاتلىرىغا مىنگەن بولسا، ئالمالىقتىلا ئامىد ئەۋەتكەن چېرىك ۋە ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاتتى. تەلىيىگە ئۇلار ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، كېيىن كەلگەن چېرىك ۋە ئامىدنىڭ ئادەملىرىنى كۆرمىدى. خاباش ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ چاپچال تاغلىرىغا قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ شۇ زامان چاغاتايغا بېرىپ دەپ، كەينىدىن مىڭلاقتا چېرىك ۋە ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ ئاتلاندى. ئاكا ـ سىڭىل كۆرگەن چېرىك ۋە ئادەملەر ئامىد ئېلىپ كەلگەنلەر بولۇپ، كېيىمدىن ئۆتىدىغان ھەربىر ئادەمنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ئامىد ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەرنى كۆزدىن يوقاتمىسا، يەنىلا چاغاتاي ئوردىسىدا خاتىرجەم ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. چىڭگىزخان ۋە ئۇگەدايخانلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەن مەھمۇد يالاۋاچ سەككاكىينى خۇنخاي زىندانىغا سولاتقان دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۆزىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنىمۇ كۆزى يېتەتتى. ئۇ بۇ ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنى مەھمۇد يالاۋاچ سەككاكىينى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېچىپ كەتكەن ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەر مەھمۇد يالاۋاچ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسا، خاباش تۈگىشەتتى. ئامىدنىڭ چاغاتايغا دەپ، بىرقانچە موڭغۇل چېرىكلىرى بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ ئالمالىققا كېلىشى، ئۆزىنىڭ ئەتكى تەقدىرىگە جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئەتىگەندىلا چېرىك ۋە ئادەملىرىنى دەريا بويىغا ئەۋەتىپ، مىڭلاقنىڭ كاتتا مۇساپىرخانىسىنىڭ ئالاھىدە ئۆيىدە ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن شەمشىئۇلقەمەرنى تۇتۇپ كېلىشنى كۈتۈپ قالدى. بىرچاغدا ئۇنىڭ دەريا بويىغا ئەۋەتكەن چېرىك ۋە ئادەملىرى سولىشىپ قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى: خاباشنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ: «ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى خارەزىم تەرەپكە قاچقانمىدۇ؟!» دەپ ئويلىغىنىدا، بىركىم يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك بولدى. «ياق! — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، — ئىككىسى خارەزىم تەرەپكە قاچمايدۇ. بەلكى دېلمۇك تاغلىرىدىكى نۇربەگنىڭ تاغ تۇراسىغا بارىدۇ. سەككاكىي خۇنخاي زىنداندا ھايات بولغانلىقتىن نۇربەگلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا ھەرىكەت قىلىدۇ.» ئۇ خىيالدىن توختاپ كۆتمەك قاشلىرىنى تۈرۈپ، سەل ـ پەل پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى. «ئاخشام كېلىپ، مىڭلاقتىمۇ قونماي، دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇ؟!» دېگەن ئوي كاللىسىغا كەلگەندە، چاقماق چېقىپ كەتكەن ئامىد ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. «بىز شۇنچىلىك تېز كەلدۇقكى، — دەپ ئويلايتتى خاباش جىددىيلىشىپ، — ئۇلارنىڭ بىزدىن بۇرۇن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار مىڭلاققا كېچە توختاپ كەتكەندە ئاران كەلگەندۇ؟!» يەنە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى تاپقان ئامىد ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى. «ئادەملىرىم بىلەن چېرىكلەرنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىنى مىڭلاق يېنىدىكى كېچە بويىدا تۇرغۇزاي. ئۇلار راستلا ئاخشام كەچ كېلىپ،

ئورۇنلىرىدىن كەچ تۇرغان بولسا، دەريا بويىغا ئەمدى كېلىدۇ. يەنە بىر توپنى دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئەۋەتەي. ئۇلار دەريانىڭ چاپچال تەرەپتىكى قىرغىقىنى بويلاپ، دەريا بويىدىكى يېزىغا بارسۇن. تۆۋەنكى كېمىدىن ئۆتكەن ئاكا ـ سىڭلىسى بۇ يېزىدىن ئۆتمەي، چاپچال تاغلىرىغا بارالمايدۇ» دېگەن خىيال بىلەن چېرىك ۋە ئادەملىرىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇ ئۇلارنى ئىككىگە بۆلۈپ يەنە ئاتلاندۇردى. ئاتلىرىغا مىنگەن موڭغۇل چېرىكلىرى ۋە ئامىد ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمى مىڭلاق يېنىدىكى كېمە بويىدا قېلىپ، يەنە بىرقىسمى كېمىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ چاپچال تەرەپتىكى قىرغىقىنى بويلاپ، دەريا بويى يېزىسىغا قاراپ كەتتى.

ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەر يەنە شەھەرگە قايتىپ كەلدى. خارەزىم سەردارى ئىلى دەرياسىدىن مىڭلاق يېنىدىكى ۋە دەريانىڭ خېلىلا يۇقىرى تەرىپىدىكى كېمىلەر بىلەنلا ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، يۇقىرى تەرىپىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيتتى. غوجا شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كۈنچىقىشقا قارىتىپ يولغا چىقتى. ئۇلار دەريا بويلاپ جىددىللەپ مېڭىپ، مىڭلاقتىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى.

كۈن يەنە قىزىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسى گاھ ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، تۈمەن تىللانى باغرىدا جۇلالاندۇرۇپ كۆرۈنسە، گاھ ئېگىز يارلار ئاستىدا كۆرۈنمەي قالاتتى. شەھەردىن چىققان توپىلىق هارۋا يولى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان

بوستانلىق يېزىلار، بوغدايلىرى ئورۇلغان ئېتىزلار ئارىسىدىن ئۆتەتتى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ ناتونۇش يېزىلاردىن ئۆتۈپ يولنى توختىماي داۋام قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى كۈنچىقىشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پوكاندەك قىزىرىپ، پېشانىلىرىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى چاقنايتتى.

شەھەردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئىنايىتۇللاغوجا ئۇچرىغان بىر دېھقاندىن كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتىدىغان جاينىڭ ئىسمى ۋە نەدىلىكىنى سوراش ئويىدا كېتىۋاتاتتى. ئىككىسىنىڭ كېچىدىن بېرى توختىماي يول مېڭىۋاتقان ئاتلىرىمۇ چارچاپ، ئىسسىقتىن مېڭىش تېخىمۇ ئېغىر كېلىۋاتقاندەك بىر خىل ئاستا يۈرۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنچىلىك ئۇزاق ماڭمايلا تەلىيىگە بىر ساقاللىرى چارلاشقان، چىرايى ياداڭغۇ دېھقانغا ئۇچراپ قالدى.

— ئۇكا! — دېدى دېھقان ئىنايىتۇللاغوجىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — تېخى خېلى ماڭىسىلەر، مۇشۇ يولدىن چىقماي مېڭىۋەرسەڭلار، دەريادىن ئۆتۈۋاتقان كېمە سىلەرگە كۆرۈنىدۇ.

— رەھمەت! — دېدى ئىنايىتۇللاغوجا مەنزىلى ھەققىدە ئېنىق خەۋەر ئالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ.

ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يول ياقىسىدىكى يوغان قارىياغاچنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاستىدا توختاپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. ئاتلىرىنى قارىياغاچقا باغلاپ، ئىككىسى بىر يېشىل چىمەنلىكتە، قارىياغاچ سايىسىدا ئولتۇردى. كۈن بەكمۇ قىزىپ

كەتكەنلىكتىن يول مېڭىش ئاتلارغىمۇ، ئۆزلىرىگىمۇ خۇشياقماي قالدى...

※ ※ ※

ئىنايىتۇللاغوجا دەريا تەرەپكە بېرىپ سۇ ئېلىپ كەلدى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى ئېلىۋالغان نانلىرى بىلەن دەريا سۈيىنى ئىچىپ قورساقلىرىنى تويغۇزدى، ئاندىن قار ياغاچ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان يېشىل چىمەنلىكتە بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئالدى.

چاغاتاي چېرىكلىرى بىلەن ئامىدنىڭ ئادەملىرى كەينىدىن قوغلاپ كېلىش ئېھتىماللىقى ئۇلارنى يەنە ئاتلىرىغا مىندۇردى. ئوت چېچىۋاتقان قۇياش چۈشتىن ئۆتۈپ، كۈنپېتىش تەرەپكە قايرىلىپ ئۆز يولىدا بىر خىل كېتىۋاتاتتى. ئۇلار جېدەللەپ مېڭىپ، ناماز دىگەردىن ئۆتكەندە، دېھقان دېگەن كېمە بويىغا يېتىپ كەلدى. ئىككىسى كۆز باغلانماي يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، قىرغاقتا تۇرغان كېمىگە قاراپ ماڭدى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى تېز كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يوغان ياغاچ كېمىگە چىقتى. ئۇ قاتتىن بۇ قاتقا تارتىلغان بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى ئەشمە پولات ئارغامچىغا كېمىنىڭمۇ بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى ئەشمە پولات ئارغامچىسى ئۇچىدىن چاق ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن چاق غۇيۇلداپ مېڭىپ كېمىنى قارشى قىرغاققا ئېلىپ ماڭاتتى.

ئىنايىتۇللاغوجا بىلەن شەمشىئۇلقەمەر كېمىگە

چىققاندىن كېيىن، توختاپ تۇرغان كېمە مېڭىپ كەتتى. كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى كېمە بىقىنىدىن يېرىپ ماڭغانلىقىدىن، قارشىلىقتا ئۆرچىغان سۇنىڭ شارقىرىشى ئالاھىدە كۈچلۈك ئاڭلىناتتى. ئانچە ئۇزاققا بارماي، كېمە قارشى قىرغاققا يېتىپ بېرىپ توختىدى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاتلىرىنى يېتىلەپ كېمىدىن چۈشتى. ئۇلار دۆڭگە ئۆرلىگەن يولنىڭ بىر چېتىدە توختاپ، يەنە ئاتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

قۇياش نامازشامغا يېقىنلاپ باراتتى. كۈنپېتىش ئۇپۇققا يېقىنلاپ قالغان قۇياشنىڭ ھارارىتى يەنىلا قىزىق چېچىلاتتى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى ئانچە چوڭ بولمىغان دەريا بويى يېزىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يېقىنلاپ كېلىشىگە، ماراپ كۈتۈپ تۇرغاندەك بىر توپ موڭغۇل ئاتلىق چېرىكلىرى بىلەن ئامىدىنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ئىنايىتۇللاغوجا بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن چاغاتاينىڭ چېرىكلىرى بىلەن مۇناپىق ئامىدىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى باتۇر يىگىت ئالدى بىلەن سىڭلىسىنى ئويلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. شەمشىئۇلقەمەر چىرايى ئۆڭمىگەن ھالدا ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان چېرىك ۋە قولچوماقلارغا قارايتتى.

ـ سىڭلىم! سىز، ـ دېدى ئىنايىتۇللاغوجا كۆزلىرىدىن ئاكىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، ـ مەن بۇ خۇنپەرلەر بىلەن ئېلىشقاندا، ماڭا قارىماي تاغ تەرەپكە قېچىڭ!...

— ياق، جېنىم ئاكا! — دېدى شەمشىئۇلقەمەر ئاكىسىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كېلىپ، — سىز قېچىڭ! سىز قېچىپ كېتەلەيسىز! مەن بۇ لەنىتىلەرنى ئۆزۈمگە قارىتىپ تۇراي!...

چاغاتاينىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئامىدنىڭ ئادەملىرى بارغانسېرى قورشاۋنى تارايتىپ ئاكا ـ سىڭىلغا يېقىنلاپ كېلەتتى. ئىنايىتۇللاغوجا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش قارارىغا كېلىپ، غانجۇغىدىكى چاپانلىرى ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئۇزاق يىل ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان زۇلپىقارىنى سۇغۇرۇپ چىقاردى. ئۇزۇن قېپىنى يەرگە تاشلاپ، ۋالىلداپ تۇرغان قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگەن قەيسەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە شىردەك ھۆركىرەپ ئېتىلدى. شەمشىئۇلقەمەر بىر توپ ئىتلارنىڭ ئارىسىغا جانجىگەر ئاكىسىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەي: «ئاكا!» دەپ كەينىدىن ماڭدى. ئارقىسىدىن كەلگەن تەلەتى سۆرۈن موڭغۇل چېرىك ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى پاك ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىزنىڭ بەل ئەتراپىغا تىقىۋەتتى. «ۋاي!» دەپ قاتتىق ئىڭرىغان شەمشىئۇلقەمەر ئاخىرقى قېتىم پۈتۈن سىڭىللىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى يىغىپ: «ئاكا!» دەپ توۋلاپ ئېتىدىن يىقىلدى. ئۇچلۇق نەيزە قىزنىڭ سول بىقىنىغا كىرىپ، قان بۇلىقى ئاچقانىدى. نەچچە چېرىك بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان باتۇر سىڭلىسىنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ سىڭلىسىنى ئۆلتۈرگەن چېرىككە ئېتىلدى. تەلەتى قارا چېرىك ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قاچاي دېيىشىگە يېتىپ كەلگەن ئىنايىتۇللاغوجا قىلىچىنى

شۇنداق بىر غەزەپ بىلەن ئۇردىكى، ئۇنىڭ تۆمۈر قالپاقلىق بېشى يەرگە چۈشۈپ، خۇددى بوران ئۇچۇرغان قامغاقتەك دومىلاپ كەتتى. بىراق، باتۇر ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۆزىگە تەڭلەنگەن قىلىچ ۋە نەيزىلەرگە قارشى تۇراي دېيىشىگە، بىر ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچى كېلىپ كۆكسىگە سانجىلدى. ئىنايتۇللاغوجا كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قانلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ يەرگە يىقىلدى. تىنىقى توختىغان سىڭلىسى ئاكىسىدىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدا، كەچكى شەپەق جۇلالانغان ئاسمانغا قاراپ كۆزلىرى ئوچۇق ياتاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى تېگىدىكى يۇمۇلمىغان كۆزلىرى كەينىدە قالغان يالغۇز ئاكىسىنىڭ غېمىدە قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مېھرىبان ئاكا سۆيۈملۈك سىڭلىسىنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ مېڭىشىغا، ئامىدنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئېتىلىپ كېلىپ، قولىدىكى يالىڭاچ قىلىچنى تىقىپ جېنىنى ئالدى...

قۇياش كۈنپېتىش ئۇپۇقىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. گويا كۈنپېتىش ئۇپۇقى ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ كۆيەتتى. يەر ـ جاھان، تاغۇتاش، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، دەريا ۋە كۆللەر قان بىلەن بويالغاندەك لاۋۇلداپ كۆرۈنەتتى...

دەريا بويى يېزىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بوزدا قانلىرىغا بويالغان ئىنايتۇللاغوجا بىلەن سىڭلىسى شەمشىئۇلقەمەر گۈلگۈن شەپەقنى يېپىنىپ ئۈن ـ تىنسىز ياتاتتى...

※ ※ ※

ئىككى قانىتى يۇلۇنغان تىللاخاننىڭ ئايتولدى بىلەن مەختۇمسۇلادىن ئىبارەت بىر قانىتى ئۆسۈپ چىقتى. ئۇ

كۇنبەگنىڭ تاغ تۇراسىغا كېلىپ، سۆيۈملۈك جانجىگەرلىرى بىلەن كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. لېكىن، ئۇ يەنە بىر قانلىق بولغان جېنىدىن ئەزىز قەدىناسىنى قايتا باغرىغا باسالمىدى. نۇربەگ بىلەن ئايتولدىلار ئىككى يۈزدىن كۆپ باتۇر يىگىتلىرى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ كۆز كېچىلىرىنىڭ بىرىدە خۇنخاي زىندانىغا ھۇجۇم قىلدى. ئامما نۇربەگ ۋە ئايتولدىلارنىڭ خۇنخاي زىندانىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، چاغاتايغا دەپ، ئۇ يەرنى قوغدايدىغان چېرىكلەرنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋەتكەنلىكتىن يىگىتلەر مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىينى قۇتقۇزۇپ چىقالمىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھۇجۇملىرىمۇ ئۆزلىرىدىن كۆپ دۈشمەننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى مەۋلانا يۈسۈف سەككاكىي خۇنخاي زىندانىدا ئۈچ يىل يېتىپ، ھىجرىيە 626 ـ يىلى (مىلادىيە 1228 ـــ 1229 ـ يىلى) 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى...

uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

半夜举行的婚礼：维吾尔文 / 买买提江·萨迪克 著．
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.7
ISBN 978-7-5371-9861-5

Ⅰ.①半… Ⅱ.①买… Ⅲ.①长篇小说—中国—当代
—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 130201 号

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

# 半夜的举行婚礼

（长篇小说）

买买提江·萨迪克 著

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
880×1230 毫米 32 开本 17 印张
2015 年 4 月第 1 版 2015 年 4 月第 1 次印刷
印数 1 — 3000

---

ISBN 978 - 7- 5371 - 9861 - 5 定价：48.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换